ISSN
1005—0876

# بۇلاق

2

1994



BULAK









بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى
15-يىل نەشرى
ئومۇمىي 47-سان
1994

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئوبدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.




1994-يىل 2-سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

باھار دانىش ... مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى (6)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ
لىسانۇت ـ تەير ............ ئەلىشىر نەۋائى (29)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
غەرىبى غەزەللىرىدىن ............ (96)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«خۇسرەۋ ۋە شىرىن» دىن ............ قۇتبى خارەزمى (124)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

### مەشھۇر كلاسسىكلار

بېھزاد ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق مەكتىپى توغرىسىدا .... تۇرسۇن كەلپىن (144)

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆگىنىش ... س. موللاۋۇدوۋ (157)

## خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن


بەھرام پارس ۋە بالا ھۆسن پەرى (داستان) ......................(162)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن مەتمىن

يولۋاس بىلەن زەيىنىبە (چۆچەك) ......................(186)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

ھېكايەتلەر ......................(183)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مەھەممەت

رىۋايەتلەر ......................(193)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مىسامىدىن ئەزىز


## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز


تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى ............ ھەسەن سېلىم(196)

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ............ مۇنەۋۋەر تۇردى(202)

* *

«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى...... (208)


* *


رەسسام: ئىسمايىل ئىبراھىم، ئابلىمىت ئابايز.

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقىي، مۇھەممەت ئىدرىس.

كۆنچۈك ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: 1991 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىنغان قىستۇرما رەسىم. رەسسام: ھۈسەيىن بېھزاد (ئىران).

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: قۇملۇقتىكى يول (پولات خوجايوپ فوتوسى).




مۇھەممەت قاسىم بىنى موللا نەزىرمۇھەممەد بۇخارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

«ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيىلەشكە قەلەمنىڭ تىلى ئاجىز كېلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەئەت، سالاملاردىن كېيىن، شاھ ئالىيلىرىغان گۈزەل ئىبارىلەر مەنەلىرىدىن ئەڭ شىرىنلىرىنى تاللاپ، دوستلۇق گۈلشەنىدە پەرۋىش قىلىنغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزنى بايان قىلغۇچى رەيھانلار گۈلدەستىسىنى يوللايمىز. بارلىق قوۋملارنىڭ ئاساسى بولغان فەرىدۇن ۋە كەيخۇسرەۋگە ئوخشاش مەملىكەتنىڭ گۈلتاجىغا؛ ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى، مۇراد - مەقسەت تۇلپارىنىڭ سەلتەنەت ئۈزەڭگىسىگە ئاياغ قويغان ئالىيلىرىغا؛ بەختىيارلىقنىڭ ئىگىسى، مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش سىرلىرىنى ئاچقۇچى جانابلىرىغا سەممىي سالاملىرىمىزنى يوللايمىز. دوستلۇق مەيلىنىڭ قەلىمى سىزنىڭ دۇئايىڭىزدا ئۇچقۇر ئاتتەك جەۋلان قىلماقتا.

گەرچە بىز دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ئەۋەتكەن بولساقمۇ، پەقەت يۈرىكىمىزلا ئېتىراپ قىلالايدىغان ئەسلى مەقسىتىمىز سىز بىلەن قېلىن دوستلۇق ۋە يېقىن قېرىنداشلىق ئورنىتىشتۇر. ئالىي ھىممەتلىك دائىم مۇھەببەت يۇلتۇزلىرىنىڭ چاقنىشى ۋە دوستلۇق رەيھانلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىغا سەۋەبتۇر. بىز بىرلىكتە يۈرەكلەرنىڭ يېقىنلىقى ۋە روھى بىرلىشىشنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئالاقىلەرنى ئورنىتايلى. بۇنى ھەقىقەت بازىرىنىڭ گۆھەرشۇناسلىرى ۋە سىر - ئەسرارلاردىن ۋاقىپ بولغۇچىلار مۇھەببەت دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سىرلىق يورۇق دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئۇلۇغراق، ھەتتا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك نەرسە يوق. شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىز مېھرى - مۇھەببەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم

• بېشى ئۆتكەن ساندا

قىلغان سۇرەتىيا يۇلتۇزىنىڭ يېنىغا ئورۇن-
لاشقان ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ئەينىكىدە
روشەن ئەكس ئېتىدۇ. لېكىن ئىشىنىڭ
ئەسلى ماھىيىتىنى ئەمەس بەلكى تاش-
قى كۆرۈنۈشىنىلا كۆرىدىغان كىشىلەرگە
ئېھتىياجىمىز چۈشكەچكە، مەن پۈتۈن
ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا
ئەرز قىلدىم. ئۇ سەممىي مېھىر - مۇ-
ھەببىتىمىزنىڭ زەنجىرلىرىنى ئۇلاشتۇر-
غاي. ئۆز رۇخسارىنى باشقىلارغا كۆز -
كۆز قىلىۋاتقان گۈزەلنىڭ ھۆسن جاما-
لىدەك بىزنىڭ سەممىي نىيىتىمىزمۇ ئۆز-
نىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغاي، ئۇ-
لۇغلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقى ۋە
دوستلۇقى مەڭگۈ ئۈزۈلمىسۇن. ئۇلار
بارلىق ھۆكۈمدار ۋە پادىشاھلارغا نەمۇ-
نە بولسۇن. شۇڭا خاندانىمىزدىكى زېرەك،
دانىشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سىز
ھۇمايۇننىڭ ھۇزۇرىغا ئىشەنچلىك، قابىلى-
يەتلىك خىزمەتچىمىزدىن ئەۋەتىشنى لايىق
تاپتۇق. ئۇ بىزنىڭ ھەممە سىرلىرىمىزدىن
خەۋەردار، كىچىكىدىن باشلاپلا بىزنىڭ
تەربىيىمىزدە يېتىلگەن، سەلتەنەتكە خىز-
مەت قىلىش ئۈچۈن خاس تەربىيە ئال-
غاندۇر. ئۇنىڭغا دوستلۇق ۋە قېرىنداش-
لىق ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئارزۇلىرىمىز-
نى ئوتتۇرىغا ۋاستىچى قويماي، شەخسەن
ئۆزى بايان قىلىش تاپشۇرۇلدى.

يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىكلەرنىڭ ۋە
سەلتەنەتنىڭ مەركىزى بولغان جانابلى-
رىدىن كۆتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، ئىلتى-
ماسىمنى قوبۇل قىلىپ، مۇراد چېمەنزارلى-
رىنىڭ ئەبەدىي گۈللىشى ئۈچۈن ئۇنى مېھ-
رىبانلىق بۇلاقلىرىدىن سۇغىرىدۇ. غەمگە
تولغان يۈرىكىمىزدىكى غۇبارلارنى ئۆز مەرھە-
مىتى بىلەن پاكلايدۇ. ھازىردا بۇ چەكسىز
دۇنيادا مۇھەببەتنىڭ ئالىي قەسىرىنى تىك-
لەيدۇ. ئۆز ئەقىل ئىدراكى بىلەن ئىلىم
گۈلشىنىنى بېزەيدىغان ۋە ھەقىقەتنى نۇر-
لاندۇرىدىغان، يىغىلىشلارنى ئۆز ئىشتىراكى
بىلەن زىننەتلەيدىغان كىشىلەرگە مەلۇمكى،
بۇ پانىي دۇنيا رەسىمىنىڭ تىرىك-
چىلىك بابىدىكى ئەڭ ياخشى تەسۋىرى —
ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكتۇر. مۇھەببەت خەلق
ئۈچۈن بەخت - سائادەتنىڭ مىسالىدۇر.
دېمەك، ئىقتىدارلىق ھۆكۈمدارلار بىلەن
پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق - مۇ-
ھەببەتنىڭ نەقەدەر ئاجايىپ بولىدىغانلىقى
ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. پادىشاھلار تەڭرى
تائالانىڭ ياراتقان بەندىلىرى ئىچىدىكى
ئەڭ ئەلاسى ۋە سۆيۈملۈكتۇر. ئىنسانلار
ئارىسىدا پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا پادى-
شاھلار ئەۋزەلدۇر. تەڭرى ئۇلاردىن
مەرھەمىتىنى ئايىمىغاي.

بۇ سائادەتلىك تىلەك ۋە ئىزگۈ
سۆزلەردىن غەرەز شۇكى، ئەگەر بەزى
ئەقىل - ئىدراك قائىدىلىرىنى بىلمەيدىغان
پاراسەتسىزلەر، ئالىيجانابلىقنىڭ خۇش بۇي
ھىدلىرىنى پۇراپ باقمىغان ۋە ھەقىقىي
مەقسەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىغان قۇرۇق
سۆلەتلەر خەيرىخاھلىق قالغۇچى سۆپەتكە
كىرىۋېلىپ، بۇ چوڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىپ
بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزنى باشقىچە چۈشەندۈر-
مەكچى بولسا، شان - شەرەپلىك ئۇلۇغ زاتلىرى-
نىڭ ئۇنداق ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى
ئىناۋەتكە ئالماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.
بىزنىڭ ياخشى نىيەتلىرىمىزگە سايە چۈش-
مىگەي. شەخسەن ئۆزىڭىز مۇقەددەس
پىكرىڭىزنى يۈرگۈزۈپ، ئىستەكلىرىمىزنىڭ
ئەسلى ماھىيىتىگە ھەققانىي نەزەر تاشلى-

غايسىز. ئۇنىڭ لاتاپىتىنى پەملەپ، بۇ شې-
رىن شەربەتنى ئېتىپ كۆرۈپ، بىزدەك تەش-
نالارغا چەكسىز لەززەت بېغىشلاڭ.

مېنىڭ مەملىكىتىمدە ئادەملەرنىڭ
ئەڭ يارىماسلىرىدىن بولغان بىرقانچە يا-
رىماس، كالتا پەملەرنىڭ غەيۋەت - شىكا-
يىتى تۈپەيلى، ھاكىمىيىتىمىز تەۋەلىكىدىكى
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئىتائەت دائىرىسى-
دىن چىقمىغان بىر تۈركۈم ئاھالىلەر قوز-
غىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئېگىز تاغ، تار
جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەر-
نىڭ خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلى-
دى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆز ھالاكەتلىرىگە
قاراپ ئىنتىلدى. بۇ شەھەر پۇقرالىرىنى
قوغداش ۋە يولدىن ئازغانلارنى جازالاش
ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ،
ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇزغۇنچىلارنى تىنجىتىش
ئۈچۈن مەشھۇر لەشكەر بېشىنىڭ قوماندان-
لىقىدا ناھايىتى زور قوشۇن ئەۋەتتىم. بۇن-
داق ئىشتىكى غەلىبە ۋە زەپەر پەقەت ئاللا-
ھنىڭ ياردىمىگە ۋە تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە
باغلىق. ئاقىۋەت دۈشمەن غالىپ قوشۇننىڭ
ئاياغ ئاستىدا بىتچىت قىلىندى. شۇنداق قىلا
بۇ ۋەقە بارلىق بۇزغۇنچىلار ئۈچۈن دەھ-
شەتلىك ئىبرەت بولدى. خاندانىمىزنىڭ
دوستلىرى ۋە خەيرخاھلىرىنىڭ ساداقىتى
ۋە پىداكارلىقى مۇستەھكەملەندى.

شۈبھىسىزكى، ئەبەدىي ھۆكۈمرانلىقىقا
مۇشەررەپ بولغانلارغا قارشى باش كۆتۈر-
گەنلەر، مەنىەنلىك ۋە كېيىنگە مۇپتىلا
بولغانلار پەقەت ئۆز ھالاكەتلىرى-
نى يېقىنلاشتۇرىدۇ ھەمدە يەرگە قارىتىپ
ئېتىلغان ئوققا ئوخشاش مۇقەررەر ھالدا
تۇپراققا قادىلىدۇ.

بۇ قۇرلار پەقەت مۇھەببەت ھىس-
تۇيغۇلىرى بىلەن يېزىلدى. ئەگەر تەڭرى
خالىسا بىز دوستلۇق ۋە خەيرخاھلىق
ئالاقىلىرىنى ئورنىتىمىز. سىز جانابىي ئالىي-
لىرىمۇ ئىتتىپاق ۋە مۇھەببەت نەمۇنىلىرىنى
نامايان قىلغايسىز. بەخت - سائادەتنى ئۆز
مەنپەئەتىڭىزنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، ياخشى
خىسلەتلەرنىڭ زەنجىرىنى ئۈزمىگەيسىز. سەل-
تەنىتىڭىزنىڭ ئابرويىنى يەرگە ئۇرمىغايسىز.
دۆلىتىڭىزنىڭ ئامانلىقى ۋە راھەت - پارا-
غىتى ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنىڭ يىلتىزىنى
قۇرۇتۇش ئۈچۈن بارلىق پۇقرالارنىڭ تىنچ-
لىقى ۋە ئارامىنى ساقلاش ئۈچۈن، دىنىمىز
ۋە دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن،
پادىشاھلار زاتىنىڭ زىبۇ - زىننىتى ھېساب-
لانغان غەلىبىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىر
ئاللاھنىڭ ھەققىي ھۆرمىتىگە ئاتاپ دۇئا
قىلىۋاتقان مەن كەمىنىگە خۇشاللىنارلىق
جاۋاب يوللىشىڭىزغا ئىشىنىمەن.

قەلىمىمىز ئەمدى ئارتۇق چېچەنلىك
قىلماي مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چېكىنىت
قويىدۇ. سەلتەنەت ۋە ئىقبال قۇياشىمىز
سەلتەنەت ئاسمىنىدا مەڭگۈ پارلىسۇن، تەڭ-
تائالا سىزدىن ئۆز مەرھەمىتىنى ئايىمىسۇن.»

ئەلچى پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ
يولغا چىقتى. ئۇ ھارغان - ئاچقىنىغا قارىماي
مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ ئاخىر بەھرەۋەر
بانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ باردى
ۋە پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.
مۇئامىلە ئەدەب - قائىدىلىرىنىڭ بۇ بىلىم-
دان ۋە سۆزمەنى ئۆز ئادىتى بويىچە
پادىشاھقا ھەددىدىن زىيادە ئاجايىپ سوۋغا-
سالاملار بىلەن بىللە مەكتۇپنى تاپشۇردى.
ئاندىن مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن مەكتۇپنىڭ
ئەسلى ماھىيىتىنى بايان قىلدى. پادىشاھ
مەقسەتنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن-

دىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى. رەڭگى
ئۆزگىرىپ، چىرايىدا رەنجىش ئالامەتلىرى
پەيدا بولدى. ئاخىرى مەنسىتمەسلىك ئىپا-
دىسى بىلەن ئەلچىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت
قىلدى.

پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىلىرى بۇ ئۆز-
گىرىشتىن ھەيران بولۇشتى. پادىشاھ بول-
سا لام-جىم دېمەيتتى. ئەلچى ئۈمىدسىز-
لىنىپ تەمتىرەپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن
پادىشاھ خاس كاتىپىغا ئىشارەت قىلدى.
بۇ ئەقىللىق كاتىپ خەلىپىنىڭ پەرمانى بى-
لەن ئۇچقۇر ۋە ئىنچىكىلىك قەلىمىنى چاپ-
تۇرۇپ، جاۋاب خەت يېزىشقا باشلىدى.

بەھرەۋەر بانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كامكار-
غا يازغان نامىسى بۇدۇر:

«پاك پەرۋەردىگار ھەمدۇ-سانا ۋە
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سالاۋاتتىن كېيىن،
ئالەم گۈلشىنىنى ۋە ھۆكۈمدارلار بەزمى-
سىنى بېزىگۈچى، جاھان سەلتەنىتىنىڭ تا-
يانچى ۋە سەردارى، پادىشاھلىق تاجى-
نىڭ شولىسىنى ئاشۇرغۇچى ياخشى نىيەت-
لىك جانابىي ئالىيلىرىغا دۇئا ۋە سالام.

مەن مېھىر-مۇھەببەت ۋە دوست-
لۇق گۈلدەستىسىنى يەنى ھەر بىر سۆزى
ئەقىل-ئىدراك سەھىپىلىرىنىڭ گۆھىرى
بولغان دوستانە مەكتۇپىڭىزنى ئەڭ ياخشى
كەيپىياتتا ۋە ئەڭ قولاي پۇرسەتتە تاپ-
شۇرۇۋېلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم. نامىڭىز
مېنى ناھايىتى خۇشال قىلدى، دوستلۇق
ۋە مۇھەببەتنى ئىزھار قىلغان سۆزلىرىڭىز-
نى ئېتىبار بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. شۇنداق،
ئەلچىڭىز تەسىرلىك قىلىپ بايان قىلغان
مەقسەتنىمۇ ئاڭلىدىم. تەڭرىگە شۈكرىلەر
بولسۇنكى، مەن ئىلاھىي مېھرى-شەپقەت
گۈلشەنىدە ھېكمەت ۋە مەرىپەت گۈللى-
رىنىڭ چىمەنزارىنى، رەيھانلار گۈلدەس-
تىسىنى بەرپا قىلغانمەن. سەۋرى-قانائە-
تىم بەدىلىگە ئىلاھىي يولىيورۇقلار مەيخانى-
سىدىن ھەقىقەت شارابىنى ئېتىپ بېقىش
شەرىپىگە ئېرىشكەنمەن. شۇڭلاشقا ئۆزۈم-
دىكى بىمەنە ئىش-ھەرىكەتلەرگە مايىل-
لىقنى توختاتقانمەن. مەن ئەخمەقلەرنىڭ
ئالدامچىلىقى ۋە ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىماي،
ھەر ئىككى دۇنيادىكى ئەمەللىرىمنىڭ ھېسا-
بىنى ئەقىل-ئىدراك دەپتىرىم بويىچە بىر
تەرەپ قىلدىم، مەن ھەقىقەتنى بۆھتاندىن،
پايدىنى زىياندىن ئايرىيالايمەن، ئېسىل-
زادىلەر خىجالەتتىن ئاغزىدىن چىقىرالماي-
دىغان، ئاددىي كىشىلەر ھەممىلا يەردە جار
سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلمايمەن، قەسەم
قىلىمەنكى، تەڭرى بارلىق كىشىلەرنىڭ
ئارىسىدىن تاللىغان ئۇلۇغۋار ھۆكۈمدار-
لارغا ئويلاپراق پىكىر قىلىش يارىشىدۇ.
ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆز ئارزۇ-مەقسەتلىرى-
نى ئاشكارىلىماي تۇرۇپ، شۇ ئىشنىڭ پات-
دا-زىيىنىنى ئەقىل تارازىلىرىدا ئۆلچەپ
بېقىشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار يېتەرلىك
دەرىجىدە روشەن ۋە نازۇك ئەقىلگە ئىگە
بولمىسا، ئۇ ھالدا دانىشمەن مەسلىھەتچىلەر
ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىشى مۇمكىن. دېمەك
ئۇلار دانالارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى
كېرەك. قىلغان ئىشلىرىدىن كېيىن پۇشاي-
مان قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئاقىللارنىڭ كۆر-
سەتمىسى بويىچە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشى كېرەك. ھېچقانداق ۋاقىتتا ئاقىللار
ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ، ئۇ توغرىلىق سۆز-
لەشنى، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىككى تىللىق
قەلەم ئارقىلىق تەرىپلەشنى خالىمايدۇ. بۇن-
داق قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسى بىرلا،
ئۇ بولسىمۇ نومۇس ۋە پۇشايماندۇر، خالاس.

ئەگەرى تائالا بۇندىن كېيىنكى ئىشـ
لىرىمىزدا ئۆز مەرھەمىتىنى ئايىمىسۇن.
ئەقىل - پاراسەتنى سىزگە ياردەمچى قىلـ
سۇن. سەلتەنىتىڭىز قۇياشى پارلاۋەرسۇن!»

پادىشاھ مەكتۇپنى يېزىپ بولۇپ
ئەلچىنىڭ قولىغا بېرىپ ئۇنى يولغا سالدى.
خورلانغان ۋە مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان
ئەلچى مىڭ مۇشەققەتتە ئۆز شاھىنىڭ
شەرەپلىك بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ، تەنە-
مالامەتلەر بىلەن يېزىلغان جاۋاب خەتنى
خەلىپىنىڭ ئۆزەڭگىلىرى بولغان ۋەزىر-
لەرگە تاپشۇردى. پادىشاھ خەتنىڭ مەز-
مۇنىدىن گۆھەردەك مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە
ئاشمىغانلىقىنى بىلدى ۋە بۇنىڭدىن تولىمۇ
رەنجىدى، ئاندىن ئۇ شاھزادىنى چاقىرىپ
ئۇنىڭغا ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلدى.
پادىشاھ ئوغلىغا «سۆزۈمگە قولاق سېلىپ
ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلاردىن كېچەر»
دېگەن نىيەتتە نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى،
ئەمما شاھزادىنىڭ قەلبىدىكى ئىشق شارابى
دەريادەك دولقۇنلايتتى. شۇڭا ئاتىسىنىڭ
قىممەتلىك نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا
كىرمەيتتى. ئۇ ھوشسىز بېشىنى ھەسرەت
تىزىدىن كۆتۈرۈپ دېدىكى:

— شۇنداق ھەزرىتى شەھرىيار، سىز-
نىڭ رەھىمدىللىك بىلەن ئېيتقان ئالىيجا-
ناب سۆزلىرىڭىز مۇۋاپىق ۋە قايىل قىلارلىقتۇر.
بۇ سۆزلىرىڭىزنى كۆڭلۈمگە ئالتۇن
ھەل بىلەن يېزىۋېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن
شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىشق - بىلەن
ئەقىل بىر - بىرىگە زىتتۇر. مەن ئىشق
يولىدا مەجنۇن بولدۇم. ئىختىيارىمنىڭ
تىزگىنىنى تەلۋىلىك قولىغا تاپشۇرغانمەن.
ماڭا پەندى - نەسىھەتلەر كار قىلمايدۇ.
ئەقىل ماڭا ئارام بېرەلمەيدۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادىنىڭ ئوي - خىيالى
چېچىلىپ، ئىختىيارى قولىدىن كەتتى. ئۆز
دۆلىتىدىن جۇدا بولۇپ مەجنۇنلاردەك دەشتـ
لەردە يۈرەتتى. ئۇ جاھاندارچىلىقنى ئاۋا-
رىلىق ۋە مىسكىنلىككە، ھۆكۈمرانلىقنى
بىچارىلىككە، راھەتنى جاپا - مۇشەققەتكە،
ئۆز دىيارىنىڭ پاراغىتىنى غېرىپ - مۇسا-
پىرچىلىققا ئالماشتۇردى. شاھلىق تاجىنى
بېشىدىن ئېلىپ تاشلاپ، گۇمراھلار كۇلا-
ھىنى، يىپەك كىيىملەر ئېغىر كېلىدىغان
نازۇك گەۋدىسىگە دەرۋىشلەرنىڭ پالاز
تونىنى كىيىپ يۈرەتتى. قۇياش رەشك
قىلىدىغان جامالى گۈل بەرگىدىن نازۇك
ئىدى. ئۇ غەمكىن دىلىنى قانلىق ياشلار
بىلەن تولدۇرۇپ، ۋاپادار يارىنىڭ ئىشق
ئوتىدا ئۇنى ئىزدەپ دەشت - باياۋانلارغا
يول ئالدى:

شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن خالا-
يىق پىغان چېكىشتى. يۇقىرى ۋە تۆۋەن
تەبىقە كىشىلىرى ھەممىسى ھەسرەت ياشـ
لىرى بىلەن كۆزىنى ياشلاپ، ھەيرانلىقـ
تىن بارماقلىرىنى چىشلەشتى. نادامەت
ئاۋازى سەھرادىكى گىياھلاردىن ئاسمانغا
يەتتى. ئەپسۇس ساداسىدىن ئاۋام خەلقى-
نىڭ «ۋادەرىغ» دېگەن سادasىدىن نېلۇ-
پەر دۆۋىسىگە ئوت تۇتاشتى.

دۆلەت چوڭلىرى بۇ دىلنى ئۆرتىـ
گۈچى ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ بىر ياقتىن ئەقلـ
لىرى - ھەيران بولسا، يەنە بىر ياقتىن غەمـ
كىن بولۇپ شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە يۈگۈ-
رۈشتى. ئۇلار شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىـ
لىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى بۇ
يولدىن توسىدى. شاھزادە غەمكىن كۆڭـ
لىنىڭ ئوتىدىن ئۇچقۇنلار چىقىرىپ،
پەللىداپ يېنىۋاتقان شامدەك ئىشق

همجراندا ئىڭراپ ئۇلارغا:

— هەي دانا كىشىلەر، تەقدىر قىسمىتىگە باشتىن-ئاخىرى ئىشق دەردى يېزىلغان تۇرسا، قانداقمۇ راهەتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قولۇمغا ئالاي؟ دىمىغىمغا جۇنۇنلۇق ئىسلىرى تېگىپ ئىشق سەۋداسى سەۋر لىباسىمنى پارە قىلدى. بۇ بەلكى ماڭا ياردەم ۋە يېقىنچىلىق ئورنىدىكى مەسلىهەتلەردۇر. ئەگەر سىلەر مېنىڭ دوستۇم بولساڭلار، دۇئا قىلىڭلار. مەقسەتلىرىم قەلب كوچىلىرىدا تەلەپكە يېقىنلىشىپ، ياتىدىغان ئورنۇمنى كوچا توپىرىقىدىن ۋە مەغرۇر بېشىمنى يول تاشلىرىدىن قىلغايمەن،— دەپ ئىلتىجا قىلدى.

شاهزادە بۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن خۇداغا ئۈمىد باغلاپ ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ، سەپەر تۈگىلىرىنى جابدۇپ، سالقىن شامالدەك تېز ئىلگىرىلىدى. شاهزادىنىڭ قىزغىن ۋە ئىخلاسمەن بىر تۇتىسى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىگە هەمراه قىلدى. كىمىكى هەقىقىي ئىخلاسمەن بولسا، ئۇنىڭ دىماغلىرىدىن بادام ياغلىرى ۋە بىنەپشىلەرنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا دوستلۇق يېپىنى ئۈزۈپ تاشلاش هەقىقەتەن كۇپۇرلۇق بولۇپ، ۋاپا-سادىقەت ۋە ساپانىڭ بۇزۇلۇشى ئىدى. شۇڭا يېقىن مەهرەملىرىنىڭ هەمراهلىقىدا يولغا چىقتى.

بالاغا گىرىپتار بولۇپ، مەجنۇنلۇق دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن، جىلىن ئالغۇچى ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغان بۇ شاهزادە زۆهرە يۇلتۇزىغا ئوخشايدىغان گۈزەللەرنىڭ هارۇت، مارۇت ئېسىلغان قۇدۇقىقا زىنناقلىرىغا زۇلپىنى زەنجىرلىرى بىلەن ئېسىلغان پادىشاهلاردەك هەيران ۋە سەرگەردان بولدى.

ئۇ گۈزەل چىمەنلەرنىڭ راهىتىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، مېهنەت ئېتىغا مىنىپ، خىيال قەدىمىنى چۆل-بايابانلارغا قويدى. هەۋەس، ئىشتىياق ئايىغى بىلەن مۇشكۈلات باياۋىنىدا پىيادە يۈرۈشنى ئۆزىگە ئاسان تۇتۇپ، نۇرغۇن مۇساپىلەرنى باستى ۋە پاتلا بىر دەريانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. دەريا سۈيىنىڭ شىددىتىدىن ساهىل گوياكى ئايرىلىش غېمىگە پاتقان جانانىدەك چەكسىز غەمگە چۆككەنىدى. دولقۇن ئۆركىشىنىڭ شىددىتىدىن بېلىقلارنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەتتى. شاهزادە بارلىق ئىشتىياق بىلەن پەرۋاز قىلىپ مەشۇقىنىڭ دىيارىغا يەتمەكنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بەكمۇ ئاجىزلىقتىن دەرمانى قالماي هەيران بولدى. توتى بولسا ئىخلاس ۋە هەۋەس ۋاپا قاناتلىرى بىلەن پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ شاهزادىنى بۇ هالدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا رەهمى كېلىپ مۇنداق دېدى:

— هەي سەرسانلىق كوچىلىرىدا يۈرگەن شاهزادە، سەن ئۆزۈڭمۇ كۆلپەتنىڭ دامىغا مۇپتىلا بولۇپسەن، ئىشقنىڭ تۆمۈر قەپىسى ئېچىگە بەند بولۇپسەن. بىراق مېنى قەپەس زىندانىغا بەند قىلىپ ساقلىغىنىڭ مۇۋاپىق بولمىدى. ياخشىسى مېنىڭدەك بىر ۋاپادار قۇشنى قەپەستىن نىجاتلىققا چىقىرىۋەتكىن. مەن هەر تەرەپكە پەرۋاز قىلىپ، بىرەر ئامال تېپىپ بۇ مۇشكۈلاتنى ئاسان قىلسام ئەجەب ئەمەس.

— هەي سىرداش غەمگۇزارىم،— دېدى شاهزادە،— جاپا-مۇشەققەتلىك سەپەردە ئۇلپەتلىك، غەمخورلۇق، سىرداشلىق پەقەت سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن كېلىۋاتـ

قىنى ماڭا تولدۇ ئايان. مەن سېنى قەپەستىن چىقارغاندىن كېيىن سېنىڭ دەرھال پەرۋاز قىلىپ توتىلارنىڭ ۋىسال ھەۋەسى ھەم جىنسلىرىڭنىڭ ئىشق جەزبىسى سېنى تارتىپ كېتىپ، ئىككىمىزنىڭ ھەمراھلىقىمىز تامام بولۇرمىكىن دەپ قورقىمەن. ئۇ چاغدا سەندىن ئايرىلىش غەم-قايغۇسى ماڭا تولدۇ ئېغىر كېلىدۇ.

توتى دېدىكى:

— ئەي شاھزادە، مەندەك زەئىپنىڭ سۆزىگە ئەلۋەتتە ئىشەنمەيسەن. چۈنكى دامدىن ۋەرامدىن خالاس بولغان جانۋاردىن ۋاپا تەمە قىلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، تەقدىر رەسسامى بۇ دۇنيانىڭ نەقش ۋە رەڭگىنى بىر خىللا سىزغان ئەمەس. تەڭرى تائالا ساق-سالامەت قىلسۇنكى، مەن ناتىۋان قۇشنىڭ لېيى ساداقەت سۈيى ۋە ۋاپا توپرىقى بىلەن يۇغۇرۇلغاندۇر. شۇنداق ۋەدە قىلىمەنكى، تا سەن دەريادىن ئۆتۈپ تەلەپ نىشانىغا قەدەم قويۇپ، مەقسەت گۆھىرىنى قولۇڭغا ئالمىغۇچە ھەرگىز خىزمىتىڭدىن ئايرىلمايمەن. جېنىمنى ساڭا بېغىشلاپ، يولۇڭدا قۇربان بېرىشكە تەييارمەن. سېنى ھەقىقى، بىردىنبىر تېۋىنغۇچۇم سۈپىتىدە خىزمىتىڭنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن.

ئەگەر بۇ سۆزۈمدە ئالدامچىلىق، مەككارلىق غەرەزلىرى بولسا، توتى خىلىنىڭ ئىجاد ئاسمىنىدىكى زار جدايى بولغان بەخت گۈلزارلىقى بەختى قارىلىقىغا ئايلانسۇن. ئۇ دۇنيادىكى لەنەتلەر رەڭلىك ۋۇجۇدۇمنى قاغىدەك قارا، يولتۇزدەك ئاققۇچى قىلغاي. مېنى نەچچىلىگەن قان ئىچكۈچىلەرگە گىرىپتار قىلغاي، — دەپ قەسەمياد قىلىپ كۆپ مۇبالىغىلەر قىلغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ كۆڭلۈمدە سېنىڭ خەيرىخاھلىق ۋە دۆلىتىڭنى ئويلاشتىن باشقا مەقسەت-مۇددىئا يوقتۇر. پەقەت ئىشىم ئوڭدىن كېلىپ نېمەت قەرزىمنى ئادا قىلسام دېگەنلا خىيالدىمەن، — دېدى.

شاھزادە توتىنىڭ ساداقەت ۋە مېھرىبانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى قەپەستىن ئازاد قىلدى. توتى دەرھال پەرۋاز قىلىپ، بۇ بىپايان سەھرانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نەزەر سېلىپ، دەريانىڭ ياقىسىدا تۇرغان ۋەيرانە بىر ئۆينى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆي ھىممەتسىز كىشىلەرنىڭ نەزەرىدەك پەس، پەسكەش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدەك تار ۋە كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە بىر توپ دەرەخ بار ئىدى. توتى كېلىپ دەرەخ شېخىغا قوندى. كەپە قومۇشتىن ياسالغان بولۇپ، ئەتراپى بەختلىكلەرنىڭ پېشانىسىدەك ئوچۇق، ئىچى پاكلارنىڭ سىرىغا ئوخشاش ئازادە ئىدى. دەرۋىشلەرنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بىر بوۋاي ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا سەجدە رىيازەتلىرىنى چېكىپ، تەقۋادارلىق، ئىتائەتمەنلىك ۋە شىكەستىلىك بىلەن تەسۋى سېيرىپ تەھلىلدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىدىن نۇر يېغىپ، پېشانىسىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. چاچلىرىغا ئاق سانچىلغانىدى. سۈرىتىدىن غايە نۇرى پانۇس ئىچىدىكى شامغا ئوخشاش جىلۋە قىلاتتى. توتى دەرۋىشنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى روشەن كۆردى. ئۇ دەرھال ئەدەب بىلەن تەكەللۇپ قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ساھىبدىل توتىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەرىپەت دەرياسى جۇش ئۇرۇپ چىن كۆڭلىدىن:

— ئەي ئەيسا زۇۋانلىق، زۇمرەت قاناتلىق قۇش، ئەتىرگۇل رەڭلىك ئېغىزىڭدىن پاساھەت سۇيى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئالدىڭدا قانداق ئىشلار سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ كىم ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە پەرۋاز قىلدىڭ؟ جاننى كۆيدۈرگۈچى سۆزۈڭدىن ۋاپا ۋە ھەقىقەت پۇرىقى مېنىڭ دىماغلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى. تۇتى:

— ئەي ھەقىقەت بېغىنى زىننەتلىگۈچى، مەرىپەت بەزمىسىنىڭ قىزىقچىسى، ھەر ۋاقىت بۇ خەستە غېرىبىڭ مۇددىئاسى سېنىڭ پاراستىڭ ئەينىكىدە ئەكس ئەتتى. شۇڭا ئارتۇقچە سۆزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى. ئۇ تاڭ شەپىقىغە ئوخشايدىغان دەرۋىش ئۆز كارامىتى بىلەن تۇتىنىڭ سىرلىرىنى پەملەپ، شاھزادىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

تۇتى بۇ خۇش خەۋەردىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن خەندان ئۇرۇپ كۈلدى ۋە بىر پەرۋاز قىلىپ شاھزادىنىڭ قېشىغا يەتتى. ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن دۇئا ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

شاھزادە بولسا ئاجىز بىچارىچىلىكتە غەم-غۇسسىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇتىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانىدى. تۇتىنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. تۇتى بولغان ئەھۋاللاردىن شاھزادىنى ۋاقىپ قىلىپ، ئۇ خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ خىزمىتىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

شاھزادە تۇتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ مەسىھ نەپەس كىشىنىڭ خىزمىتىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇقەددەس ئاستانىگە يېقىن كېلىپ دەرۋىشنىڭ سىرلىق قىياپىتىنى كۆردى ۋە ئەدەب، يوسۇن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

دەرۋىش:

— ئەي، بەخت-تەلەيلىك يىگىت، تەڭرى تائالاغا تەۋەككۇل قىلغىن، تەڭرى تائالادىن ئۆزگە ھېچكىمدىن پاناھلىق تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئىشق يولى نازۇك يولدۇر، ئەمدى مەقسەت يولىغا تەنھا قەدەم قويغىن. ئەگەر ئۆزۈڭگە دوست تەلەپ قىلساڭ كۆزۈڭنى يۇمغىن، — دېدى.

شاھزادە دەرۋىشنىڭ پەرمانى بىلەن مۇلازىم ۋە خىزمەتكارلىرىغا رۇخسەت بېرىپ يولغا سالدى. بىرلا تۇتىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ ئارزۇ-ئۈمىد يولىغا قەدەم باستى. شاھزادە بىردەمدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ تۇتى بىلەن بىللە باشقا بىر ساھىلدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرۋىشنىڭ شاراپىتىدىن بۇ قان ئېچكۈچى دەريادىن ئاسانلىق بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. گەرچە شاھزادە دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن، تۇتىنىڭ دوستلۇقىدىن خۇرسەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇلازىملىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇزلۇقتا قالغانلىقىدىن، بۇ چۆل-باياۋاندا ھەيران-سەرگەردان بولۇپ ئاجىزلىقىدىن دەرمانسىزلاندى. ئەمما مۇھەببەت ئىشتىياقى ئۇنىڭغا ئىشەنچ ئاتا قىلغاچقا تەڭرى تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ ھاياتلىق ئالمىگە قاراپ قەدەم قويدى. ئۇ چۆل-دەشتلەردە كۆزلىرىدىن قان-ياشلىرىنى مەجنۇن كەبى تۆكۈپ، مەست ئادەملەردەك تاش ۋە تىكەنلەر ئۈستىگە قەدەم قويدى. ئۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئىشىنىپ، بۇلبۇل ناۋاسىدەك يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتاتتى.

## شاھزادىنىڭ ئۇ قورقۇنچلۇق باياۋاندا ھۆما قۇشىدەك يالغۇز يۈرۈپ، بىر ساپ ۋىجدانلىقى ئاقساقال كىشىگە يولۇققانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ئۇ تەشنالىق ۋادىسىدا غەمكىن بولغان ۋە تەلۋىلىك مەيدىن مەست بولغان شاھزادە ۋەھشىي ھايۋانلارمۇ قورقۇنچتىن ھالاك بولىدىغان بۇ دەشت-سەھرادا بىرنەچچە پەرسەڭ يول يۈردى. بۇ چاغدا زەئىپلىكتىن بەدىنى ھىلال ئايدەك ئېگىلگەن، چىرايى رىيازەت نۇرىدىن قايغا ئوخشاش نۇرلىنىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي ئۇچرىدى. بوۋاي شاھزادىگە:

— ھەي يىگىت، مەرھەمەت قىلىپ جاپا-مۇشەققەتتە بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭ، مېھمان يولىدا ئىنتىزار بولغىنىمغا ئىككى كۈن بولغانىدى. ئەلھەمدۇلىللاھ، مەقسىتىم ھاسىل بولدى. قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭدىن خۇشال ھەم خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى.

شاھزادە خۇشال بولۇپ، تاماق تەييارلىدى ۋە بوۋاي بىلەن سۆھبەتلەشكەچ بىللە تاماق يېدى. يول جاپاسى ۋە ھارغىنلىقتىن خالاس بولۇپ، ئازراق دەم ئالدى. ئۇ مەرت بوۋايغا چىن كۆڭلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

— ئەي شور پېشانە يىگىت، سەندىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن زور ھەۋەس بىلەن دۇنيانى ئايلاندىم ۋە ئالەمنىڭ ياخشى-يامان، ئاجايىپ-غارايىپلىرىنى ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھەقىقەتتىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ تولىمۇ ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق سەرگەردانلىق ئىكەن. ئاخىرى بولمىغۇر خىياللارنى بېشىمدىن چىقىرىپ تاشلاپ، بۇ ۋەيرانىگە كېلىپ ماكان تۇتتۇم. ئەمدىلىكتە خۇدادىن ئۆزگە، ھېچكىم بىلەن ئىشىم يوق، ھېچكىم بىلەن مۇئامىلە ۋە مۇلاقاتىم يوقتۇر. مېنى كەچۈرگىن ۋە بۇ ئىشقا تەكلىپ قىلمىغىن. ئىشىق دەشتىگە قەدەم قويۇپسەن. بالادىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغىن. كۆڭلۈڭنى مېھنەت ۋە ئەلەم ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ھەرقانداق ئوي-خىيالنى چۆرۈۋېتىپ، تەۋەككۇلنى تەسلىم تۈگمىگە ئارتىپ، تەنھا ئۆزۈڭ يول ئېچىپ، يالغۇزلۇق پىراقىدا چېنىققىن، — دېدى قېرى دەرۋىش.

شاھزادە ئۆز يارىنىڭ كويىدا سەرسانە ئىدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيرانلىققا پاتتى. تۇتى:

— ھەي ئىشق ئوتىدا يانغانلارنىڭ سەرخىلى، مۇرادقا يېتىش يولىدا ھەر قەدەمدە جاننى نىسار قىلىش كېرەكتۇر. سىنىڭ بىتاقەت بولۇشۇڭ خاملىقىڭدىندۇر. بۇ يولدا ئۆزىنى تۆدىپ قىلغانلارنىڭ ھەر قەترە قېنى يۈرەك قاتلىمىدىن تامىدۇ. ئۇنى ئۇلار مۇرادىغا يېتىشنىڭ خەۋىرى دەپ بىلىدۇ. ئەي شاھزادە، پەرياد-پىغان قىلمىغىن. سەۋرلىك بولغىنكى، ئىنشائاللا چارىلەر تېپىپ غەم-قايغۇلۇق ھىجران زۇلمىتىدىن نىجاد ھەملىنى تاپقايسەن، — دەپ پەرۋاز قىلىپ غايىب بولدى. شاھزادە ئاسمانلىقتىن ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇردى.

دەرۋىش سۈپەتلىك كىشى ئۆز سۆزىنى سۆزلەپ، ئۇ دەردمەن غېرىبنىڭ ئەھۋالىغا ئىلتىپات قىلمىدى. بىراق دىر-

ۋىش سوۋپەت كىشىنىڭ ئۈستىدە، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر توتى نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇۋا ياساپ ئولتۇرغاندى. شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، غەمكىنلىكىگە رەھىمى كېلىپ كەرەملىك ۋە غېرىبپەرەسلىك بىلەن شېرىن ھېكايىلەرنى ئېيتتى. دىلدارلىق قىلىپ، ئۇ دىلى خەستىنىڭ دىل جاراھىتىگە مەلھەملەر سۈرتتى. ئۇ قۇش زېرەك، شېرىن سۆزلۈك ئىدى. ئۇ شاھزادىگە:

—ئەي شاھزادە مەن بولسام ئەقىللىق جانۋاردۇرمەن، جاھاننىڭ ئۇياق-بۇياقلىرىنى كۆپ تاماشا قىلغانمەن، تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاجايىباتلىرىنى كۆزىتىپ، ھەدىيە ئۇچقۇنىنىڭ تاڭ شامىلىنىڭ ئۇچقۇندىتىشى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئاخىرى بىھېساب ياخشى ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ ئۈمىدنىڭ مۇراد گۈللىرىنى ئېچىلدۇردۇم. بۇ ۋەجىدىن بىرنەچچە كۈن سەھەر، كەچلىرى سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئۆكۈشسىزلىق تەرەپلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇم. يۈرىكىڭنى غۇنچىدەك چاك ئەيلىمە. ئاخىرى بىر كۈنى ياراتقۇچى تەڭرى ۋىسال ئۈمىدىدىن جېنىڭنى ياشارتىدۇ. چۈنكى بىر خاپىلىقنىڭ بىر خۇشاللىقى باردۇر. ئەگەر مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇپ، نازۇ-نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزۈشكە ئولتۇرساڭ تۆت نەرسىدىن ساقلىنىشنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ بىلگەيسەن.

بىرىنچىسى، پىشىپ يېتىلمىگەن ئىشلارنى قىلمىغايسەن ۋە سودىگەرنىڭ قىزىدەك زامان ئازابى ۋە تۇرمۇش ھالاكىتىگە گىرىپتار بولمىغايسەن،— دېدى.

شاھزادە:

— ئۇ قانداق ھېكايىدۇر؟— دەپ سورىدى. توتى:

— كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى...، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

* *

مەلۇم بىر شەھەردە، بىر بىناۋا يىگىت بار ئىدى، ئۇ غېرىبلار ئارىسىدا جاپا-مۇشەققەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دۇنيادا ئىنسانغا ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن تۇرمۇش بولماس، ئۇنىڭ كۈنلىرى ناھايىتى مۇشكۈلچىلىكتە ئۆتەتتى. بەزىدە ھەتتا ئۈچ-تۆت كۈن ئاچ قېلىپ بىھوش بولۇپ يېتىپ قالاتتى.

بۇ شەھەردە بىر دۆلەتمەن كىشى بار بولۇپ نوقۇتپۇرۇشلۇق قىلىپ بېيىغانىدى. ئۇ ھېلىھەم شۇ ئوقەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما بىرقانچە ئادەمنى ياللىۋېلىپ دۇكاندا قوياتتى. ئاشۇ خىزمەتچىلەر نوقۇت پىشۇرۇپ سېتىپ، ئاخشىمى خوجىسىغا ھېساب بېرەتتى. بىر كۈنى نوقۇتپۇرۇش خوجايىن ھېلىقى بىناۋا يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھىمى كېلىپ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنى تائامدىن خاتىرجەم قىلدى. خوجا نوقۇتپۇرۇش ئۇ بىناۋا يىگىتنىڭ ھېچقانداق ئارتۇق ئىشىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا دۇكاننىڭ ئوچىقىغا ئوت يېقىش خىزمىتىنى تاپشۇردى. ئوچاققا كۈندە ئىككى قېتىم ئوت يېقىش كېرەك ئىدى. بىناۋا يىگىت بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە بۈيۈك دۆلەت بىلىپ، كېچە-كۈندۈز ساپدىللىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. خوجا نوقۇتپۇرۇش بىناۋا يىگىتنىڭ خىزمىتىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى غېرىب-

مىسكىنلىكتىن، ئىززەت ۋادىسىغا يېتكۈزدى. يەنى بارلىق مۈلكىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇ-رۇپ دىۋان بېگى قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي-لا ئۇ يىگىت غېرىبلىق كوچىسىدىن چې-قىپ، دۆلەتمەن ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنى باي كىشىلەردىن بىلىپ، ھەر قان-داق مەرىكىدە يۇقىرى چىقىپ ئولتۇراتتى.

دەرۋەقە، بىر كۈنى بىر مەرىكىدە بۇ يىگىت شەھەر ھاكىمى بىلەن بىر داس-تىخاندا بولۇپ قالدى. ھاكىم بۇ جايدا ھېچقانداق سۆز قىلمىدى. لېكىن ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ مويسىپىت نوقۇتپۇرۇشنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئىككىمىز بۇرۇندىنلا تونۇش قە-دىردانلاردىن، لېكىن سەن ھېچ ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى مەن بىلەن باراۋەر تۇتۇپ داس-تىخاندا بىرگە بولغان ئەمەسسەن. بۈگۈن سېنىڭ خىزمەتكارىڭ مەن بىلەن بىر داس-تىخاندا ئولتۇرۇپ مەن بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشتى. ئەمدى ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلمىساڭ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىشلىك تەنبىھ بەرمىسەڭ، بۇ جەھەتتىن سەنمۇ خاتىرجەم بولالمايسەن، — دېدى. مويسىپىت نوقۇت-پۇرۇش ھاكىمغا كۆپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە ئۆيىگە كېلىپ بىناۋا يىگىتنى چاقىردى. ئۇنىڭ نامۇۋاپىق قىلىقلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. بى-ناۋا يىگىت بۇ سۆزلەردىن رەنجىپ ھەر قانچە، توسقانغا، نەسىھەتكە قۇلاق سالماي ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقا مەھەللىگە بې-رىپ ئولتۇردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قولى قورۇقدىلىپ گادايلىققا يۈز تۇتتى.

بىر كۈنى بىناۋا يىگىت كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە گادايلىق قىلىپ يۈرۈپ، بىر سو-دىگەرنىڭ قىزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جا-مالىغا باغلاندى. قىزمۇ ئۇ بىناۋا يىگىت-نىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماي-لا ھەممە گۆھەرنى ئۆلچىگۈچ بىلەن ئۆل-چەپ كۆرمەيلا ئۇنىڭ نىكاھىغا كىردى. بىر مەزگىل ئۇلار قىزنىڭ سودىگەر دادى-سىنىڭ دۆلىتىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت سۈرۈپ، ئەيش-ئىشرەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى. بىر كۈنى بىناۋا يىگىت خوتۇنىغا ئۆزى-نىڭ ئالىي نەسەبى ۋە بايلىقى ھەققىدە مۇبالىغىلەر قىلدى. خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزى-نى راست دەپ بىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ دىيارىغا بېرىپ مال-مۈلكىگە ئىگە بولۇش ھەۋىسى پەيدا بولدى. خوتۇن بەزى مەھ-رەملەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتىسىدىن ئىجازەت سورىدى. سودىگەر بۇ ئىشتىن قىزىنى توساپ رۇخسەت بەرمىدى. قىز نادانلىقى سەۋەبىدىن بىر كېچىسى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئاتىسىدىن رۇخسەتسىز ئېرى بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. ئۇلار كۆپ مۇساپىلەر باسقاندىن كېيىن، بىر با-ياۋان دەشتكە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىنسى-جىننىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي ئىدى. خوتۇن يىگىتتىن:

— بۇ قانداق جاي، خۇددى كوھى-قاپتىن ئەنقا قۇشنى تاپقىلى بولمىغاندەك بۇ جايدىن ئادەم بالىسىنىڭ ۋۇجۇدى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىم قۇرۇپ سۆزدىن قېلىۋاتىمەن. مەن ھازىر ھاياتلىقتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. خۇدا ھەققىدە ماڭا ئۇچۇق كېپىكىنى قىل، — دېدى. بىناۋا يىگىت:

— غەمكىن بولما، مۇشۇ يېقىن ئەت-راپتا غايەت گۈزەل باياشات، مول نېمەت-لەرگە تولغان بىر دىيار بار. ئۇنىڭ تە-رەپ-تەرىپىدە تاتلىق سۇلۇق دەريالار

بار. ئۇ كۆكلۆلمەيدان گۈلچىمەنلەرگە تولغان، گوياكى ھەرەم گۈلستانىغا نەمۇنە بولىدىغان ديار بولۇپ، مېنىڭ ۋەتىنىم ئەنە شۇ ماكانىدىدۇر. ئۇ پاراغەت ماكانىغا يېقىندىلا يېتىپ بارىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ مېھنەتلەردىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىقتا چۆمىمىز، — دېدى. خوتۇن جانىغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەدىمىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ كۆردى. تولىمۇ ماغدۇرسىز ئىدى. ئامالسىز قەدەملىرىنى يۆتكەپ يەنە نەچچە مەنزىل يۇردى. يىراقتىن بىر خارابە كەنت ئايان بولۇپ، بىرنەچچە، كونا ۋە ۋەيرانە ئۆيلەر كۆرۈندى. خوتۇن:

— ھەي ئادەم، بۇ كەنتتە نە باغۇبوستان، نە كۆكلەمزار ۋە راۋان ئاقىدىغان سۇلار بولسۇن، بۇ جاي خۇددى خالا جايغىلا ئوخشايدىكەن. ھەتتا بۇ جاينى تازىلىغۇچىلارمۇ بۇ يەرنىڭ مەينەتلىكىدىن نەپرەت قىلىشىدىغاندۇ، — دېدى. يىگىت:

— ھەي خوتۇن، مەن بۇ يەرنى گۈزەللىك ۋە ساپ ھاۋادا ھەرقانداق جايدىن زىيادە دەپ بىلىمەن. تېخى باشقا جايلارنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا تەنە ۋە مالامەتلەر قىلمىغىن، — دېدى ۋە خوتۇنىنى بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— مېنىڭ قوۋم-قەبىلەمدە قەدىمدىن تارتىپ بىر قائىدە يولغا قويۇلغان. ئۇرۇق تۇغقان، قېرىنداشلىرىم داقا-دۇمباق، كاناي-سۇناي بىلەن ئالدىڭغا كېلىپ، سېنى قىممەت باھالىق كىيىملەر بىلەن بېزەپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئەكىرىدۇ. خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئەيش-ئىشرەتلىك بەزمىلەر راسلاپ بېرىدۇ. سەن بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىرەر سائەت ساقلاپ تۇرغىن، مەن بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا خەۋەر بېرەي، — دېدى. خوتۇن ئېرىنىڭ شېرىن سۆزىگە ئالدىنىپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى.

ئېرى تېزدىن كەنت تەرەپكە كېتىپ قالدى، بىرەر سائەتتىن كېيىن، كاناي-سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى. خوتۇن ئۇزاقتىن بىر توپ ئەر ۋە خوتۇنلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار خۇشال ھالدا شادىمان ناخشىلارنى ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. خوتۇن بۇ چاغدا «ماڭا ئېسىل كىيىملەرنى ئەپ كېلىپ كىيگۈزۈپ، ئىززەت بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ» دەپ ئىنتىزار ئىدى. بىراق بىرنەچچە، بەدھەيۋەت ۋە بەدبەشىرە كىشى كېلىپ خوتۇننى تۇتۇپ يالىڭاچلىدى. خوتۇن ھەرقانچە، دات-پەريادلار قىلسىمۇ كار قىلمىدى. ئاقىۋەت بىچارە خوتۇننى يالىڭاچ ھالدا ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئاندىن ئالدى بىلەن چېچىنى ۋە ئەزالىرىدىكى مويلارنى چۇشۇردى ۋە ئاياغلىرى بىلەن دەسسەپ تېپىپ، بەدەنلىرىنى چاك-چاك قىلىۋەتتى. بىچارە ئايال باشتىن ئايىغىچە، لالىدەك قىزىل قانغا بويالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنى تەختىراۋانىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، تەختىراۋانغا ئارغامچا بىلەن باغلىدى. ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۆت تەرەپتىن قوزۇقلارغا باغلاپ، ئەر-ئاياللار خۇشال-خۇراملىق بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئىككى كىشى ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ قارارگاھدا كۆزىتىپ ئولتۇردى. خوتۇن بۇ ئازابلارنىڭ دەستىدىن ۋە ئارغامچىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ھوشىدىن كېتىپ قالدى.

— بىرەر سائەتتىن كېيىن ناھايىتى چوڭ بىر قۇش پەيدا بولدى، ئۇنىڭ

پـۇتلىرى دەرەخ شاخلىرىدەك، تۇمشۇقى
پىلنىڭ خارتۇمىدەك ئىدى، ئۇنىڭ هەيۋەتـ
لىك ئاۋازىدىن قۇشلار ئۇۋىسىدا هوشىدىن
كېتەتتى، ئىنسان تىنىقىدىن جۇدا بولاتتى.
ئەنە شۇنـداق بىر قۇش هـاۋادا پـەيدا
بولـۇپ، هېلىقـى ئەجىلـى يېقىنلاشـقان
خوتۇننى چاڭگىلىغا ئېلىپ هاۋاغا پەرۋاز
قىلدى. ئايالنـى ئارغامچا بىلەن يۇز يەر-
دىن باغلىۋەتكـەن بولسىمۇ قۇشنىڭ سۇر-
ئىتىدىن ئۈمۈچۈك توردەك پـارە - پـارە
بولدى. ئوقياچىلار ئىككى تەرەپتىن قۇشقا
قـارىتىپ شىددەت بىلەن ئوقـلار ئاتتـى.
ئوقلار ئۇ قۇشنىڭ ئىككى قـانىتىغا تەگكەن
بولسىمۇ هېچقانچـە تەسىر قىلمىدى، قۇش
يۇز پەرسەڭدەك ئۇچتى. بىراق ئوقيانىڭ
زەهىرى تەسىر قىلغاچقا يەرگە چۈشۈشكە
مەجبـۇر بولۇپ، خـوتۇنـى چـاڭگىلىدىن
تاشلىـدى. ئايال خـۇددى زۇمرەت بىلەن
بېزەلگەن شاهمات تاختىسىدەك بىر جايغا
كېلىپ چۈشتى. قۇش ئېغىزىدىن سۇ زەڭـ
لىك زۇمرەتنى چىقاردى - دە، جېنى ئېـ
غىز قـەپىسىدىن چىقىـپ پـەرۋاز قىلـىپ
كەتتى.

ئۇزۇن ئـۆتـمەي خـوتۇن هـوشىغا
كەلدى. كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى چۆل - جەـ
زىرىدە يالغۇز، بارلىق ئەزاسى غەرق قانغا
بويالغان هـالدا كـۆردى، ئۇنىڭ قېشىـدا
بىرەر هەمدەمى، شۇنداقلا يەيدىغان هېچ
نەرسىسـى يـوق ئىدى. شۇنـداقـتىمۇ ئۇ
تەڭرى تائالاغـا شـۈكرىلەر ئېيتىپ، قۇشـ
نىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن قىممەت باهـالىق
زۇمرەتنى ئالدى ۋە غەم - قايغۇغا پېتىپ،
بىرەر ئاۋاتلىققا يېتىۋېلىش ئۈمىدىـدە
يولغا راۋان بولدى. ئىككى پەرسەڭ يول
ماڭغاندىن كېيىن بىر جايغا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەردە قۇشلار قـانىتـى بىلەن قوياشنـى
تـوسـۇپ، كـۈندۈزنـى كېچـە زۇلمىتىگـە
ئايلاندۇرۇپ، ئاپئاق قوياش نۇرىنى توسـ
قانىدى. بىچارە خوتۇن جان ۋەهىمىسىدىن
بىر غارغا يـوشۇرۇندى. بىراق ئاچلىقتىن
هالى خاراب بولۇپ چىدىيالماي قالدى.
تاڭ ئاتقۇچە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
تەڭرىگە بولغان ئىخلاس، ئېتىقادىنى ئېيـ
تىپ تەڭرى تائالادىن ئۆزىنى ئامان - ئېـ
سەن ساقلىشىنـى تىلىدى. ئەمما نەتىجىـ
سى كۆرۈلمىدى. قۇياش سۈبهىنىڭ قۇچـ
قىدىن چىقىپ نـۇرىنـى ئالەمگـە چاچقان
ۋاقىتتا، مىسكىن خـوتۇن غاردىن چىقىپ
يەنە يـولغا راۋان بولـدى. كـۈن چـۈش
بولدى. يولنىڭ توپا - چـاڭلىرى ئايالنىڭ
جاراهەتلىرىگە يېپىشىپ، ئاپتاپنىڭ هارا-
رىتىدىن ئەزاسىنىڭ ئاغرىق ئازابى پۈتۈن
بەدىنىگە تارىدى. ئامالسىزلىقتىن تەقدىرگە
تەۋەككـۇل قىلـىپ بىر دەريانىڭ ياقىسىغا
بېرىپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسـە، بىر چـاغدا هېچقانـداق
مەخلۇققا ئوخشىمايدىـغان، تـۆت ئاياغلىق
ناهايىتى زور بىر هـايۋان پـەيدا بولۇپ
دەرياغـا كىردى. خـوتۇن بولسا ياشاشتىن
ئۈمىدىنـى ئۈزۈپ ئەجەلـنىڭ ئارزۇسىدا
پەرۋاسىزلا «بۇ تۆت پۇتلۇق هـايۋان بۇ
قان ئىچكۈچى دەريادىن ئۆتكۈزۈشى مۇمـ
كىن» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگـە ئولتـۇردى.
تۆت پۇتلۇق هـايۋان دەريادىن ئـۆتـۈپ
جەزىرە تەرەپكە ماڭدى. خوتۇن هايۋاننىڭ
قۇيرۇقىدىن ئاستاغىنا چـۈشۈۋالدى. بىرەر
سائەت تاكى ئۇ نەزەردىن غايىب بولغانغا
قەدەر ساقـلاپ تۇردى. ئاندىن تەڭرى
تائالاغا كـۆپ شـۈكرىلەر ئېيتىپ، يەنە
يولغا راۋان بولدى. بىر پەرسەڭدەك يول

ينۇرگەندىن كېيىن گۈزەللىكتە ئەرەب گۈلستاندىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان، دەريالار ھەر تەرەپكە ئاققان، گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ، يەر يۈزىنى بىر ئالغان بىر كۆكلەمزارنى كۆردى. خىلمۇ خىل مېۋىلەر دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا پىشىپ مەي باغلىغانىدى. بىچارە ئايال بولسا نەپسى بالاسىغا گىرىپتار بولغانىدى. شېرىن مېۋىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، دەريادىن سۈزۈك سۇلارنى ئىچكەندىن كېيىن بىر دەرەخنىڭ سايىسىدىكى مەخمەلدەك يۇمشاق كۆكلەمزار ئۈستىدە يېتىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى. خاپىلىق ۋە يول جاپاسىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن گۈللەرنى تاماشا قىلدى. تۇيۇقسىز توپ-توپ مايمۇنلار پەيدا بولدى. ئۇلار جەننەتكە ئوخشاش بۇ جايغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېۋىلىك دەرەخلەرگە چىقىپ مېۋىلەرنىڭ خام ۋە پىشقانلىرىنى خالىغانچە ئۈزۈپ يەيتتى. خوتۇن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقايلى دەپ قالدى. ئۇ بىر مېۋىسىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياپراقلارنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسى قورقۇنچتىن غال-غال تىترەيتتى. شۇ ئەسنادا شەكلى قويغا ئوخشايدىغان مايمۇنلار شاھى دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ ياپراقلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ئايالنى كۆرۈپ قالدى ۋە خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ-چىرقىراشقا باشلىدى. مايمۇنلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەم بولدى. مايمۇنلار پادىشاھى ئىككى مايمۇنغا بۇيرۇپ ئۇ خوتۇننى ئالدىغا ھازىر قىلدۇردى. ئۇ مەلئۇن مايمۇن دەرھال خوتۇننى بويىندىن تۇتۇپ قۇچىقىغا تارتىپ يۈزىدىن سۆيۈپ، ئىشقۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھادىسىدىن خوتۇننىڭ پۈتۈن ئەزاسى قورۇپ ھەرىكەتتىن قالدى. مايمۇن خوتۇننىڭ مەيۈس ۋە پەرىشانلىقىنى كۆرۈپ خوتۇننى ئېلىپ ئورمانلىقتىن ئۆزىنىڭ ئۆيى تۇرالغۇسىغا ئېلىپ باردى. باشقا مايمۇنلارغا ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشىغا رۇخسەت بەردى. مايمۇنلار پادىشاھى ئورمانلىقنى خىلۋەت قىلىپ بىچارە خوتۇندىن كامى دىل ھاسىل قىلدى. كەچلىكى مېۋىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىپ، ئۇنىڭ دىلدارلىقىغا دىلدارلىق قوشتى. بىر نەچچە خىل گىياھنى سۇغا ئېزىپ جاراھىتىگە سۈردى. خوتۇننىڭ جاراھەتلىرى ساقايغان بولسىمۇ يورۇق دۇنيا ئۇنىڭغا زىندان بولغانىدى.

ئەلقىسسە، مايمۇن خوتۇنغا قاراشنى بىردەممۇ بوشاتتۇرۇپ قويمايتتى. ئاي-كۈنلەر ئۆتۈپ ۋاقتى قەرەلى توشقان چاغدا خوتۇن سۈرىتى مايمۇنغا ئوخشايدىغان، بىراق ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەيدىغان ئىككى بالا تۇغدى. بۇ چاغدا مايمۇن خوتۇندىن خاتىرجەم بولدى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ئۆزى تىرىكچىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كەتتى. بەزى ۋاقىتتا خوتۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆھبەت قىلاتتى. خوتۇنمۇ ئورۇنلۇق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، كۈلكە-چاقچاقلارنى ۋايىغا يەتكۈزەتتى. بىراق سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى دۇنياسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم بۇ خەتەردىن خالاس بولۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرەتتى. ۋاقت ئۆتتۈۋەردى، مايمۇن خوتۇندىن گۇمانلانغۇدەك ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە بولمىغۇر قىلىقلارنى كۆرمىدى.

مايمۇننىڭ خوتۇندىن كۆڭلى تىنىپ
ئۆزى يالغۇز يىراق جايلارغا كېتىدىغان
بولۇپ قالدى. خوتۇنى ۋە بالىلىرى مى-
كىن هالدا يالغۇز قالاتتى.

خوتۇن مايمۇننىڭ يوقلۇق پۇرسىتىدىن
غەنىمەت بىلىپ نىجات يولىنى ئىزدەپ
هەر تەرەپلەرگە ماڭدى. ئاخىرى ماڭا-
ماڭا بىر ئۇلۇغ دەريانىڭ قىرغىقىغا يېتىپ
كەلدى. خوتۇن بۇ جاينىڭ ئالامەتلىرىدىن
كېمە ئۆتىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدى.
ئۇ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ئۆزىنىڭ
تۇرالغۇ جايىغا قايتىپ كەلدى. بەزى-بە-
زىدە دەريانىڭ قىرغىقىغا بېرىپ كېمىنىڭ
كەلگەن كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ
تۇراتتى. تەڭرى تائاللانىڭ ئۆزىدەك ئاز-
غان كەم ئەقىل كىشىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىغا
ئىنتىزار ۋە ئۇمىدۋار ئىدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاڭ يورۇپ
ئۇمىد نۇرى كۆتۈرۈلگەن سەھەر ۋاقتى
ئىدى. خوتۇن دەريانىڭ ياقىسىغا كېلىپ
ئۇزاقتىن كېلىۋاتقان بىر كېمىنى كۆردى.
ئۇ كېمە بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ
تۆمۈر قوزۇقتىن زەنجىرنى يېشىپ توختاش
ئورنىدىن قوزغىلىش هالىتىدە تۇراتتى.
كېمە كۈچلۈك شامالنىڭ ھىممىتى بىلەنلا
سىلۇ يېرىپ تېز ماڭالايتتى. خوتۇن بىچا-
رە ئەهۋالدا ئارانلا كېمە بار يەرگە يەت-
تى ۋە:

— ئەي تەڭرىنى دوست تۇتقۇچىلار،
مەن بولسام تۇرمۇشتىن زەربە يېگەن،
پەلەك چەۋگانىدىن پايىپېتەك بولغان،
بەخت-تەلەي يۇلتۇزى ئۆچۈپ، دەرت-
ئەلەملەرگە يولۇققان، بۇ قان ئىچكۈچى
جەزىرىدە مايمۇنلار قولىغا گىرىپتار بولغان
بىر ئاجىز زەئىپمەن. تەڭرى تائاللانىڭ
رەھمىتى ئۈچۈن مېنىڭ هالى زارىمغا
رەهىم قىلىپ، بۇ بىچارىلىق ۋە بالايى-
ئاپەتتىن نىجاتلىق بېرىپ، رەهىم قىلساڭ-
لار، — دەپ يالۋۇرۇپ پەرياد قىلدى.

بۇ كىشىلەر خوتۇننىڭ گەپلىرىگە
پەرۋا قىلماي:

— بىز تىجارەتچىلەرمىز، مال-بىسا-
تىمىز كۆپتۇر. ئەگەر ساڭا ياردەم بەرسەك،
بىز جاهانگەشتىلەرگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
دەرىجىدە كۆپ زىيان بولىدۇ. بىر خوتۇن-
نىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن بارلىق كىشىلەرنى
بالادا قويۇشنى ئەقىل راۋان كۆرمەيدۇ، —
دېدى. خوتۇن ئامالسىز بېشىنى تۇپراققا
قويۇپ:

— هەي، بەختلىك كىشىلەر، هازىر
مايمۇنلار مېنىڭ كەلگىنىمدىن بىخەۋەردۇر.
تەڭرى تائاللانىڭ هەققىدە مەن زەئىپ
بىچارە ۋە ئاۋارىنى نائۇمىد قىلماڭلار.
چۈنكى ئۇنىڭدا پايدا ھەم بەرىكەتلىك
مال باردۇر، ئۇنى قولدىن بەرمەڭلار يەنى
هېچقانداق پادىشاهنىڭ خەزىنىسىدە يوق
قىممەت باهالىق بۇ زۇمرەتنى سىلەرگە
هەدىيە قىلىمەن، — دېدى، جاهانگەشتىلەر
دەرهال كۆكرىكىگە ئۇرۇپ:

— بىر تاشنىڭ تاماسى بىلەن بىر
مەملىكەتنىڭ خىراجىتىدىن ئارتۇقراق
مال-دۇنيانى بۇلاڭ-تالاڭغا قويۇپ قويۇش
تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر، — دېدى. خوتۇن
شۇنچە زارلىنىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ جا-
هانگەشتى كىشىلەر مايمۇنلارنىڭ ۋەهىمى-
سىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل
قىلمىدى. خوتۇن قانداق قىلىپ ئۇلارنى
ماقۇل كەلتۈرۈشكە هەيران بولدى. سودى-
گەرلەر باشلىقىنىڭ بىچارە سەرگەردان
خوتۇنغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ

پەرىشان ھالغا رەھمى كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن قىممەت بالىق زۇمرەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھېرىسى كۆڭلىگە چۈشۈپ:

— ئەي بىچارە مەزلۇم، بۇ ۋاقىتتا ساڭا ياردەم ۋە ئېھسان كېرەكتۇر، بىراق تەڭداشسىز تەڭرى تائاللانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ساڭا نەزەر كۆزۈمنى سېلىۋاتىمەن. ئەمدى تېزلىك بىلەن زۇمرەتنىڭ مېھرىدىن، كېچىپ كېمىگە كىرىپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇرغىن، — دېدى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، غايەت زور شادىمانلىقتىن زەپىرەڭ چېھرى ئانار رەڭگىدە بولۇپ، كۆڭلىنىڭ غۇنچىسى شادلىقتىن ئېچىلدى. زۇمرەتنى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوراپ، يوشۇرۇۋالغاندى، ئۇنى چىقىرىپ سودىگەرلەر باشلىقىغا بەردى. بارلىق مۇلازىملار سودىگەرلەر باشلىقىغا باش قويدى. ئۇ زۇمرەت قۇياشنىڭ يورۇقىدا خۇددى زەررىدىگە ئوخشاش كۆزنى چاقنىتىپ نۇر چاچاتتى. جاھانگەشتىلەر جىددىيلىشىپ ئۇسسۇلچىلاردەك تەۋرەپ كەت-



تى. سودىگەرلەر باشلىقى زۇمرەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇ ئايالنى كېمىگە كىرىشتىن توسۇپ ئۇنى مەنئى قىلدى. بۇ ھادىسىدىن ئۇ بىچارە خوتۇننىڭ كۆڭلىگە غەم ئوتى چۈشۈپ مۇسىبەتزادىلاردەك بېشىغا توپراقلارنى چېچىپ، ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن قۇشلاردەك كۆزلىرىدىن قان-ياشلىرىنى ئېقىتىپ:

— ھەي مەرت كىشىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ مەندەك بىچارە مىسكىننىڭ ئازابلىرىدەك ئازابىقا قېلىشىڭلارنى ھەقىقەتەن راۋا كۆرمەيسىلەر، ئەمما تاڭلا قىيامەت تەڭرى تائاللانىڭ ئالدىغا بارغاندا سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىن داد-شىكايەت ئېيتىشىمدىن قورقمامسىلەر؟! — دېدى. سودىگەرلەر، باشلىقى بۇ سۆزدىن ئەجەبلەندى ۋە تەسىرلەندى. بۇ بىچارىنى ئاخىرى كېمىگە كىرگۈزدى. بىچارە خوتۇن بالايىئاپەتتىن خاتىرجەم جايغا ئورۇنلاشتى. جاھانگەشتىلەر كېمىنىڭ زەنجىرلىك ئارغامچىسىنى كۆتۈرۈپ

يولغا چەقتى.
بۇ ۋاقتتا مايمۇنلارنىڭ پادشاھى
پەرزەنتنى كۆتۈرۈپ قاتتىق تاقەتسىزل-
نىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ تۇردى.
بىرەر سائەتتىن كېيىن لەشكەرلىرى ئىزدىن
يېتىپ توپ - توپ بولۇپ يېتىپ كېلىش-
تى، جاھانگەشتىلەر بۇنچىۋالا مايمۇنلارنى
كۆرۈپ، يۈرەكسىزلىكىدىن ئۆز ئىختىيارى
قولدىن كېتىپ يۈزلىرىدە رەڭ قالمىدى.
مايمۇنلار كېمىدىكى كىشىلەرگە ئۆز ئارا
ياردەمدە تۇرۇپ قارشى تۇرۇش ئۈچۈن
كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ
بولمىغۇر ھەرىكەتلىرىدىن ئالەم ئۈگتەي-
توگتەي بولدى. خوتۇن بۇ ئەھۋاللارنى
ئېنىق كۆرۈپ، «مۇبادا مېنى كېمىدىن
چىقىرىۋەتسە يەنە مايمۇننىڭ ئىپلاس قو-
لىغا چۈشىمەن» دەپ بېشىدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى ئويلىدى ھەم:
— ئەي مەرت كىشىلەر، بۇنچىۋالا
غەمكىن، يۈرەكسىز بولماڭلار، بۇ ئىشلار
ياخشى ئەمەستۇر، مايمۇنلاردىن سىلەرگە
زىيان - زەخمەت يېتىشى مۇمكىن ئەمەس.
چۈنكى مايمۇنلار سىلەردىن بەكمۇ قورقى-
دۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇدىن ھۈركۈپ كې-
رەلمەيدۇ، — دېدى. جاھانگەشتىلەر بۇ سۆز-
لەرنى ئاڭلاپ خېلى خاتىرجەم بولۇشتى.
كېمىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەشكە
باشلىدى. ئوڭ كەلگەن شامالنىڭ خاسىيى-
تى بىلەن كېمىنى مەقسەتكە يەتكۈزدى.
مايمۇن جاھانگەشتىلەرگە يېتىشەلمەيدىغان-
لىقىغا كۆزى يەتكەنلىكى ئۈچۈن دەريانىڭ
ياقىسىغا كېلىپ، خوتۇننىڭ قارشىسىدا تۇ-
رۇپ ئاجايىپ ھەرىكەتلەر بىلەن تىرىشىپ
ئىما - ئىشارەت بىلەن پەرزەنتنى كۆرسى-
تىپ تۇرۇپ ھاجىتىنى ئىزھار قىلدى:
— بۇ نارەسىدىلەرگە رەھىم قىلغىن،
چۈنكى بۇلار سېنىڭ پەرزەنتىڭدۇر، بىز-
لەر سەنسىز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز، —
دەپ ئىلتىجا قىلدى. كېمە مايمۇننىڭ
نەزەرىدىن غايىپ بولغان ۋاقىتتا خوتۇن
بۇ ئەندىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ تەڭرى
تائاللاغا شۈكرى - سانالارنى ۋايىغا يەت-
كۈزدى. سېھرىگەرنىڭ ھۈنىرى بولسا
ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان نىل رەڭ
پەردىدىن ھەر خىل سېھرىلەرنى كۆرسى-
تىشتۇر. ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇياش نۇرى
غەرب تەرەپكە يوشۇرۇنغان ۋاقىتتا، تەڭرى
غەزىپىنىڭ تەتۈر شامىلى كېلىپ، ئۇلارنىڭ
ئەنە ئىچ تىزگىنلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ،
ئۈچ سائەت ئىچىدە ئىككى ئايلىق يىراق-
لىقتىكى باشقا بىر جايغا تاشلاپ، قاينام
بالاسىغا گىرىپتار قىلدى. جاھانگەشتىلەر
قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، تەڭرى-
نىڭ دەرگاھىغا كۆپ دۇئا قىلدى.
ئىجابەت بولمىغانلىقتىن ھېچبىر ئۈنۈمى
كۆرۈلمىدى ۋە قازا يولى ئۆزگەرمىدى.
تۇيۇقسىز گوياكى تاغ چوققىسىغا ئوخشاي-
دىغان بىر بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقى-
رىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان
ئارىلىقتا كېمىگە يېتىشىپ كەلدى. تەڭرى
تائاللانىڭ ھۆكمى بىلەن ناھايىتى چوڭ
ۋە مۇستەھكەم بولغان كېمىنى قۇيرۇقى
بىلەن بىرلا ئۇرۇپ مەي جامىغا ئوخشاش
كۇككۇم تالقان قىلىۋەتتى. ھەممىسىنىڭ
ھايات شىشىسى تاشقا تېگىپ، سۇ يولى
ئارقىلىق يوقلۇق تۇپرىقىغا سەپەر قىلدى.
ئۇ بەخت يۇلتۇزى قارا خوتۇن بولسا بىر
پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قالدى. ئۇ پار-
چە تاختاي شامالنىڭ ياردىمى بىلەن
ئۇ قان ئىچكۈچى چوڭقۇرلۇقتىن چىقىپ،

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز خۇددى ئوقيا ئوقـ
دەك تېز ماڭدى. تۆتىنچى كۈنى قۇياش
كۆپكۆك دېڭىزنى قىزغۇچ نۇرى بىلەن
پۈركىدى. پارچە تاختاي سۇنىڭ يۈزىدە
تەڭرى تائاللانىڭ ھۆكمى بىلەن بىر كېچە ـ
كۈندۈز تۇردى. خۇددى مىڭ دانە توخـ
تىتىش تېشىنى ئورنىتىپ قويغاندەك جايىـ
دىن ئەسلا قوزغالمىدى. ئەتىسى سۇبھى
ئاپئاق نۇرىنى چېچىپ تاڭ يورۇدى.
پارچە تاختاي دەرھال يۈرۈپ كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا نىجات
ساھىلىگە چىقىپ ئورۇنلاشتى. ئايال جانغا
خەتەر كەلتۈرىدىغان بارلىق قورقۇنچلۇق
ھادىسىلەرنى بىر ـ بىر خاتىرىگە ئالاتتى.
ئۇ ئۆزىنى ساھىلدا كۆرۈپ، ئىككىنچى
قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر
قىلدى ۋە بىرەر سائەتتىن كېيىن پارچە
تاختاي توپراقنىڭ ئۈستىدە توختىدى.
ئاجىز ئايال تىلىدا تەڭرى تائاللاغا كۆپ
شۈكرى سانالار ئوقۇدى. ئۇ بىر ھازا دەم
ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى رۇسلاپ، بىرەر ئاۋات
زېمىنىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشـ
چانلىقى بىلەن يولغا راۋان بولدى. ھەر
قانچە يول يۈرۈپمۇ جان ئالغۇچى سەھرا
ۋە باياۋاندىن چىقالمىدى. بىرەر بازار
ياكى مەھەللە كۆرمىدى. پۈتۈن بەدىنى
ماغدۇرسىزلاندى. ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى
سۈيى ناھايىتى ساپ ۋە تاتلىق بولغان
بىر دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ
دەريانىڭ قىرغىقىدا ھەر خىل مېۋىلىك
دەرەخلەر بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ سايىسى
ۋە سۇنىڭ نەم ھاۋاسى، كۆكلەمزارلىقتىكى
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر ئادەم روھىنى
جانلاندۇراتتى، ئايال بىرەر سائەت ھاردۇ-
قىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، تەبىئەتتىن

ھوزۇرلىنىپ يەنە بىر تەرەپكە قاراپ ماڭـ
دى ۋە ئىچىدە «بۇ سەھرا دەشتتە يەنە
بىر پىتنە بولۇشى مۇمكىن» دەيتتى. تۇيـ
ۇقسىز دەرەخلەر ئارىسىدىن بىر توپ كىـ
شىلەرنىڭ بېشىنى چىقارغانلىقىنى كۆردى.
بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭۈل غۇنچىسى
ئۈمىدتىن ئېچىلىپ ئىشەنچ بىلەن ئۇلار
تەرەپكە يۈزلەندى. يېقىنراق بېرىپ قـ
ارىق نەپەر ئەر ـ ئايالنىڭ قىپيالىڭاچ ھالدا
ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋا ئانىدەك
دەرەخ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرىتىنى يېپىپ
تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار كۆڭۈل كۆز-
لىرىنى تەڭرى تائاللانىڭ جامالىغا قارىتىپ،
غۇنچىدەك لەۋلىرىدە ئۇنىڭ ھەق ھۆرمىتى
ئۈچۈن ئۆزىنى قېتىپ زىكرىغا مەشغۇل
ئىدى. خوتۇن بولسا قورسىقى ئېچىپ
ھالدىن كەتكەنىدى. ئۇ بۇ كىشىلەرنى
يىراقتىن كۆرۈپ خۇشال بولغانىدى،
يېقىن كەلگەندىن كېيىن مەيۇس بولدى.
بۇ ئەھۋالنى سەزگەن ھېلىقى ئادەملەر
كۆزلىرى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ
باشقا تەرەپكە يول كۆرسەتتى. خوتۇن
ئۇ ھىدايەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن
بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىگە بېرىپ، ئۇزۇن
يۈرگەندىن كېيىن غايەت چوڭ دەرەخلەر-
نى ۋە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىنى كۆر-
دى. بۇلاقنىڭ ياقىسىدا قومۇشتىن ياسالغان
بىر كەپە تۇراتتى. خوتۇن كەپىگە كىرىپ
ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بىر قازاننى
ۋە ئوچاقتا يېنىپ تۇرغان ئوتنى كۆردى.
ئۆيىنىڭ ئىگىسى يوق ئىدى. خوتۇن ناھا-
يىتى خۇشال بولۇپ قازاننىڭ تۈۋىقىنى
كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدە قايناپ تۇرغان
دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى كۆردى، خوتۇن
مەيۇس بولۇپ كەيىدىن چىقتى ۋە بىر

دەرەخنىڭ ئاستىغا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئاللاھازەل بىرەر سائەتتىن كېيىن بۇ يەرگە چىرايى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، يۈزى ئايدەك بىر كىشى كەلدى. دېڭىزدا يەككە يېگانە ئۈزگۈچى بۇ غەۋۋاسنىڭ ئىچكى دۇنياسى خوتۇنغا مەلۇم بولۇپ پۈتۈن ئەزاسى لەرزىگە كىردى. خوتۇن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاچلىقى ئەسلا ئېسىگە كەلمىدى. بۇ دىلى پاك، كۆڭلى يورۇق كىشى ئايالنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر بايان قىلدى ۋە قولىنى ئايالنىڭ بېشىغا قويۇپ:

— ھەي خوتۇن، كۆزۈڭنى يۇمغىن، — دېدى. خوتۇن دەرھال كۆزىنى يۇمدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئۇ دۇنيانىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان قىزىقچىلىرى بىلەن ھەر خىل ھادىسىلەردىن نىجات تېپىپ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە كۆردى.

نۇرغۇن پېشكەللىكلەر ۋە بالايىئاپەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئالدامچىلىق بالاسى ۋە ئاپەتلەرنىڭ قويىندىن سالامەت چىقىپ، تىنچ — خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئەگەر سودىگەرنىڭ قىزى يىگىتنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى سىناپ كۆرۈپ، نەسەب ئەھۋالىنى بىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا مەنسۇپ قىلغان بولسا، بۇنداق ھادىسىلەر يۈز بەرمەس ئىدى، — دەپ تۇتى ھېكايىسىنى تۈگەتتى، ھەم — ئەي شاھزادە، دۈشمەنلىكى ئاجىز بىلمىگەيسەن. مەلىكزادە كەبىلاندەك خار-زارلىقتا دۇنيادا داغدار بولمىغايسەن، — دېدى.

شاھزادە [illegible]

— بۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سورىدى.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

قەدىمكى زامانلاردا كەيلان بىر ئاۋات زېمىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭغا يېقىن بىر ئورمانلىقتا بىر چاشقان پادىشاھلىق تەختىدە سەلتەنەت بىلەن ئولتۇرۇپ، تۈلكىنى ئۆزىگە ئىشەنچلىك ئەمىر قىلغانىدى. ئەمىر ئۆز خىزمىتىدە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورمانلىقنىڭ ئالدىدىن بىر توپ كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قاتار كېتىپ بارغان تۆگىلەردىن بىرسى كېسەل ۋە مەجرۇھ بولغاچقا سودىگەرلەر تۆگىنى ئورمانلىقتا يالغۇز قىلىپ تاشلاپ كەتتى. تۆگىچىلەرنىڭ جاپا - ئەندىشىسى تۆگىنىڭ خاتىرىسىدىن يوقالغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئىختىيارىچە ئوتلاقتىن بېدە ۋە ئوت - چۆپلەرنى يەپ، ئاز ۋاقىتتىلا سەمرىپ ساقايدى. تۈلكە تۆگىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىر تۆگە باشقىلارنىڭ رەنج كۈلپىتىدىن خالاس بولۇپ سىزنىڭ زېمىنىڭىزگە ئورۇنلىشىپتۇ. چەكسىز كەتكەن كۆكلەمزاردا ئوت - چۆپ ۋە مېۋىلەرنى سىلىدىن رۇخسەتسىز خاتىرجەم ھالدا يەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق يۈرۈشى خاتىرجەملىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ھايۋانلار بۇ تەرىقىدە بىر مۇددەت ياشىسا ئازلا پۇرسەتتە ئۇلاردا ئەركىنلىك پەيدا بولۇپ، بىخۇدلۇق، قاششاقلىق، چوڭچىلىق ھەم تەكەببۇرلۇق پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنى چوڭ بىلىپ، قولىنى پادىشاھ مۈلكىگە ئۇزىتىپ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن سۆز ئېچىش بىر كۈلكىلىك گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئالىيلىرى، ئەڭ ياخشىسى

پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى
يەرگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن
ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلغايلا، ئەگە توگەر ئۆز
بەختىنىڭ ھىدايىتى بىلەن
ھۆكۈمگە بويسۇنۇپ ۋە
ئىتائەت قىلىپ باش قويسا،
سىزمۇ ھەم چىن كۆڭۈل-
دىن مەرھەمەت قىلىڭ،
ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ چى-
داملىق ۋە قۇرۇق غورۇ-
رىغا ھەمدە بەستىنىڭ
چوڭلۇقىغا تەمەننا قىلىپ،
يوللاردا غادىيىپ يۈرسە،
ئۇ چاغدا ئۇ ھەرگىز ئەركىنلىكنى
تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ بېشى نۇرغۇن ئەندىشى-
لەرگە سەۋەب بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن
تەدرىجىي ھالدا تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ
ۋۇجۇد ھۇلىدىن توشۇك ئېچىش لازىمدۇر،
بۇ ئارقىلىق دۇنيا ئەھلىگە «ئۇلۇغلارنىڭ
ھۆكۈمىگە مۇخالىپ بولماق، ناپەرمانلىق
يولىغا قەدەم قويماق، ئۆزىنى ھالاكەتكە
باشلاشتۇر،» دېگەن سۆزنى ئېنىق جاكار-
لايلى، — دېدى. پادىشاھتا ۋەزىرنىڭ
تەدبىرى خۇش كېلىپ، توگىنى ئۆز
ھۇزۇرىغا ئەپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.
تۈلكە بۇ ئىشقا كېپىل بولۇپ، توگىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، ھىيلە - مىكىر ۋە ئەپسۇن-
نەيرەڭلەر بىلەن ئۇنى پادىشاھنىڭ
خىزمىتىگە كەلتۈردى، توگە ئۇرمان پادى-
شاھنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر چاشقان ئىكەن-
لىكىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەلگىنىدىن
پۇشايمان قىلدى. چاشقان ئۇنىڭ نەزەرىدە

تولىمۇ بېچارە ۋە ئاجىز كۆرۈندى. توگە
دەرھال قەددىنى رۇسلاپ ئۆزى كەلگەن
يول بىلەن قايتىپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل



بولدى. پادىشاھ بۇ ئىشتىن بەك ئوسال
بولۇپ ۋەزىرگە:
— ھەي ئاق كۆڭۈل ۋەزىر، گەرچە
سېنىڭ سۆزلىرىڭ ياخشى نىيەتتە ئېيتىل-
غان، ئۇرۇنۇشلىرىڭ دۆلەت مەنپەئىتى
ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، بىراق دۇرۇست
بولمىغان قانۇن ئەمەللىرى سەندىن سادىر
بولدى. چۈنكى سىيگەك توگىنىڭ كۆزىدە
بىزنىڭ مىزان تەركىبلىرىمىز ئاجىز
كۆرۈندى. كۆڭلى تۈيغۇن مەنەشۇناسلار
بىزنىڭ گۆھەرىمىزنى چوڭ دەپ سۈرەت-
لىشىدۇ. ئەمما بۇ سۈرەتنىڭ يۈزىنى
كۆرگۈچىلەر بولسا تولىمۇ بىمەنە تۇيۇ-
لىدۇ. ئۇ كىبىرلىك توگىنى ھوزۇرىمىزغا
كەلتۈرمەسلىك كېرەك ئىدى. ئۇنى چاقى-
رىپ ھۇزۇرىمىزغا كەلتۈرۈش بىزگە
ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىش
ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا توگە ھۇزۇرىمىزغا
كەلمەستىن بۇرۇن بىزدىن خېلى ئەيمى-
نەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچى
توگىدى. بېشىدا چوڭچىلىق غورۇرى
پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ماختانچاقلىقىغا

سەرمايە ھاسىل بولۇپ، پىتنە - پاسات
ئىشىكى ئېچىلدى، ئەمدى ئۇ ھەر تەرەپتىن
مەملىكىتىمىزگە ھەر خىل تەمەدا كېلى-
دۇ، — دېدى. تۈلكە:

— ھەي پادىشاھ، بۇ ئىشلاردىن
خاتىرجەم بولۇپ، كۆڭلۈڭىزدىن ۋەھىمىگە
ئورۇن بەرمىگىن، گەرچە بۇ ھايۋان
ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈكتۇر، لېكىن ئىچكى
دۇنياسىنىڭ يامانلىقىدىن بويىنىدا ئەگرى-
لىك باردۇر، ئۇ ئۇزۇنتۇرا ئەخمەقلىق
تۈپەيلى ئەقلىنىڭ ئوزۇقىدىن نېسىۋىسىزدۇر.
ئەگەر ئۇنى كىچىككىنە شوينا بىلەن
باغلاپ، ھەر تەرەپكە تارتسا مېڭىۋېرىدۇ.
دېمەك بۇ كۆڭلى زەئىپ ھايۋاندۇر.
ئىنشائاللا، ئازراق پۇرسەتتە ئۇنى پادى-
شاھىنىڭ پەرمانىغا كىرگۈزىمەن ۋە
بەندىلەرنىڭ قاتارىدا ئەدەب بىلەن
تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، تۆگە ئۇ يايلاقتا ناھا-
يىتى خۇشال ۋە ئەيش - ئىشرەت بىلەن
يۈرەتتى. تۈلكە بولسا ھەمىشە تاناپ-
لىرىنى ئۇنىڭ يوللىرىغا ئۇزىتىپ پايلاپ
يۈرەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بويىنىنى
ئۇزىتىپ ئېگىز دەرەخنىڭ شېخىدىن
ياپراقلارنى ئېلىپ يەۋاتاتتى، تويۇقسىز
بويىنى شاخقا قىسىلىپ قېلىپ، ئۆزىنى
ھەرگىز ئاجرىتالمىدى. تۆگە ناھايىتى
بىقارار بولۇپ ئاجىزلىقتىن نەرە تارتىپ
يىغان چېكەتتى. تۈلكە تۆگىنىڭ ئەھۋالى-
دىن خەۋەردار بولۇپ دەرھال چاشقاننىڭ
ئالدىغا كېلىپ خەۋەر بەردى. چاشقان
شاھلىق تەختىدىن تۇرۇپ، ئالدىرىماي
كېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا چىقتى ۋە
تۆگىنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا

تاپا - تەنىلەر بىلەن:

— ھەي تۆگە، ھازىر سېنىڭ خىل-
لانىغان، پاكىز نېمەتلەرنى يېيىش
ۋاقتىڭدۇر، — دېدى. تۈلكە بىر تەرەپتىن
زاڭلىق قىلىپ:

— ھەي نادان بىلىۋاتامسەن، بۇ
مېھنەتلەر سېنىڭ پادىشاھىڭ پەرمانىغا
بويسۇنمىغانلىقىڭنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر
غادايغان بېشىڭنى پادىشاھىڭ بوسۇغى-
سىغا ئىتائەت بىلەن قويغان بولساڭ،
ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ھىمايىتىگە ئېرىشتۈرگەن
بولاتتىڭ، بۈگۈنكى كۈندە ئاجىز بىچارى-
لىك بىلەن دامىغا گىرىپتار بولۇپ ئەلەمگە
ئۇچرىماس ئىدىڭ، ئەمدى ئۆلمەكتىن
باشقا چارەڭ يوقتۇر، — دېدى. تۆگە
كۆڭلى پەرىشانلىقتىن ۋە ئاجىزلىقتىن
سۆز باشلاپ:

— گەرچە مەندىن ناھايىتى چوڭ
گۇناھلار سادىر بولغان بولسىمۇ، ساپ
نىيەت بىلەن بېشىمنى پادىشاھىڭ ئاس-
تانىسىگە قويۇپ، ۋەزىرىنىڭ ساخاۋىتىدىن
پاناھ ئىزدىسەم، مېنىڭ گۇناھ، خاتالى-
رىمنى ئەپۇ ئېتىكى بىلەن يېپىپ، بۇ
جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتقۇزۇپ، مېنى
نەجاتلىققا ئېرىشتۈرسە، چوقۇمكى بۇ
گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتتىن يىراق
ئەمەستۇر، — دېدى. چاشقان تۆگىنىڭ
ئىلتىماسىنى ئىجابەت شەرىپىگە يەتكۈزۈپ،
شاخلارنى چىشى بىلەن قىرقىپ تاشلاپ،
تۆگىنىڭ دەرەخ شېخىغا ئېسىلىپ قالغان
بويىنىنى بەندىتىن خالاس قىلدى. ئۇزۇن
گەردەن تۆگە مىننەتدارلىقلار بىلدۈرۈپ
ئۇ ئۇزۇن قۇيرۇق جۇغى كىچىك — يەنى
چاشقاننىڭ ھۆكمىگە كىرىپ بەندىلىككە
باش قويدى. چاشقان غايەت خۇشاللىق-

تىن تېرىسىگە سىغمايتتى. چاشقان پادىشاھ تۈلكىگە: «كۈندۈزلىرى خاتىرجەملىك بىلەن سەھرالاردا سەيلى-تاماشا قىلىپ، ئاخشىمى خىزمىتىمگە ھازىر بولسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

نەچچە كۈن بۇ تەرىقىدە ئۆتتى، قازارا بىر كۈنى مەلىكزادە كەيلاننىڭ ئوتۇنچىلىرى ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار بىر مەست تۈلكىنىڭ سەھرالاردا ئۆز ئىختىيارىدا سەيلى-تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇتۇپ كېلىپ مەلىكزادىنىڭ تۈلكىلىرى قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋالدۇ. تۈلكە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ بولغان ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى چاشقانغا مەلۇم قىلدى. پالۋانلىق مەيدانىدا تۇرغان چاشقاننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى. بىر كۈنى ئوتۇنچىلارنىڭ سەھرادا قاتار كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۈلكە بىلەن چاشقان ئىككىسى ئۇلارنىڭ يولىنى توساپ، پەرياد قىلىپ:

— سىلەر بېرىپ مەلىكزادىگە ئېيتىڭلار، دۈشمەنلەشىشتىن ئىبارەت بۇ ساۋابسىز ئىشتىن قايتىپ، تۈلكىمىزنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا ئىنتىقام ئالمىغۇچە قويمايمىز، تەييارلىق بىلەن تۇرسۇنكى، ھەرگىز بۇ ئىشتا يول قويمايمىز، — دېدى. ئوتۇنچىلار چاشقاننىڭ بۇ سىياسىتىدىن تەئەججۈپلىنىپ مەلىكزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلدى. مەلىكزادە كەيلان چاشقاننىڭ سۆزىگە ئەسلا ئىلتىپات قىلماي، بۇ ئىشلارنىڭ قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىغا مۇلازىملارنى ئىشەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردى. بۇ خەۋەر چاشقانغا يېتىپ باردى.

چاشقان تۈلكىگە مەسلىھەت قىلىپ:

— مۇلۇكدارلىق قائىدىسىدە بۇ ئىش ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدۇ. بىراق ھەقىقەت بىز تەرەپتە بولغاچقا بۇنى بۇنداق تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. سەركەردىلىرىمىزنى چاقىرىپ بارلىق ئەھۋاللارنى ئۇلارغا تولۇقى بىلەن ئېيتىپ، قورال-ياراقلارنى جابدۇپ يولغا چىقىش كېرەك، — دېدى. تۈلكىمۇ چاشقاننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ بۇ ئىشقا تۇتۇندى، چاشقان ۋەزىر ئارقىلىق سەركەردىلەرگە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ھېسابچىلار ھېسابىغا ئاجىز كېلىدىغان سان-ساناقسىز لەشكەرلەر پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىدى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن دەشت-سەھرا چاشقانغا تولدى. چاشقان پادىشاھ: «مەلىكزادىنىڭ خەزىنە بايلىقلىرىغا قارىتىپ لەخمە قېزىپ ھەممىنى ئېلىپ چىقىڭلار» دەپ ئەمىر قىلدى. مەلىكزادىنىڭ خەزىنىسىدە قۇرۇق ساندۇقتىن ئۆزگە ھېچنېمە قالمىدى، خەزىنىدار بۇ ۋەقەدىن ئەسلا خەۋەردار بولمىدى. تامام بايلىقلارنى چاشقان پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە جەم قىلدى، بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن چاشقان پادىشاھى: «ئادەم بالىلىرى ئىچىدىن زېرەك، دانىشمەن، ئەقىللىق بىر كىشىنى تېپىپ كېلىپ بۇ مۇھىم ئىشنى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرايلى. شۇنداق قىلساق لەشكەر توپلاشقا پايدىلىق» دەپ ئەمىر قىلدى.

پەلەك ئۇرغان بىر يىگىت بايلىق ئىزدەپ ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ غېرىپ-مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز توپ-توپ چاشقانلار-

ىنىڭ ئالتۇنلارنى خالتىغا سېلىپ ئاغزىدا چىشلەپ ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. يىگىت بولسا ئالتۇننىڭ ھەلەكچىلىكىدە سەرگەردان يۈرەتتى. بىر چاشقان ئۇنىڭ مەقسىتىدىن ۋاقىپ بولۇپ:

— ھەي يىگىت، بىھۇدە ھەسرەت چەكمىگىن. ئەگەر مەقسىتىڭ ئالتۇن بولسا، بېرىپ پادىشاھىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلغىن، دۇنياغا موھتاج بولمايسەن، — دېدى. ئۇ يىگىت بۇ گەپنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ دۆلەت بىلىپ، چاشقان بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولدى.

پادىشاھ مەرھەمەت قىلىپ ئۇنى زەرباپلىقلارغا ئىگە قىلىپ مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. قورال-ياراقلارنى جەم قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتمىلەر بەردى. يىگىت بەزى تونۇش-بىلىش يارۇ-بۇرادەرلىرىگە: «بۇ زاماندا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئادەمزاتنىڭ ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. راھەت-پاراغەتنى بولسا چاشقان پادىشاھىغا بېرىپتۇ. بىز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بايلىق ۋە خەزىنىلەرگە ئېرىشتۇق» دەپ خەت يېزىپ تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇلارغا بىلدۈردى. خەتلەر ھەر تەرەپكە ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ باردى. كىشىلەر تۈۋەن ھىممەت، پۇلنىڭ بەندىسى ۋە بايلىقنىڭ قۇلى ئىدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى، ئەتراپتىكى مەملىكەتلەردىن نۇرغۇن لەشكەرلەر جەم بولدى. ئۇلار قورال-ياراقلارنى تەييار قىلىپ چاشقان پادىشاھنىڭ ھۆكمى بىلەن مەلىكزادە كەيلانغا قارشى ئاتلىنىپ، مەيداندا داقا-دۇمباقنى ساداغا كەلتۈردى. مەلىكزادە بولسا قولىقىغا پاختا تىقىپ غەپلەتتە ياتاتتى. ئۇ داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئېچىپ دۆلەت كاتتىلىرى ۋە مەملىكەت چوڭلىرىنى ھۇزۇرىغا يىغىپ، بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈش ھەققىدە كېلىشتۈرمە سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ:

— گەرچە مۇنداق ۋەقەلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشتۇر. چۈنكى چاشقان بىلەن قارىمۇقارشى بولۇش ئاسان ئەمەس ھەم بۇ خەلقىي ئالەم ئارىسىدا نام-شەرەپنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ توغرىدا ياخشىراق ئويلىنىپ مۇۋاپىق تەدبىر بولسا تەكلىپ بەرسەڭلار، — دېدى. دۆلەت كاتتىلىرى:

— ھازىر دۈشمەن قورال-ياراقلىرىنى تەييارلاپ، داقا-دۇمباقلىرىنى چېلىپ جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپتۇ. بىزگە ئۇرۇشماقتىن باشقا چارە يوقتۇر، — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. مەلىكزادە ئالدىراشلىقتا لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا ۋە خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇرۇشقا كېرەكلىك خەزىنىلەردىن سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. خەزىنە ئىشىكى ئېچىلىپ بايلىقلار قاچىلانغان قۇرۇق ساندۇقلارلا قالغانلىقىنى كۆردى. تويۇقسىز ئۇلارنىڭ ئۈمىد يولى توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لەشكەرلىرىگە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلدى. ئاندىن تۇرالغۇ جايىدىن چىقىپ، ئۆز دائىرىسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى.

قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭلىك نۇرى غەرب تەرەپكە يوشۇرۇنغان ۋاقىتتا چاشقان پادىشاھى «لەشكەرلەر بېرىپ قولىدىن كەلگەنلىكى خىزمەتلەرنى قىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. چاشقاننىڭ لەشكەرلىرى چۈمۈلىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار تۆت تەرەپتىن دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىنىڭ تاسمىسىنى، ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى، يانىڭ كىرىچىنى، ساداقنىڭ بېغىنى،

ناغرىسىنىڭ تىرىسىنى ۋە باشقا بارلىق ئەسۋاب سايمانلارنى چىشلىرى بىلەن كېسىپ پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىدى. ئۇلار بىر كېچىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تامام قىلىپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولدى. سۇبھى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن چاشقان پادىشاھى:

— ئادەمزات گۇرۇھى سەپلەرنى راستلاپ، نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن ئۇرۇشقا تەييالىق قىلسۇن، باتۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقى مەلىكزادىگە مەلۇم بولدى. ئۇمۇ باتۇرلارغا جەڭدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئاتلانماقچى بولۇپ قورال ـ ياراقلارغا قارىغان چاغدا قورال ـ لارنىڭ چاشقانلار تەرىپىدىن خاراب قىلىنغانلىقىنى كۆردى. ئامالسىزلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پاراكەندە ۋە دىلىغۇل بولدى. چاشقان پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى دۇشمەننى بۇ ھالدا كۆرۈپ، «بۇ غەلىبە قازىنىشنىڭ ياخشى پەيتى» دەپ ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ھايات رىشتىسىنى تامام قىلدى. ھايات قالغانلىرى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆلە ـ تىرىلىشكە باقماي قېچىشتى، مەلىكزادە خار ۋە بىچارىلىك بىلەن مۇستەھكەم قەلئەگە كىرىپ يوشۇرۇندى، بارلىق ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ۋە كېرەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دۇشمەنگە قالدۇرۇپ ئارانلا ئۆز جېنىنى ئېلىپ قاچتى.

سەھەرنىڭ ئالتۇن شەپىقى پۈتۈن ئالەمنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى يورۇتۇپ تاڭ ئاتتى. مەلىكزادە ئامالسىز ۋە ئاجىزلىق يۈزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ «بىزنىڭ ئاجىز ۋە بىچارىلىكىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ بىزدىن قولىنى تارتسۇن» دەپ ئىلتىماس قىلدى. چاشقان پادىشاھى بېخىل نەپسىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن دۇنيانى مالىماتاڭ قىلىپ ئالغان غەنىمەتلەرنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ غەرىزىمىز مەملىكەت ئىشلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىش ئەمەس ـ تۇر. بەلكى تۆگىنى قولغا كەلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت. ئەگەر مەلىكزادە تۆگىنى بىزگە قايتۇرسىلار بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆز مەلىكىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز، ئەلچى كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. مەلىكزادە بۇ گەپتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تۆگىنىڭ چوم ۋە قوڭغۇراقلىرىنى بېزەپ، چاشقان پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى ھەم چاشقاندىن كەچۈرۈم ئىشىكىنى ئېچىپ ئەپۇ تەقسىراتى ئۈچۈن پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چاشقان پادىشاھى ئۇنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدى. تۆگىنى قەدىمىي قائىدە بويىچە مەلىكزادىنىڭ يۇرتىغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتتى. ئەگەر مەلىكزادە باشتىلا چاشقاننى ئاجىز بىلىپ، ئاداۋەت قىلمىغان بولسا، ئارىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولمىغان بولاتتى. بۇ قەدەر ئۇسال كۈنلەرگە يولۇقمايتتى. ئەگەر بۇ پىتنە ـ پاسات ئوتىنى ئۆچۈرۈشنى خالىغان بولسا، بىر تۆگە بىلەن ئىش پۈتەتتى. ئەگەر دۈشمەننىڭ ئەھۋالىغىمۇ ئازراق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، شۈبھىسىزكى ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولاتتى. مەلىكزادە باشتا دۈشمەننى كۆزگە ئىلماي ئاجىز كۆردى. غەپلەت ۋە تەكەببۇرلۇقتا قەدەم قويۇپ، ئېھتىياتنى قولدىن بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئاقىۋەتكە قالدى، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

— ئەي شاھزادە، خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا سىرلىرىڭىزنىڭ نىقابىنى كۆتەرمىگىن، شۇندىلا سودىگەرنىڭ ئوغلىدەك ئەبەدىلىك مۇسىبەتكە گىرىپتار بولمايسەن، — دېدى تۇتى. شاھزادە:

— سودىگەر يىگىت قانداق ۋەقەلەرگە ئۇچرىغان؟ — دەپ سورىدى.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)




ئەلىشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

## بۇ ھىكايەتنى قۇشلار ئىستىمائ ئېتىپ، مەغز سەرلەرىغە ئەقلۇ ھۇش ۋە كۆڭۈللەرىگە جوشۇ خۇرۇش ئارتقانى

بۇلئەجەب سۆزنى ئىشىتكەچ ئول گورۇھ،
كەلدىلەر بارچە ھەياتىدىن سۇتۇھ،
ئىشىق ئالدى قوللارىدىن ئىختىيار،
شەۋق ئوتىدىن بولدى بارچە بىقەرار.
قەتئ ئېتەرلەر ئىردى يول ئالداغكى بەرق،
غەربدىن بىر ھەمل ئۇلارغە ئىردى شەرق.
بارچە ئۆز سەئيى بىلە تەئجىل ئېتىپ،
ھەر نەفەس بىر خەۋفلۇغ ۋادىي يېتىپ.
بولسە بەئزى ئول قاتىغ يولغە ھەرىف،
بار ئىدى بەئزى داغى زارۇ زەئىف.
ئايرىلۇرلار ئىردى، قالۇرلار ئىدى،
ئۆزنى ھەر مەنزىلدە سالۇرلار ئىدى،
قەۋم ئاراسىداكى سەردار ئولماغاي،
قەۋم ھالىدىن خەبەردار ئولماغاي،
قەۋمنىڭ ھالى پەرىشان بولغۇسى،
بارچە ئۆز ھالىغە ھەيران بولغۇسى.

قوينىكىم سۇ، ئوتقە باشقارماس شۇبان،
ئول سۇرۇكنى ئەيلەگەيل زايىئ گۇمان.
ھەر جامائەتقەكى يوقتۇر پېشەۋا،
يولغە، ئېرمەستۇر قەدەم قويماق رەۋا.
چۇن يول ئىردى ھەم قاتىقۇ ھەم يىراق،
ئول جەمائەت بارچە، ئەيلەپ ئىتتىفاق.
دېدىلەركىم: «بىزگە سەردارى كېرەك،
ئەقل ئايىن ھۇش كىردارى كېرەك.
كىم بارى قۇشلارغە بولغاي ھاكىم ئول،
كىم ئېرۇرمىز بىر زەئىفۇ سەئب يول.
رەھبەرى يوق مۇشكىلىدىن ئاگەھى،
خەيلىغە ھەم راھبەر ھەم ھەمرەھى».
سايىرى قۇشلار لەئىم ئەشراف ھەم،
چەكتىلەر ھۇدھۇدغە بۇ ئىشنى رەقەم.
چۇن ئاڭا بۇ ئىشتا ئۇردىلەر سەلا،
ئەيلەدى تەبئى ھۇكۇمەتدىن ئىبا.
دېدىكىم: «خەيلىغە مەن يول باشقاراي،

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

بىلگەنىمچە، قەۋمنى ئالىپ باراي.
ئۆزگە، تەكلىف ئەتسەڭىز بىل ئىتتىفاق،
بىم ئېرۇر، تۇشكەي ئارامىزدا فىراق».
قىلدادى ھۇدھۇد چۇ بۇ ئىشنى قەبۇل،
ئۆزگەلەر خۇدبار ئىدى جەمئى جەھۇل.
كۆردىلەركىم، باچە ئەبتەر بولدى ئىش،
قۇرئە سالماققە مۇقەررەر بولدى ئىش.
قۇرئە سالىپ ھەر بىرىنىڭ زاتىغە،
تۇشتى ئول دەم قۇرئە ھۇدھۇد ئاتىغە.
ئاڭا ئۇزر ئايتۇر فەسانە قالمادى.
يوق دېمەكلىككە بەھانە قالمادى.
چۇن ئاڭا كۆپ ئېردى بارىدىن بىلىك،
بەيئەتىغە بەردىلەر بارچە ئىلىك.
پېشەۋالىغ ئەيلەگەچ ھۇدھۇد قەبۇل،
بارچەسىغە مۇددەئا تاپتى ھۇسۇل،
دېدىلەر: «بىز تابىئۇ، سەن — پېشۋا،
ئەيلەلى كامىڭ نېكىم بولغاي رەۋا.
سەن سىپەھسالارۇ، بىز بارچە سىپەھ،
يولدا پەيرەۋ بىزۇ سەنسەن پىرى رەھ».

## جەمئى قۇشلار زەۋقۇ شەۋق، ھۇزۇرۇ سۇرۇر بىرلەن ۋادى باشىغە يېتىپ ۋە قۇشلارنى ھەيرەت زەبۇن ئېتىپ ئەۋۋەلا بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

چۇن ئۇلارغە ھۇدھۇد ئولدى پېشەۋا،
يولنى قەتئ ئەيلەرگە قىلدىلەر ھەۋا.
ئۇردىلار چۇن ئانچە كۇنلەر بالۇپەر،
يەتتىلەر ۋادى باشىغە ئول ھەشەر.
بىنىھايەت ۋادىئى بولدى پەدىد،
كىم كۆرۈنگەچ ئۈزدىلەر جاندىن ئۇمىد.
مېھنەت ئاندا ھەددۇ غايەتدىن فۇزۇن،
ھەجر شامىدەك نىھايەتدىن ئۇزۇن.
ئۆمرىلەر جان ئافەتى نەززارەسى،
قەتئ قىلماقدىن يوق ئۆزگە چارەسى.
جانلارىغە تۇشتى ھەۋلۇ ھەيبەتى،
كىم دېمەكدىن كۆپرەك ئېردى ۋە ھشەتى.
ۋادىئى ئېردى خەلايىق يەتمەگەن،
ۋۇسئەتىنى ھېچ قۇش قەتئ ئەتمەگەن.
بارچەغە سۇستايدى جىسمۇ پەرۇ بال،
بىر قۇش ئول دەم قىلدى ھۇدھۇددىن سۇئال.
كىم، نېدىن خالى ئىكەن ئايا بۇ يول،
فىكر ئېتىپ مۇنداغ جەۋابىن بەردى ئول.
كىم ئېرۇر خالى ئۇلۇس غەۋغاسىدىن،
شاھۇ ئىززۇ جاھۇ ئىستىغناسىدىن.

## ھەزرەتى شەيخ سۇلتانۇل-ئارىفىن بايەزىد بىستامى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى ئول قۇشقە ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى

خىلسەتىدىن چىقتى بىر كۇن بايەزىد،
كىم ئول ئېردى قابىلى ھەل مىن مەزىد.
كېچە ئاينىڭ تابىدىن رەۋشەن ئىدى،
چەرخى ئەنجۇم دەۋرىدىن گۇلشەن ئىدى.
بەھرى ئەخزەردىن كەۋاكىب تابناك،
ھەر بىرى رەخشەندەلىغىدىن دۇررى پاك.
تارتىبان ئەفلاكى ئالىي بارگاھ،
رىفئەتۇ ۋۇسئەت تۇزۇپ بۇ كارگاھ.
ئەقل ئاجىز سەير ئىلە ئارامىدە،
ھۇش قاسىر ۋەزئ ئىلە ھەيدانىدە.
بۇيلە دەرگاھ ئىچرە پىرى باخەبەر،
كۆرمەدى مەخلۇق جىنسىدىن ئەسەر.
نەچچە قىلدى سەئيى ئىلە جۇيەندەلىغ،
شەھرۇ تاغۇ دەشت ئارا پۇيەندەلىغ.

كىمسەيدىن مۇتلەق نىشانى تاپمادى،
ئۆزدىن ئۆزگە ناتەۋانى تاپمادى.
دېدى: «خالى ئېدىن ئېركەن‌يا، ئىلاھ،
دەرد ئىلە شەۋق ئەھلىدىن بۇ بارگاھ؟»
بۇندا ئول كۆڭلىگە ھاتىف ئېيلەدى،
جانىنى بۇ نەۋئ ۋاقىف ئەيلەدى،
كىم ئېرۇر بۇ دەرگەھى ئىززۇ جەلال،
ھەر كىشى يول تاپماغى يوق ئېھتىمال.
شەھ ھەرىمى ئىززىنىڭ پايانى يوق،
ھەر گەدا مەھرەملىقى ئىمكانى يوق.

## ۋادىئى سۇئۇبەتىدىن قۇشلارنىڭ دەھشەتدىن سۇئالى ۋە ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى، ھەر جەۋابغە بىر ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل مەستۇردۇر

نۇكتە بۇ يەڭلىغكى سۇردى رەھشۇناس،
راھرەۋ قۇشلارغە يۈزلەندى ھەراس.
كىم نىھايەتسىز بەلاغە تۈشتىلەر،
غايەتى يوق ئىبتىلاغە تۈشتىلەر.
يول كۆرۈنۈر ئېردىيۇ پايانى يوق،
دەردى مۇفرىد ئېردىيۇ دەرمانى يوق.
رەنج ئۇتىن كۆككە چىكەر ئېردى ئەلەم،
ئەرشىنى كۆيدۈرگۈدەك، كۇرسىنى ھەم.
ئۇيلە سەكرىر ئېردى ئىستىغنا يېلى،
سىڭغۇدەك بۇ گۇنبەزى خەزرا بېلى.
بۇيلە يولنى ئول نەچە ئەفتادە قۇش،
جىسم بىرلە جانلارى مېھنەتقە تۇش.
قەتئى قىلماق قايدا بولغاي ئېھتىمال،
كىم خەيالىن ئەتسە ھەم بولغاي مەھال.
جانلارى چۇن قالمادى ئول بىم ئىلە،
جەمئى ئولۇپ بارىسى يۈز تەسلىم ئىلە.
كۆرگۈزۈپ ھۇدھۇدغە كۆپ ئەجزۇ نىياز،
دېدىلەر: «كەي پېشىۋايىۇ سەرفەراز.
چۇن سېنى ھەق بىزگە قىلدى مۇقتەدا،
ئەجزىمىزنى فەرزدۇر قىلماق ئەدا.
سەن چۇ بۇ يولدىن ئېرۇرسەن باخەبەر،
قانى بىز بىراھلارغە راھبەر.
بىزگە مۇشكىللەر دۇرۇر بۇ ئېزىم ئارا،
كىم ئېرور فەرز ئانى قىلماق ماجەرا.
ھەر بىرىمىز ساڭا ئەرز ئەتمەك سۆزىن،
رەنجۇ مېھنەتتىن خەلاس ئەتمەك ئۆزىن.
سەن بارىنىڭ مۇشكىلىن ھەل ئەيلەمەك،
شەرھىدە سۆزنى مۇفەسسەل ئەيلەمەك.
نۇكتە تەفسىلىدە بولماق دۇرفىشان،
سۆزنى سايىلغە قىلىپ خاتىر نىشان.
خاتىرىدىن شۇبھەنى رەف ئەيلەمەك،
كۆڭلىنىڭ مەجھۇلىنى دەفئ ئەيلەمەك.
جەمئى ئېتىپ كۆڭلىن بارى ئەشكالىدىن،
قۇتقارتىپ ھەر نەۋئى مۇشكىل ھالىدىن.
تەفرىقە قويماي كۆڭۈلدە قىل ئۇچى،
كىم كېرەكدۇر تىنچ يول قەتئى ئەتكۈچى.
بىر نەفەس بىر مەئمەن ئىچرە ئولتۇرۇپ،
خەيل كۆڭلىن ھەر خەتەردىن تىندۇرۇپ.
مۇشكىلىن ھەركىم ساڭا قىلسە خىتاپ،
ھەللىدە سەن ھەم ئاڭا ئايتىپ جەۋاب.
قالماغاندىن سوڭ كۆڭۈللەردە خەتەر،
ھېچ خاتىردا خەۋاتىردىن ئەسەر.
تېنچ خاتىر بىرلە بولماق يولغا ئەزم،
بۇ ئۇلۇغ مەقسەدنى تۇتماق ئۆزنى جەزم.
يوقسە يول بىر كۈن ئىكى كۈنلۈك ئەمەس،
بەل كىشى پايانىغە يەتتۈك دېمەس.
بۇيلە يول قەتئىدە جەمئى ئولماي كۆڭۈل،
شۇبھە بىرلە بارماغى مۇشكىل دېگۈل»
پېشەۋاغە تۈشتى مەنقۇل ئول مىسال،
دېدى: «جەمئى ئولدۇق بارى ئەھلى سۇئال،
ئىلتىماسىن خەيلىنىڭ ئەيلەپ قەبۇل،
بىر بېمىك مەنزىل تاپىپ قىلدى نۇزۇل.
قوندىلار ئانىڭ بىلە خەيلۇ سىپاھ،
نۇكتە سۇردى مۇرشىدى ئىرفان پەناھ.

## بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى بەئزىمىز خارۇبەئرىز ئەزىز سەبەب نەچۇكدۇر دېگەن بابدا

دېدی: «سورۇك كىمدە بولسا مۇشكىلى؟»
بۇيلە سۆز سالدى ئاراغە سايلى؛
«كىم، ئايا بۇ خەيلدىن بولغاي ئەزىز،
چۇن سەنۇ بىز بارچەمىز بىر جىنسىبىز.
تەگدۇرۇر چۇن بارچەمىزغە بالۇ پەر،
سەن نېدىنسەن بارخەبەر، بىز بىخەبەر؟
بۇ تەفاۋۇتنى سەراسەر شەرھ قىل،
كىم نېدىندۇر - بىزگە رەۋشەن ئەيلەگىل».

## ھۇدۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

ئوتروُدا بۇ بولدی ھۇدھۇدنىڭ سۆزى،
كىم ماڭا تۇشمىش سۇلەيماننىڭ كۆزى.
ھەق تەئالا كىمسەگە ئەيلەپ نەزەر،
ھەم رەسۇل ئەيلەپ ئانى، ھەم راھبەر.
جىننۇ ئىنسۇ ۋەھشۇ تەير ئۇستىدە شاھ،
ئەيلەپ ئېردى ئانى لۇتف ئەيلەپ ئىلاھ.
بۇيلە ساھىب دەۋلەتۇ ساھىب سەرىر،
ئىلتىفاتىن تاپتى مەن يەگلىغ ھەقىر.
ئاندىن ئولدى بۇ قەدەر ئىززەت ماڭا،
باش ئۆزە بۇ ئەفسەرى رىفئەت ماڭا.
كىمگەكىم ئەيلەر نەزەر ئەھلى سەفا،
ئول نەزەر تۇپراقنى ئەيلەر كىميا.

## ھەزرەتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ مۇبارەك كۆزلەرى ئىتقە تۇشگەنى ۋە ئول ئىت كەمال تاپغانى

شەيخ نەجمىددىنى كۇبرا قۇتب دەھر،
بىر نەزەردىن كىمگە كىم يەتكۈرسە بەھر.
يارۇبان نۇرى ۋەلايەتدىن كۆزى،
ئۆزلۈكىدىن ئايرىلۇر ئېردى ئۆزى.
بۇ سىفەتدە يەتتى ئول يەرگە ئىشى،
كىم ۋەلى بولدى كۆزى تۇشكەن كىشى.
سۇكر ۋەقتى سالدى چۇن بىر كۈن نەزەر،
ئول نەزەردىن بولدى بىر ئىت بەھرەۋەر.
ئاشنالىقدىن يېتىشتى چاشنى،
تارتىپ ئىتلىق سىرەتىدىن باشىنى.
يۈز قويۇپ شەيخ ئاللىدا قىلدى نىياز،
بارچە ئىتلار ئۆزرە بولدی سەرفەراز.
ھەر قايان شەھر ئىچرە قىلسە ئېردى مەيل،
ئىتلار ئېردى گىردىدە ئانداغكى خەيل.
قايدا ئولتۇرسە ئىدى ئىتلارغە شاھ،
ھەلقە ئۇردى دەۋرىدە خەيلى سىپاھ.
چۇن قەزادىن باشىغە يەتتى ئەجەل،
شەيخ ئىشىكىندە قازىبان بىر مەھەل.
دەفن ئېتىپ قەبرىن نەمۇردا ئەتتىلەر،
قەبرىن ئىنسانىدەك پەدىدار ئەتتىلەر.
ئەيلەپ ئىتلار ماتەمىدە كۆپ فىغان،
قەبرىنىڭ دەۋرىدە تۇتتىلار مەكان.
يۈز قويۇپ قەبرىغە ھالا ئەھلى راز،
كۆكۈزۈرلەر سىدق يۈزىدىن نىياز.
بۇ دەم ئول خارەزمدە مەۋجۇد ئېرۇر،
كىشۋەرىكىم ھاكىمى بىھبۇد ئېرۇر.
بولماغاي ئالەمدە مۇنداغ تۇرفە سۆز،
كىم سائادەت ئەھلى ئىتقە سالسە كۆز.
يەتكۈزۈپ ئىتقە نەتىجە ئول نەزەر،
زاتىغە سالسە كىشىلىكدىن ئەسەر.

ئىتقەكىم يەتتى ۋەلىدىن تەربىيەت،
قۇشقە هەم نى ئالىڭ نەبىدىن تەربىيەت.
نى كىشلىككىم ئىنايەتدىن نىشان،
نەشئەئى نۇرى ۋەلايەتدىن نىشان.
قۇشقە هەم بولسە پەيەمبەر لۇتفى تۇش،
نى ئەجەب بولسە مۇتىئى بارچە قۇش.
سابىقەن هەم قىسسەئى ئۆتمىش بۇ خىل،
سىدقىغە ئەسهابى كەهف ئەتتى دەلىل.
چۇن ئىنايەت ئەيلەسە هەيىي مۇجىب،
ئىتقەۋۇ قۇشقە نە ئالىڭ يەتسە نەسىب،

## يەنە بىر قۇشنىڭ هۇدهۇددىن سۇئالى

يانە بىر سايىل دېدى ئارتىپ نەفىر:
«كەي بارى قۇشلارغە سەرخەيلۇ ئەمىر.
يول قاتىغدۇر، مەن زەئىفۇ ناتەۋان،
پەششە ئەنقاغە بولا ئالماس رەۋان.
هەر نەفەس بۇ يولدا يۈز مېهنەتدۇرۇر،
هەر دەم ئاندا مىڭ تۈمەن شىددەتدۇرۇر.
ئۇقبەلەر ئاندا بەلىيەت تاغىدىن،
گەردلەر كۆزگە ئەجەل تۇفراغىدىن.
يېلى ئۆزنى تاغ ئۆزە چۇن يەتكۇرۇپ،
تاشنى تۇفراغ يەڭلىغ ساۋۇرۇپ.
شىرغە يەتمەس بۇ يول ئەزمىدە زور،
نى قىلا ئالغاي زەئىفۇ خەستە مۇر».

## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى هۇدهۇد: «كەي زەئىفۇ مۇستەمەند،
هىممەتىڭ پەستۇ ئۆزۈڭ دۇنۇ نەژەند.
تەن نەچەكىم بار ئېسە پەستۇ دىژەم.
هىممەت ئەر بولسە بىمىك — ئاندىن نەغەم.
چۇنكى بۇ ئىش كەلدى بىشەك ئىشق ئىشى،
كىمكى ئاشىق ئېرمەس ئول ئېرمەس كىشى.
چۇن يەنە بۇ ئىشقە ئىشق ئاۋازى بەس،
قايدا قىلغاي مەيلىنى هەر بۇلهەۋەس.
ئاشىق ئەلگە ناتەۋانلىغدۇر نىشان،
ئىشقىدىن بىخانۇمانلىغدۇر نىشان.
ناتەۋانلىغ ئاشىق ئەلگە پىشەدۇر،
بەلكى جان تەركى مۇدام ئەندىشەدۇر.
بارۇ يوقدىن ئۆزنى خالى ئەيلەمەك،
يار ئىشقىن جاۋىدانى ئەيلەمەك.
هەر كىشىگە ئىشقۇ هىممەت بولسە يار،
پەستىدىنۇ زەئىفغە نى ئېئتىبار.
بار ئاگا ئىشق ئىچرە جان بەرمەك مۇراد،
ئىشق قەيدىدىندۇرۇر باۋچە كۇشاد.
ئىشق ئارا ئۆلمەكدۇرۇر مەقسۇد ئاگا،
جانغە نۇقسان ئولماغىدىن سۇد ئاگا.
كىمگە كىم دۇنياغەردۇر ۋابەستەلىك،
يەتسە ئول ئەندىشەدىن دىلخەستەلىك.
كىمسەگە بۇ زەئىف مۇستەهسەن ئەمەس،
ئەهلى ئىشق ئول زەئىفنى ئەهسەن دېمەس.
ئىشقدىن هەر كىمگە زەئىفۇ تاب ئېرۇر،
ئول مۇراد ئايىنىغە ئەسباب ئېرۇر.
ئىشقدىن چۇنكىم مۇراد ئۆلمەك ئىمىش،
باردۇر ئۆلمەكلىككە لازىم زەئىف ئىش،
زەئىفكىم جان تەركىگە بولغاي سەبەب،
بولسە ئاندىن ئىجتىناب ئەسرۇ ئەجەب.
ئىشق ئارا جان تەركى چۇن مەتلۇبدۇرۇر،
هەرنە ئانىڭ بائىسى مەرغۇبدۇرۇر.
زەئىفنىڭ پايانى بولسا تەركى جان،
ئۆيلە ئۆلمەككە فىدا جانۇ جەهان.
سەن جەهان مۇلكىدە مىڭ يىل بولدى تۇت،
دەردۇ هەسرەت بىرلە ئاخىر بولدى تۇت.

بولماس ئېرمىشسەنچۇ ئۆلمەكتىن يىراق،
بۇ تەلەبدە بارى ئۆلمەك ياخشىراق.
ياردىن ئۆلمەك ئەگەر ئۈممىد ئېرۇر،
بەل ھەياتىمدۇركى ئول جاۋىد ئېرۇر.

## ھەزرەتى شەيخ ئەبۇسەئىد ئەبۇلخەير رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتەرى بەر سەبىل تەمسىل

شەيخى مىھنەكىم بۇ يولنى قىلدى سەير،
يار ۋەسلىدىن نەسىبى بولدى خەير.
ئەۋۋەلىدە ئىشقىنىڭ بەس زار ئىدى،
يۈز بەلىيەت تىغىدىن ئەفگار ئىدى.
زەئنى تاپمىش ئېردى ئىستىلا ئاڭا،
زەئفدىن ئىش ئاھۇ ۋاۋەيلا ئاڭا.
ئىشق بەرقىدىن ئىدى جانىدا ئوت،
ئول شەرەردىن جىسمى ۋەيرانىدا ئوت.
تۈن ئاڭا يوق ئۇيقۇ، كۈن ئارامى يوق،
ئىشق ئەندۇھىدىن ئۆزگە كامى يوق.
كۈندۈز ئانىڭ زىكرۇ فىكرى يارۇ بەس،
ھەجرىدىن دەئبى فىغانۇ زارۇ بەس.
كېچە بولماس ئېردى شەھرۇ تاغ ئارا،
ئۆزنى تارتار ئېردى دەشتۇ باغ ئارا.
ئول يەقىندە بار ئىدى ۋەيرانەئى،
چۇغز فەسىرىدەك بۇزۇغ كاشانەئى.
ئاندا چاھى بار ئىدى بەھەد ئەمىق،
سۇيىدە شەخسى نەشات ئولغان غەرىق.
ئاسىلىپ ئول چاھ ئىچىدە سەرنىگۇن،
ئىشق ئىستىلاسىدىن زارۇ زەبۇن.
تاڭغا تەگرۇ ئىش ئاڭا ئاھۇ فىغان،
قەترە-قەترە كۆزىدىن تامغۇنچە قان.
ئۆلمەك ئىستەپ ئىشق ئاراۋۇ تاپمايىن،
ئول تەمەننادىن كۆزىنى ياپمايىن.
بۇ بەلىيەت جىسمىنى نال ئەيلەبان.
نالەسى جانىنى بەد ھال ئەيلەبان.
ھەجر ئارا يىللار بۇ يەڭلىغ چەكتى ھال،
تا يېتىشتى ئاغزىغە جامى ۋىسال.
ئىشق ئارا بۇدۇر ئەرەنلەرنىڭ ئىشى،
تارتمايىن تاپماس بۇ دەۋلەتنى كىشى.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

دېدى بىر قۇشكىم: «قىلمىپمەن كۆپ گۇناھ،
بۇ ئۇيىاتدىن ئەسرۇ ھالىمدۇر تەباھ.
زايىئ ئەيلەپدۇر مېنى ئالۇدەلىغ،
قويماس ئول يولغە بۇ غەم فەرسۇدەلىغ.
چۈن نەجاسەتدىن چەبىندۇر لەۋسىناك ،
ئاڭا نى نىسبەتدۇرۇر سىمۇرغى پاك.
پاك ۋەسلىغە كېرەكتۇر پاكلىغ،
يوقكى لەۋسۇ جۇرم ئارا بېباكلىغ.
ئول ئارىغ مەندە ئارىغسىزلىغ سىفات،
ۋەسلىنى ئىستەرگە مانىئدۇر ئۇيات»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «ئېرۇرسە مۇتەرىق،
كىم ئىشىڭ بولمىش گۇنەھدىن مۇنھەرىق.
دەھر خۇد ئېرمەس ئىقامەت مەنزىلى،
كىمكى بار، ئاخىر ئۆلۈمدۇر ھاسىلى،
بۇ گۇنەھ بىرلە گەر ئۆلمەك ئىستەسەڭ،
خەلق ئەھۋالىغە كۆلمەك ئىستەسەڭ.

بىلكى بەس نادانۇ غافىل بولغاسەن،
ئەھلى ئەقل ئالىدا جاھىل بولغاسەن.
بۇ گۇنەھدىن ئارىماق قىلساڭ ھەۋەس،
ئول داغى ئاسان ئېرۇر، ئەي بۇلھەۋەس.
تەۋبەدۇر ئانى ئارىتماقغە ئىلاج،
زۇلمەتى ئىسيان ئارا بۇدۇر سىراج
زۇلم لەۋسىدىن كىشى مەئسۇم ئەمەس،
بۇيلە ئىسمەت كىمسەگە مەئلۇم ئەمەس.
ئادەم ئەۋلادىنى قىلمايدۇر ئىلاھ،
ئۇيلەكىم ئاندىن باش ئۇرمايدۇر گۇناھ.
بولماسە سەندىن گۇناھ، ئەي بىخەبەر،
ئەفۋۇ رەھمەت كىمگە بولغاي جىلۋەگەر.
جۇرمدىن ئولكىم يۈزى بولغاي سارىغ،
تەۋبە ئەيلەر ئول سارىلىغنى ئارىغ.
بەھرى رەھمەت مەۋجىغە كىرگەن زەمان.
پاك ئولۇرسەن مەن كەبى يۈز ناتەۋان.

## ھەزرەتى ئادەم سەفىيۇللاھ سەلەۋاتۇللاھۇ ۋەسەلامەھۇ ئەلەيھى ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

خەيلى ئىنسانىنىڭ ئاتاسى بۇلبەشەر،
كىم ئانى خەلق ئەتتى ھەييى دادگەر.
باشىغە قويدى ھىدايەت ئەفسەرىن،
تاجىغە تىكتى نۇبۇۋۋەت گەۋھەرىن.
قىلدىلار تاپىغاچ بۇ يەڭلىغ ئىززۇ جاھ،
تۇفراغىن خەيلى مەلائىك سەجدەگاھ.
ئەۋجى گەردۇن خاكىراھ ئولدى ئاڭا،
باغى جەننەت جىلۋەگاھ ئولدى ئاڭا.
بۇ سىفەت سافىيۋەشى ئالىي ھەسەب،
كىم سەفى كەلدى ئاڭا ھەقدىن لەقەب.
چۈنكى تەقدىر ئەتدى ھەييى زۇلجەلال،
جۇرمى ئىسيان بىرلە بولدى تىرەھال.
ئانچە رىفئەت بىرلە ئول مەسجۇدلۇغ
كەتتىيۇ بولدى ئىشى مەردۇدلۇغ.
كۆكسىگە رەد پەنجەسىن يەتكۇردىلەر،
رەۋزەئى جەننەتدىن ئانى سۈردىلەر.
يۈز قارالىغلار ئاڭا ئەيلەب نەسىب،
تۈشتى ھىندىستان سەۋادىغە غەرىب.
قەرنلەر ھىجرانىدە ئېردى ئەشكرېز،
سالىپ ئاھۇ نالەسىدىن رۇستەخىز.
جانى ئۆرتەنگەن زەمان ئانداغكى خەس،
تەۋبە ئول ھالىغە بولدى چارە رەس.
باغى رەھمەتدىن يەنە ئەستى نەسىم،
بولدى يۈز مىڭ رەنجۇ مىھنەتدىن سەلىم.
تەۋبەسىغە دەستىگىر ئولدى قەبۇل،
ئەيلەدى قۇرمەت ھەرىمىدە نۇزۇل.
ئانداق ئەلگە يەتسە بۇ بەندۇ كۇشاد،
سەن كىم ئولغايسەن زەئىفۇ نامۇراد.
تەۋبە قىلغىل داغى بېھبۇدۇڭغە يەت،
يولغە ئەيلەپ ئەزم، مەقسۇدۇڭغە يەت».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي زىيبى تاج.
مەندە ۋاقىئدۇر مۇلەۋۋەنلىغ مىزاج.
ھەر سىفەتدە كەلدى تەبئىم نارەسا،
كاھى فاسىقمەن، زەمانى پارسا.
كاھى مەتلۇبۇم خەرابات ئەھلىدۇر،
كاھى مەرغۇبۇم مۇناجات ئەھلىدۇر.
گەھ ھەرەم تەۋفىدە مەن يەزدانپەرەست،
دەير ئىچىدە، كاھى بۇت ئالىدا مەست.
ئىستىقامەت يوقتۇرۇر ھالىمدە ھېچ،
بۇ جەھەتدىندۇر ئىچىمدە پىچ-پىچ.

بۇ مۇلاھىۋەئىلىغ مىزاجى شۇم ئىلە،
بۇ سىفەتلىك ئادەتى مەزمۇم ئىلە،
بۇيلە بولغايكىم كىبرەك يەكرەڭگىلىك،
ئۆزنى تاپماسمەن سەھىھ ئاھەڭگىلىك.

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ بىمەئنى شىئار،
فىل ھەقىقەت بارچەنىڭ زاتىدا بار.
كىم بارىغە ھەمنەفەسدۇر نەفسۇ رۇھ،
بەستەلىغ بىردىن يېتەر، بىردىن فۇتۇھ.
ئولدۇر ئېركىم، سەلب ئېتىپ نەفسانىيەت،
غالىپ ئەتكەي زاتىغە رۇھانىيەت.
ھەر كىشىدە بۇ سىفەت بىز - زات ئېرۇر،
ئول كىشى پاكۇ شەرىف ئەۋقات ئېرۇر.
گەر مۇلاھىۋەن بولسە زاتى شىيۋەسى،
سەن كەبى بولسە تەھەتتۇك مىۋەسى.
بۇ مەرەز تاپمىش رىيازەتدىن ئىلاج،
كىم كىشىگە مۇستەقىم ئۆلغاي مىزاج.
نەفسىدىن ھەر كىمگە كىم بۇ بىم ئېرۇر،
چارە مۇرشىد ئالدىدا تەسلىم ئېرۇر.
بويىلە ئىللەتلەرگە مۇرشىددۇر تەبىب،
كىم خەلايىق پىر دەرلەر، ئەي لەبىب.
تالىبى سالىككە ئىللەتلەر بۇلۇر،
نەفس خەيلىدىن مەزەللەتلەر بولۇر.
كىم ئاڭا فىئلى زەمايىمدۇر لەقەب،
مۇبتەلا بولۇر ئاڭا ئەھلى تەلەب.
پىر ھەر بىرگە قىلۇر نەۋئى دەۋا،
كىم بارىپ ئىللەت، تاپار تالىب شىپا.
بۇ مەرەزلەردىن بۇ داغى بىرىدۇر،
كىم رىيازەتلەر ئانىڭ تەدبىرىدۇر.
سەن داغى بۇ ئىشقە ئۆزنى چاغلاساڭ،
ھەر قاتىغلىققە بېلىڭنى باغلاساڭ.
ئۆيلەدۇر ئۇممىدكىم، بىر لۇتفى خاس،
بۇ تەھەتتۇكدىن سېنى قىلغاي خەلاس.
بۇ تەئەبلەردىن تەرەبناك ئولغاسەن،
ھەق يولىندە رەھرەۋى پاك ئولغاسەن.

## ھەزرەتى شەيخ ئەبۇ تۇراب نەخشەبى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتى بەر سەبىل تەمسىل

«زۇمرەئى تەھقىق سافىي مەشرەبى،
ۋاسىلى ھەق بۇ تۇرابى نەخشەبى.
بىر مۇرىدى ھالىغە سالىپ نەزەر،
زىيبۇ زىينەتدىن تاپار ئېردى ئەسەر.
خىرقەسىدە ۋۇسلەلەر ئېردى ئارىغ،
رەڭلەرى ئېردى قىزىل، ياشىل، سارىغ.
مەيلى كۆپ نەفسىگە رەئنالىغ سارى،
كىسۋەتى فەقر ئىچرە زىيبالىغ سارى.
كۆپ رىيازەتلەر بۇيۇردى پىر ئاڭا،
ئول تەكەللۇف تاپمادى تەغيىر ئاڭا.
كۆردىكىم دەفئ ئولماس ئېردى بۇ سىفەت،
مۇرشىدى كامىل بۇيۇردى ئاقىبەت:
ھەر كۈن ئۆز نەفسى بىلە رەزم ئەيلەمەك،
داغى دارۇس - سەلھىغە ئەزم ئەيلەمەك.
بىر سەبەدغە قوينىڭ ئىچ ئالاتىنى
سالىبان ئېھشاۋۇ قازۇراتىنى.
باشىدا ئانى قويۇپ، مەھكەم تۇتۇپ،
مېھنەتۇ رەنجىدىن ئانىڭ قان يۇتۇپ.
قەترەلەر ھەريان تامىپ دەستارىدىن،
ئانى ئۆتكەرگەي نەسەب بازارىدىن.
نەفسىغە ئانىڭ يېتىپ مۇنداغ ئىنا،
نېچە كۈن بۇ ئىش چۇ تاپدى ئىمتىدا.

خەرقەسىدە قالمادى زىبالغى،
باشىدىن چىقتى بارى رەئنالىغى.
بۇ مەشىيەت قىلدى چۈن نەفسىن ھەلاك،
مۇرشىدى كامىل بىزىۇردى غۇسلى پاك.
ئول مەرەزدىن بۇيلە قۇتقاردى ئانى،
ئول خەتەردىن بۇيلە ئۆتكەردى ئانى.

[ تا مەقامى بولدى ئەيۋانى ۋۇسۇل،
ھەر نې مەتلۇبىغە يۈز قويدى ھۇسۇل.
سەن داغى نەفسىڭغە قوي بىر نەۋئ رەنج،
تا نەسىبىڭ بولغاي ئانىڭ مۇزدى گەنج.
يوق ئېسە ئۆزۈڭنى زايىئ بولدى تۇت،
بۇ مۇلەۋۋەن دەۋزەخىدە ئولدى تۇت».

## بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

دېدى بىر سايىلكى: «ئەي فەرخۇندە خۇ،
نەفسى زالىمدۇر ماڭا بىھەد ئەدۇ.
ھەر نې ئەمر ئەتسەم قىلۇر زاھىر خىلاف،
ئىرتىكابىدىن تۇتار ئۆزنى مەئاف.
بۇيلە يولدا دۇشمەن ئولسە ئول ماڭا،
تەي نەچۈك بولغاي بۇ قاتتىغ يول ماڭا؟»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي زەبۇنى ھىرس كىش،
نەفس زۇلمى ئەيلەگەن كۆڭلۈڭنى رىش.
نەفسىنىڭ مەزلۇمى بولغان تۇنۇ كۈن،
ئۆزگە بۇ ھەڭگامەنى قىلغان ئۈزۈن.
نەفس نې ئەمر ئەتسە بولغان زېرى دەست،
ئول بېيىمكىلىك قىلسە، قىلغان ئۆزنى پەست.
ئۇرماغان ئول ئەمر قىلماي بىر نەفەس،
ھاسىل ئەيلەپ ھەر نې ئول ئەتكەن ھەۋەس.
ئۇمر ئانىڭ فەرمانى بىرلە سەرف ئېتىپ،
ئول تەمەننا ئەيلەگەن سارى كېتىپ.
بىر ئىشەكدەك باشىڭە ئەفسار ئۇرۇپ،
نەفسنى ئۆز ئارقاڭ ئۈزرە مىندۇرۇپ.
ئول قايان سۈرسە، ئۇرۇپ گام ئول تەرەف،
قايدا تۇرسە، تاپىپ ئارام ئول تەرەف.

تىفل ئىكەندە خۇد ئانىڭ زارى ئىدىڭ،
مىر ئىلە ئانىڭ گىرىفتارى ئىدىڭ.
چۈن يىگىت بولدۇڭ ھەم ئاندىن يانمادىڭ،
لەھزەئى ئۆز ھالىڭە ئايلانمادىڭ.
قارىغاندا خۇد يېتىنىشتى ۋەرزىشىڭ،
فىسقۇ ئىسياندا تەمام ئولدى ئىشىڭ.
ئۇمرۇڭ ئۆتتى غەفلەتۇ ئىسيان بىلە،
يەتتى ئۆلمەك يۈز تۈمەن ئارمان بىلە.
تەگرى ئەمرىن ئۇمر ئۆتتۈپ ياد ئەتمەدىڭ،
شىيۋە جۇز ئىزلالۇ ئىفساد ئەتمەدىڭ.
دەھر ئارا يوق سەن كەبى زاتى ئەجەب،
ئۇمر ئۆتتۈپ ئۆتكەرگەن ئەۋقاتى ئەجەب.
تا تىرىك ئېردىڭ، بۇ ئېردى غەفلەتىڭ،
بۇيلە ئۆلسەڭ، كۆر، نې بولغاي ھالەتىڭ».

## بىر پادىشاھنىڭ ھىكايەتى بەر سەبىل تەمسىل

پادىشاھى بار ئىدى، بىباك ھەم،
زالىمۇ غارەتگەرو سەففاك ھەم.
نەفسى زالىم ھەر نېگە مەئمۇر ئېتىپ،

قىلماغىدە ئول داغى مەئزۇر ئېتىپ.
بىر كۈن ئەيلەر ئېردى جامى ئەيش نۇش،
كۆردىكىم بارۇرلار ئىككى جەندە پۇش.

بىر ـ بىرىگە ئىككىسى يارۇ رەفىق،
ھەمدەمۇ ھەم رازۇ غەمخارۇ شەفىق.
شەھ تىلەپ قىلدى بىرىسىدىن سۇئال،
ئول بىرىنىڭ ھالىدىن سوردى مەقال:
«كىم بۇ كىم كەلدى سىنىڭ ھەمكىسۋەتىڭ،
زاھىر ئەتكىم، ئاڭا نېدۇر نىسبەتىڭ؟»
دېدى: «نىسبەت ئىككىمىزدە يارلىغ،
ھەمدەمۇ ھەم مەشرەبۇ ھەمكارلىغ».
مەستى غافىل دېدى: «ئەي ساھىبتەرىق،
ئايتكىم، مەن يەخشىراق يا ئول رەفىق؟»
دېدىكىم: «ئولچە ماڭا بولمىش ئەيان،
ئىككىڭىزنىڭ ھالىنى ئەيلەي بەيان.
چۈنكى بولدۇڭ ئىككىسىدىن با خەبەر،
سەن ئۆزۈڭ ھۆكم ئەيلەگىل، ئەي تاجۋەر.
سەن ئەگەرچە بىر ئۇلۇسقە شاھسەن،
ئەگرى يولدا، ۋەلې گۇمراھسەن.
ھەر نې ھەق دەپدۇر، خىلافىدۇر ئىشىڭ،
كېچەۋۇ كۈندۈز بۇ بولدى ۋەرزىشىڭ.

ئول ئەگەرچە بولسە دەرۋىشۇ گەدا،
ئەگرىنىڭ ئەمرىنى خۇب ئەيلەر ئەدا.
ھەق يولدىن تاشقارى قويماس قەدەم،
بەلكى ھەق ئەمرىدىن ئۇرماس ئېردىدەم.
سەن شەھ، ئەمما نەفسغە زارۇ ھەقىر،
ئول گەداۋۇ نەفسنى ئەيلەپ ئەسىر.
تا تىرىكسىز ئىككىڭىزگە ھال بۇ،
ئول گەدا، سەن شاھغە مىنۋال بۇ.
ئۆلسەڭىز، خۇد شاھ ئولدۇر،سەن گەدا
كىم، سەن ئېردىڭ مەست، ئول ـ ئەھلى ھىدا»
نۇكتەنى بۇ نەۋئ سۆرگەچ پىرى راھ،
سەسكەنىپ ئول ئۇيقۇدىن ئويغاندى شاھ،
مەست ئىدى، يەتتى ئاڭا ھۇشيارلىغ،
ئۇيقۇسغە قويدى يۈز بىدارلىغ.
شاھلىغ زەربەفتىدىن يۈزلەندى ئار،
تاشلاپ ئانى، جەندە قىلدى ئىختىيار.
كۆڭلىگە ھەقدىن يېتىپ ئاگاھلىغ،
دېدىكىم، دەرۋىشلىغدۇر ـ شاھلىغ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

دېدى بىر سائىلكى: «ئىبلىسى لەئىن،
قەسدىم ئەيلەپ، زاھىر ئەيلەر مەكرۇ كىن.
ئۆز ھۇزۇرۇمغا مېنى قويماس دەمى،
كەلتۈرۈر كۆڭلۈمگە ھەردەم ئالەمى.
باشىمە ھەر لەھزە سالۇر بىر خەيال،
كىم ئەمەس ئاندىن قۇتۇلماق ئېھتىمال.
چۈنكى يوق ئاندىن قوتۇلماغلىق ماڭا،
چارەدۇر مەئمۇرى بولماغلىغ ماڭا.
ئۇيلە مۇزتەرمەن ئانىڭ ۋەسۋاسىدىن.
كىم زەبۇندۇر ئەقل ئانىڭ ئېھساسىدىن».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇد: «تاكى نەفسىڭدۇر قەرىن،
ئاڭا بار ئىبلىس شاگىردى كەمىن.
نەفس ئانچە كۆڭلۈڭگە سالسەغۇرۇر
يەتكۈرۈر ئانچە زىمىرىڭغە فۇتۇر.
كىم ئانى شەيتان كۆرۈپ ھەيران قالۇر،
ۋادىيى ھەيرەتتە سەرگەردان قالۇر.
قايسى ئىشدىنكىم يېتەر نەفسىڭغە كام،
تاپار ئاندىن كامىنى شەيتان مۇدام.
نەفس ھۆكمى بىرلە سەن قىلساڭھەر ئىش،
ئىرجايۇر ئول كامىدىن شەيتانغە تىش.
دېمەكىم، شەيتانغە بولمىشمەن دەلىل،
ئول سېنىڭ نەفسىڭنى ئەيلەپدۇر ۋەكىل.

ھەر نى ئۇل قىلماق كىبرەك نەفسىڭ قىلۇر،
ھەر نىكىم شەيتان بىلۇر، ئۇل ھەم بىلۇر.
ھەر نى دۇنياغە تەئەللۇقدۇر ئۇمۇر،
سەربەسەر شەيتانغە داخىلدۇر زەرۇر.
نەفسىڭ ئانداق ھەققۇ مۇلك ئەتمىش ئانى،
كىم ئىرۇر دەرج ئاندە يۈز شەيتان فەنى.
نەفسىڭ ئانچە كۆرگۈزۈر تەلبىسنى،
كىم قىلۇر شەرمەندە يۈز ئىبلىسنى.
سەنكى، يار ئولدۇڭ بۇ يەڭلىغ نەفس ئىلە،
نى ئۇچۇن شەيتاندىن ئەتكەيسەن گىلە.

## ھەزرەتی شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانی رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەری بەرسەبىل تەمسىل

كەلدى خەرقانى قاشىغە بىر مۇرىد،
ئۆز سۇلۇكۇ تائەتىدىن نائۇمىد:
دىدىكىم: «ئىبلىس پۇرفەنلىغ قىلۇر،
كۆڭلۈمە ھەر ئىشدا رەھزەنلىك قىلۇر.
ھەم نەمازىمغە يىتەر ئاندىن قۇسۇر،
زىكرۇ تەبسىبھىمغە ئاندىن يۈز فۇتۇر».
مۇرشىدى كامىل دىدى: «كەي زۇلم كىش،
تىغى جەۋرۇڭ بىرلە شەيتان كۆڭلى رىش.
ئاندا ھەم سەندىن شىكايەتلەر دۇرۇر،
جەۋرۇ زۇلمۇڭدىن رىۋايەتلەر دۇرۇر.
دەر: ماڭا قىسم ئەتمىش ئەۋۋەلدىن ئىلاھ،
مەكر ئىلە ئەل ھالىنى قىلماق تەباھ.
راھزەنلىغ ئەيلەمەك ئىسيان سارى،
باشلاماق يول ۋادىئى نۇقسان سارى.
سەن مۇرىدى ئەيلەمىشسەن تەربىيەت،
كىم ئاڭا مەندىن فۇزۇندۇر بۇ سىفەت.
ھەر قاچان كەلدىم بۇ شەررۇن ـ ناسغە،
كىم سالاي كۆڭلىنى بىر ۋەسۋاسغە.
قايسى مەكرىكىم ماڭا مەئقۇل ئىدى،
كۆڭلىنى كۆردۈم، ئاڭا مەشغۇل ئىدى.
ھەر تەخەييۇلكىم ماڭا ئىردى مەھال،
خاتىرىدە ئىردى مەملۇ ئۇل خەيال.»
ئەيلەمەكنى ساڭا تەلقىنلەر بەسى،
بىزنى شەيتان قىلدى تەھسىنلەر بەسى.
رەھمەت ئۇشبۇ مەكر ئىلە تەزۋىرىڭە،
كىم دىگەي شەيتانكى رەھمەت پىرىڭە.
دىدى: ‹شەيتان ئەيلەمىش تۇھمەت ماڭا،
ئۇل بىرۇر ھەر لەھزگە رەغبەت ماڭا›.
دىدى شەيخ: ئەھسەنتۇ بۇ يەڭلىغ مەئاش،
كىم ساڭا شەيتان بىلە بولغاي تالاش.
مەن ئارادا بولغامەن ھۇكم ئەتكۈچى،
يارغۇ ئەيلەپ، ئۈزرۈڭىزغە يەتكۈچى.
ھەم ساڭا يۈز قاتلا شەيتاندىن ئۇيات،
ھەم ئاڭا سەن شۇمۇ نادانىدىن ئۇيات».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

دىدى بىر سايىلكى: «ئەي فەررۇخ جەمال،
كۆڭلۈمە بىھەد مۇھەببەت سالدى مال.
ھەم ۋىسالى جانىمە سالۇر نەشات،
ھەم ئۇتىدىن كۆڭلۈم ئەيلەر ئىنبىسات.
بىر نەفەس گەر بولماسا ئىلكىمدە سىم،
ھەجرىدىن جانىمغە بار ئۆلمەككە بىم»

## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغه

دىدى هۇدهۇد: «كەي ھەقىقەتدىن يىراق،
جانىڭە قويغان دەرەم داغى فىراق.
ھىرس جامى ئەيلەگەن كۆڭلۈڭنى مەست،
سەن بولۇپ ئول مەستلىغدىن زىرى دەست.
بۇ نى سۆز بولغايكى، زىكر ئەتكەي كىشى،
كىم ئەمەس بۇ ئادەمىيلەرنىڭ ئىشى.
ئادەمىيلەرنىڭ بۇ ئىشدىن ئارى بار،
كىم ئىرۇر ساچقانغه مۇنداغ كارۇ بار.
يەرنى قازماق ئەيلەبان، كۆر، ئىھتىمام،
تۇفراق ئىچرە خارۇ زار ئولمەق مۇدام.
نەقب ئۇرۇپ ئۆيلەرگە نەفسى شۇمدىن.
جان چىكىپ بۇ خىسلەتى مەزمۇمدىن.
ھەر نەفەس بىر ئۆي سارى سالىپ تۆشۈك،
ناگەھان چىقغاچ كەمىندىن بىر مۆشۈك.
ئەيلەپ ئانى سەيد ئىشرەتلەر بىلە،
تۇئمە ئەيلەپ ھىرسۇ رەغبەتلەر بىلە.
يەپ شەرەھدىن جىسمى بىرلە قانىنى،
ئىت نەچوككىم شۇئلەلەر ساچقانىنى.
كىم يىلان يەگلىغكى، گەنج ئەيلەپ ھەۋا
يىللار ئولغاي تۇفراغ ئىچرە مۇبتەلا.
چەرخ مۇنداغ ئەيلەگەي پاداشىنى،
كىم كۆرۈنگەچ، يانچىغايلار باشىنى.
يا يىلان بول ياكى ساچقان، ئەي نەجىس،
مۇنچە خۇد باردۇر سىنىڭ زاتىڭدا ھىس.
كىم ئۇلارغه بويلە بولسە ئاقىبەت،
بىلگەسەنكىم ياخشى ئىرمەس بۇ سىفەت.
سىيم سەۋگەنكىم ئاڭا پابەست ئولۇر،
شەۋقىدىن ئانىڭ ئەجايىب مەست ئولۇر.
ئويلەدۇركىم جاھىلۇ نادانۇ مەست،
سىيمدىن بۇت ئەيلەپ، ئۆلغاي بۇت پەرەست.
جەھل بىرلە تەركى ئىسلام ئەيلەگەي،
ئۆزگە دەۋزەخ ئەزمىن ئەنجام ئەيلەگەي،
تاكى بولغاي دەھر باغىدا تىرىك،
رۇزگار ئۆتكەي ئاڭا مۇنداغ ئىرىك.
سىيم ئۈچۈن يۈز ھىرسۇ شەيدالىغ بىلە،
ئۆلمەكى ئاخىر بۇ رەسۋالىغ بىلە.
مەن سىنى ساچقان دىمەي، قارۇن تۇتاي،
يوق يىلان، ئەلھەقكى، ئەفرىدۇن تۇتاي.
ئاقىبەت بارىن چۇ سالىب كەتكەسەن،
ئىتتىلەر ئول قەۋم، سەنكىم ئىتكەسەن.
بۇ تەمەننانى چىقارغىل باشدىن،
باشنى قۇتقارغىل بۇ قاتتىغ تاشدىن.
ئەر ئىسەڭ مەقسۇدى ئەسلى كۆزلەگىل،
ھەر نىكىم سۆزلەرسەن، ئاندىن سۆزلەگىل.
قىلماق ئول ئىشكىم يىتىپ نۇقسان ساڭا،
ئاخىرى بولغاي ۋۇبالى جان ساڭا».

## بىرالەئمەننىڭ ھىكايەتى بەرسەبىل تادەمل

بەسرە شەھرىدە لەئىمى بار ئىدى،
بىبەسەرلىغ فەننىدە ھەييار ئىدى.
مەيلى جەمئ ئەيلەرگە دىنارۇ دىرەم،
ئول سىفەت غالىبكى، ھاتەمغە كەرەم.
كۆپ مەشەققەتلەر ئىلە ئۈزۈنى لەئىم،
بىر-بىر ئۈزرە جەمئ ئەيلەر ئىردى سىيم.
ئانچەكىم جەمئ ئولدى بىر مەخزەن ئاڭا،
يەر تۇبىدە ئەيلەدى مەدفەن ئاڭا.
باۋۇجۇدى مۇنچە نەق ئول دۇن خىسال،
تونىغە تىكمىش ئىكەن گەردۇن مىسال.
بىئەدەد مەخفى دىرەملەر ھىرسى شۇم،
كۈندۈز ئانداقكىم فەلەك ئىچراە نۇجۇم.
كىم بۇلاردىندۇر ماڭا تەن قۇۋۋەتى،
ئويلەكىم تەن قۇۋۋەتى جان ىسھەتى.

ئىتتىفاقا بىر كۈن ئولدى مەنزىلى،
مال سەۋداسىغە دەريا ساھىلى.
سۇ قىراغىدا يەپ ئول مالى ھەرام،
مالنىڭ سەۋداۋۇ سۇدىدىن تەئام.
بولدى دەريادا ئىلكنى يۇرغە ھەم،
چۈن ئاغىرلىك قىلدى بىر سارى دىرەم.
تۈشتى دەرياغە لەئىمى دۇن سىرىشت،
چەكتى قەئىرىگە ئانى ئول فىئلى زىشت.
تەلپىنىپ كۆپ زاھىر ئەتتى ئىزتىراب،
كىم بىراۋ سالغاي ئانىڭ سارى تەناب.
مەخلەسىغە مەيل كۆرگۈزگۈنچە خەيل،
كۆپرەك ئەتتى بەھرىنىڭ قەئرىغە مەيل،
چۈن ئاغىر ئىردى دىرەمدىن لەنگەرى،
سۇ تۈبىن تۇتتى سەدەفدەك گەۋھەرى.
سيمدىن يەتتى ئۇ ئافەت جانىغە،
تۈشتى يەغما مەخزەنى پىنھانىغە.
سيم يىغقانغە نەتىنجە بولدى بۇ،
سەن ئانىڭ سەۋداسىدىن ئىلكىڭنى يۇۋ،
مۇتلەق ئانىڭ سارى مەيل ئەتمە، يەنا،
كىم تەلاتۇمدا ئىرۇر بەھرى فەنا

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

دىدى بىر سايىلكى: «ئەي ئۇلۇۋى خىرام،
مەسكەنىڭدۇر بىر بەھىشتئاسا مەقام.
ھەر شەجەر ئاندا كىبىلىپ تۇبى مىسال،
ھەر تەرەف كەۋسەر كەبى رەۋشەن زىلال.
سۇيى رۇھئەفزا، ھەۋاسى جانفىزا،
سەھنىدە مەۋجۇد تەنپەرۋەر غىزا.
باغى جەننەتتەك فەراشدۇر ۋەسپىئە،
ئورتادا قەسرى بىنايىدۇر رەفىئە.
قەسر ئىچى نەققاشلىغدىن زەر نىگار،
تاشىدا زەنگارلىغ گەۋھەر نىگار.
قەسر ئارا بىر خىسرەۋىي ئارامگىر،
سۇرەتى خۇش، سيرەتى فەرمانپەزىر.
بۇيلە گۈلشەن ئىچرە مەنزىلدۇر ماڭا،
بۇيلە شەھنىڭ ۋەسلى ھاسىلدۇر ماڭا.
مەنسىز بىر دەم ئىرمەس ئانىڭ مەجلىسى،
تۈنۇ كۈن مەنمەن رەفىقۇ مۇنىسى.
بۇ تەرەبلەرنى قويۇپ، ئەيلەب ھەۋا،
ئىستەمەك سىمۇرغ بولغايمۇ رەۋا؟!»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دىدى ھۇدھۇد: «كەي خەيالىڭ بارچە ھىچ،
شەرھىدە بۇ قىلمۇ قالىڭ بارچە ھىچ.
گەرچە زىبا گۈلشەنۇ دىلكەشدۇرۇر،
كۆزگە سۇ بىرلە ھەۋاسى خوشدۇرۇر.
ئاندا تۇبىۋەش يىغاچلار جىلۋە ساز،
گۈللارى يۈز لەۋن بىرلە ئىشۋە ناز.
ھەم ۋەفاسىز كەلدى نەسرىنۇ گۈلى،
ھەم بەقاسىز سەرۋ بىرلە سۇنبۇلى.
چۈن بەھارىغە خەزان سالۇر شىكەست،
بولۇر ئول گۈللار ئارا تۇفراققە پەست.
قەسرىنى ھەم چەرخ چۈن دەۋران قىلۇر،
خەستە ئاشىق كۆڭلىدەك ۋەيران قىلۇر.
شاھىڭغە داغى جەفايى روزگار،
تەختە ئۆزرە تەختىدىن بىرۇر قەرار.
باغىڭغە گۈلچىھرەلەردەك يوق ۋەفا،
شاھىڭغە بەدمىھرلەردەك يوق بەقا.
سەندىن ئانداكىم دىسۇن خۇد، ئەي رەفىق،
بىر تىكەن بەرگىڭگە ئىرمەسسەن ھەرىف.
ئەر ئىسەڭ قافى بەقاغە ئەزم قىل،
ئەۋجىدە بىر شاھى ۋەسلى ئىزدەگىل.

كم بۇ گولشەنغە كەمال ئاندىن دۇرۇر،
هەم خەزانۇ هەم زەۋال ئاندىن دۇرۇر.
شەھغە زىيبۇ فەر جەمالدىن ئانىڭ،
ئۇزلۇ قەۋتى هەم جەلالدىن ئانىڭ.
قەسر ئاباد ئەيلەگەن هىكمەتى،
سوگرە ۋەيران، داغى قىلغان قۇدرەتى».

## بىر بەگگە خەيالاتى ۋە خەراباتى قەلەندەرنىڭ هېكايەتى

### بەر سەبىل تەمسىل

بىر قەلەندەر بار ئىدى مەبھۇتۇ دەڭ،
سۇبھۇ شام ئانىڭ غىمزاسى ئېردى بەڭ.
تەرك ئەھلىدەك نەمۇدارى ئانىڭ،
جۇزۋىدانىدەك لېكىن ئەسرارى ئانىڭ.
چۇن غىمزا يەپ ئۆزنى ئەيلەر ئېردى لال،
ئەيش ئاڭا قىلماق خەيالاتى مەھال.
تۇشتى كۆپرەك بىر كۇن ئول نافېئ غىمزا،
مۇندەفېئنى چەكتى بىر ۋەيران ئارا.
تەكيە سالدى بىر بۇزۇغ دىۋارغە،
سايىر ئولدى ئالەمى ئەسرارغە.
كۆردى ئۆزنى بىر بەزەم گۇلشەندە شاد،
تېگرەسىدە جەمئ ئەسبابى مۇراد.
مەسكەنى قەسرى بىناسى بەس قەۋي
زىبى ئانىڭ كارگاھى مەئنەۋى.
ئۆزى بىر تەخت ئۇستىدە جەمشىدۋەش،
يانىدە گۇلچېھرەئى خۇرشىدۋەش.
ئەيش ئېتىپ ئول خۇسرەۋى ئالي مەقام،
تاپىپ ئول گۇلچېھرەدىن هەر لەھزەكام.
بۇ خەيالات ئىچرە ئول كاشانەدە،
ياتمىش ئېردى گۇشەئى ۋەيرانەدە.
كىم بۇزۇغنىڭ گۇشەسىدىن بىر چەيان،
نىشى نەۋكىدە ئەجەل زەھرى ئەيان.
چەقتى ئول ۋەيران تەۋافىن مەيل ئېتىپ،
سانچار ئېردى نىش هەريانىدىن يېتىپ.
نۇشى لەبدىن كام ئالۇردا هەرزەكېش،
ئول چەياندىن ئېرنىگە سانچىلدى نىش.
قىچقىرىپ قوپتى قەلەندەر بىقەرار،
زاھىر ئەيلەپ ئىزتىرابۇ ئىزتىرار.
نې گۇلۇ گۇلشەن ئىدى، نې قەسرۇ تەخت.
نې يانىدا مەھۋەشى فېرۇز بەخت.
ئول خەيالاتى تاپىپ بارى خەلەل،
يەپ ۋە لېكىن ئېرنىگە نىشى ئەجەل.
بىلدى هەرنې قىلغانى ئېرمىش خەتا.
قىلمادى سۇدى پۇشايمانلىغ ئاڭا.
ساڭا هەم مۇتلەق هەم ئاندىن كەلدى هال،
يول دىماغىڭغە تاپىپ فاسىد خەيال.
چۇن ئەجەل تىغىن يەبان سەسكەنگەسەن،
غەفلەتىڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاسەن.
هەر نەچە قىلساڭ فىغانۇ زارلىغ،
قىلغۇسى يوق بىر سەرى موينى ئاسىغ.
ئاڭلاغۇڭكىم كىمدىن ئولمىش سەن يىراق،
قالغۇسى جانىڭ ئارا داغى فىراق.

## يەنە بىر قۇشنىڭ هۇدهۇددىن سۇئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي بىنەزىر،
ئەيلەمىش بىر ئىشق كۆڭلۈمنى ئەسىر.
كۆرمەسەم مەئشۇق رۇخسارىن دەمى،
تىيرەدۇر ئول دەم كۆزۈمگە ئالەمى،
بىر نەفەس ئانسىز قەرارىم يوق دۇرۇر.
دەردۇ غەمدە ئىختىيارىم يوق دۇرۇر.
ئارەزى ئەززارەسى كامىم مېنىڭ،
ۋەسلىدىن كۆڭلۈمدە ئارامىم مېنىڭ.

ئاندان ئانىڭ بىرلەدۇر ئۇلفەت ماڭا،
كىم ئېرۇر ئانسىز گۇمان شىددەت ماڭا.
قىلماسام لەھنىن زەمانى ئىستىماڭ،
جىسمدىن رۇھۇم قۇشى ئەيلەر ۋىداڭ.
كۆڭلۇم ئانىڭ فۇرقەتىنىڭ خەستەسى،
جانىم ئانىڭ ۋەسلىنىڭ ۋابەستەسى.
فۇرقەتىدىن جانىمە بىدادلار،
مۇرغى دىلغە تۈنۈ كۈن فەريادلار،
ئايرىلا ئالماسمەن ئاندىن بىر زەمان،
ئاندىن ئايرىلماق ھەمان، ئۆلمەك ھەمان.
ئايرىلىپ ئاندىن قايانى كەتكەمەن،
ئول سەنەم ئىشقىن نەچۈك تەرك ئەتكەمەن».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇد:«كەي ئىشىڭ سوزۇ گۇداز،
سالىبان كۆڭلۈڭگە ئوت ئىشقى مەجاز.
تۈشكەنىڭ ئىشقى ھەقىقەتدىن يىراق،
ئۆرتەگە كۆڭلۈڭ ئارا داغى فىراق.
ئەسلى يولدىن كۆڭلۈڭ ئەتكەن ئىجتىناب،
فەرئى سارى ئەزمىنى كۆرگەن سەۋاب.
چەشمەئى ھەيۋاندىن ئۆتكەن خۇشكى لەب،
تەركىدىن دەفئى ئەتەش قىلغان تەلەب.
دۇررى يەكتادىن قالىپ غافىل كۆڭۈل،
ژالە سارى ئەيلەگەن مايىل كۆڭۈل،
مېھرى خاۋەر يۈزىدىن قىلغاي ئۇدۇل،
شەمئو مەشئەل پەرتەۋىن ئەتكەن ۋۇسۇل.
سۇرەتى زاھىر بىلە تاپقان فەرىب،
تاپماغان مەئنى جەمالىدىن نەسىب.
ھۇسنى زاھىردا نې نەۋئ ئولغاي ئىشى،
يۈزدە بەلغەم بىرلە قان ئارايىشى.
يۈزنى ۋەسفىن دېدىڭ ھۇرى چىگىل،
بەلغەمۇ قاندىن ئىسە ئاقۇ قىزىل.
ھۇسنى زاھىرنىڭ ۋەفاسى يوقتۇرۇر،
ھەم سەباتۇ ھەم بەقاسى يوقتۇرۇر.
ئاشىقۇ شەيدا بولۇرغە ئەرزىمەس،
ئىشقىدىن رەسۋا بولۇرغە ئەرزىمەس.
كىم ئاڭا باقى ئەمەستۇر خۇبلۇق،
ئارىيەتدۇر شەكلىدىن مەرغۇبلۇق.
گەر بۇ كۈندۇر خۇب، تاڭلا خۇب ئەمەس،
خۇبكىم بۇ نەۋئىدۇر، مەرغۇب ئەمەس.
ئانى سۆيكىم، ھۇسنى بولغاي بەركەمال،
بولماغاي مۇمكىن قۇياشىغە زەۋال.
يۈز تۈمەنىڭ سەندەك ئولسە ئاشىقى،
بولماغاي ئاشىقلىقىنىڭ لايىقى.
بەرسەلەر ئىشق ئەھلى يۈز جان ھەربىرى،
ھۇسنى يۈز مىڭ مۇنچەغە قىلغاي گەرى»

## ئەرەستۇ ھەكىم ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

بار ئىدى شەخسى ئەرەستۇغە مۇرىد،
ھەلقەئى دەرسىدە ئول ئېردى مۇفىد.
ئەيلەبان ئانى ھەكىمى ئەرجۇمەند،
جۇملەئى شاگىردلەر ئىچرە دىلپەسەند.
ئاڭا مەخفى ئىلمىلەرنى ئايتىبان،
تىفل ئىكەندىن ئالىدا ئولغاي بەيان.
تۈت. يۈز ھىكمەت ئەھلىدىندۇر ئەئلەم ئول
بارچەدىن ئارتۇق، ئەرەستۇدىن كىم ئول.
كۆڭلىدە مۇنداغ خەيال ئەيلەب ھەكىم،
كىم سىكەندەرگە ئانى قىلغاي نەدىم.
كىم ئۆزى بىر سارى گەر قىلسە خىرام،
بولغاي ئول فەرزەندىدەك قايىم مەقام.
ھىكمەت ئىچرە نۇكتەئى مەۋزۇن بىلە،
سۆز دېگەي مەجلىسدە ئەفلاتۇن بىلە.

بارۇر ئېردى يول بىلە بىر قاتلا ئول،
ئۇردى كۆڭلىگە بىراۋنىڭ ئىشقى يول.
كۇفر دەيرىدىن چىقىپ مەھپەيكەرى،
كافىرى سەڭگىن دىلى سىيمىن بەرى
ناز ئىلە يۈز دىنىنى يەغما قىلغۇچى،
ھىكمەت ئەھلىن زارۇ شەيدا قىلغۇچى.
ئول ھەكىم ئولغاچ گىرىفتارى ئانىڭ،
كۆڭلىنى كۆردى ئەجەب زارى ئانىڭ.
باغلاپ ئانىڭ ۋەسلىغە يەتمەككە بەل،
سەئيىلەر ئەيلەب ئاراغە سالدى ئەل.
تاكى كۆپ خەرج ئەيلەبان ئەجناسۇ نەقد،
رام ئېتىب ئول دىلرەبانى قىلدى ئەقد.
ئەمدىكىم ئول بۇت ۋىسالى بەردى دەست،
كۇفرى ئەھلى يەڭلىغ ئولدى بۇتپەرەست.
كېچەيۇ كۈندۈز كۆز ئاندىن ئالمايىن،
ۋالە بولدى سەفھەغە كۆز سالمايىن.
بولدى ئول مەھۋەشقە ئانداغ شىفتە،
كىم سەبەق بەھسىدىن ئولدى كىفتە.
ئەيلەبان ئۇستاد ئانىڭ نەززارەسى،
دېدى: «ئەيلەي پەند بىرلە چارەسى.»
بەردى ئېستەب كۆپ نەسىھەت بىرلە پەند،
بولمادى پەند ئول بەلاغە سۇدمەند.
كۆردى ئىلمۇ ھىكمەتى زايىئ بولۇر،
نەچچە يىللىق مېھنەتى زا يىئ بولۇر.
نەچچە فىكر ئەتتى ھەكىمى بىنەزىر،
كۆرمەدى ئول ئىش دەۋاسىدىن گۇزىر.
مەخفى ئاندىن ئۆزنى تۇتتى چارەغە،
بەردى مۇھلىك دارۇئى مەھپارەغە.
كىم يىقىلدى ئاھۇ ئەفغان تارتىبان،
دەم ـ بەدەم ئول ناتەۋانلىغ ئارتىبان.
چارەلەر قىلدى يىگىت ـ سۇد ئەتمەدى،
ئول سەنەمدىن ناتەۋانلىغ كەتمەدى.
ئاجىز ئولغاچ چارەدىن ئول دەردمەند،
كەلدى ئۇستاد ئالىغە زارۇ نەجەند.
باش قويىي سالىب مەلامەتلەر بىلە،
شەرھى ھال ئەتتى خىجالەتلەر بىلە.
كۆردى چۈن ئۇستاد ئانداق ئېھتىياج
كەلدىكىم بىمارغە قىلغاي ئىلاج.
دېدىكىم: «قوپ، سەن بۇ كۈن خىزمەتكە بار،
تۇر سىكەندەر خىزمەتىدە بەندەۋار.
مەن مۇداۋا ئەيلەيىن بىمارىڭە،
يەتكۈرەي سىھھەت پەرىۋەش يارىڭە».
ئول قەبۇل ئەيلەپ رەۋانى تۇتتى يول،
سۇندى ئۇستادى ئىلاج ئەيلەرگە قول.
مۇسھىلى ساز ئەتتى بەھەد زۇرمەند،
بەردىكىم ئانى سۇمۇردى مۇستەمەند.
دېدى مەھرەملەرغە كىم: «ۋاقىف تۇرۇڭ،
تەشت ئېلىتىپ ئول ئىشىكدە ئولتۇرۇڭ.
ھەر نەكىم خارىج بولۇر، توكمەڭ ئانى،
بىر ئىدىنا ئېچرە سالىب ئاسراڭ ئانى».
چىققاچ ئايتىپ سۆزلەر ئول ئالىي مەھەل،
قىلدى مۇسھىل داغى بۇنيادى ئەمەل.
قىلدى يۈز مۇسھىلچە ئىخراجى مىداد،
ئولتۇرۇپ ئېردى ئىشىكدە ئۇستاد.
خەستەنىڭ تابۇ تەۋانى قالمادى،
جىسمىدە بىر قەترە قانى قالمادى.
بەلغەمۇ سەفراۋۇ سەۋدا بىرلە قان،
دەفئ ئولۇپ، بولدى سۇمەنبەر ناتەۋان.
كەچقۇرۇن قىلغاچ يىگىت ئەزمى ۋىساق،
دېدى داناكىم: «كىرىپ يارىڭغە، باق!»
كىرگەچ، ئىستەر ئېردى شۇخلى دىلكەشى،
كۆردىكىم ياتمىش كەرىھۇ ناخۇشى
تانىماي دېدى: «مېنىڭ يارىم قانى،
سەرۋ بويلۇغ لالە رۇخسارىم قانى؟»
ئىششىپ كىردى ھەكىمى كاردان،
ئەقلى كۈلدەك ئالىمى بىسياردان.
دېدى: «تاپشۇرغان ئىدانى كەلتۈرۈڭ،
نازەنىننى ئاشىقىغە يەتكۈرۈڭ».
بارىبان كەلتۈردىلەر چۈن زەرفنى،
كىم ئىشىتمىشدۇر بۇ يەڭلىغ ھەرفنى.

مۇختەلىف ئەخلات ئىلە مەملۇ ئىدى،
مۇھلىكۇ مەكرۇھ لەۋنى بۇ ئىدى.
دېدى: «ئالغىلىكىم پەرىزادلىق بۇدۇر،
كۆل جەبىنلىك سەرۋى ئازادلىق بۇدۇر.
بۇنۇر ئولكىم مۇبتەلا بولمىش ئىدىلىق،
ئاشىقۇ ۋالە مۇڭا بولمىش ئىدىلىق».
ئول يىگىت ئۇستادىدىن بولدى خىجىل،
كۆرگەچ ئۇستاد مۇھمەھملۇ مۇزمەھمىل.
دېدى: «ئەي فەرزەند، كۆردۈم ئېھتىياج،
يوق ئاڭا، بەلكىم ساڭا قىلدىم ئىلاج.
سەن داغى ئاشىق سەنۇ مەھبۇبۇڭ ئول،
زارۇ شەيدا ئەيلەگەن مەتلۇبۇڭ ئول.
بۇيلە ئاشىقلىقدىن، ئەي ئالۇدە زات،
پاك ئىشق ئەھلى قاشىندادۇر ئۇيات!»

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يانە بىر سايىل دېدى تارتىپ فىغان:
«كەي، سەن ئولغان ۋاقىفى سىررى نىھان.
يولدا جانىمگە ئۆلۈمدىن بىم ئېرۇر،
جان بۇرۇن مەنزىلدە ـ ئۇق تەسلىم ئېرۇر.
خەۋف مۇستەۋلىدۇمەن بىھەت زەئىف،
بۇيلە يولغە نەيلەپ ئولغايمەن ھەرىف؟»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي، نەھىفى خەستە دىل،
نېچە قالغۇڭ ئالەم ئىچرە، فىكر قىل.
كىمكى كەلدى، ئاقىبەت بارغۇسىدۇر،
كۆكسىنى تىغى ئەجەل يارغۇسىدۇر.
زى ھەيات ئۆلمەك ئۈچۈندۇر ئاقىبەت،
بويلە تەھقىق ئەتتى ئەھلى مەئرىفەت.
يوقكى ئارىف كىمكى يوقتۇر ئۇيلە كۆل،
بۇ مۇھەققەق ئەمردىن غافىلدۇر ئول.
مىڭ يىل ئولساڭ دەھر ئارا يا بىر زەمان،
كىم ئەجەل ئاخىر ساكا بەرمەس ئەمان.
ئەنبىيا بۇ ۋەرتەغە بولمىش ئەسىر،
ئەۋلىياغە بۇ يۈرۈشدىن يوق گۈزىر.
ۋەھم قىلماقدىن قۇتۇلماق يوقتۇرۇر،
قايغۇرۇپ ئازاد بولماق يوقتۇرۇر.
ھەم قىلۇر تىغى ئەجەل جەللادلىغ،
رىشۋە بەرمەك بىرلە يوق ئازادلىغ.
يىغلاماق بىرلەۋۇ يالبارماق بىلە،
چارە يوقتۇر جۇز بۇ يول بارماق بىلە.
زاھىدۇ فاسىق بىلە شاھۇ گەدا،
قىلمايىن بولماس بۇ يول قەتئىن ئەدا.
قورقماقدىنكىم ساڭا يوق فايىدە،
غەيرى كۆرمەكلىك ھەم ئول دەم زايىدە.
ھېچ نەۋئ ئولماس چۇ ئۆلمەكدىن گۈزىر،
ئەۋلا ئولكىم، بولغاسەن فەرمانپەزىر».

## ھەررەتى سۇلەيمان نەبى سەلەۋاتۇللاھ ئەلەيھى ھىكايەتلەرى
## بەرسەبىل تەمسىل

نەقىلدۇركىم، نەۋجى رىفئەت كەۋكەبى،
مەھتەرى ئەئزەم سۇلەيمانى نەبى؛
بىر كۈن ئېردى تەخت ئۆزە ئارامگىر،
ئالىدا دېۋۇ پەرى فەرمانپەزىر.

جىنىۇ مەخلۇقات ئىنسۇ ۋەھشۇ تەير،
كۆرمەي ئانىڭ خىزمەتىدە ئۆزنى غەير.
نافىر ئول بارىغە فەرمانى ئانىڭ،
ئام مەجمۇئىغە ئېھسانى ئانىڭ.
تۇرمىش ئېردى ئالىدا بىر ئەھلى ھۇش،
ھۇش ئانى ئەيلەپ تەفەككۇردىن خەمۇش.
بۇيلە ھالەتدە يېتىشتى بىر مەلەك،
قابىزۇل-ئەرۋاھۇ جەللادى فەلەك.
قىلدى پەيغەمبەرغە تەئزىمۇ سەلام،
سوڭرە ئەرز ئەتتىكى: «ئەي فەخرى كەرام!
ئەسرۇ مەخفىيدۇر ئىلاھى ھىكمەتى،
كىم ئېرۇر ئاندا خىرەدنىڭ ھەيرەتى.
بۇ ئەزىزىكىم قاشىڭدا بۇ زەمان
تۇرمىش، ئۆلمەكدىن ئاڭا يوقتۇر گۇمان.
ئۇمرىغە تولمىش ئەجەل پەيمانەسى،
ھۇكم يەتمىشكىم، بولۇپ ھەمخانەسى —
ھەم بۇ سائەت قەتل ئىدىن سالغامەن،
ھىند ئىقلىمىدە جانىن ئالغامەن.
ئۇشبۇ ئىشدە غالىب ئولمىش ھەيرەتىم،
دەم بەدەم ئارتار ئۆزۈمگە ۋەھشەتىم».
ئول بۇ مەئنىدە تەكەللۇم دەپ رەۋان،
كىم نەبى ئالىدە تۇرغان ناتەۋان.
كەلدى يەر ئۆپتىيۇ تۆكتى بەس نىياز،
سوڭرە ئايتتى: «يا رەسۇلى سەرفەراز!
بۇ كۇن ئۆز ھالىمغە ھەيرانمەن بەسى،
مەرگ ۋەھمىدىن پەرىشانمەن بەسى.
چارە قىلغىل بولمايىن بۇ مۇلك ئارا،
كىم كۆزۈمنى ۋەھم ئەيلەپدۇر قارا.
يەلگە ئەمر ئەتتى سۇلەيمان ئول نەفەس
كىم: «ئانى ئېلت ئانداكىم قىلمىش ھەۋەس!
قايسى يەردەكىم دېسە، بەگىل قەرار،
دەفئ قىل كۆڭلىدىن ئانىڭ ئىزتىرار».
يەل ئانى ئېلتىپ ئۇچۇردى تۇندۇ تېز،
بارى ئەئزاسىغە سالىپ رۇستەخىز.
كىم ئىشارەت قىلدى ھىندۇستان سارى،
ئاندا يەتكەچ، ئۆتمەدى ھەرگىز نارى.
دېدى: «بۇ يەردە ماڭا ئارام بەر،
كىم ئېرۇر بولماققا مەتلۇبىم بۇ يەر»
تۈشتى راكىب، باردى رەخشى تېزۇ نەك،
ئۆزى يەتكۇردى بۇ ھالەتدە مەلەك.
تەگرى سۇئىمغە دەبان كۆپ ئافەرىن،
ئانى ھەم قىلدى يانالارغە قەرىن.
يەل بىلە ھەمرەھلىك ئەتسە گەر كىشى،
رۇھ قەبزى كەلدى ئەزرائىل ئىشى».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي پاك زاد،
جۇملەئى ئۇمرۇمدە كۆرمەيمەن مۇراد.
دائىما ئېلتىپ مېنى غەم سەر-بەسەر،
شادلىغدىن مەندە يوق ئېرمىش ئەسەر.
يول بارۇردا خاتىرى خۇررەم كېرەك،
دەھر رەنجىدىن مەلالەت كەم كېرەك.
چۇن مېنى غەم پەرۋەر ئەتمىش روزگار،
ھەر زەمان بىر غەم بىلە جانىم فىگار.
نى كۆڭۈل خۇشلۇغ بىلە يول قەتئ ئېتەي،
كۆڭلى خۇشلار قايدا، مەن شول يان كېتەي».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي نەژەندۇ غەمسىرىشت،
زاتىڭە غەمدىن بەھانە سەرنەۋىشت.
بۇيلە ۋادى قەتئىدە بىئىشتىباھ،
غەمنى ئەتمىشلەر ئەرەنلەر زادى راھ

يول غەمى كەلمىش ئەرەنلەرنىڭ ئىشى،
يولدا غەمسىزنى كىشى دېمەس كىشى.
غەمدىن ئەيلەرلەر ئەرەنلەر شادلىغ،
بۇ مۇقەييەدلىغدۇرۇر ئازادلىغ.
غەم يېرىدۇر مېھنەت ئابادى جەھان،
ئاندا بۇ نەۋئ ئەلگە بىر غەمدۇر ئەيان.
ئالەم ئەھلى كۆڭلىدە ئالەم غەمى،
خود نېدۇر كۆپرەك بەنى ئادەم غەمى،
لېك ئۇلاركىم كەلدىلەر ئەھلى يەقىن،
يول غەمىدىن كەلدىلەر دائىم ھەزىن.
كىمسەگە ئەۋۋەلغى غەم مەرغۇب ئېرۇر،
ئادەمىدىن سوڭغى غەم مەتلۇب ئېرۇر.
گەر بۇرۇنقىدىن ئېمەك زادۇ نەژەند،
يولدىن ئۆزنى شاد قىل، ئەي مۇستەمەند.
سوڭغىدىن غەمكىن ئېمەك قىل شادلىغ،
كىم كۆڭۈل ئاندىن تاپار ئازادلىغ.
غەمدىن ئەيلەر شادلىغ ئەھلى ۋىداد،
بار ئۇلارغە نامۇراد ئولماق مۇراد.
يول غەمىدۇر كىمسەگە مەقسۇد ئۈچۈن،
كىم يەر ئول غەمنى كۆڭۈل بېھبۇد ئۈچۈن.
ئانداكىم يوقتۇر بۇ غەم، ئەر ئېرمەس ئول،
زاد غەمدىن تاپتى قەتئ ئەتكەن بۇ يول».

## بىر ئالىي ھىممەت ھىكايەتى بەر سەبىل تەمسىل

مىرزە بار ئىدى ئالىي ھىممەتى،
ئالەمى مەئنىدە ساھىب دەۋلەتى.
ئىشرەت ئەسبابى بارى تەييار ئاڭا،
نې خەيال ئەتمەك يۈز ئول مىقدار ئاڭا.
جەننەت ئاسا قەسر ئىچىندە مەنزىلى،
ھۇرۋەش مەنزۇر ئاڭا ھەم مەھمەلى
لېك ئول ئالىي سىفاتۇ پاك زات،
بار ئىدى ئول بار چەغە بى ئىلتىفات.
دەردۇ غەم ئېردى ئاڭا يارۇ نەدىم،
ھەجر زىنداندا يۇسۇفدەك مۇقىم.
دېدىلەر: «كەي كۆڭلۈڭ ئەندۇھ بىرلە جۇفت،
بىزگە رەۋشەن ئەيلە بۇ زارۇ نۇھۇفت.
كىم مۇھەييا ئېردى ئەسبابى نەشات،
كىم كۆڭۈلگە بولغاي ئاندىن ئىنبىسات.
خاتىرىڭ نېچۈن دەمى خۇررەم ئەمەس،
غەمدىن ئۆزگە ھېچ نېمە ھەمدەم ئەمەس؟»
دېدى: «يول ئەھلىغە زىنداندۇر جەھان،
نېگە كىم مەتلۇبى كۆزلەرگە نىھان.
ئىش بۇدۇركىم ئەيلەگەي قەتئ ئۇشبۇ يول،
كۆڭلىنىڭ مەتلۇبىغە يەتكۈنچە ئول.
كىمسە زىنداندا قاچان خۇررەم بولۇر،
بەيتۇل-ئەھزاندا يېتىپ بىغەم بولۇر.
مەنكى ياردىن ئايرىلىپ دەرماندەمەن،
گەر ئېرەم باغىدە مەن، زىنداندەمەن.
بولغۇنچە ۋەسلى گۈلزارىغە خاس،
بولغۇم غەم خارخارىدىن خەلاس».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي بىنەزىر،
مەن ئانىڭ ئەمرىغەكىم فەرمانپەزىر.
مەن مۇتىئ ئەمرى بىلە فەرمانىغە،
يوق مۇقەييەد قەھر ئىلە ئېھسانىغە،
ھەرنە ئەمر ئەتسە، تاپار مەندىن ھەم ئول،
ئول بىلۇردە ئەيلەسە ياخود قەبۇل.
نې بۇيۇرسە ئول ئىشىمدا يازۇ-قىش،
يوق ماڭا رەددى قەبۇلى بىرلە ئىش.
ئەمرىگە ھەردەم ئىتائەتدۇر ماڭا،
چۇن ئەدا قىلسام سەئادەتدۇر ماڭا».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «خۇب سۆزدۇر بۇ سۆزۈڭ،
خوبراقىم، دىمەدىڭ ئانى ئۆزۈڭ.
كېمەسەگە بو يولدە ھەيىي لايەزال،
بۇ تەرىق ئىچرە نەسىب ئەتمىش كەمال.
كىم ئانىڭ فەرمانىغە بولدى مۇتېئ،
كەلدى بۇ يولدا ئانىڭ جايى رەفېئ.
ئەمردە چەككەن بويول مەردۇد ئېرۇر،
غەيرىدىن ئۆزمەي كۆڭۈل مەترۇد ئېرۇر.
نە ھۇمايۇنفال مۇقبىل بەندەدۇر،
كىم ئانىڭ فەرمانىغە ئەفكەندەدۇر.
ئەمرىغە تائەت ئېرۇر كامى ئانىڭ،
يوق، بۇ ئىشسىز بىردەم ئارامى ئانىڭ.
لېك ھەرنېچە ئىتائەت ئەيلەسە،
ئەمرۇ ھۆكمى بىرلە تائەت ئەيلەسە.
بۇئىشى بىرلە مۇباھات ئەيلەمەس،
كىبرنى جانىغە ئافات ئەيلەمەس.
تائەت ئەتسە ئارزۇ كۆپ ئېردى كەچ.
بارۇ ھەم يوقى ئېرۇر ئالىدە ھېچ.
بولماسا مەقبۇل كىردارى ئانىڭ،
بەلكى يوق تەڭ بولسە دەۋۋارى ئانىڭ.
قىلماسە ئۆزنى تەماخوردىن ئەزىز،
تائەتىغە كۆرسە قىيمەت بىر پەشىز.
ئولدۇرۇر كويى سەئادەت ئەيلەگەن،
نەفئى تەقۋايۇ ئىبادەت ئەيلەگەن.
بەر يىمگە ندۇرتائەتۇ تەقۋىسىدىن،
بەھرەۋەر بولغان چۇ ئىش مەئنىسىدىن».

## ئىبلىس لەئىننىڭ نافەرمانلىغى ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

«تەڭرى ئادەمنى ياراتماسدىن بۇرۇن،
رۇھ شەمئىن تەنگە ياقماسدىن بۇرۇن.
كىم مەلائىك خەيلىگە ئېردى ھۇجۇم،
تائەتۇ تەقۋىيۇ ئادابۇ رۇسۇم.
بارىغە سەرۋەر ئەزازىل ئېردى بەس،
مۇشكىلاتۇ ئەقدلەرغە چارە رەس.
نەچچە مىڭ يىل ئۇيلە تائەت ئەيلەدى،
تەڭرى ئەمرىغە ئىتائەت ئەيلەدى.
كىم ئېرۇر ۋەسفىدە ئانىڭ نۇتق لال،
ئەقل ئالىندا ئېرۇر ئەمرى مەھال.
نەقل مۇنداقدۇركى، سەتۋى خاكدا،
يانا بۇ ئالىي توقۇز ئەفلاكدا.
قالمامىشدۇر سەجدە قىلغۇنچە مەكان،
كىم يۈز ئاندا قويمامىش ئول ناتەۋان.
تەڭرى چۇن ئادەمنى مەخلۇق ئەيلەدى،
ئۆزنى ئاشىق، ئانى مەئشۇق ئەيلەدى،
ئەمر قىلدىكىم مەلائىك سەر بەسەر،
سەجدە قىلسۇنكىم، بۇدۇر-خەيرۇلبەشەر.
چۇن مەلائىككە بۇ ئەمر ئەتتى ئىلاھ
قىلدىلار ئادەم جەنابىن سەجدەگاھ.
ئول نەچە مىڭ يىل ئىبادەت ئەيلەگەن،
ئەمرىگە تەقۋايۇ تائەت ئەيلەگەن.
چۇن غۇرۇر ئەتتى ئىشىگە ئاشكار،
خەيل ئارارەد قىلدى ئانى كىردىگار.
كۆڭلىدىن ئالدى ئىبادەت زەۋقىنى،
سالدىلەر بويىنىغە لەئنەت تەۋقىنى.
نەچچە مىڭ يىل بولدىكىم مەردۇد ئېرۇر،
نەچچە مىڭ يىللىق ئىشى نابۇد ئېرۇر.
ئاگلاكىم، بۇ يولدا قىلمايدۇر ئىلاھ
ئۆزنى كۆرمەكلىكدىن ئارتۇغراق گۇناھ.
ئۆزنى كۆرمەك تائەتىن كۆرمەكدىرۇر،
قىلغانىن كۆڭلىگە كەلتۈرمەكدۇرۇر».

## بىر قۇشنىڭ سۇئالى ھۇدھۇددىن

يەنە بىر سايىل دېدى: «كەي سەرفەراز،
كىمكى بولسە ھەق يولىدا پاك باز.
نەفئى ئانىڭ نې ئىكەن ئىزھار قىل،
چۈن ماڭا مۇبەھەمدۇرۇر شەرھ ئەيلەگىل.
كىم بۇ يولدا مەن ئېرۇرمەن پاك باز،
يار يادىدىن توكۇپ ئەشكۇ نىياز».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ ئىش دىشۋار ئېرۇر،
سەھل ئېتەر تەڭرى ئاڭاكىم يار ئېرۇر.
تاپسە ھەر دەۋلەتنى بۇ ئالىي نىھاد،
مۇندىن ئارتۇق يوقتۇرۇر بۇ يولدا زاد.
يەئنى بۇ يول زادىدۇر بىزادلىغ،
زادۇ تۇشە قەيدىدىن ئازادلىغ.
لېك ئانىڭ شەرتى بۇكىم راھ رو،
ھەر نېكىم بارو يوقىنى جو-بەجو.
تائەتۇ فىسقۇ زىيانۇ سۇدىنى،
ھەق يولىندا بۇد ئىلە نابۇدىنى.
جەمئ ئېتىپ سالغان فەنا ئوتىغە پاك،
كۆيدۇرۇپ كۈل ئەيلەپ ئۆزنى زەۋقناك.
كۈلنى ساۋۇرغان ھەۋاغە سەر-بەسەر،
ئول سىفەتكىم قالماغاي ئاندىن ئەسەر.
سوڭرە كۆڭلىگە سالىپ ئاقغان يېلى،
ئول چەمەنغە ئەستۇرۇپ بوستان يېلى.
قىلغانىن مۇتلەق چىقارغاي كۆڭلىدىن،
ھەرنە قىلمىش ئېردى بارغاي كۆڭلىدىن.
چۈن ۋۇجۇدىن بۇ سىفەت قىلغاي ئەدەم،
سوڭرە بۇ يول ئەزمىغە ئۇرغاي قەدەم.
ئولكى دەرلەركىم سۇلۇك ئەھلىغە يول،
بەرقەدەمدۇر ياخشى ۋاقىف بولسە ئول.
ئول قەدەمدۇر بۇكى يوقۇ بارىنى،
ئۆرتەگەيكىم قويماغاي ئاسارىنى.
بۇ قەدەم قويغاچ يېتەر مەتلۇبىغە،
ھەجر بارىپ قاۋۇشۇر مەھبۇبىغە».

## ھەزرەتى سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

ئولكى بۇ يولدا ئىشى تەسلىم ئىدى،
ئىبنى ئەدھەم شاھ ئىبراھىم ئىدى.
ھەق يولىدا مۇرشىدى دىن ئېردى ئول،
پاكبازۇ پاك ئايىن ئېردى ئول.
ھەم بۇ يولدا مۇلكۇ تەختۇ كىشۋەرىن،
ئويىنادى تاشلاپ باشىدىن ئەفسەرىن.
ژەندە كىيدى كۆرگۈزۈپ يۈز مىڭ نىياز،
يولغ، كىردى شاھى رىندۇ پاكباز.
بەلخدىن ئەزمى نىشاپۇر ئەيلەدى،
ئانى ۋەيران، مۇنى مەئمۇر ئەيلەدى.
بۇ مەكان بولدى چۇ ئول گەۋھەرغە كان،
يەتتە يىل بىر تاغ ئارا قىلدى مەكان.
ئاندا سۇلتان سايىمۇد-دەھر ئېردى كۈن،
ئول سىفەتكىم قايىمۇل-لەيل ئېردى تۈن
جەمئ ئېتىپ ۋادىدا كۈندۈز خەسۇ خار،
بىر قۇچاق باغلار ئىدى مەردانەۋار.
ئېگنىگە باغلاپ بارىپ بازارغە،
ساتار ئېردى شام ئۇچۇن ئىفتارغە.
بەس رىيازەتدىن ھەلال ئولمىش ئىدى،
جىسمىدى ئول يەڭلىغكى نال ئولمىش ئىدى.

بىر كۈن ئېگىندە ئۈتۈن، جىمىمدە رەنج،
شەھرغە بارۇر ئىدى ئۇل كانى گەنج.
تۈشتىلەر بۇ يولغە، ئەقتابى زەمان،
قىلغالى ئانىڭ سۈلۈكىن ئىمتىھان.
ئۇردى بىر يۇمرۇق بىرى بويىنغە، رۇست،
دېدى ئۇل فەقرۇ فەنا تەۋرىدە چۇست.
«كىم ئانى سەنىكىم تىلەرسەن قالدى ئۇل،
بەلكىدىن مەن بۇ تەرەف تاپقاندا يول»
دېدىلاركىم: «ناتەمام ئېرمىش ھەنۇز،
بۇ ئۈتۈن ئاستىدا خام ئېرمىش ھەنۇز.
بەلكى ئانىڭ چىقماپدۇر ئېرمىش يادىدىن،
يادىدىن بەل خاتىرى ناشادىدىن.
نەچچە يىل چەكسە بۇ يەگلىغ رەنجۇ دەرد،
مۈلكى ئانىڭ يادىدىن كۆڭلىگە فەرد.
يىللار ئۆتۈپ يانە ئىككى-ئۈچ ھەرىف،
تاپتىلاركىم، بارۇر ئېردى ئۇل زەئىف.
يانە بىر مۇشت ئىمتىيانغە، ئۇردىلەر،
ئازمۇن شەرتىن بەجا كەلتۈردىلەر.
چىقمادى بۇ قەتلە سۈلتاندىن نەفەس،
مۇمتەھەنلەر بولدىلار فەرياد رەس.
دېدىلەر تاپىپ ئۇل ئايىن بىرلە كام:
«كىم سۈلۈك ئەمرە ئىشى بولمىش تەمام».
شۈكرلەر بۇ ئىشدا ئىفشار ئەتتىلەر،
ئۆزنى سۈلتانغە پەيدار ئەتتىلەر.
بىر-بىرىگە ھەمدەمۇ دەمساز ئولۇپ،
كەئبە ئەزمى قىلدىلار ھەمراز ئولۇپ.
شەھغە ئاندىن سوگرە ئەتتى شاھلىغ،
راھرەۋلەردىن يېتىپ ئاگاھلىغ.
غەيرى يادى كۆگلىدە تا بار ئىدى،
پەردە يەگلىغ مانىئى ئەسرار ئىدى.
كۆگلىدىن تا غەير زايىل بولدى ئۇل،
پەردە قوپغاچ پىشەگەھدە تاپتى يول.
بۇ فەناغە كىمكى تاپتى دەستىرەس،
ئانى دەرلەر پاكباز، ئەي بۇلھەۋەس.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «ئەي ھۇشىمەند،
مەندە باردۇر ھىممەتى بىھەد بەلەند.
گەر بىيىك ھىممەتنىڭ ئەلگە نەفئى بار،
ماگا نەفئ ئولماق كېرەكدۇر ئاشكار.
مەن زەئىفغۇ ھىممەتىم ئەسرۇ قەۋىي،
سۆز بۇ مەئنىدە نې ئايتۇر مەئنەۋىي.

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئۇل قۇشقە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ دەئۋىڭ بولسە خۇب،
تاپغۇڭ ئاندىن ئۇشبۇ يولدا نەفئ كۆپ.
پەست ئەلنىڭ گەر بىيىكدۇر ھىممەتى،
بار ئانىڭ خوردىدا ئىززۇ رىفئەتى،
گەۋھەر بولدۇر-ھىممەتۇ ئادەم-سەدەف،
بۇ سەدەفغە ئۇل گۇھەردىندۇر شەرەف.
ھىممەت ئولسە مەسنەدى جاھ ئولماسۇن،
مۈلكۇ مالى ئانچە دىلخاھ ئولماسۇن.
كىم قويۇپدۇر نەقددىن پىرايەسى،
بىلكى، ھىممەت بەسدۇرۇر سەرمايەسى.
كىمسەگە ھېچ ئىشكە گەر يەتمەس ئىلىك،
باك يوق گەر ھىممەتى بولسە بىيىك.
ئەرگە ھىممەتدىن بېرۇر يۈز ئېتىبار،
جاھۇ مۈلكۇ گەنجنىڭ نې دەخلى بار.
مال ئولۇپ گەر، يوق كىشىنىڭ ھىممەتى،
ئەھلى مەئنى ئالدا يوق ئىززەتى.
كىمگە بولغاي ھىممەتى ئالي ئاگا،
بەر بېرۇر رەھمەتنىڭ ئىقبالى ئاگا.

شەھغە ھىممەت پەست ئەگەر بەردى خۇدا،
خۇشراق ئاندىن ھىممەتى ئالىي گەدا.
پادىشەھكىم بولسە ھىممەت ئىچرە پەست،
كەلدى ھىممەتلىك گەدادىن زىرى دەست.
ئادەمىنىڭ زىيىبى ھىممەتدىندۇرۇر،
نەفسىنىڭ تەئدىبى ھىممەتدىندۇرۇر.
پەست ھىممەت گەر تاپار بەختى بەلەند،
مۇدبىرى كوھىمدەك ئىرمەس ئەرجۇمەند.
ملك ئەدەد قوي بىرلەكىم مەزدۇر شەبان،
مۇزد ئالىپ قويلارغە بولمىش پاسبان.
چۇن بۆرىدىن قويغە يەتسە تۇمتەراق،
ئول شەباندىن ئاندا بىرئىت ياخشىراق.
ھىچ گەنجى بارۇ يوق ھىممەت ئاڭا،
بۇ شەبان قويغەدۇرۇر نىسبەت ئاڭا.
گەنجغە ئول بىر نىگەھبان پىش ئەمەس،
ئۆيلەكىم ئول قويغە چوپان پىش ئەمەس.
رىندۇ ساھىب ھىممەت ئاندا چۇن يىتەر،
ئول سۇرۇكنى بىر گەداغە بەزل ئىتەر.
رىندغە ھىممەت بىلە بولسە كەرەم،
نەقدى ئەنجۇمدۇر ئاڭا چەرخى دىرەم».

## ھەزرەتى شەيخ ئەھمەد زىندەفىل جام رەھمەتۇللاھ
## ئەھيىي، ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

بۇيلە سۆز مەنقۇل ئىرۇر ئەخبار ئارا،
ھىممەت ئەھلى ھالىدىن ئاسار ئارا.
كىم قىيامەتكىم ئىرۇر يەۋمۇن-نۇشۇر،
ئاندا ھەركىم قەبرىدىن ئەيلەپ زۇھۇر،
زاھىدۇ فاسىق، گەداۋۇ مۇھتەشەم،
ئەرسەئى مەھشەر ئارا قويغاي قەدەم.
شەيخ جام ئول مۇرشىدى ئالىي مەقام،
زىندە فىلى مەستدەك ئەيلەپ خىرام.
دەۋزەخ ئەھلى سارى چۇن قىلغاي گۇزەر،
سالىبان ھىممەت كۆزى بىرلەن نەزەر.
كۆرگەچ ئاندا ئەلگە گۇنا-گۇن ئەزاب،
ھىممەتى بەھرىغە تۇشكەي ئىزتىراب.
تەڭرىگە ئىزھار ھاجات ئەيلەگەي،
بۇيلە ئايىنى مۇناجات ئەيلەگەي:
«كىم ئىلاھى ئەھلى دەۋزەخنى تەمام،
ھەرنى بولغاي شەيخ شابۇ خاسۇ ئام.
بارچەنىڭ قىلغان گۇناھىن ئەفۋ قىل،
يارلىقاب، لۇتف ئەيلەپ ئازاد ئەيلەگىل.
ساڭا بۇ لۇتفۇ كەرەم ئاسان ئىرۇر،
بۇ ئۇلۇس بارۇ يوقى يەكسان ئىرۇر.
گەر مۇڭا رازى ئەمەسسەن، بەر ماڭا،
ئۆيلە جىسمىكىم تەمۇغ بولغاي تولا.
گەر ساڭا بولسە ئەزاب ئەتمەك غەرەز،
مەن بولاي بۇ ناتەۋانلارغە ئەۋەز».
رىندۇ ساھىب ھىممەتى ئالىيجەناب،
چۇن شەفائەتدە بۇ نەۋئ ئەتكەي خىتاب.
بۇ سىفەتكىم زاھىر ئولغاي كۆششى،
ئاڭا لايىق ھەقدىن ئولغاي بەخششى.
چۇن ھۇمايۇن ھىممەتى ئاچقاي قەنات،
يۈز تۇمەنىڭ خەلق تاپغايلار نەجات.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

يەنە بىر سايىل دىدى: «كەي پاك سەير،
كىمسەدە ئىنساف بولغاي، بارمۇ خەير.
ھەق ماڭا ئىنساف قىسمەت ئەيلەمىش،
قۇتى جانىم بىرلە نىئمەت ئەيلەمىش.
بۇ سىفەتغە ئولكى بولسە نىسبەتى،
بارمۇدۇر ھەزرەتغە ئانىڭ قۇربەتى؟».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ نەقلىدۇر ھەسەن،
بارچە ئەل ئالدا مۇستەھسەن بۇ فەن.
ئادەمىيغە ياخشى كۆپ ئىنساف ئېرۇر،
لېك ئۇلارنىڭ ئەشرەفى ئىنساف ئېرۇر.
كىمگە كىم ئىنساف يوق، ئىنسان ئەمەس،
مۇنىسىز ئەتۋارىدا جۇز نۇقسان ئەمەس.
بۇ سىفەت كەلدى ئەرەنلەرنىڭ ئىشى،
بۇيلە دەۋلەتكە يېتىشمەس ھەر كىشى.
ئادەم ئېرمەس ئولكى نائىنساف ئېرۇر،
ئادەم ئىنساف ئىستەمەس، ئەمما، بېرۇر.
ئىستەمەسلەر ئەلدىن ئىنساف ئەھلى ھەق،
كىم ئۇلارغە كەلدى مەنسەفلىق سەبەق.
بەرمەي ئىنساف، ئولكى ئىنساف ئىستەدى،
ئۆزنى نائىنساف مۇتلەق ئەيلەدى.

## ھەزرەتى شەيخ ئەبۇ نەسىر پارسا رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى ھىكايەتلەرى بەر سەبىل تەمسىل

خاجەئى دىن پەرۋەرى ئالي نەسەب،
كىم ئاتىغە پارسا ئېردى لەقەب.
مەككە سەيرىن ئالدا جەزم ئەيلەدى،
كەئبەئى ئىسلامغە ئەزم ئەيلەدى.
خاجە بۇنەسىر ئېردى خىزمەتكار ئاڭا،
خادەمۇ فەرزەند خاسۇ يار ئاڭا.
چۇن مۇشەررەف بوالدىلار مەقسۇدغە،
شۇكر زاھىر ئەيلەبان مەئبۇدغە.
قىلدىلار ھەر نېكى فەرز ئېردى ئەدا،
خەلقنىڭ ھەججىنى ئەيلەرگە ئەدا.
كىم قەبۇل ئەتكەي ھەق ئەيلەپ ئىتتىفاق،
خاجەنى مەجمۇئ كۆردىلەر يىراق.
ئالتە يۈزمىڭ ھەقنەۋەردى ھەقشۇناس،
خاجەغە كۆرگۈزدىلەر بۇ ئىلتىماس.
ساھىبى قۇدسىيەھۇ فەزلۇل - خىتاب،
ئول جەمائەتقە دېدى مۇنداغ جەۋاب:
«كىم ماڭا بۇ ئىشقە تارتىپسىز رەقەم،
مەن خۇد ئاندىن تاشقارى قويمان قەدەم.
گەر مۇڭا بائىسدۇرۇر فەزلى كەمال،
ئالەمى ئىنساف ئارا بىقىيلۇ قال.
مەندىن ئەنسەبدۇر بۇ ئىش بۇ نەسرغە،
كىم دۇئا قىلغاي بۇ ئەھلى ئەسرغە».
چۇن بۇ يەڭلىغ ئانى تەئرىف ئەيلەدى،
ئەل دۇئاسىن ئاڭا تەكلىپ ئەيلەدى.
خاجەنىڭ ئىنسافىن ئەل ئىھسان بىلە،
ھەم قەبۇل ئەيلەپ سەرا - سەر جان بىلە.
خاجە بۇ نەسر ئەتتى مىنبەرنى مەكان،
ئەل دۇئاسىن ئەيلەبان ۋىردى زەبان.
تەڭرى ئالدا مۇناجات ئەيلەدى،
خەلق ئۈچۈن ئىزھارى ھاجات ئەيلەدى.
خاجە مىنبەرنىڭ تۆبىن ئەيلەپ مەقام،
سىدق ئىلە «ئامىن!» دەر ئېردى بەر دەۋام.
يەتكەچ ئاخىرغە دۇئا بىرلە سۇئال.
دېدى سايىل: «كەي ئىلاھا زۇل - جەلال.
كۆرمەسەڭ لايىق دۇئا ئايىنىنى،
قىلماغىل زايىئ ئانىڭ ئامىننى».
ئالتە يۈزمىڭ خەلقدىن چىقتى نەزىر،
زار يىغلاپ ھەم سەغىرۇ ھەم كەبىر.
ئافەرىنلەر دەپ ئۇلار ئەۋسافىغە،
ھەم ئاتاۋۇ ھەم ئوغۇل ئىنسافىغە.
مۇندىن ئەھسەن كىمسەگە يوقتۇر سىفەت،
ئاڭلاماس ئانى جۇز ئەھلى مەئرىفەت.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يەنە بىر سائىل دېدىكىم: «خەيل ئارا،
بەندەغە گۇستاخلىق بارمۇ رەۋا.
سىدرەغەكىم كەلدى ئالي شاخلىغ،
گەر قۇشى قىلسە ئەيان گۇستاخلىغ.
جۆرئەتى جەنبىدە بولغايمۇ ئىقاب،
يوقسە ئىستىغناغە بولغايمۇ ھىساب؟»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ كىم قىلدىڭ سوئال،
سەن جەۋابىدا بىل ئانىڭ ئىككى ھال.
كىمسەكى گۇستاخ ئولۇپ شاھ ئالدا،
پاكراق مەخسۇس دەرگاھ ئالدا.
ئۆزلۈكىنىڭ قەيدىدىن بولغاي خەلاس،
ئۆزگە ئول يوق بىرلە بەرگەي ئىختىساس.
ھەرنى بۇ دەر ئول ئىكەندۇكدۇر يەقىن،
بارلىق بىل - كۆلىل بولۇپ يوق زاتىدىن.
مۇندا زاھىردا ئەگەر جۆرئەتدۇرۇر،
لىك مەئنى يولىدىن ۋەھدەتدۇرۇر.
يا كېرەكدۇر ئىشق سەۋداسىدا پەست،
ئاشىقۇ ئاشىفتەۋۇ مەجنۇنۇ مەست.
كىم مۇھەببەت قىلمىش ئۇلغاي ئانى زار،
بولغاي ئايتۇر ھالىدا بىئىختىيار.
نى ئەدنا ئۇلغاي، نى كىبىر ئاندا غەرەز،
جۆز مۇھەببەتكىم ئاڭا يوقتۇر ئەۋەز.
ئۆيلە ھەق مەئشۇقى بولغاي مۇتلەق ئول،
كىم دەي ئالماغاي ھەددىسى جۆز ھەق ئول.»

## بىر دىۋانەئى ئالي سىفات بەرسەبىل تەمسىل

بار ئىدى دىۋانەئى ئالي سىفات،
خەلق «مەجنۇنۇل - ھەق» ئايتىپ ئاڭا ئات.
چۈنكى ھەق يادى ئاڭا مەھبۇب ئىدى،
تۈنۇ كۈن بۇ ياد ئىلە مەغلۇب ئىدى.
سۆز دېسە ھەققە قىلۇر ئېردى خىتاب،
ھەق تىلىدىن - ئوق ئېشىتۇر ئېردى جەۋاب.
بىر بەھار ئەييامى ئەزم ئەيلەپ سەفەر،
ئۆزگە بەيتۇلئىلاھىنى ئول ئەيلەپ مەقەر.
چۈن رىيازەتدىن تەنى ئېردى نەھىف،
مىنمىش ئېردى مەركەبى ئول ھەم زەئىف.
تۈن قاراڭغۇ بولدىيۇ تۇتتى ياغىن،
كۆردى مەجنۇن ئول سىفەت يول بارماغىن.
بىر بۇزۇغ كۆردىيۇ ساكىن بولدى ئول،
دېدى: «ئەي تەڭرىم، ئېشەكدىن ۋاقىف ئول».
كىردى مەركەبنى قويۇپ ۋەيرانەغە،
ئۇيقۇ غالىب بولدى ئول دىۋانەغە.
ياتتى باش ئاستىغە قويۇپ بىر كېسەك،
ئول بۇزۇغدىن تاشقارى قالدى ئېشەك.
كۆزى بارغاچ ئۇيقۇغە ئەبرى بەھار،
تىزلىغ قىلدى ياغمىغە ئاشكار.
تۆكتى ۋەيران ئىچرە ھەر ياندىن سۇنى،
تەلبە باشىدىن ئۇچۇردى ئۇيقۇنى.
قوپتىيۇ ئولتۇردى تۇرغۇنچە ياغىن،
چۈن ياغىن تۇردى بىلىپ بارۇر چاغىن.
چىقتى مەركەبنى قىلۇرغە تىزۇ تەك،
يوق ئىدى ۋەيرانە تاشدا ئېشەك.
قويدى يۈز مەجنۇنغە بىھەد ئىزتىراب،
تەڭرىگە قىلدى غەزەب بىرلە خىتاب:
«كىم ساڭا مەركەبنى تاپشۇردۇم بۇ دەم،
ياخشى ئاسرادىڭ، كەرەم قىلدىڭ، كەرەم،
ئەل سېنىڭ مېھمانلىغىڭغە بارماسا،
مەركەبىن ۋادى سارى باشقارماسا.
بولماغاي ئېردى بۇ بىپەرۋالىغىڭ،
غەفلەت ئىچرە مەھز ئىستىغنالىغىڭ.

ئاسراماقدىن مەركەبىم ئار ئەيلەدىڭ،
ئىز تۇندە ناپەيدار ئەيلەدىڭ!»
كوڭرانىپ ھەر يان ئۆرار ئېردى قەدەم،
غايىبىن ئىستەركە مەجنۇنۇ دىژەم.
كىم چاقىلدى بىر ئەجەب رەخشەندە بەرق،
ئەيلەدى ئالەمنى ئەنۋارىدا غەرق.
مەركەبىن كۆردىكى ئوتلايدۇر يۈرۈپ،
خارۇ خەسىغە ھەر تەرەف ئاغزىن ئۇرۇپ.
كۆرگەچ ئانى تەلبە بولدى شادمان،
مىندى داغى يولغە تۈشتى ئول زەمان.
تۇندلۇغلارنى باشىدىن تاشلاردى،
لۇتفلار بىرلە نەۋازىش باشلاردى:
«كەي مېنىڭ جىسمىم ئارا جانىم خۇدا،
بەلكى يۈز جانىم ساڭا بولسۇن فىدا.
گەرچە، ئول دەم مەركەبىمنى باقمادىڭ،
باغلاپ ئانىڭ بوينىغە يىپ تاقمادىڭ.
ماڭا يۈزلەندى ئەجەب ئاشۇفتەلىغ،
قەھردىن قىلدىم ساڭا ئالفتەلىغ.
چۈن ئېشەكنى تاپشۇرۇپ ئېردىم ساڭا،
ئانى تاپشۇرماق كېرەك ئېردىڭ ماڭا.
ئاسراماقدىن چۈنكى تەقسىر ئەيلەدىڭ،
تۇند كۇرگەچ مېنى تەدبىر ئەيلەدىڭ.
چارە ئەيلەپ چاقماقىڭنى چاقىبان،
كۆز يارۇتۇپ مەشئەلىڭنى ياقىبان.
كۆزۈمە ئانى نەمۇدار ئەيلەدىڭ،
دەر مەھەل بولۇتىف ئىزھار ئەيلەدىڭ.
تۇنداۇقىغە گەرچە، مەن ئېردىم مۇھىق،
سەن ھەم ئېرمىشسەن ھەرىفى بەس مۇدىق.
كىم بۇ ۋەقتدە ئەيلەبان نازىر ماڭا،
غايىبىمنى ئەيلەدىڭ ھازىر ماڭا.
دېگەنىمدىن بىمەدار ئەتتىڭ مېنى،
قىلغانىمدىن شەرمسار ئەتتىڭ مېنى.
سەن نېچەم قىلدىڭ، ئۇنۇتتۇم مەن تەمام،
سەن ھەم ئۆتكەننى ئۇنۇت لۇتف ئىلە ئام.
مەن ئۇنۇتتۇم ئەيلەبان زاھىر ۋىفاق،
سەن ئانى داغى ئۇنۇتساڭ ياخشىراق.
مەن سېنى دەپ قىلماغۇمدۇر چۈن خەجىل،
سەن مېنى ھەم قىلمە ئىتىپ مۇنفەئىل.
مەن سېنى بۇ قىسسەدە تۇتتۇم مەئاف،
سەن داغى كۆڭلۈڭنى مەندىن ئەيلە ساف!»
ئۆزىنى ھەردەم ستايىشلار قىلىپ،
ھەقنى ھەم مۇنداغ نەۋازىشلار قىلىپ.
تەلبە رازى گەرچە نامەئقۇل ئىدى،
چۈن مۇھەببەتدىن ئىدى مەقبۇل ئىدى.
بولسە ھەر مەجنۇن بۇ يەڭلىغ راز ئاڭا،
ھەم يېتەر گۇستاخلىغ ھەم ناز ئاڭا.
تەڭرىنگە چۈنكىم بۇ ئەل مەھبۇب ئېرۇر،
ھەرنې مەھبۇب ئەيلەسە مەرغۇب ئېرۇر.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي رەھنەۋەرد،
غەيردىن مەن بولمىشام ئازادۇ فەرد.
ئۆزنى ئەيلەپ مەن خەيالى بىرلە خۇش،
بولغالى بىر كۈن ۋىسالى بىرلە خۇش.
مەن چۇ ئاندىن ئايرۇ ئېرمەن بىر نەفەس،
ئانى ئىستەپ نې سەفەر بولغاي ھەۋەس؟»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشغە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي سۆزۈڭ دەئۋاسى خاس،
تاپماغان مەئنى سارى ھىچ ئىختىساس.
ھەر كىشى ھەددى ئەمەس بۇ نەۋئى لاف،
كىم ئۆزى ۋەسفىغە دېگەي بىر گەزاف.

سەن مۇنى كۆركەم چېكىپ جان ئايۇ يىل،
ئۆز- ئۆزۈڭنى ۋەسپ ئېتەرسەن مۇتتەسىل.
ئۆزنى غەيرىدىنكى دەرسەن فەرد بۇ،
ئالدا مەقبۇل ئىكەن مەردۇدمۇ.
سەن دېمەكدە راست كەلمەس بۇ مەقال،
تا نې نەۋئ ئېركىن ئانىڭ ئالدا ھال.
سەن بۇ دەئۋالدا ئۇرارسەن خۇد نەفەس،
تا ئاڭا نې نەۋئ ئىكەن بۇ مۇئتەمەس.
ھەر نە سەن دەرسەن ئاڭا يوق ئېئتىبار،
مۇئتەبەردۇر ھەر نې ئەتسە ئاشكار.
سەن دېمەكدىن ئىش كىفايەت بولماغاي،
نا قەبۇل ئاندىن ئىنايەت بولماغاي.
دېمەگەن خۇشراق يەنا بۇ نەۋئى سۆز،
تىككەن ئەۋلادۇر ئانىڭ لۇتفىغە كۆز.

## ھىكايەت ھەزرەتى سۇلتانۇل- ئارىفىن شەيخ بايەزىد بىستامى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

شەيخ بىستامى، ئەمنى گەنجى راز،
ئەھلى مەئنى تەختى ئۆزرە سەرفەراز.
چۇنكى بۇ دارۇلفەنادىن قىلدى ئەزم،
رەۋزەئى دارۇلبەقادە تۈزدى بەزم.
بىر تۈن ئانى تۈشدە كۆردى بىر مۇرىد،
دېدى: «ئەي ئىچكەن مەيى ھەل مىن مەزىد!
بىزگە ھالىڭدىن ئەيان ئەتكىل خەبەر،
كىم ساڭا نې قىلدى ھەيىي دادگەر»
فۇرقەتىڭدىن ھەم بەسى كۆردۈك ئەلەم،
تاكى ئېتمىنان بولغاي بىزگە ھەم؟
مۇرشىدى كامىل دېدىكى: «ئول زەمان
كىم لەھەد قەئرى ماڭا بولدى مەكان.
ئول مەلەكلەركىم ئېرۇر ئەھلى سۇئال،
بولدىلار ھازىر قىلۇرغە قىيلۇ قال.
دېدىلەركىم: «كىر دىگارىڭ كىمدۇرۇر،
خالىقۇ پەرۋەردىگارىڭ كىمدۇرۇر؟»
مەن دېدىم: «بۇ سۆزنى مەندىن سورماڭىز،
گەر جەۋابى تاپماسام يازغۇرماڭىز،
ئەيلەڭىز بارىپ سۇئال ئاندىنكى، ئول
بەندەلىك سارى ماڭا بېرۇرمۇ يول.
قۇللۇغىغە گەر قەبۇل ئەتسە خىتاب،
ئول خىتاب ئۇق سىزگە كافىيدۇر جەۋاب.
بەندەئى ئاتلاغ مېنى دەرگاھىدا،
مەسنەدى ئىقبالۇ ئىززۇ جاھىدا.
گەر قەبۇل ئىقبالدىن نەۋمىد مەن.
ھەجرىدە ئاۋارەئى جاۋىد مەن.
مېنى رەد ئەھلىدىن ئول سائەت بىلىڭ،
ھەر نې ئىستەر كۆڭلۈڭىز، ئول دەم قىلىڭ.
چۇن بۇ يەڭلىغ تاپتىلار مەندىن جەۋاب،
كەلدى ئول سائەت خىتابى مۇستەتاب.
كەي سەۋال ئەھلى، بۇ كىم مەسئۇلدۇر،
بەندەئى مۇستەھسەنۇ مەقبۇلدۇر.
بولمايىن رەۋشەن ئانىڭ نۇرىغە، كۆز،
ئۆز دېمەكلىك بىرلە كەلمەس راست سۆز.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سۇئالى

يەنە بىر سايىل دېدىكىم: «ئەي رەفىق،
بولمىشەم بەھرى كەمال ئىچرە غەرىق.
ھەم كەمالى نەفس بولمىش ھاسىلىم،
ئاندىن ئولمىش ۋاسىلىم كامۇ دىلىم.
بۇ مۇرادىم مۇندا چۇن ھاسىلدۇرۇر،
يول ئەزابىن تارتماق مۇشكىلدۇرۇر».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي مۇرادىڭدىن نۇفۇر،
كۆڭلۈڭگە غەفلەت سالىپ جەھلۇ غۇرۇر.
ئۆز خەيالىڭدىن قىلىپ مەغرۇرلۇق،
ئىشنىڭ ئەسلىدىن تاپىپ مەھجۇرلۇق،
بۇ خەيالىڭ كەلدى بىھاسىل خەيال،
بەلكى تا باشدىن ئاياغ باتىل خەيال.
ناقىس ئولدۇركىم، ئۆزىن كامىل دېگەي،
كامىل ئولدۇر، نۇقسىن ئىسبات ئەيلەگەي.
ئۆز كەمالىدىن دېمەس ئەھلى كەمال،
ئەھلى نۇقسان ئىچرەدۇر بۇ قىيلۇ قال.
بەسكى، نۇقسان ئىچرە كامىلسەن بەسى،
ئالىم ئايتىپ ئۆزنى، جاھىلسەن بەسى.
ئۆز كەمالىدىن دېمەكدۇر مەھزى جەھل،
جەھلىدىن سۆز دېمەگەيكىم بولسە ئەھل.
كىم ئۆزىن كامىل كۆرەر ناقىسدۇر ئول،
نۇقس بەرمەيدۇر كەمالى سارى يول.
مەھر كۆن تۈش ئۆزىنى كۆرگەچ بەركەمال،
ئاڭا يۈزلەندى ھەم ئول سائەت زەۋال.
با ۋۇجۇدىكىم كەمالى بار ئىدى،
چۇن ئانى كۆردى، زەۋالى بار ئىدى.
گەر ئۆزىن كامىل دېگەي ناقىسۋەشى،
خۇشلۇق ئۆزرە سابىت ئەتكەي ناخۇشى.
ئانى ئىسلاھ ئەيلەمەك دىشۋاردۇر،
كىم بىناسى كىبىر ئىلە پىنداردۇر.
بۇ كەمال ئېرمەس قېلىپدۇرسەن گۇمان،
مەھزى نۇقسان بىل ئانى، ئەي ناتەۋان.

## ھەزرەتى شەيخ ئەبۇبەكرى نىشاپۇرى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەر سەبىل تامسىل

شەيخ ئەبۇبەكرى نىشاپۇرىكىم، ئول
مۇلكى مەئنى سارى تاپىپ ئېردى يول.
چىقتى بىر كۆن شەھرى نىشاپۇردىن،
سەير ئۈچۈن ئول خەتتىنى مەئمۇردىن.
شەيخلىق ئايىنى غايەتدىن فۇزۇن،
خادىمۇ مۇخلىس غايەتدىن فۇزۇن.
ھەم مەھافە ھەم رىكابۇ ھەم ئەلەم،
جەۋق - جەۋق ئەسھابۇ ئەفرادۇ خەدەم.
شەيخ چۇن نەززارە قىلدى بۇ شۇكۇھ،
كەينىيۇ ئالىدا بۇ يەڭلىغ گۇرۇھ.
بىر خەيالى كۆڭلىگە تۈشتى مەھال،
كىم ئانى مەغلۇب قىلدى ئول خەيال.
بۇ مەھەلدە بىر ئېشەك قىلدى فىغان،
چىقتى ئاندىن بىر بىيىك يەل ناگەھان.
شەيخقە بۇ رەمزدىن ۋەقت ئولدى خۇش،
ۋەجد رەقس ئەيلەپ يىقىلىپ قىلدى غۇش،
چۇن ئاڭا بۇ نەۋئى ھال ئولدى پەدىد،
قىلدىلار ئىنكار ئەسھابۇ مۇرىد.
بىر تەرەف بولغان زەمان ئول ئالىمى،
ئەيلەبان گۇستاخلىق بىر مەھرەمى.
كەيفىيەت سوردىكى: «نې ھال ئېردى بۇ؟»
شەيخ ئايتتى: «كەي رەفىقۇ رازجو.
چۇن نەزەر سالدىمكى نەفس ئەيلەپ ھۇجۇم،
تابىئىمدۇرلار بۇ ئىشدىن نەفسى شۇم.
كۆڭلۈمە سالدىكى ئىرشاد ئەھلىدىن،
تالىبى سالىككە ئىمداد ئەھلىدىن.
نې جۇنەيدۇ شىبلىيۇ نې بايەزىد،
نې ئۇبەيدۇ نۇرىيۇ نې بۇ سەئىد.
قايسى بىر تاپىپ ئىدى ئېركەن بۇ جاھ،
قەسرۇ بوستانىدا بۇ خەيلۇ سىپاھ.
نەقش چۇن كۆڭلۈمگە سالدى بۇيلە تاب،
بۇ مەھەلدە ئول ئېشەك بەردى جەۋاب.

چۈن جەۋابىم تاپتىم ئانداقكىم كېرەك،
بائىسى بۇ ۋەجدىم ئېردى ئۇل ئېشەك».
شەيخكىم ئەيلەپ ئېشەك فەرياد ئاڭا،
بۇيلە يەتسە نەيلەگەي ئىرشاد ئاڭا.
جاھ ئۇل بولغايكى ئەيلەپ ۋەجدى ھال،
باشىدىن يەلدەك چىقارغاي ئۇل خەيال.
ئۆيلە ئىنسانى ئەھلىدىن كەلگەي بۇ ئىش.
كىمكى ئۇل مەنسەبدۇرۇر، بىلگەي بۇ ئىش.
يوقسە بىر مەغرۇرۇ دونۇ بۇلەۋەس،
بۇ بىيىك دەۋلەتقە يەتمەس دەستى رەس.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يەنە بىر سايىل دېدى: «كەي مۇھتەرەم،
بۇ مەھەل يولغە قاچان قويسە قەدەم.
ئۆزنى مەشغۇلمۇقىدىن نې شاد ئېتەي،
يەتسە غەم، ئۆزنى نە نەۋئ ئازاد ئېتەي.
نې قىلايكىم كۆڭلۈمە يەتكەي سۇرۇر،
كىم ماڭا ئاندىن دەمى يەتكەي ھۇزۇر».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئۇل قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «ئۆزنى گەر شاد ئەيلەدىڭ،
ھەر سىفەت قايغۇدىن ئازاد ئەيلەدىڭ.
ئۆزنى ئانىڭ يادىغە مۇئتاد قىل،
شادلىغ ئىستەرسەن ئانى ياد قىل.
شادلىغكىم، ئېرمەس ئانىڭ يادىدىن،
بولماغاي خۇشراق خىرەد ئىرشادىدىن.
ئاندىن ئايرۇ ئەيشىدىن غەم ياخشىراق،
سۇردىن يۈز قاتلا ماتەم يەخشىراق.
غەمكى ئاندىن يەتسە بىلگىل شادلىق،
ھەر بەلىيەت قەيدىدىن ئازادلىق».

## ھەزرەتى خوجە ئەبدۇللاھ ئەنسارى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

خاجە ئەبدۇللاھ ئەنسارىكى ئەقل،
ئەيلەيەلمەس مىڭ ئىشىدىن بىرىنى نەقل.
دېدىكىم: «ئۇلدۇر كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇغى،
فەقر يولىندا كەرامەۋەشلىغى.
كىم كۆڭۈلدە ئاندىن ئۆزگە بولماغاي،
يادىدا جانانىدىن ئۆزگە بولماغاي.
ھەر كۆڭۈل مۇنداقىدۇر، ئانى بىل كۆڭۈل،
يوقسە بەھرۇ كان ئېسە، ئاندىن تۆگۈل.
كۆڭۈل ئۇلدۇركىم ئاڭا مەسكەندۇر ئۇل،
يوقسە گۈلشەن بولسە ھەم گۈلخەندۇر ئۇل».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يانە بىر سايىل دېدى: «كەي بەختىيار،
چۈن ئانىڭ ئۇقبىنى قىلدىم ئىختىيار.
ناگەھان ۋەسلىغە بولسام سەرفەراز،
نې تىلەي ئاندىن قىلىپ زاھىر نىياز.
ئاندىن ئىستەر نېمەنى ئەۋۋەل بىلەي،
ۋەسلىغە يەتكەن زەمان ئاندىن تىلەي».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «ئەي شىئارىڭ خامىلىغ،
ھۇش ۋادىسىدا بىئارامىلىغ.
چۇن ساڭا ئول مەقسەدىڭ مەقسۇد ئېرۇر،
ئاندىن ئۆزگە بارۇ يوق نابۇد ئېرۇر.
چۇن مۇيەسسەر بولدى مەتلۇبىڭ سېنىڭ،
كىردى ئاغۇشىڭغە مەھبۇبۇڭ سېنىڭ.
تا يىراقسەن كۆڭلۈڭە ئولدۇر ھەۋەس،
جانىڭە يوق ئاندىن ئۆزگە مۇلتەمەس.
ئەمدىكىم تاپتىڭ قىلىپ قەتئى فىراق،
ئىستەمەك نې بولغاي ئاندىن يەخشىراق.
ئولدۇرۇر چۇن تەن بىلە جاندىن مۇراد،
ئاندىن ئۆزگە نې بولۇر ئاندىن مۇراد.
تاپقاچ ئانى غەيرىدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز،
بارۇ يوقۇڭنى ئانىڭ ئىشقىدا تۈز.

## ھەزرەتى شەيخ بۇ سەئىد خەرراز رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

بۇ سەئىد ئول غەرقى دەريايى ۋۇسۇل
كىم ئانىڭ ۋەسفىدە ئاجىزدۇر ئۇقۇل.
ئولكى زاتىغە لەقەب خەرراز ئىدى،
تۈنۇ كۈن مەتلۇب ئىلە ھەمراز ئىدى.
مەككەدە بىر كۈن دۇئا ۋەقتىدە خەيل،
قىلدىلار ھەقدىن مۇراد ئىستەرگە مەيل.
ئول خەلايىق ئەۋلىيائۇللاھ ئىدى،
بارچە، ھەق ئەسرارىدىن ئاگاھ ئىدى.
بارچەسى تەقۋىيۇ تائەت ئەيلەبان،
ھەققە ئىستەرگە مۇناجات ئەيلەبان.
يۈزنى سۈرتۈپ بارچە، بەيتۇللاھغە،
ئاشنالىغ ئىستەپ ئول دەرگاھغە.
لېك ئول سىررى ھەقايىق مەخزەنى،
ۋەسل باغى گۇللارىنىڭ گۇلشەنى.
ئول تەلەب ئەھلى ئارا خامۇش ئىدى،
كۆڭلى ۋەھدەت جامىدىن بىھۇش ئىدى.
ئەل دۇئا قىلغاندا ناگەھ سالسە كۆز،
ئاغزىدىن گاھى كېلۇر ئېردى بۇ سۆز:
«كىم ئىلاھا، ھەر نە خەلق ئەيلەر تەلەب،
مەن تاپىپمەن چەكمەيىن رەنجۇ تەئەب.
سەنكى ئەل مەتلۇبىسەن، مەن تاپمىشەم،
ئىستەمەكدىن لاجەرەم كۆز ياپمىشەم.
سەندىن ئايرۇ چۇن ئەمەسمەن بىر نەفەس،
لەغۋ ئېرۇر تاپقاننى قىلماغلىق ھەۋەس.
مەن چۇ ۋەسلىڭ بىرلە تاپمىشمەن كۇشاد،
بۇ تەلەب ئەھلىغە، ھەم بەرگىل مۇراد».

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى

يانە بىر سائىل دېدى: «ئەي ئىلىم كىش،
بۇ سەفەركىم كۆڭلۈمىزنى قىلدى رىش.
قەتئ ئېتىپ شەھ بەزمىغە بولساق ئەنىس،
تۇھفەئى ۋاجىبدۇرۇر بەھەد نەفىس.
شەھنى كۆرمەك تۇھفەئى مەقبۇل ئىلە،
بىزنى ئاندىن ئاگەھ ئەت مەئقۇل ئىلە».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇد: «ئەي سەۋالىڭ خۇبدۇر،
تۇھفەكىم شاھ ئالىدا مەرغۇبدۇر.
بىر نېمە تاپقىلكى ناياب ئولغاي ئول،
يوقكى ئەئلى دۇررى سىراب ئولغاي ئول.

باردۇر ئۇل مەخزەندە نەقدى بىھىساب،
دۇررى گەۋھەرغە خۇد ئاندىن نى ھىساب.
ئۇل مەلائىك تائەتى تەقۋاسىدۇر،
پاكرەۋلەرنىڭ شەرىف ئەنفاسىدۇر.
زۇھد ئەھلىدىن ئىبادەت ئاندا كۆپ،
جەۋھەرى تەقۋىيۇ تائەت ئاندا كۆپ.
ئەنبىيادىن ھەم رىيازەت بىشەدەد،
ئەۋلىيادىن ھەم ئىبادەت بىشەدەد.
ھەر نىكىم ئاندىن شەرىف ئولماس گۇمان،
ئۇل ھەماندۇر ئانداۋۇ تۇفراغ ھەمان.
لىك ئاندا تۇھفە سوزۇ دەرد ئېرۇر،
پۇر ئەسەرلىغ ئاھۇ غەم پەرۋەرد ئېرۇر.
بارگاھى ئىززۇ ئىستىغنادۇر ئۇل،
يۈز تۈمەنمىڭ ئەرشدىن ئەئلادۇر ئۇل.
ئاندا كۆپدۇر ئىززۇ ئىستىغناۋۇ ناز،
ئۇلكى يوقتۇر ئۇل ئېرۇر ئەجزۇ نىياز.
سەن ئۆزۈڭ بىرلە نىيازۇ دەرد ئېلتىپ،
جىسمۇ زارۇ جان غەم پەرۋەرد ئېلتىپ.
كىم بۇ تۇھفە يوقتۇر ئۇل دەرگاھدا،
نى تىلەر ئەجزۇ زەبۇنلۇغ شاھدا.
ئاندا يەتكۇر سوز ئىلە دەردۇ فەنا،
ئىستەر ئېرسەڭ قىلمە ئۆزنى ئاشنا.

## بىر شەھرىيارنىڭ ھىكايەتى بەرسەبىل تەمىل

شەھرىيارى بار ئىدى شەھلەرغە شاھ،
ئالەم ئەھلى باشىغە زىللى ئىلاھ.
تاجى مەھرۇ ئاندا كەۋكەبدىن گۇھەر،
مۇلكى خاۋەر ھەددىدىن تا باختەر.
بار ئىدى بىر ئوغلىكىم چەرخى كۇھەن
كۆرمەمىش ئېردى ئانىڭدەك سەرۋىبەن.
ھۇسن ئەۋجى ئۆزرە تابان ئەختەر ئۇل،
لۇتف دۇرجى ئىچرە رەخشان گەۋھەر ئۇل.
ھەم سەباھەت شامىدا شەمئى تىراز،
ھەم مەلاھەت گۇلشەنىدە سەرۋىناز.
شاھ ئانى ئاسراپ نىھانى قەسر ئارا،
ھۇسنىدىن ئوت تۇشمەسۇن دەپ ئەسر ئارا.
دەھر ئارا ئافەت تۇشەرنى چاغلابان،
ئايلانىپ تۇشمەك يولىنى باغلابان.
ئۇل قىلىپ گۇلشەن ھەرىمىدە مەقام،
باغ ئارا تاۋۇسدەك ئەيلەپ خىرام.
شەمچۇ چىقماقدىن ئاڭا مانىئ بولۇپ،
ئۇل چەمەندە ئەيش ئىلە قانىئ بولۇپ.
ناگەھان چەكتى ئەجەل جامىنى شاھ،
تەختىنى شەھزادە قىلدى جىلۋەگاھ.
خۇتبەئى دەۋلەت ئوقۇلدى زاتىغە،
سىككەئى رىفئەت سوقۇلدى ئاتىغە.
ئاتلانىپ بىر كۈن تەماشا قىلغالى،
كۆڭلى مۇلكى سەيرىدىن ئاچىلغالى.
كىردى ئافەت سالغالى مەيدان ئارا،
سالدى گەردۇن سەيرىنى جەۋلان ئارا.
ئات سالىپ مەيداندا چەۋگان ئوينادى،
خەلق باشىن گوي ئېتىپ، جان ئوينادى.
قايسى جانىبكىم تەكاۋۇر سۈردى تىز،
شەھر مۇلك ئەھلىغە سالدى رۇستەخىز.
كۆرگەن ئەل دىۋانەئى زار ئولدىلار،
ئىشق دامىغە گىرىفتار ئولدىلار.
ئافەتى سالىپ ئۇلۇسقە بەس ئەزىم،
ياندى گۇلشەن سارى ئانداغكىم نەسىم.
شەھر خەلقى شورىشۇ غەۋغا چېكىپ،
ئىشقدىن فەريادۇ ۋاۋەيلا چېكىپ.
قالمايىن ئانى ئېرىشتىلەر بارى،
قەسر باغىغە يېتىشتىلەر بارى.
شاھ زالىم ئەيلەبان مۇلكىن خەراب،
تۇشتىيۇ قىلدى خەلايىققە ئىتاب:
«كىم بۇ غەۋغا ئەھلىنى ھەر يان سۈرۈڭ،
كەتمەگەنلەرنى جەزاغە يەتكۈرۈڭ.

نەچچە سۇردىلەر، خەلايىق كەتمەدى،
سەئيى كۇشىش ئاندا كۆپ سۇد ئەتمەدى.
شەھەر خەلقى سەر بەسەر مەجنۇن بولۇپ،
بەلكى مەجنۇندىن داغى ئەفزۇن بولۇپ.
تۈنۈ كۈن ئاشۇفتەۋۇ ئالۇفتەۋار،
تۇتتىلار شەھ باغى دەۋرىندە قەرار.
شەيخ شابۇ رىندۇ زاھىد خاسۇ ئام،
قىلدىلار ئىشقۇ جۇنۇن كويىن مەقام.
شەھ چۇ ئەلنىڭ سەئيب كۆردى ھالەتىن،
غالىب ئۆز ھالىغە داغى ھەيرەتىن.
كۆردى بۇ غەۋغانىكىم، پايانى يوق،
چارە قىلماغلىق ئاڭا ئىمكانى يوق.
ئول خەلايىق سارى پەيغام ئەيلەدى،
بىر كىشىدىن بۇيلە ئىئلام ئەيلەدى:
«كىم، بۇلاركىم ئىشقىمە مەغلۇب ئىرۇر،
ھەر بىرى بىر شىۋەغە مەنسۇب ئىرۇر.
ھەركىم ئۆز فەننىدە قىلسۇن ئىھتىمام،
ھىرفەسىدىن ئەيلەسۇن بىر ئىش تەمام.
يارلىغىم ئولغاندا ھازىر ئەيلەسۇن،
ھەركىم ئۆز فەزلىنى زاھىر ئەيلەسۇن.
كۆڭلۈمە خۇش كەلسە ھەركىمنىڭ ئىشى،
ئالىمە بولسۇن مۇلازىم ئول كىشى.
ئانى ئۆز بەزمەم ئارا دەمساز ئېتەي،
سۇھبەتىمدە ھەمدەمۇ ھەمراز ئېتەي.
دىلپەسەندىم بولماسە، بوينىن ئۇزەي،
كۆپ ئۇقۇبەت بىرلە قىنلەر كۆرگۈزەي».
بۇيلە ھۇكم ئەتتى چۇ شاھى زۇلم فەن،
تۇشتى ئۇششاق ئەھلىغە بىھەد مىھەن.
ئەل بولۇپ بۇ ۋەئدەغە ئۇمىدۋار،
ئىشلارى كەيىنچە تۇتتىلار قەرار.
كىچە-كۈندۈز سەئيى ئېتىپ ئەل سەر-بەسەر،
ئەھلى فەزل، ئەھلى ئىلىم، ئەھلى ھۇنەر.
بارچە ئىشدىن ئۆزنى مەغرۇر ئەتتىلەر،
شەھ بۇيۇرغان ئىشغە مەشغۇل ئەتتىلەر.
باردى ئالىم نۇسخە تەسنىف ئەتكەلى،
كەتتى مۇترىب سەۋت تەئلىم ئەتكەلى.
شائىر ئەتتى مەدھ گۇستەرلىك ئەيان،
كىم ئاڭا قىلغاي نەزەر شاھى زەمان.
سۇردى مۇنشى ۋەسفى ئۆزرە خامەنى،
كىم پىسەند ئەتكەيمۇ شاھ ئول نامەنى.
زەرگەر ئولتۇردى ئەيان ئەيلەپ ھۇنەر،
كىم ياساغاي شاھغە لايىق كەمەر.
جامە بافت ئامادە قىلدى كارگاھ،
قىلغالى زەربەفتنى كەيمەككە شاھ.
ئاشكارا ئەيلەدى نەججار تەخت،
توختاغاي دەپ ئاندا شاھى نىكبەخت.
ئەيلەدى قەۋۋاس ئۆزدىن سەنئەتقە بەند،
شاھغە تۇشكەيمۇ دەپ ئول دىلپەسەند.
ئوقچى ئەيلەپ ئۆزنى مىھنەتقە ئەسىر،
كىم بۇ شايەد شاھغە تۇشكەي دىلپەزىر.
ھاسىلا ئول شەھەر ئەھلىدىن خاسۇ ئام،
ئۆز ئىشىگە ھەر بىر ئەيلەپ ئىھتىمام.
كىم بۇ شايەد شاھغە تۇشكەي قەبۇل،
تا مۇرادىغە ئانىڭ بولغاي ھۇسۇل.
گەرچە كەلسە ئالىغە رەنجۇ تەئەب،
بولغاي ئول كامۇ مۇرادىغە سەبەب.
بىر كېچە ئىشرەتكەھىدىن چىقتى شاھ،
خەلقىنىڭ كارىغە ئەيلەي دەپ نىگاھ.
بىر-ئىكى مەھرەم نەدىمى بىرلە ئول،
تۇتتى شەبرەۋلەر كەبى شەھەر ئىچرە يول.
تا ئول ئەل ئەھۋالىغە سالغاي نەزەر،
بارچەنىڭ سەرۋەقتىغە قىلغاي گۇزەر.
قايسى بىر ئىشكەكى قىلدى ئىلتىفات،
دېدى كۆڭلىدە شەھى ئالى سىفات:
«كىم بىزىڭ مەخزەندە بۇ ئىش باردۇر،
بەلكى مۇندىن ياخشىراق بىسياردۇر».
تاكى يەتتى بىر غەرىبى زارغە،
ئاشىقۇ ئازۇردە دىل ئەفكارغە.
ئانى قىلغان ئىشق جاندىن نائۇمىد،
ھەجر پەيداۋۇ نىھاندىن نائۇمىد

باغرىنىڭ خۇنابىنى ئول نالەۋان،
كۆز يولىدىن ھەر تەرەف ئەيلەپ رەۋان.
قان بىلە تۇفراغ ئارا، كۆڭلىدە تاب،
نىم بىسمىل قۇشدەك ئەيلەپ ئىزتىراب.
ھەر دەم ئۆزگە نالەۋۇ ئەفغان تۈزۈپ،
نالەۋۇ فەريادى ئەل كۆڭلىن بۇزۇپ.
ئىشق تىغى خەستە كۆڭلىن چاك ئېتىپ،
كۆڭلىن ئۆزلۈك مىھنەتىدىن پاك ئېتىپ.
ئىشق جەۋرىدىن چېكىپ رەنجۇ ئەنا،
كىم ۋۇجۇدىن ئەيلەبان مەھزى فەنا.
بۇ فەنا تۇفراققە ئەيلەپ پايبەست،
ھەر سەرى مويىغە سالىپ يۈز شكەست.
دەپكى: «ئۆز فەننىدە ھەر ئاشۇفتە ھال،
كۆركۆزۈپ ئەينى مەھارەتىدىن كەمال.
تاڭلا شەھ بەزمىنى ئەيلەپ جىلۋەگاھ،
ھەر بىرىگە لۇتفلار كۆرگۈزسە شاھ،
ماڭاكىم يوق تۇھفەئى جۇز ئاھۇ دەرد،
نەيلەپ ئولغايمەن ئۇلارغە ھەمنەبەرد.
لۇتف بولسە يا سەياسەت شاھدا،
كىم ماڭا يول بەرگەي ئول دەرگاھدا.
ئۆزنى لايىق لۇتفۇ ئىھسانغە دېمەن،
بەل سەياسەت قىلغالى ھەم ئەزرىمەن.
كاشكى تىغى سەياسەت سۇرسە ھەم،
ئۆز قىلىچىن بويىنۇمە يەتكۇرسە ھەم.
ئۇمردىن مۇنچە شەرەف بەسدۇر ماڭا،
كام مۇندىن ئۆزگە ئېرمەستۇر ماڭا.
لېك چۇن يوق مەندە ئانچە ئېئتىبار،
قەتلىغە داغى ئۇمىدىم قايدا بار.
ۋايكىم، مۇھلىك ئېرۇر دەردۇ غەمىم،
ئاندىن ئۆز ھالىمغە بولمىش ماتەمىم».
شاھ كۆرگەچ بۇ غەرىب ئەھۋالنى،
بۇ غەرىبى زارغە بۇ ھالنى.
كۆڭلىگە ئەيلەپ ئەسەر مىھر ئەتتى فاش،
كىردى ئول ۋەيرانغە ئانداغكىم قۇياش.
لۇتف كۆرگۈزدىيۇ كۆڭلىن ئاۋلادى،
بەلكى رۇھىن جىسم ئۆيىدىن قاۋلادى.
ئاشىقۇ بىچارە كۆرگەچ بۇيلە ھال،
غايەتى ھەيرەتدىن ئولدى گۇڭگۇ لال.
قىلدى ئول ھالەتدىن ئەيلەپ كۆڭلى غەش،
مىھمان ئاللىدا جانىن پىشكەش.
بەل بۇ نەۋئ ئۆلمەكنى جاندىن ياخشىراق،
مىڭ ھەياتى جاۋىدانىدىن ياخشىراق.
بۇيلە ئۆلمەك ئادەمىغە بەرسە دەست،
ئادەم ئېرمەس جانغە بولغان پايبەست.
قىلدى ئانى ئىشق ئارا دىل دەردى سوز،
رۇھى شەمئىن مەشئەلى كەتتى فىرۇز.
ئەشكۇ كۆيمەك شەمئىنى ھەر تىيرە شام،
كۆركى، ئەيلەر مىھرغە قايىم مەقام.
فانىيا، ئىستەر ئېسەڭ مەقسەدكە يول،
ئاھۇ سوزۇ دەرد ئىلە خۇرسەند بول.

## يەنە بىر قۇشنىڭ سۇئالى ۋە ھۇدھۇددىن

يەنە بىر سايىل دېدى: «ئەي پاك قۇش،
راھبەرلىك فەننىدە چالاك قۇش.
بوادى بۇ يول شىددەتى ھەددىن فۇزۇن،
تەۋلى ئانىڭ ھەددۇ غايەتدىن فۇزۇن.
بۇ بەلا دەشتىن قاچان قەتئ ئەتكەمىز،
ئەسلى مەنزىلغە نە يەڭلىغ يەتكەمىز؟
بىزنى بۇ ئىشدىن خەبەردار ئەيلەگىل،
سۇرئەتۇ ئارامىن ئىزھار ئەيلەگىل.
شەرھ قىل ئاغاز ئىلە ئەنجامىنى،
ئەۋۋەل ئەمگەك، سوڭرە ئەيشۇ كامىنى».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئول قۇشقە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «ئايا رەھرەۋ رەفىق،
بۇ سەۋالىڭ ۋاقىپ ئولدى بەس دەقىق.
چۈن سورارسەن بۇ سەفەر كەيفىيەتىن،
مەنزىلۇ ۋادى نەشاتۇ شىددەتىن.
كىم نەچە ۋادىيۇ مەنزىلدۇر بۇ يول،
ئەمدى مەن شەرھ ئەيلەيىن، سەن ۋاقىف ئول.
ئالدىمىزدا يەتتى ۋادىدۇر ئەزىم،
ھەر بىرىدە بىھەدۇ ئەندازە بىيم.
لېك ھەر ۋادىدا مەنزىل بىھىساب،
كىم ھىسابىدىن قىلۇر تەبئ ئىجتىناب.
يەتتى ۋادى ئەسلى مەنزىللەر فۇرۇئ،
ئەيلەلى ئول ئەسلى شەرھىغە شۇرۇئ.
ۋادىئى ئەۋۋەل — تەلەب ۋادىسىدۇر،
باشلاغان ئەۋۋەل شەرەف مەئۋىسىدۇر.
ئىشق ۋادىسىدۇر ئاندىن سوڭرە بىل،
ئول ئوت ئىچرە بارۇ يوقنى ئۆرتەگىل.

ئىشق چۈن قىلدى ۋۇجۇدۇڭنى ئەدەم،
مەئرىفەت ۋادىسىغە ئۇردۇڭ قەدەم.
سوڭرە ئىستىغناكى ۋادىدۇر ۋەسىئ،
پەستدۇر جەنبىدە بۇ چەرخى رەفىئ.
ۋادىئى تەۋھىد بىل ئاندىن نارى،
فەرد بولماق نەچچە بارساڭ ئىلگەرى.
مۇندىن ئۆتسەڭ ۋادىيى ھەيرەت دېگىل،
جەھد ئىلە بۇ ۋادىنى قەتئ ئەيلەگىل.
بارچەدىن سوڭ ۋادىيى فەقرۇ فەنا،
ئۆتمەس ئاندىن سەير ئىلە سالىك يەنا.
قەتئ ئولۇر مۇندا سۇلۇك ئەھلىغە گام،
ئىش بولۇر ئۆزگە قىلمىغ بىرلە تەمام.
لېك مەنزىلدىن خەبەر بەرمەس بىرەۋ،
كىم بۇ يولدىن يانمادى بىر راھرەۋ.
بۇ يەتتى ۋادى داغى ئىجمال ئېرۇر،
لېك تەفسىلىدە كۆپ ئىھمال ئېرۇر».

## تەلەب ۋادىسىنىڭ سىفەتى سالىك راھنەۋەرد تا تەلەب ۋادىسىن قەتئ قىلماي ئىشق ۋادىسىغە قەدەم قويالماس

چۈن تەلەب ۋادىسىغە قويدۇڭ قەدەم،
ئالدىڭە ھەر دەم كېلۇر يۈزمىڭ ئەلەم.
ھەر دەم ئاندا يۈز مەلامەت يۈزلەنۇر،
ھەر نەفەس مىڭ سەئب ھالەت يۈزلەنۇر.
ئىستەمەك رەنجى كۆڭۈلنى زار ئېتەر،
تاپماماغلىق روھنى ئەفكار ئېتەر.
جاننى كۆيدۈرمەك بولۇپ مەھرۇملۇغ،
ۋەسلىنىڭ مىئادى نامەئلۇملۇغ.
رەنجۇ كۇشىش سانچىبان جىسمىڭغە نىش،
دۇررى ناياب ئەيلەبان جىسمىڭنى زىش.
ئىستەبان تاپماي دۇرى نايابنى،
مۇندادۇر تەرك ئەيلەمەك ئەسبابنى.
مالۇ مۇلكەت ھەر نېدۇر سالىككە بەند،

چار تەكبىرى فەنا ئۇرماق بەلەند،
ھەرنىكىم غەيرى تەلەبدۇر تاشلاماق،
ئۆزنى مەقسەد مەنزىلىغە باشلاماق.
قالماسا ئالەم مەتائىدىن جىھات،
ئۆزگە نەۋئ ئولغاي ساڭا ئول دەم سىفات.
گەنجدىن يەتكەي ئەسەر ۋەيرانەگە،
زات نۇرىدىن يارۇغلۇق جايىڭە.
ئول يارۇغلۇق شەۋق ئوتىن تىز ئەيلەگەي،
كىم تەلەب رەخشىن سەبۇكخىز ئەيلەگەي.
ئۆزدە تاپغايسەن تەلەبنى بىرگە يۈز،
تاغلار بولغاي سېنىڭ ئالىڭدا تۈز.
جانىڭە يەتكەي تەلەبنىڭ راھەتى،
قالماغاي رەنجۇ تەئەبنىڭ شىددەتى.

دۇرغە، تاپقان سايى كۆڭلۈڭ خاسلىق،
بولغاي ئاسانراق ساڭا غەۋۋاسلىق.
لەمنە كۆرگۈزگەن سايى مېھرۇ ۋىسال،
ئەيلەگەي شامىلىڭ سەھەرغە ئىنتىقال.
ئالغە، كەلسە ئەگەر پاسى دەمان،
كۆرگەسەن پەشىشە ھەمانىدۇر ئۇل ھەمان.
گەر يولۇڭنى تۇتسە يۈز شىرۇ پەلەك،
بولغاي ئالڭدا نەچۈككىم مۇرى لەك.

ئەژدەھادىن يەتمەگەي كۆڭلۈڭگە رەنج،
ئۇيلە بولمىش بولغاي ئۇل مەشئۇف گەنج.
كۇفرۇ ئىمانىڭغە ئۇرغايسەن ئىلىك،
بۇ تەمەئىددىنكىم ئاچىلغاي بىر ئىشىك.
چۈن ئىشىك ئاچىلدى نى كۇفرۇ نى دىن،
ئىچكەردى كىرگەچ قۇتۇلدۇڭ بارچەدىن.
كۇفرۇ ئىمان راھرەۋغە كىش ئەمەس،
ئەسل يولدا بەند راھى پەش ئەمەس.

## بىر پادىشاھنىڭ ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

پادىشاھى بار ئىدى گەردۇن جەناب،
مەخزەنۇ گەنجى سىپاھدەك بىھىساب.
بار ئىدى ئۇل شاھغە بىر زىبا ئوغۇل،
بولغۇدەك شاھلار ئانىڭ ئالدىدا قۇل.
مېھرى خاۋەر ھۆسن ئارا شەرمەندەسى،
كويى تۇفراغى ئۈزە ئەفكەندەسى.
سەرۋ ئانىڭ نەخلى قەدىغە سايەدەك،
ئاي ئۇزارى مېھرىغە پىرايەدەك.
ھەم قۇياشدەك ھۆسن ئارا ئافاقگىر،
ھەم قەمەردەك ئۆڭ بىلە گەردۇن سەرىر.
كۆزى بىر باقماقغە ئالەمنى بۇزۇپ،
ئىشىق ئېلىگە ئۆزگە ئالەم كۆرگۈزۈپ.
جان ئالىپ لەئلى تەكەللۇم ئەيلەسە،
جان بېرىپ لېكىن تەبەسسۇم ئەيلەسە.
ئاشىقى شەيداسى ئانىڭ ئالەمى،
ئالەم ئەھلى قەتلىدىن كۆرمەي غەمى.
كافىرۇ ئۈسرۈك كۆزىن سالىپ مۇدام،
دىنۇ ئىمان ئەھلى ئىچرە قەتلىئام.
ئوت يالىندەك رەخشىن ھەريانكىم سۈرۈپ،
ئوت چاقىن بىرلە جەھانىنى كۆيدۈرۈپ.
ئالەم ئەھلى ۋالەۋۇ شەيدا ئاڭا.
لېك مۇفرىت نازۇ ئىستىغنا ئاڭا.
كۆز ئۇچىدىن خەلق سارى چۈن باقىپ،
زۇلم تىغىدىن تۈمەن مىڭ قان ئاقىپ.

ئۆلسەلەر ئالەم ئېلى پەرۋاسى يوق،
بەلكى ئەيلەپ قەتل ئىستىغناسى يوق،
كويىدا يول تاپمايىن پەيكى نەسىم،
ئاندا ئەسمەكدىن ئىنىڭ جانىغە بىم.
گۈلشەنى سارى ئېسە ئالماي شەمال،
كىم تاپىپ ھەر بەرگى گۈلدىن گۇشمال.
بىر كۈن ئۇل سەھراغە يۈردى ئاتلانىپ،
يانغالى سەھرا فەزاسىن ئايلانىپ.
يۈز تۈمەن مەجنۇن ئىدى دەشتئۈزرە زار،
بارچە ئىشقى شىددەتىدىن بىقەرار.
لېك ئانىڭ سارى باقارغە زەھرە يوق،
ئۆزگە جانىبدىن نەزەرغە بەھرە يوق.
ۋەسلىغە تالىب ۋاي ياخشى-يامان،
تاپماغى لېكىن كىشىگە يوق گۇمان.
ناگەھان شەھزادەئى فەرخۇندە فەر،
سالدى ئۇل سەھراداغى ئەلگە نەزەر.
كۆزى تۈشتى ئىككى زارۇ خەستەغە،
ئىشق زەنجىرى بىلە پابەستەغە.
ھۆكم چاۋۇشلارغە قىلدىكىم: «يۈرۈڭ،
ئۇل ئىكى دىۋانەۋەشنى كەلتۈرۈڭ».
سۈردى چۈن دەۋلەتسەرا سارى كەمەند،
بولدىلا ھازىر ئۇل ئىككى مۇستەمەند.
ئۇل بىرىن مەھبۇسى زىنىدان ئەيلەدى،
بۇ بىرىن ئالدىدا سەگبان ئەيلەدى.

ئول بولۇپ بەندىلەر ئېچرە پايبەند،
بۇ بولۇپ زەنجىرلەرىغە مۇستەمەند.
بۇ بەلىيەتدە ئىدىلەر مۇددەتى،
تارتار ئېردىلەر بۇ يەڭلىغ شىددەتى.
دەردمەندى ئەيلەدى بىر كۈن سۇئال
كىم: «نېدۇر سىزگە بۇ مىھنەت ئېچرە هال»؟
بۇ دېدى: «مىھنەت دېگەن قايسى بولۇر،
كامۇ راهەتدۇر، مەشەققەت نې بولۇر.
مەنكى ئىشقىن كۆڭلۈم ئېچرە تولغالى
رازى ئېردىم كويىدا ئىت بولغالى.
گەرچە ئىتلارغە مۇلازىم بولمىشەم،
لېك ئول خەيل ئۆزرە هاكىم بولمىشەم».
ئول دېدىكىم: «ئىشق ئېتىپ كۆڭلۈمگە زور،
رازى ئېردىمكىم مەقامىم بولسە گور.
گەرچە هالا بەند ئارا مەن ئۇستۇۋار،
ۋەسلىدىن كۆڭلۈم ئېرۇر ئۇممىدۋار».
بۇ هېكايەتلەرنى شاهى مەهچەبىن،
ئىشىتۇر ئېردى نەهان ئەيلەپ كەمىن.
چۈن تەلەبدە بۇيلە سادىق ئېردىلەر،
ئىشق تەۋرىدە مۇۋافىق ئېردىلەر.
مۇنبەسىت بولدى شەهى خۇرشىدۋەش،
كۆڭلىگە سۆزلەر بەغايەت كەلدى خۇش.
فەهم چۈن قىلدى بۇ ئىخلاس ئەيلەدى،
ئول ئىكەۋنى مەهرەمى خاس ئەيلەدى.
چۈن تەلەبدە سىدقدىن ئېردى ئەسەر،
ئاقىبەت بۇ نەۋئ تاپتىلار سەمەر.

**ئىشق ۋادىسىنىڭ سىفەتى، تالىبى سادىق تا ئەشق مۇھەببەت ۋادىسىدىن قەتئ ئەتمەي، مەئرىفەت ۋادىسىغە قەدەم قويالماغاي**

چۈن تەلەب ۋادىسىنى قىلدىڭ تەمام،
قويغۇڭ ئول دەم ئىشق ۋادىسىغە گام.
ئىشق كەلدى مەشئەلى گىتى فىرۇز،
دېمە مەشئەل، شۇئلەئى ئافاقسوز.
ئىشق ئوتى هەر خەسقە دەرخور بولماغاي،
ئوتقە لايىق جۇز سەمەندەر بولماغاي.
ئىشق ئارا پاكۇ قەلەندەرلىك كېرەك،
شۇئلە بەهرىدە سەمەندەرلىك كېرەك.
كۆيمەك ئىشدۇر ئاشىقى دىۋانەغە،
شۇئلە ئېچرە ئۆيلەكىم پەرۋانەغە.
دېمە رەئنالار ئىشى فەرزانەلىق،
كۆپەلەك هەددى ئەمەس پەرۋانەلىق.
جىلۋە ئەيلەر كۆپەلەك گۈللار ئۆزە،
تىنغىللەرغە هۇسن زىيبىن كۆرگۈزە.
قايسى پەشمىن كىسۋەتى دىۋانەدەك،
شۇپلەغە ئۇرماق ئۆزىن پەرۋانەدەك.
كۆپەلەكدە گەرچە بولغاي رەڭگۇ خال،
بولماغاي پەرۋانە يەڭلىغ سوزۇ هال.
بارچە قۇشنىڭ ئاتى بۇلبۇل بولمادى،
تا ئەزەلدىن ئىشق ئارا كۆل بولمادى.
كۆيمەگەن ئىشق ئېچرە ئېرمەس پاكباز،
ئاشىق ئېرمەس ئولكى ئېرمەس جانگۇداز.
شاد ئېرۇر ئىشق ئەهلى ئۆرتەنمەك بىلە،
بولماغاي بۇ شىۋە ئۆرگەنمەك بىلە.
ئىشق ئېلىنىڭ ئوتى كەلدى خانەسوز،
ئۆيلەكىم ئەژدەر دەمى ۋەيرانەسوز.
فەرد ئەمەس ئۇششاق كۆڭلى ئاهدىن،
نې چىقار جۇز دۇد ئاتەشگاهدىن.
ئالەم ئۆرتەر ئىشقدىن تۈشكەن يالىن،
سوزناك ئەتكەن هەۋادىندۇر چاقىن.
ئىشق ئوتىغە ئاشىقى پاك ئۆرتەنۇر،
بەرقدىن ئانداغكى خاشاك ئۆرتەنۇر.
ئىشق سەرگەردانى ئېرمەستۇر ئويۇن،
كىم ئېرۇر جىسمىغە ئوت تۈشكەن قويۇن.
ئىشق ئارا لازىمدۇرۇر ئۆرتەنمەك - ئوق،
ئوت ئارا كۆيمەكدىن ئۆزگە چارە يوق.

ئىشق ئەۋجىدىن قايانكىم تۇشتى بەرق،
جاننى ئەيلەر شۇئلە سىيلابىدا غەرق.
ئىشق بەرقى خانۇماننى كۆيدۇرۇر،
خانۇمان يوقكىم، جەھاننى كۆيدۇرۇر.
تەركى جان ئاشىققە ۋەرزىش ئەيلاغىل،
يار ئۇچۇن ئۆلمەك كەمىن ئىش ئەيلاغىل.
دىمە ئاشىق كۆڭلىنى ئاتەشزەدە.
كىم ئانى ئىشىق ئەيلەمىش ئاتەشكەدە.
كىم تۇشەر ئاتەشكەدە ئىچرە كىشى،
نې بولا ئالغاي جۇز ئۆرتەنمەك ئىشى.
كىمسە بولدى ئىشق ئارا تۇشكەندە ئوت،
ئوتقە نېكىم تۇشتى، بولدى ئول ھەم ئوت.
ئىشق ئۆرتەركىم سارىكىم ئايلانۇر،
كىم تۇشەر ئوت دەۋرەسىغە، ئۆرتەنۇر.

## سەمئىنىڭ ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

ئەسمەئى ھەج سارى ئېردى رەھنەۋەرد،
كۆردى بىر مەنزىل ئارا بىخارەۋەرد.
سەبزە بىرلە گۇل ئارا بىر چەشمە سۇ،
غۇلغۇلى ھەيۋان سۇيىدىن نۇكتەگۇ.
رەۋشەنۇ پاكىزە ئاشىق جانىدەك،
ئارىغ ئانىڭ دىدەئى گىريانىدەك.
ئەسمەئى ئول سۇ ياقاسىدا دەمى
ئولتۇرۇپ، يۇدى زەمىردىن غەمى.
تەبئى ئول مەنزىلدە كۆرگەچ ئىنتىقاش،
كۆردى چەشمە باشىدا بىر تەختە تاش.
ئاندا يازىلغانكى: «ئەي ئەھلى ھىجاز،
چارەسىن ئانىڭ چۇ بىلگەيسىز بۇ راز.
كىمسە بولدى ئىشق زارى نەيلەسۇن،
بولماسا سەبرۇ قەرارى نەيلەسۇن».
ئەسمەئى چەكتى قەلەم بىرلە دۇۋات،
يازدى ئول تەھرىرىنىڭ ئاستىغە پات:
«كىم بۇ ۋەرتە ئىچرە ئىستەر پاكلىك،
قىلماسۇن فاش ئەتكەلى بىباكلىك».
سۆز جەۋابىن بۇيلە چۇن ساز ئەيلەدى،
مەنزىلىدىن رىھلەت ئاغاز ئەيلەدى.
تاڭلاسى ئەيلەپ يەنە ئول يان گۇزەر،
ئول بىتىلگەن تاشقە قىلدى نەزەر.
كۆردىكىم ئول خەتنى، سۇرمىشتۇر قەلەم،
بۇرناغى كاتىب يەنە سۇرمىش رەقەم:
«كىم ئەگەر ئول ئاشىقى ئازۇردە جان،
بولسە پاكۇ تۇتسە ئىشقىن ھەم نىھان.
لېك ئول شەۋقى مۇھەببەت شىددەتى
تىز ئولۇپ، تاق ئولسە ئانىڭ تاقەتى،
ۋەسل بولسە ئىھتىياجى نەيلەسۇن،
تاپماسا بۇ ئىش ئىلاجى نەيلەسۇن؟»
ئەسمەئى كۆرگەچ بۇ مۇھلىك رازنى،
تارتتى كىلكىنى فۇسۇنپەردازنى.
يازدىكىم: «ئول ناتەۋانى دەردمەند
كىم ئاڭا ئىشق ئىچرە يازدىم بۇيلە پەند.
تاپماسا ئول پەند بىرلە ئىختىلاس،
ئۆلسۇنۇ ئىشق ئوتىدىن بولسۇن خەلاس».
ناسى بىرەھم بۇ مۇھلىك جەۋاب،
يازىپ ئۆتتى چەشمەدىن ئەيلەپ شىتاب.
بىر كۇن ئەيلەپ ئول نەۋاھىدا ھەيەل،
تاڭلاسى ئول يان يانا سۇردى جەمەل.
كىم يانا ئاشىق جەۋابىدىن ئاڭلاغاي،
بىدىلۇ غايىب خىتابىن ئاڭلاغاي.
كۆردى ئول چەشمە باشىدا بىدىلى،
ئىشق ئىچىدە ئۇمردىن بەھاسىلى.
ئاشكارا پەيكەرىدىن زارلىغ،
رەڭگى ۋەسفىدە ئەيان بىمارلىغ،
خەلق كۆڭلىن بۇزغۇدەك جانى ئانىڭ،
ھەل بولۇپ ئىشق ئىچرە ئەشكالى ئانىڭ.
باشىن ئول تاش ئۆزردە ئول يەگلىغ ئۇرۇپ،
كىم ئىكىسىن بىر ــ بىرىدىن سىندۇرۇپ.

سۇ سارى تاش ئۇستىدىن باشى نىگۇن،
چەشمە سۇيىن قانى ئەيلەپ لالەگۇن.
ئول نەسەھەتكىم ئاڭا ناسىھ بىتىپ،
بىدىل ئول سۆز بىرلە تەركى جان ئېتىپ.
جاننى ھەجران شىددەتىدىن قۇتقارىپ،
ئىشق ئارا گويا ياتۇر ئۆزدىن بارىپ.
ئەسەرنى كۆرگەچ بۇ ھالى بۇلئەجەب،
كۆڭلىگە سانچىلدى يۈز نىشى تەئەب.
جامە چاك ئەيلەپ، ئەمامە تاشلادى،
پەندى مەقتۇلىغە ماتەم باشلادى.

ھال كۆرمەيدۇر ئىدى مۇندىن قاتىغ،
نەۋھە بىرلە يىغلادى ئاچچىغ - ئاچىغ.
كۆڭلىن ئول ئىش ئەسرۇ مەھزۇن ئەيلەدى،
چاك ئېتىپ يەر، ئانى مەدفۇن ئەيلەدى.
چۇن شەھىد ئېردى ھالاك ئولغان بەدەن،
جىسمىغە قانلىغ لىباس ئولادى كەفەن.
فانىيا، ئىشق ئىچرە فانى بۇيلە بول،
بولماسا سەبرۇ شىكىبىڭ، بۇيلە ئۆل.
كىمگە بۇ ئۆلمەك نەسىب ئەتسە خۇدا،
يۈز تۇمەن جان بۇيلە ئۆلمەككە فىدا.

## مەئرىفەت ۋادىسىنىڭ سىفەتى، ئاشىقى كامىل تا مەئرىفات ۋادىسىدىن قەتئى قىلمەاي، ئىستىغنا ۋادىسىغە يۈز كەلتۇرەلمەس

مەئرىفەت ۋادىسىن ئاندىن سوڭرە بىل،
دەشتى بىپايانلىغىن نەززارە قىل.
كىمكى بۇ ۋادىغە بولدى مۇتتەسىف،
تاپتى ئاندا ھاللارنى مۇختەلىف.
ۋادىئىدۇر يۈز تۇمەن مىڭ ئاندا يول،
ئول بۇ بىر كەلمەي، ئانىڭدەككىم بۇ ئول.
ئىختىلافى جۇزۋ ئىلە كۇل مۇندادۇر
كىم تەرەققىيۇ تەنەززۇل مۇندادۇر.
يۈز تۇمەن رەھرەۋ كۆرەرسەن بىقەرار،
ھەر بىرى بىر يولنى ئەيلەر ئىختىيار.
ئۆز بارۇر يولغە ھەربىر مۇفتەخىر،
يولنى ئەيلەپ ئۆز يولغە مۇختەسىر.
بۇ ئانى تۇتماي مۇسەللەم، ئول مۇنى،
ھەربىر ئۆزىن ئۆزگە كۆرمەي ئول بۇنى.
پەششە ئاندا رەھنەۋەردۇ فىل ھەل،
پەششە ئاندا تايىرۇ جىبرىل ھەم.
مۇساۋۇ فىرئەۋن ئاندا راھرەۋ،
بىل يەقىنكىم، بىردەك ئېرمەس بۇ ئىككەۋ.
مەھدىيۇ دەججالغە يول مەزھەبى،
لېك تەڭ بولماي مەسىھا مەركەبى.
ئەھمەدۇ بۇ جەھل ئېتىپ ئاندا زۇھۇر،
بۇ تۇشۇپ زۇلمەتقەۋۇ ئول غەرقى نۇر-
دەئىب ئاندا سەير ئېتىپ ياخشى - يامانە
مۇئمىن ئاندا سالىكۇ كافىر ھەمان.
لات لاسىن دەير ئېلى ئەيلەپ پەناھ،
كەئبە ئەھلى ليك لائىلاھ ئىللاھ.
ليك ئىسلام ئەھلى ئىللەللاھ دەبان،
كۇفر ئەھلى لاتنى ئىلاھ دەبان.
مۇختەلىف بولماي نە بولسۇن مۇندا ئىشە
چۇن بۇ يەڭلىغ مۇختەلىف بولدى رەۋىش.
مۇندىن ئايتىپتۇر نەبىيى راھبەر،
كىم ئۇلۇسقە ھەق سارى بولدى سەفەر.
ئىستەسەڭ يول كەسرەتىغە ھەددۇ ئەدە
خەلق ئەنفاسى بىلە تەڭ بىل ئەدەد.
ھەم بارى دۇردى ئەمەس، ھەم بارچە سافە
بىز - زەرۇرەدۇر ئۇلۇسقە ئىختىلاف.
بۇ مەھەلدە گەر گەدارۇر، گەر مۇلۇك،
ھەر بىر ئۆزگە يول بىلە ئەيلەر سۇلۇك.
نەفس چۇن بولدى مەھەللى ئىختىلال،
لازىم ئولدى مۇندا ئەۋسافۇ كەمال.
مۇندا سالىككە تەفاۋۇت ئولدى فاشە
ئاڭا مىھرابۇ مۇڭا بۇت بولدى قاش.

بولدى ئۆز ئىرفانى ھەر كىمگە سىفەت،
كىم تەفاۋۇت قىلدى پەيدا مەئرىفەت.
ھەر كىشى ئۆز تەۋرىدە ئىستەر كەمال،
قىلدى ۋادى تەي قىلىۇرغە ئىشتىغال.
گەر سۇلۇك ئەتۋارىدا تەغيىر ئىدى،
مەقسەدى لېكىن بارىنىڭ بىر ئىدى.
يول ئەگەر ئەگرى ئىدى يا ئېردى تۈز،
يا يىراق يا خۇد يەقىن كۆرگۈزدى يۈز.
بەئزى ئۆلدى، بەئزى يەتتى يول ئارا،
بەئزى ئاۋارە بولۇپ ھەر قول ئارا.
بولمادى ھەر يولنى چۈن قەتئ ئەتمەگەن،
بولمادى مەقسەدغە داغى يەتمەگەن.

مەئرىفەت خۇرشىدى چۈن قىلدى تۇلۇئ،
ھەركىم ئۆز مەقسۇدىغە ئەيلەپ رۇجۇئ.
ئۆز سۇلۇكىگە نەتايىج ئىستەدى،
قىلماق ئۆز نەقدىنى رايىج ئىستەدى.
چۈنكى پەرتەۋ سالدى ئول پاكىزە نۇر،
بولدى ھەركىمنىڭ كەمالىغە زۇھۇر.
تاپتىلار ھەركىمكى چەكمىش ئېردى رەنج،
ئۆز سۇلۇكى رەنجىنىڭ خوردىدا گەنج.
چۈن سۇلۇك ئىچرە كۆپ ئېردى ئىختىلاف،
كۆپرەكى دۇرد ئېردى، لېكىن ئازى ساف.
كىم رەۋىشدە سافى ئېردى مەشرەبى
بار ئىدى ئول تابىئى شەرئى نەبى.

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

بەس مۇناسىبدۇر، ئىشىت، بۇ ماجەرا،
نەقل مۇندا قىدۇركى: ھىندۇستان ئارا
تۈشتىلەر بىر نەۋئ ئىلە جەمئى بەسىر،
يا مۇسافىرلىق بىلە ياخۇد ئەسىر.
سوڭرەكىم بەردى ئۇلارغە روزگار،
مەسكەنۇ مەئۋالارى ئىچرە قەرار.
بىر كىشى سوردى: «كۆرۈپسىزلەرمۇ فىل؟»
دېدىلەر: «ھا!» دېدى: «ئايتىڭىز دەلىل!»
چۈن ئۇلار كۆرمەيدۇ ئېردىلەر ئانى،
ياخشى ھەم بىلمەيدۇر ئېردىلەر ئانى.
ھەر بىرى بىر ئۇزۇۋغە سۇرتۇپ ئىلىك،
ھاسىل ئەيلەپ ئېردىلەر ئاندىن بىلىك.
قوللارىن مەس ئەيلەگەن دېدى: «سۇتۇن»،
قارنىن ئەتكەن مەس دېدىكىم: «بىسۇتۇن».
ئول بىرىكىم مەسسى خەرتۇم ئەيلەدى،
ئەژدەھا ئەندامى مەئلۇم ئەيلەدى.
ئول بىرىكىم تىشلارىن قىلدى بەيان،
دېدىكىم ئىككى سۈڭەك بولدى ئەيان.
قۇيرۇغىدىن ئۇلكى كۆرگۈزدى خەبەر،
دېدى بىر ئەفئى ئاسىلمىشدۇر مەگەر.
باشىنى ئول بىركى سۇرتۇپ ئېردى قول،
بىر قىيانىڭ تۇمشۇغى شەرھ ئەتتى ئول.
ئۇلكى يەتكۈردى قۇلاقىغە ئاۋۇچ،
دېدى تەھرىك ئىچرە ئىككى يەلپۈگۈچ.
بارچەسى ئۇميا يۈزىدىن سۆز دېدى،
گەرچە ئول سۆزلەر بارى ۋاقىئ ئىدى.
لېك نۇقسان ئېردى تەقرىر ئىچرە كۆپ،
يوق ئىدى تەرتىب تەغيىر ئىچرە كۆپ.
چۈن ھەكىمى كامىلى ھىندۇ نەژاد،
فىلبانلىغ شىۋەسىدە ئۇستاد.
بولدى ئول تەقرىرلەرغە مۇستەمىئ،
نەقل قىلغانلارغە بولماي مۇمتەنىئ.
دېدى ھەربىر لەھزە ۋاقىف ئېردىلەر،
فىل ھالىدىن نىشانى بەردىلەر.
بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىگە ئەيلەپ خىلاف،
گەر جەدەل قىلدىلار، ئېردىلەر مەئاف.
ھەر بىرى ئۆز بىلگەنىدىن دېدى سۆز،
بىلمىگەنلەر قىلمادى فىل ئۆزرە سۆز.
لېك جەمئى ئۇلغاندا بۇ بارچە سىفەت،
فىلغە ھاسىلدۇر ئول دەم مەئرىفەت.
كامىلى بىيناغە چۈن ئېردى يەقىن،
بىتەكەللۇف دېدى بارچە سۆزنى چىن.

## ئىستىغنا ۋادىسىنىڭ سىفەتى، تالىبى سالىك تا مەئرىفەت ھاسىل قىلماي، ئىستىغنا ۋادىسىغە يەتمەس

ۋادى ئاندىن سوڭرە ئىستىغنادۇرۇر،
ئاندا تەڭ ئەئلا ئەگەر ئەدنادۇرۇر.
ھەر دەم ئىستىغنا يېلى بولغاندە تىز،
سالىبان ئافاق ئارا يۈز رۇستەخىز.
ياغىپ ئىستىغنا سەھابىدىن ياغىن،
يۈز تۈمەن ئالەمنى سۇ ئېلتۇر ساغىن.
يەتتى دەريا ئاندا بىر قەترە مەتەر،
يەتتى كۆك خەشخاش يەغلىغ مۇختەسەر.
يەتتى دەۋزەخ ئاندا بىر ئۇچقۇن كەبى،
سەككىز ئۇچماق ئاندا بىر شۇدرۇن كەبى.
مۇرلەرغە تۇئمە ئاندا بارچە شېر،
پەششەسى فىل ئاۋلاماققە بەس دەلىر.
يەتتى كىشۋەر ئۆززە شاھى قەھرەمان،
بىر گەدا ئاندا ھەماندۇر ئول ھەمان.
تىيغى قاتىل تارتىبان يۈزمىڭ چىرىك،
كۆزگە كەلمەي ئاندا قاقىمچە ئىرىك.
ئەژدەھاكىم كۆكنى چەككەي دەم بىلە،
ئاندا يەكسان رىشتەئى مەريەم بىلە.
بولدى بىر خەيلى مەلائىك بەرتەرەف،
تاكى ئادەم كەلدى تاجى بەر شەرەف.
بولدى يۈزمىڭ جىسمىدىن بىگانە رۇھ،
تاكى كىشتىبانلىق ئايىن ئەتتى نۇھ.
يۈز تۈمەن نەمرۇدنى پەششە زەلىل
قىلدى، تا ئوتنى چېچەك بەھرى خەلىل.
بولدى يۈز مىڭ تىفلنىڭ قانى ھەدەر،
تا كەلىمۇللاھ بولغاچ تاجۋەر.
باغلادى زۇننار يۈزمىڭ ئەھلى دىن،
تا مەسىھ ئەنفاسىدىن جان تاپتى تىن.
تۆكتى يۈزمىڭ قان بۇ زالىم كوھنە دەير،
تا مۇھەممەد قىلدى پەرتەۋ ئەرش سەير.
مۇندا يەكسان كەلدى يوقۇ بار ھەم،
ئەھلى دىنۇ زۇمرەئى كۇففار ھەم.
مىڭ يىل ئەر زەھھاك ئۇلۇستىن تۆكتى قان،
تا مەسىھ ئۆلگەن كۆڭۈلگە بەردى جان.
تاكى بۇختۇننەسىر قىلدى زۇلمۇ كىن،
تاكى نۇشىرۋانغە ئەدل ئولدى قەرىن.
ئىككەسىنىڭ ھۆكمى بىردۇر مۇندا بىل،
كەل، بۇ ئىستىغنا سارى نەززارە قىل.
يۈز تۈمەن خۇرشىد ئەگەر بولسە ئەدەم،
بولدى ساغىن چەرخدىن بىر زەررە كەم.
يەرگە سىڭسە يۈز تۈمەن بەھرى ئەمىق،
قەترەئى ئۆكسۈلدى، تۇتغىل، ئەي رەفىق.
كۆيسە گەر يۈز مىڭ تۈمەن ھۇرۇ پەرى،
كۆيدى تۇت بىر پەششەنىڭ سىنغان پەرى.
يەل ساۋۇرسا بۇ توقۇز ئەفلاكنى،
دەم ئۆچۈردى ئاڭلاغىل خاشاكنى.
قافدەك يۈز تاغنىڭ يوق بولماغىن،
يەر يۈزىدىن بىر قۇم ئۆكسۈلدى ساغىن.
سىدرە شاخى بىرلە تۇبىي بولسە يوق،
ئۆكسۈدى تۇت بىشەدىن بىر يافراغ - ئوق.
ئاندا تەڭ كۆر گۇمرەھۇ ئاگاھنى،
دەير كويى بىرلە بەيتۇللاھنى.
بىردۇرۇر گەر كەئبە بىرلە بۇتكەدە،
بولسەلەر مەئمۇر يا ئاتەشكەدە.
مىڭ ياشار فىل تاڭلا تۇغقان ياشچە،
چەرخى ئەئزەم دانەئى خەشخاشچە.
كۇفر ئىلە دىنغە چۇ تەڭ مىقداردۇر،
مۇندا ئىش سالىككە بەس دىشۋاردۇر.

### ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

ئىككى شەترەنج ئويناغۇچى ئۇستاد،
ئەرسەرنى شەترەنجغە ئەيلەپ كۇشاد.
ئىككى جانىبدىن بولۇپ ئارامگىر،
تۇتتىلار ئورتادا شەترەنجى كەبىر.

ھەر تەرەفدىن بىر شەھ ئولدى ئاشكارا.
بارچە، ئايەنى سىپاھى شاھۋار.
ھەر بىرىگە بىر ۋەزىرى راستكام،
يانە بىر فەرزىن ۋەلىكىن كەجخىرام.
ئول ئىكەۋدىن بىرى رۇم ئەھلىغە، شاھ،
يانە بىر زەنگ ئەھلىغە كىشۋەرپەناھ.
ئۇستاد ئول شاھ ئىلە خەيلىن تىزىپ،
سەفلەرىغە زىيبۇ ئارايىش بىرىپ.
كىنەۋەرلەر ئات سالىپ مەيدان ئارا،
لەئىبلەر زاھىر قىلىپ جەۋلان ئارا.
ھەم تۈزۈپ مەيدانۇ رەزمۇ ھەم ھىسار،
بولسە مەغلۇب ئەتكەلى ئول يان قەرار.
سەفلەر ئىچرە فىل ئىلە زۇررافە ھەم،
رۇخ بىلە دەببابەۋۇ كەششافە ھەم.
ھەم ياياق چىرىك سىپاھ ئالىندا چۇست،
قىلغالى ھەنگامە ئايىنىن دۇرۇست.
ھەرب ئەھلى ھەم ئۇرۇش رەسمىن تۈزۈپ،
كۆپ ئويۇن ھەم بىر ـ بىرىگە كۆرگۈزۈپ.
قايسى بىركىم ئۆز سىپاھدىن بىركىتىپ،
بۇزغالى ئول بىرىسى تەدبىر ئېتىپ.
ئورتادا زاھىر بولۇپ ئەئجۇبەلەر،
بەلكى بىھەد يۈزلەنىپ مەنسۇبەلەر.
مۇندا كۆپ گەردۇ سىپەھسالار ھەم،
زاھىر ئەيلەپ لەئىب ھەم، پەيكار ھەم.
ئىمتىداد ئانچە تاپىپ بۇ رەزمگاھ،
كىم چىرىك تارتىپ ئۇرۇشقاي ئىككى شاھ.
بەلكى كۆپرەك ھەم ئۆتۈپ ئاندىن زەمان،
كىم ئۇرۇشقاي ئىككى شاھى قەھرەمان.
مۇنچە ئايىنى سىپاھۇ كەررۇ فەر،
قەلئەۋۇ جەۋلانۇ مەيدانۇ مەقەر.
ھەم پىرەنغار ھەم جەۋانغار كىنىشكال،
ھەم يەنا غۇلۇ ھىراۋۇلدا بۇ ھال.
ھەم سىپەھبەد ئوغلى ئالىندا يۈرۈپ،
ئاندىن ئەۋۋەل ئۆزنى ئىشكە يەتكۈزۈپ.
رەزمگەھ مەيدانى قەتئ ئولغاچ تەمام،
ئۆز ئاتاسىغە بولۇپ قايىم مەقام.
ھەم ياياق ھەم بىر قىراقدىن رەھنەۋەرد،
كىم مۇسائىد بولسە چەرخى تىزگەرد.
چۈنكى مەيدان دەشتىنى رەفئ ئەيلەگەي،
بىر چىرىكنى يالغۇز ئول دەفئ ئەيلەگەي.
ئانچە ئايىندىن تولا بۇ رەزمگاھ،
كىم ئۇرۇشتا ئىككى شاھى كىنەخاھ،
ھەربىرىدە يۈز تۈمەن نەۋخاستە،
بولماغاي مۇنداغ مەساف ئارەستە.
ھەم ئىشدە مۇنچە ئايىن ئولماغاي،
ھەم ئىلمدە مۇنچە تەزيەن ئولماغاي.
مۇنچە بۇنيادۇ مەسافۇ كىنۇ رەزم،
چۈن ئويۇنچى يىغماقىغە قىلدى ئەزم.
ئەرسەنىنگ بىرگۇشەسىن بات، يوقكى، كېچ،
تارتىبان بۇزغاچ، بۇ مەجمۇئ ئولدى ھېچ.
نى قالۇر ئول رەزم ئىلە كىندىن ئەسەر،
گويى يوقدەك بولغۇسى زىرۇ زەبەر.
مۇنچە، مەزكۇر ئولغان ئايەنى رۇسۇم،
رەزم تەرتىبىدە بىر ياندىن ھۇجۇم
ھېچ ئولۇر ئول نەۋئىكىم ئەقلى دەقىق،
نەچچە، زاھىر ئەيلەسە فىكرى ئەمىق.
ھېچلىكدىن ئۆزگە، تاپماس بىر پەشىز،
ئۇيلەكىم بىر خەستە يۈز ياشار كەنىز.
باغلابان بىر پارە بوزدا پىشۇ كەم،
ئوتقە ئانى تاشلادى بىر سۇغە، ھەم.
چۈن تەزەلزۇل تۈشتى ئول بۇنيادغە،
نى تەفاۋۇت ئەيلەگەي ئۇستادغە.
چۈن خەرىتە ئىچرە باغلاندى بارى،
شەھ قويىدۇر يا فىيادە يوقارى.
ئول ھەم ئىستىغنادىن ئاسارىدۇرۇر،
بەلكى ئاندىن بىر نەمۇدارىدۇرۇر.
چۈن بۇ تەمسىلى سارى نەززارە قىل،
ئەسلى ئىستىغنانى يۈز مىلك مۇنچە بىل.
چۈن بۇ مەئنى سارى بولدۇڭ رەھشۇناس،
بارچە ئىشنى ئەيلەگىل مۇندىن قىياس.

## تەۋھىد ۋادىسىنىڭ سىپەتى، تالىبى راھى ھەقىقەت تا تەۋھىد ۋادىسىنى قەتئى ئەتمەي، ھەيرەت ۋادىسىغە كىرەلمەس

ۋادىئى تەۋھىد ئاندىن سوڭرە بىل،
فەرد ئولۇپ تەجرىد ئاندىن سوڭرە بىل.
چۈن بۇ ۋادى سارى سەيرىڭ قويدى گام،
فەردۇ يەكتالىغ ساڭا بولدى مەقام.
چۈن بۇ ۋادىغە نىھايەت تاپتى سەير،
مۇندا بىر بىل يۈزتۈمەن مىڭ بولسە تەير.
بارچەغە كامۇ ھەۋا تەجرىد ئولۇر،
بارچەغە لەھنۇ نەۋا تەفرىد ئولۇر.
بۇ رەۋىشلەرغە، چۇ يەتتى ئول كەشىش،
بارچەغە بىرلىكدە گۇم بولماقدۇر ئىش.
بىردە بىردىن ھاسىل ئولدى بىر ئەدەد،
يوق خىرەدغە مۇندا دەم ئۇرماققە ھەد.
چۈن سېنىڭ ئالىڭدا ئۇشتى بۇيلە پېچ،
بەلكىم ئېرمىش بىردىن ئۆزگە بارچە، ھېچ.
بىر بولۇ بىر كۆرۈ بىردە، بەر بىلە،
مەيل قىلمە مۇندا ئىككى سەر بىلە.
ئىككىلىك بۇ يولدا ئەھۋەللىقدۇرۇر،
سىررى ۋەھدەتدىن مۇئەتتەللىقدۇرۇر.

## ھىكايەت ھەزرەتى شەيخ مەنسۇر رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى مەدھىدە

بولدى چۈن مەنسۇر تەۋھىدى دۇرۇست،
كىم «ئەنەل - ھەق!» ئېردى ئەلفازىدا چۇست.
كۆپ نەسھەت قىلدىلار ئەربابى دىن،
كىم بۇ ئېرمەس شىۋەئى ئەھلى يەقىن.
كۆپ سۇلۇك ئەھلىغە كەشف ئولۇپ بۇ ھال،
ھەم ئەدەب ئاسرابدۇرۇر، ھەم ئېھتىدال.
سەن داغى بۇ دەئۋى ئىزھار ئەيلەمە،
نەفسنى مۇستەۋجىبى دار ئەيلەمە.
مەستراق چۈن تۇشمىش ئېردى جام ئاڭا،
يوق ئىدى بۇ نەغمەدىن ئارام ئارا.
ئاڭا بىر كۈن ۋاقىئە ئېردى تۇرفە ھال،
بىردەم ئېلتۇر ئېردى ئانى بۇ خەيال.
كىم رەسۇلللاھغە، بولغاچ بۇ مەقام،
كىم بۇراقىن ئەيلەدى گەردۇنخىرام.
يەتتى بىرلىك گەۋھەرىدىن تاج ئاڭا،
بولدى ۋەھدەت پايەسى مېئراج ئاڭا.
قابە قەۋسەين ئەۋجىن ھاسىل ئەيلەدى،
لى مەئەللاھ قۇربىن ھاسىل ئەيلەدى.
بۇ خىتاب ئولغاندا تەڭرىدىن نەسىب،
كىم نېكىم كامىڭدۇر، ئىستە، ئەي ھەبىب.
تەڭرى لۇتفى ئۆزرخاھىن ئىستەدى،
ئاس ئۈممەتنىڭ گۇناھىن ئىستەدى.
ئانچە بەزلە غالىبۇ لۇتفى ئەمىم،
ئانچە مۇفرىت لۇتف ئىلە خۇلقى كەرىم.
باۋۇجۇدى بۇ، ھەق ئەتكەي ئىلتىماس،
ئىستەگىل دەپ لۇتف قىلغاي بىقىياس.
ئاسى ئۈممەت جۇرمىن ئەتكۈنچە، تەلەب،
ئىلتىماس ئەتسە ئىدى شاھى ئەرەب.
كىم ئەزەلدىن تا ئەبەد ھەر كىمكى يول
ئەگرى بارمىش بارچەنىڭ غەففارى بول.
رەھمەت ئەتكىل بارچەغە ئېھسان بىلە،
جۇرمىدىن كەچ بارچەنىڭ غۇفران بىلە.
نې ئۈچۈن ئول مەئدەنى سىدقۇ سەفا،
قىلدى ئېركىن مۇنچە بىرلە ئىكتىفا.
باش ئۇرۇپ كۆڭلىدىن ئانىڭ بۇ خەيال،
دەم-بەدەم ئەيلەر ئىدى بۇ قيلۇ-قال.
ئانى بۇ ئەندىشە پامال ئەيلەدى،
ئەجزۇ ھەيرەت ئىلكىدە لال ئەيلەدى.
كىم رەسۇلللاھ ئاڭا بولدى ئەيان،
مۇشكىلى ھەللىن بۇ نەۋئ ئەتتى بەيان.

كەي فۇزۇل ئەيۋاندا ئولتۇرغۇچى،
لافۇ ۋەھدەتدىن «ئەنەل - ھەق!» ئۇرغۇچى.
بىلمەدىڭكىم، بۇ سىفەت ئالىي بۇرۇج
كىم مەن ئەيلەپ ئېردىم ئول ئاقشام ئۇرۇج.
ئاندا مەنلىكنىڭ خەيالى يوق ئىدى،
بەلكى بۇ لەفز ئېھتىمالى يوق ئىدى.
ئېلتكەن ئول ئېردى، باشلاغان ھەم ئول،
ئىستەگەن ھەم ئول، باغىشلاغان ھەم ئول.
سەن ئەجەب كوتەھ نەزەرلىك ئەيلەدىڭ،
بۇيلە يەردە بىبەرسەرلىك ئەيلەدىڭ.
كىم ئانىڭدەك ۋادىيى تەۋھىد ئارا،
كۇلشەنى تەجرىد ئىلە تەفرىد ئارا.
جۇملەغە قىلدىڭ مەنۇ سەنلىككە يول،
بۇ ئىككىلىك ۋەسفىدىن پاك ئېردى ئول.
ئول ئىدى دېگەن ئۆزى، بەرگەن ئۆزى،
بەزل ئارا ساچقان ئۆزى، تەرگەن ئۆزى.
ئول رەقەم پاك ئېردى مەنلىك رەڭگىدىن،
نەغمەسى فەرد ئىككىلىك ئاھەڭگىدىن
ئاندا مەن سەنلىك تەخەييۇل ئەيلەگەن،
ئىككىلىك نەقشىن تەئەققۇل ئەيلەگەن.
غەيرى ئەھۋاللىق ئەمەستۇر، بىل مۇنى،
خاتىرىڭدىن مەھۋۇ زايىل قىل مۇنى!

## ھەيرەت ۋادىسىنىڭ سىفەتى، ئاشىقى سادىق تا ھەيرەت ۋادىسىن قەتئ قىلماي، فەقرۇ فەنا تەرىقىن كەسب قىلا ئالماس

ۋادىئى تەۋھىد قەتئ ئولغان زەمان،
ۋادىئى ھەيرەت كۆرۈنۈر بىگۇمان.
بىر نەفەس يەتمەي كىشى باشىغە تىغ،
باش ئۇرار مىڭ ئاھ ئىلە يۈزمىڭ دەرىغ.
ھەيرەت ئەيلەر تىلنى گۇڭگۇ لال ھەم،
ئەقل زايىل، ھۇشنى پامال ھەم.
كېچەۋۇ كۈندۈزگە باقسە ھەر نەچە،
ئاڭلاماس كۈندۈزمۇدۇر يا خۇد كېچە.
يوقنى بىلمەس، بارنى ھەم ئاڭلاماس،
نې بۇلارنى تاڭلارۇ نې تاڭلاماس.
ھەر نېگەكىم سالسە كۆز ھەيران بولۇر،
بۇيلە ھەيرانلىقدا سەرگەردان بولۇر.
مۇندا چۇن قويدى قەدەم ئەھلى رەۋىش،
ئاڭا ھەيرانلىقدىن ئۆزگە بولماس ئىش.
ھەر نە كەسب ئەيلەپ ئىدى تەۋھىد ئارا،
ۋادىئى تەجرىد ئىلە تەفرىد ئارا.
بارچەسى ئاندىن بولۇر مەھۋۇ ئەدەم،
يوقكى ھاسىل قىلغالىكىم، ئۆزى ھەم.
سورسەلەركىم بارمۇسەن يا يوقمۇسەن؛
ھېچقايسى، يا ئىكىسى - ئوقمۇسەن.
بىرە ئالماس ھېچقايسىدىن جەۋاب،
بارۇ يوقلۇققە قىلا ئالماس خىتاب.
ئورتادا يا بىر تەرەف يا تاشقارى،
چەرگەدە ياخۇد كېيىن يا ئىلگەرى.
ھېچقايسىدا ئۆزىن بىلمەس يەقىن،
ھەيرەت ئەيلەر ئانى خارىج بارچەدىن.
فانىي ئېركەننىيۇ باقىيلىغنى ھەم،
مەست ئېركەننىيۇ ساقىلىغنى ھەم.
ئۆزىنىڭ مەۋجۇدۇ مەئدۇمىن داغى،
زاتىنىڭ مەجھۇلۇ مەئلۇمىن داغى.
باقسە ھەريان ھەيرەتىن ئەفزۇن تاپار،
ئۆزنى ھەيرەت ئىچرە دىگەرگۇن تاپار.
دەركى، ئاشىق ئېركەنىمنى تاڭلامان،
كىمگە ئېركەننىيۇ لېكىن ئاڭلامان.
باقىبان ھەر زەرەئى زەرراتىدىن،
ھەيرەت ئەيلەر نەفى يا ئىسباتىدىن.
بۇ مەقام ئىچرە ئېرۇر ئەسرۇ ئەجەب،
بىر تۇگەنمەي مىڭ كېلۇر ئوترۇ ئەجەب.

## ھېكايەت بىر سەبىل تەمسىل

بار ئىدى بىر خۇسرەۋى ئافاقگىر،
خادەمى دەرگاھى يۈز ساھىب سەرىر.
مۇلكى ئانىڭ قىرۋاندىن قىرۋان،
قىرۋان تا قىرۋان ھۆكمى رەۋان.
پەردەدە ئېردى نىھان بىر گەۋھەرى،
ھۇسنىنىڭ شەرمەندەسى ھۇرۇ پەرى.
خۇبلۇق بوستانى ئىچرە نەخلى ناز،
قايسى نەخلى ناز، سەرۋى سەرفەراز.
جان شەبىستاندا شەمئى دىلپەزىر،
شەمئ يوقكىم، مەشئەلى مېھرى مۇنىر.
ئەينى ناز ئىچرە بەھايى جان كۆزى،
كۆرمەگەن ئانداق بەلا دەۋران كۆزى.
زۇلفۇ خالى فىتنەدىن ئەنبەر فىشان،
فىتنە ئول يەڭلىغ كىشى بەرمەي نىشان.
ئارەزىدە لەئلۇ ئەنفاسى فەسىھ،
ئىتتى سال ئەيلەر قوياش بىرلە مەسىھ.
ۋەسلى ئۈممىدىدە ساھىب جاھلار،
بەلكى ساھىب تەخت ئالىي شاھلار.
كىمسەگە بولمەي مۇيەسسەر بۇ مۇراد،
كىم، كۆڭۈل قىلغەي ئانىڭ ۋەسلىغە شاد.
ئول ھەم ئەل مەھرەملىغىن قىلمەي ھەۋەس،
ئىككى ياندىن قەتئ ئولۇب بۇمۇلتەمەس.
يەئنى ئولكىم بولسا دەۋران ئىچرە تاق،
جۇفت ئاڭا نې نەۋئ تۈشكەي ئىتتىفاق.
دەئبى بۇ يەڭلىغ ئىدى جارى ئانىڭ،
ئەل بولا ئالماي خەرىدارى ئانىڭ.
ئىتتىفاقا بىر كېچە، تۈش كۆردى ئول،
پەيكەرىكىم تاقەتىغە ئۇردى يول.
رۇھدىن بولغاي مۇجەسسەم پەيكەرى،
ھۇسن ئەۋجى ئۈزرە مېھرى خاۋەرى.
سەفھە، ھۇسنىدە مۇشك ئامىز خەت،
خالى ئول يەڭلىغكى خەت ئۈزرە نۇقەت.
سەرۋىدەك سەركەشلىغۇ رەئنالىغى،
گۈل كەبى نازۇكلۇغۇ زىبالىغى.
بۇ چىراغى مېھرۇ، ئول بەدرى مۇنىر،
ئىككەسى بىر تەخت ئۈزە ئارامگىر.
دەم-بەدەم نوش ئەيلەبان جامى ۋىسال،
بىر-بىرىسىدىن ئالىپ كامى ۋىسال.
چۈن بۇ ئۇيقۇدىن كۆز ئاچتى گۇلئۇزار،
ئەتمىش ئېردى كۆڭلى مۇلكىدىن قەرار.
ئارتار ئېردى دەم-بەدەم شەيدالىغى،
بولغىدەك ئېردى ئەيان رەسۋالىغى.
ھەر زەمان ئول تۈشنى ئەيلەب ئارزۇ،
كۆزدىن ئىلتىپ ئېردى لىبك ئۇيقۇدىن سۇ.
كۆڭلىدىن ئاسايىشۇ كامى كېتىپ،
ھەم كېچە، ھەم كۈندۈز ئارامى كېتىپ.
بىر كۈن ئارتىپ ھەجىر دەردىدىن مەلال،
چىقتى ئالىي قەسىر ئۈزە ئاشۇفتەھال.
ھەر تەرەف باقىپ كۆڭۈل تەسكىنىغە،
يول تىلەب-سەبرۇ شىكىب ئايىنىغە.
ناگەھان كۆز سالدى، تارتىپ دۇدى ئاھ،
بىر تەرەفكىم بەزم تۈزمىش ئېردى شاھ.
تۈشتە كۆرگەن كىمسەگە تۈشتى كۆزى،
ئاھ، ئۇرۇپ ئۆز ھالىدىن باردى ئۆزى.
نەۋ جەۋانى ئېردى شەھ خۇددامىدىن،
دەھرىنىڭ بىر فىتنەئى ئەييامىدىن.
ئول داغى چۈن سالدى كۆزنى بۇ تەرەف،
ئىشق ئوقىغە كۆڭلىنى تاپتى ھەدەف.
تۈشتى ئاشۇب ئۇيلە جانى زارىغە،
كىم ئەسەر قىلدى تەنى ئەفگارىغە.
كۆڭلى مۇلكى ئىچرە تۈشتى قوزغالان،
جانى قەسدىغە ياۋۇشتى بىر فىغان.
ھۇشۇ سەبرى قالمادى ئۆز ھالىدا،
ئۆزى ھەم باردى ئولار دۇنبالىدا.
ئۆتتى ئاخشامغىچە، ئەۋالى ئىرىك،
نې ئۆلۈك تاپىپ ئۆزىنى، نې تىرىك.

تۇن سەۋادى يەرگە بولغاچ پەردە پۇش،
زاھىر ئەتتى پەردەدىن يۇزمىڭ خۇرۇش،
تاڭغە تەكرۇ ھالەتى ئەفغان ئىدى،
ئاھۇ ئەشكى ئۇيلەكىم تۇفان ئىدى.
تاڭ قۇشى قىلغاچ سەھەر سىررىنى فاش،
تۇنغىچە ئۇرماق ئىدى كۆكسىگە تاش.
ئىككى ياندىن بۇيلە سەۋدا سالدى ئىشق،
ئىككى كىشىۋەر ئىچرە يەغما سالدى ئىشق.
نەۋجەۋان ئىشق ئىچرە گەرچە زار ئىدى،
كۆپ فۇسۇن بىرلە ئۆزىنى ئاسرار ئىدى.
لېك مەھۋەش بىقەرار ئېردى بەسى،
ئىشقدىن زارۇ نىزار ئېردى بەسى.
كۆردى بارغۇدەك ئىلىكتىن ئىختىيار،
ئىشقى رەسۋالىققە تۇتقۇدەك قەرار.
قىلدى چۇن بىچارەلىغ بەھەد زۇھۇر،
چارەجۇلۇق شىۋەسىن كۆردى زەرۇر.
ئۆتتى ئىخفا ئەيلەمەكدىن چۇن ئىشى،
دېدىكىم، يوق چارەئى تاپماي كىشى.
بار ئىدى ئىككى مۇۋافىق مەھرەمى،
شادلىغ بىرلە غەم ئىچرە ھەمدەمى،
چارەگەرلىكدە مۇقەررەر ھەر بىرى،
ساھىرۇ شوخۇ فۇسۇنگەر ھەر بىرى.
مەكرۇ ئەفسۇن غايەتىگە يەتكۈچى،
پەششە بىرلە فىلنى جۇفت ئەتكۈچى.
ئۇيلەكىم پەششە ئۆزىن كۆرمەي كىچىك،
فىل ئۆزىن تاپماي ئۇلۇغراق جۇسسەلىك.
ھەر بىرىگە رىۋۇ ئەفسۇنۇ فىرىب،
ئىشق بىرلە جەمئ قىلغۇنچە شىكىب.
باۋۇجۇدى بۇ بىرى خۇش نەغمە رۇد،
چالغۇچىيۇ چەككۈچى بۇ بىر سۇرۇد.
چۇن مۇۋافىق تارتىب ئول سازۇ نەۋا،
زۇھرە بۇرجىدىن قىلىپ ئەتمەك ھەۋا.
ھەربىرى سازى ئۇنىدىن جان ئالىپ،
نەغمەدىن ئول بىر بەدەنغە جان سالىپ.
بۇ چالىپ ساز، ئول بىرى چەككەچ خورۇش،

تەركى ھۇش ئەيلەب، ئىشتىكەچ ئەھلى ھۇش.
ماھۋەشقە بۇيلە يەتكەچ شىددەتى،
ئول ئىكەۋنى ئىستەپ ئەتتى خىلۋەتى.
دېدى، ھالىن يىغلابان ئاچچىغ-ئاچىتىغ،
كىم نېچۇك ئىشق ئەيلەمىش ھالىن قاتىغ.
تۇشتە كۆرگەن ئانى مەھزۇن قىلغانىن،
كۆرگەن ئويغاقلىغدا مەجنۇن قىلغانىن.
ئول يىگىت ئىشقىدا زار بولغانىنى ھەم،
ۋالەۋۇ بىئىختىيار، ئولغانىنى ھەم.
دەپكى: «سىز ئىككى رەفىقى دىلنەۋاز،
شىددەتىمغە بولماغايسىز چارە ساز.
خارخارىم خەلق ئارا كۆل قىلغۇسى،
پەيكەرىمنى بۇ ئوتۇم كۆل قىلغۇسى.
كۆيمەكىمدىن ھېچ غەم يوقتۇر ماڭا،
ئۆلمەكىمدىن ھەم ئەلەم يوقتۇر ماڭا.
لېك نامۇس ئۆلتۈرۈركىم كۆپ گەزاف،
زاھىر ئەيلەپ مەن ئۇرۇپ تەقۋىدە لاف.
ھەم ئاتام نامۇسىدىن بىھال مەن،
كىم ئانىڭ شەرمىدە گۇڭگۇ لال مەن.
كىم نەچۇك شاھى فەلەك مىقداردۇر،
رۇزگارىغە بۇ ئىش كۆپ ئاردۇر.
يۇز مېنىڭدەك ئۆلسە ئاندىن باك يوق،
ئۇيلەكىم دەريادا بىر خاشاك يوق.
شەھنى بىنامۇسلۇققە تاقەتىم
يوق ئۇچۇن بۇ ئىشتا ئارتار شىددەتىم.
مەن دېدىم ھالىمنى ئەمدى سىز بىلىڭ،
ئۆلتۈرۈڭ ياخۇد ئىلاجىمنى قىلىڭ.
تەۋدىمەن ئېردىم، ئىشقدىن بولدۇم زەبۇن،
ئاجىز ئولدۇم گەرچە بار ئېردىم ھەرۇن.
خاتىرى ناشادىمە رەھم ئەيلەگىز،
نالەۋۇ فەريادىمە رەھم ئەيلەگىز».
چۇن يېتىشتى ئول ئىكەۋگە بۇ نىدا،
دېدىلەر، ئالىڭدا جان ئەيلەپ فىدا:
«ئەيلەلى بىر چارەكىم، ئەي نازەنىن—
ئانداق ئولغاي ساڭا مەئيۇسۇ قەرىن.

کىم بۇ ئىشنى ھېچ ئادەم بىلمەگەي،
قايسى ئادەم-بەل پەرى ھەم بىلمەگەي.
سەن شىكىبا بول، ۋەلى بىرنەچچە كۈن،
ھەر دەم ئاھۇ نالە بىرلە چەكمە ئۈن.
چۈن مۇرادنىڭ ئىچرە ئىخفادۇر بەسى،
بىزگە بۇ ئىخفا تەمەننادۇر بەسى».
ۋەسلىغە چۈن بولدى ئۈممىدى ھۇسۇل،
ماھۋەش سەبرۇ شىكىب ئەيلەپ قەبۇل.
ئىككى داناغە تەئەممۇل بولدى ئىش،
تۈزدىلەر مەتلۇب ئىلە بارىش-كېلىش.
ئول يىگىتكە ئەيلەپ ئۆزنى ئاشنا،
ئىشقدىن كۆڭلىدە تاپتىلا ئەنا.
ئانچە، زاھىر قىلدىلەر مەكرۇ فىرىب،
كىم ئۇلارغە سەيد بولدى ئول غەرىب.
بۇ بىرى بولدى ئانا، ئول بىر-سىڭىل،
دېدىلەر: «چارەڭنى بىزدىن ئاڭلاغىل.
گەرچە ئەھۋالىڭنى قىلماسسەن ئەيان،
لېك بىلدۇككىم نېدىن سەن ناتەۋان.
ئىشق كۆڭلۈڭ مۇلكىن ئەتمىش پايمال،
ھەجرىڭە بىزدىندۇر ئۈممىدى ۋىسال».
ئول يىگىت بۇ نۇكتەدىن خۇرسەند ئولۇپ،
جاندىن ئول ئىككەۋگە ھاجەتمەند ئولۇپ.
نېكىم ئول ئىككەۋ دېسە فەرمان بىلە،
بۇ بىرى ئەيلەپ ئىتائەت جان بىلە.
كارۋانلار تېز ئېتىپ بازارى شەيد،
قىلدىلار ئول تۇرفە قۇشنى ئۇيلە سەيد.
كىم دېگەچكىم، قوي بىزنىڭ مەنزىلغە گام،
ناتەۋان ئەزم ئەتتى ئول يان شادكام.
تۈزدىلەر شاھانە بەزمى دىلپەزىر،
بادە ئىچتى ئىشق ئارا بولغان ئەسىر.
چۈن قەدەھ كەيفىيەتى بولدى ئەيان،
ئەيلەر ئېردىلەر ھىكايەتلەر بەيان.
ئىشقۇ ئاشىقلىقنىڭ ئوتۇ دۇدىدىن،
ۋەسل ئىلە ھىجران زىيانۇ سۇدىدىن.
ئاشنا سۆزلەرنى مەرغۇب رازلار،
ئانچە، شەرھ ئەتتىلەر ئول دەم سازلار.
بۇيلە سۆزلەردە تۇتۇپ جامى مۇراد،
نامۇراد ئاندىن تاپىپ كامى مۇراد.
مەي بىلە ئول نۇكتەلەردىن نەۋجەۋان،
ئىشق ئارا ئول نەۋ بولدى ناتەۋان،
كىم ئاڭا يۈزلەندى گۈڭگۈ لاللىق،
ھەر زەمان ئۆز ھالىدىن بىھاللىق.
بۇ مەھەلدە چەكتىلەر دىلكەش سۇرۇد،
چالىبان ھۇش ئالغۇچى خۇش نەغمە رۇد.
ناتەۋان ئول نەۋ قىلدى تەركى ھۇش،
كىم دېگەيسەن ھۇش بەزمى قىلدى نۇش.
تۈن قاراڭغۇ ئېردىيۇ بىخۇد ھەرىف،
كامرانلىغ ئەيلەپ ئول ئىككى زەرىف.
ئىشدا بولماي سۇست، ئەيلەب جىددۇ جەھد،
ھازىر ئەتتىلەر رەۋان بىر تۇرفە مەھد.
ئانى مەھد ئىچرە سالىپ، ئەيلەپ شىتاب،
گام ئۇراردا زاھىر ئەيلەپ ئىزتىراب.
ماھۋەش بەزمىغە ھازىر قىلدىلار،
سەرۋۇ گۇلغە ۋەسل زاھىر قىلدىلار.
ئاندا خۇد ئامادە ئەسبابى تەرەب،
مۇنتەزىر خىلۋەتتە ماھى نۇشلەب.
كىم يەتۈردىلەر ئول ئىككى چارەگەر،
مەھد ئارا بىر سەرۋ قەددى سىيمبەر.
ماھۋەش تەختى ئۈزە ياتقۇزدىلار،
ئايىنى خۇرشىدغە تاپشۇردىلار.
ماھۋەش ۋەسل ئىچرە بولغاچ كام ياب،
دېدىكىم، كەھگىلغە ئۇردىلار گۇلاب.
ھۇشىغە ئەتىر چۈن تاپتى مەشام،
كۆز ئاچىپ كۆردى بىھىشت ئايىن مەقام.
ياندائول ئىززەتى ھۇرۇ پەرى،
كۆڭلىنى زار ئەيلەگەن مەھپەيكەرى.
قوپۇپ ئولتۇردى ئەجەپ ھالەت بىلە،
باقتى ھەريان يۈز تۈمەن ھەيرەت بىلە.
ئاستىدا كۆردى بىيىك شاھانە تەخت،
ياندا مۇنىس شەھى فەرخۇندە بەخت.

دېدى: «يارەبكىم، نېمال ئېركىن بۇ ھال.
تۈشمۇ ئويغاقلىقمۇ ئېركىن يا خەيال!».
بەردى مەھۋەش لۇتف ئىلە تەسكىن ئاڭا،
كۆرگۈزۈپ كامى ۋىسال ئايىن ئاڭا.
كىم تۈش ئېرمەستۇر، ئىدى بىتابۇ ھۇش،
شۇكر ئېتىپ قىل ئەمدى جامى ۋەسل نۇش،
ئىستەبان ئېيتى پەرى بىر جامنى،
سوڭ ئاڭا تۇتتى مەيى گۇلفامنى.
ساقىنى مەھۋەش رۇخ ئىلە ھۇللە پوش،
مۇشسىزگە چۇن ئىچۇردى نەچچە قوش.
جامى مەي ئۇردى ھىجاب ئوتىغە سۇ،
بىھىجاب ئولدى تەرىقى گۇفتىگۇ.
ئاشىقى مەئشۇق مەجنۇنۇ ھەزىن،
بولدىلار ئىشرەت ئۆيىدە ھەم نىشىن.
ئانداق ئولدى بىرلىك ئايىنى رەۋا،
كىم ئىكىلىك ئورتادىن تۇتتى ھەۋا.
ھەر تەرەبكىم، بولغاي ئىككانى ھەۋەس،
بىر ـ بىرىدىن تاپتى ئىلكى ھەمنەفەس.
بىتەھاشى ئۆيلە ئايىنى ۋىفاق،
كىم ئانىڭ شەرھى ئەدەبدىن دۇر يىراق.
ھەم يىگىت مۇشتاقۇ ھەم مۇھتاج قىز،
يۈزىگە يۈز قويۇپ، ئاغزىغە ئاغىز.
ئۈزگەنى مۇندىن قىياس ئەتمەك بولۇر،
غايەتۇ ئىككانىغە يەتمەك بولۇر،
تا سەھەر بۇ نەۋئ ئىدى ئەيشۇ نەشات.
ئىككى ياندىن بىتەھاشى ئىنبىسات.
سۇبھ چۇن ئەيلەرگە تۇن رازىنى فاش،
بولدى يەر مۇشكى ئۇزە كافۇر پاش.
مەي داغى زاھىر قىلىپ بىھەد سۇرۇر،
ئېلتىپ ئېردى بەزم ئەھلىدىن شۇئۇر.
كىم ئول ئىككى پەردە پوشۇ پەردەۋەر،
بولدىلار، ئول پەردە ئىچرە نەغمەگەر.
بەزم ئېلىدىن غارەتى ھۇش ئەتتىلەر،
ئول يىگىتنى ئۆيلە مەدھۇش ئەتتىلەر.
كىم يىقىلدى زەئف ئانى بىھال ئېتىپ،
غەش بىلە ئىدراكى ھالىدىن كېتىپ.
چارەگەرلەرغە بۇ ئىش چۇن بەردى دەست،
مەھد ئارا بىدىلنى ئەيلەب پايبەست.
نەقل قىلدىلار ھەمۇل كاشانەغە،
ئاشىقى غەمخارەنى غەمخانەغە.
مەستلىغ ئۇيقۇسىدىن تاپتى فەراغ،
تاڭ يېلىدىن ھالغە كەلدى دىماغ.
كۆز ئاچىپ بىدىل تەئەممۇل ئەيلەدى،
ئۆتكەن ئەھۋالنى تەخەييۇل ئەيلەدى.
ئاھ ئۇرۇپ چىقتى دىماغىدىن تۈتۈن،
تاش ئىلە قويمادى ئەئزاسىن پۈتۈن.
ئۆز ـ ئۆزى بىرلە قىلىپ كۆپ ماجەرا،
ئەيلەدى كۆزىگە ئالەمنى قارا.
نەۋھە تۈزدى ئەشكى ئەنجۇمرىز ئىلە،
باشلادى ئاشۇب رۇستەخىز ئىلە.
ۋەسل بەزمىن چۇن خەيال ئەيلەر ئىدى،
نالەنى مەجنۇن مىسال ئەيلەر ئىدى.
دەر ئىدى: «يا رەب، نە تەدبىر ئەيلەيىن،
كىمگە ئۆز ھالىمنى تەقرىر ئەيلەيىن.
گەر دېسەم خامۇش ئولاي، تاقەتمۇ بار،
ئۆزنى زەبت ئەيلەي دېسەم، قۇۋۋەتمۇ بار!
ھالەتىم مەخفى تۇتاي يا فاش ئېتەي،
سۆز دەيىن يا شۇك تۇراي بىلمەي نېتەي.
گەر دېسەم ئايتاي قانى پايان ئاڭا،
دەرگە مىڭدىن بىرگە يوق ئىمكان ماڭا.
گەر نىھان تۇتماغلىغىن قىلسام خەيال،
يوقتۇرۇر جان ئېلتىمەككە ئېھتىمال.
ئەيلەر ئېردى بۇيلە غەۋغاۋۇ خۇرۇش،
نې تەنىدە رۇھۇ نې مەغزىدە ھۇش.
ھەيرەتى ھەرلەھزە قەسدى جان ئېتىپ،
ئەلنى ئانىڭ ھالىغە ھەيران ئېتىپ.
ھەر كىشى ئول ھالىدىن سۇردى خەبەر،
تاپمادى ئانىڭ جەۋابىدىن ئەسەر.
مۇنچە زاھىر ئەيلەدىكىم: «سۇرسەڭىز،
كۆيگەنىم بەسدۇر، يانا كۆيدۇرمەڭىز.

هالەتىم شەرھى ئەمەس تەقرىر ئىشى،
بىلمەس ئانى ئاندا تا يەتمەس كىشى،
مەنەۋ ئېردىم، يا رەب، ئول ئىقبال ئىلە،
ۋەسلى بەزمىدە ئول ئىستىقبال ئىلە.
شەرھ قىلماق ئىستەر ئېرسەم گەر ئانى،
كىمسە نې نەۋئ ئەيلەگەي باۋەر ئانى.
ھەيرەتىم جانىمنى ئۆرتەر، نەيلەيىن،
جىسمى ۋەيرانىمنى ئۆرتەر، نەيلەيىن.
ۋەھدەتى ۋەسلى ئىچرە ئول يەتكىلىغ مۇراد،
ئول سىفەت مەئشۇق بىرلە ئىتتىھاد.
سوڭرە ھىجراندىن بۇ يەتكىلىغ شىددەتىم،
ھەيرەت ئۈزرە، ھەيرەت ئۈزرە، ھەيرەتىم.
ھالەتىدۇر ئەسرۇ بىپايان ئەجەب،
كىمسەگە قىلما مۇنى، يا رەب، نەسىب».

**فەقرۇ فەنا ۋادىسىنىڭ سىفەتى، ئاشىقى كامىل، تالىبى سادىق، سالىكى رەھنەۋەرد تا فەقرىدە فەنا ھاسىل ئەتماي، ئىشى تامام بولماس**

يول ئارا جۆز ۋادىنى فەقرۇ فەنا،
مۇندىن ئۆتسە ئوتروغە كەلمەس يانا.
يوق بۇ ۋادى ئىچرە جۆز خامۇشلۇق،
گۇڭگو كەر بولماغلىقۇ بىھۇشلۇق.
چۇن تەلاتۇم كۆرگۈزۈپ بەھرى ئەمىق،
يۈز تۈمەن ئالەم بولۇر ئاندا غەرىق.
بەھرىنىڭ كۆلاكى تۇتغان چاغدا ئەۋج،
كىم ئەيان ئەيلەر تۈمەن مىڭ نەقش مەۋج.
دەم بىدەم بۇ نەقشلەر تاپىپ فەنا،
فاش ئولۇر مىڭ مەۋجى گۇناگۇن يانا.
ياخشى باقساڭ، مەۋجدە يوقدۇر ۋۇجۇد،
بەھرىدىن ئۆزگە ئېرۇر بارى نەبۇد.
ھەق ۋۇجۇدى كەلدى بەھرى بىكەران،
مەۋجى ئانىڭ ئافەرىنىشدىن ئەيان.
ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئىچرە ھەر نەبار،
كىم قىلۇرلار ئەھلى مەئنى ئېتىبار.
ھەر نەكىم زاھىر دۇرۇر سۇرەت ئارا،
كىم بارى مەرئى بولۇپ ھەيئەت ئارا.
ئەرز سەتھى ئۈزرە يۈز شەكلى ئەجەب،
شەكىللەردە يۈز تۈمەن لەۋنۇ ئەجەب.
فەرز قىل يا بەھر ياخۇد مەئدەنى،
يوقسە دەشتى ئاكلاغىل يا گۈلشەنى.
يۈز تۈمەن مىڭ لالەۋۇ گۈل - بارچە پاك،
تورغايۇ بۇلبۇلنى قىلغۇدەك ھەلاك.
ھەم ئەقالىمۇ بىلاد ئەتكىل خەيال،
ھەم بىقارۇ ھەم ئويۇنۇ ھەم جىبال.
ھەم بۇدۇر دەۋرىداغى ئابۇ ھەۋا،
بەلكى سۇ ۋە ناردىن ھەم ماسىۋا.
ھەم بۇلار دەۋرىداغى توققۇز فەلەك،
سابىتۇ سەييارە ھەم خەيلى مەلەك.
ھەم مەلائىك ئولكى، يوق سانى ئانىڭ،
بەلكى مىقدار ئىچرە پايانى ئىنىڭ.
قايسى بىر ئەختەركى يوق ئاندىن ھەقىر،
ئەرز جىسمىچە نەچە تاپىپ نەزىر.
تۆرت ئۇنسۇر، يەتتى كوك، ئالتى جىھات،
نادىرۇ ئالي ئەساسى كائىنات.
بارچەدىن ئەشرەفكى ئول ئىنسان ئېرۇر،
كىم كەمالدە خىرەد ھەيران ئېرۇر.
مۇندا سەن ياخۇد ئەۋام ئەتكىل گۇمان،
يا خەۋاس ئىلە خەيال ئەيلەر زەمان.
گەر سەلاتىن بولسە ساھىب ئىختىيار،
يا خەۋاقىن بولسە ساھىب ئىقتىدار.
گەر ھەكىمۇ ئالىمۇ ۋەر مۇجتەھىد،
ۋەر پەرىشان قەۋمدۇر، يا مۇتتەھىد.
گەر ۋەلىكىم، خەلقدىن ئەكمەلدۇر ئول،
گەر نەبى قىل فەرزكىم، مۇرسەلدۇر ئول،
بارچەسىنى ھەق زاتى مەۋجى بەھرى بىل،
ھەم ۋۇجۇدىن مەۋج يەتكىلىغ ئاكلاغىل.

بارچە نېڭكىم نەقشى كەلدى ئارىيەت،
فانى دۇنيادا بەقادىن يوٗق سىفەت.
بەھر تەھرىكى چۇ مەۋج ئەيلەپ ئەيان،
نەقش مۇنچە، زاھىر ئەيلەر ھەر قايان.
چۇن تاپىپ تەسكىن بۇ مەۋجى بەھرەۋەر،
قالمايىن ئۇل مەۋجلەردىن ھىچ ئەسەر.
ھەر كىشىدە بولسا ئايىنى خىرەد،
بۇيلە بىلدىڭكىم، ئەزەلدىن تائەبەد.
ھەر نېكىم كەلسەڭ گۇمان تاپغان ۋۇجۇد،
بۇدى يوق، بۇ نەۋدى ئېرۇر بارى نەمۇد.
غەيرى ھەقكىم قادىرى بەر ھەقدۇر ئۇل.
بارچە فانى باقىئى مۇتلەقدۇر ئۇل.
ھەم ۋۇجۇد ئايىنى مەھكەمدۇر ئاڭا،
ھەم بەقا رەسمى مۇسەللەمدۇر ئاڭا.
ھەقدىن ئۆزگە كىم ئېرۇر بۇ نەۋدى زات،
فىل مەسەل ئىچكەن ئېسە ئابى ھەيات.
فانىيا، مۇتلەقدۇرۇر گەرخۇد بەقا،
ئىستەسەڭ قىلماق كېرەك ئۆزنى فەنا.

## ھەزرەتى شەيخ ئەبۇل ئەبباس رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەرسەبىل تەمسىل

شەيخ ئەبۇل ئاببااس قەسابى ئىنتىساب،
كىم زەماندا قۇتب ئىدى بى ئىجتىناب.
چۇن فەنا ۋادىيسىغە قويدى قەدەم،
ئۆز ۋۇجۇدىن ئەيلەدى ئاندا ئەدەم.
كىم مەقامى بىر كوٗن ئېردى خانەقاھ،
بارى ئەسۋاب ئۇل يېرىدە رۇ بەراھ.
بۇ مەھەلدە بىر فۇزۇلى بىئەدەب،
خانەقاھ سەھنىغە كىردى بولئەجەب.
كىرگەچ ئۇل مىنبەر سارى كۆرگوزدى مەيل،
دېدىكىم: «ئەي خانەقەھ سەككانى خەيل.
ئايتغانىمنى ھەرنە ياخشى ئاڭلاڭىز،
سۇ تولا ئىبرىقنى ھازىر ئەيلەڭىز.
تاكى ئىستىنجا سارى ئەيلەي شۇرۇئ،
سوڭرە قىلغايمەن تەھارەتكە رۇجۇئ».
شەيخى ئالي قەدر ئىشىتكەچ بۇ كەلام،
دېدى: «ئىبرىق ئالىبان ئەيلەڭ خىرام!»
ئالدى بىر دەرۋىش ئىبرىقى شىگەرف،
سۇ تولا ئەيلەپ ئاڭا يەتكۈردى زەرف.
زەرفنى سىندۇردى ئۇل ناجىنس زات،
دېدى: «كەلتۈرگىل يانا بىر زەرف پات»
يانە بىر ئىبرىقنى كەلتۈردى رەۋان،
ئانى ھەم ئۇردى، بۇ سىندۇردى رەۋان.
شەيخ مەئلۇم ئەيلەگەچ دېدى: «يۈرۈك،
ئۇل نەچە ئىبرىق ئۇشاتسا كەلتۈرۈڭ»
نەچچەكىم يەتكۈردىلەر تاش ئۇردى ئۇل،
زەرفلەرنى سەربەسەر سىندۇردى ئۇل.
قىلدىلار ئالدا ئەجز ئىزھارىنى:
«كىم ئۇشاتتىڭ زەرفلەرنىڭ بارىنى
خانەقەھدە قالمادى زەرفۇ ئىنا،
كىم سېنىڭ ئالىڭغە، كەلتۈردۈك يانا».
دېدى: «گەر ئىبرىق يوقدۇر، قايتىڭىز،
باربان ئۆز شەيخىڭىزگە ئايتىڭىز.
كىم ساقالىن ھازىر ئەتسۇن مۇندا پات،
تا تاپاي بۇ ئەمر بەندىدىن نەجات».
شەيخ ئالي قەدر ئىشىتكەچ ئۇشبۇ سۆز،
سەكرىبان قوپتىيۇ ئۇل يان قويدى يۈز.
كىم زىھى خۇش سائەتۇ فەرخۇندە فال،
كىم قاچان بىز بۆزكەش ئوغلىغە ساقال.
كىم ئانى يىللار چېكىپ يۈپ تاراغاي،
بۇ زەمان بىر نەچچە ئىشقە ياراغاي،
كىم ئاڭا دەرۋىش قىلغاي ئىلتىفات،
بىر كۇدۇرەتتىن چىقارغاي ئانى بات.
شەيخدا ئېردى مەھاسىن پاكراق،
ئالىبان ئاۋۇچ ئارا قويدى ئاياق.

ئۇل تەرەفكىم غافىلى بىباك ئىدى،
بەلكى ئۇل مەجنۇنى بىئىدراك ئىدى.
كۆرگەچ ئۇل بۇ نەۋئى ئايىنى فەنا،
ھەرزە دەرگە تاپمادى قۇۋۋەت يانا.
شەيخ ئاياغىغە ئۆزىن تۇفراغ ئېتىپ،
قويدى يۈز تۇفراققە ئۆزدىن كېتىپ.
سالىكۇ فانى ئاڭا سالىپ نەزەر،
ئۆزلۈكىدىن قويمادى رەڭۇ ئەسەر.
بۇ سىفەت ناقىسنى تەكمىل ئەيلەدى،
مىسنى ئالتۇن بىرلە تەبدىل ئەيلەدى.
رەڭگۇ نەقشۇ لەۋنىدىن چىقماي كىشى،
مۇمكىن ئېرمەس مۇنداق يەتمەكلىك ئىشى.
فانىيا، مۇنداق فەنا ھەقدىن تىلە،
تا بەقا تاپغايسەن ئۇل ئىفنا بىلە .

## ھەزرەتى خاجەئى بۇزۇرگۋار شەيخ بەھائۇلھەققۇد - دىن جەنابى شاھ نەقشبەند رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى ھېكايەتلەرى بەرسەبىل تامسىل

خاجەئى ئالي سىفاتى ئەرجۇمەند،
شەھ بەھائۇلھەق ۋە دىنى نەقش بەند.
چۇن بۇ ئىقلىم ئۆزرە بولدى تەختگىر،
توزدى يوقلۇق كىشۋەرى ئۆزرە سەرىر.
ئۆز ۋۇجۇدىن پاك سىررى ھەق شۇناس،
ھەر نې بىرلەكىم قىلۇر ئېردى قىياس.
ئاندىن ئۆزنى كەم تۇتار ئېردى بەسى،
سەرۋۇ گۈلدىن ئۆيلەكىم خارۇ خەسى.
كىم كۆرۈندى كۆزىگە بىر جىفە كەلب،
پەيكەرىدىن پاكلىك ئايىنى سەلب.
چۇن ئانىڭ بىرلە تەگشتۈردى ئۆزىن،
نالە قىلدى ئەشكبار ئەيلەپ كۆزىن،
دېدى: «ئۇل ئەھلى ۋەفادۇر، مەن - ئىمەن،
ئۆزنى ئانىڭ بىرلە ئەمدى تەڭ دېمەن.
ئۇل خۇداۋەندىغە قىلماس جۈز ۋەفا،
لېك مەندىن زاھىر ئولماس جۈز جەفا».
ھۆكم مۇنداق ئەيلەگەچ، ساھىب نەزەر،
قىلدى ئىت يول بىرلە ئالىندىن گۈزەر.
كۆردى تاپقاچ نىسبەتى ئايىن يۈزە،
ئىت ئاياغىنىڭ ئىزىدىن تۇفراغ ئۈزە.
دېدى: «مەن ئارتۇغ ئىكەنمۇ يا بۇ ئىز؟»
يانا ئۆزنى دېدى: «ئەي ئىنسافسىز،
ئۇل ۋەفا ئەھلى ئەياغىدىن نىشان،
سەن ۋەفاسىزلىغ سارى دامەنكەشان».
خەتم قىلدى چۇن بۇ مەئنىدە سۆزىن،
يەر ئۆپۈپ ئۇل ئىز ئۆزە قويدى كۆزىن.
ئەھلى ھەق مۇنداغ ئېتىپ سەلبى ۋۇجۇد،
بۇدىنى بۇ ۋەجھ ئىلە ئەيلەپ نەبۇد.
بۇيلە ئاشام ئەتتىلەر جامى فەنا،
قالماغاندىن سوڭ ئەسەر ئۆزدىن يانا.
ھەق ۋۇجۇدىدىن بەقائى تاپمايىن،
جامى ۋەھدەتدە لىقائى تاپمايىن.
چۇن فەنا خەيلىغە ۋاسىل بولدىلار،
باقىيۇ مۇتلەققە داخىل بولدىلار.

## پەرۋانەلەر جەمئى بولۇپ، شەمئىنىڭ ھەقىقەتىن ئىستەمەكلەرى ۋە ئاقىبەت ئۆرتەنىپ، شەمئەئى خەبەر تاپغانلارى

بىر كېچە پەرۋانەلەر جەمئ ئولدىلار،
سەئيى بىرلە تالىبى شەمئ ئولدىلار.
دېدىلار پەرنى قىلىپ ئاتەش فىشان:
«ئىستەلى مەتلۇب نۇرىدىن نىشان.
ھەرنې تاپساق، ئانى ئىزھار ئەيلەلى،
شەرھ ئېتىپ ئەسلىن پەدىدار ئەيلەلى».
بۇ سۆز ئايتىلغاچ بىرى ئاچىپ قانات،
شەمئ تەھقىقىن قىلۇرغە باردى پات.

بىر شەبىستان ئىچرە كۆردى جەمئنى،
كىم يارۇتمىشلار ئارادا شەمئنى.
چۇن مۇنەۋۋەر قىلدى نۇرىدىن كۆزىن،
تاپمىبان يانىدى ئۇلار ئىچرە سۆزىن.
ئول دەر ئېردى، لېك ئۇلار تاپماي خەبەر،
جانلارىغە يوق ئىدى ئاندىن ئەسەر.
ھەر نەچە رەۋشەن سەرىۋراق رەفئ دەپ،
ھېچ تاپماي مۇستەمىئلەر نەفئ دەپ،
چۇن ئانىڭ تەقرىرى سۇد ئاز ئەيلەدى.
يانە بىر پەرۋانە پەرۋاز ئەيلەدى.
شەمئ بەزمىغە ياقىن سالدى گۇزەر،
نۇرىغە دىققەت بىلە قىلدى نەزەر.
بۇ داغى يانىپ نەچە قىلدى بەيان،
بولمادى مەقسۇد جەمئ ئىچرە ئەيان.
يانە بىرھەم ئىشكە سائى بولدى كۆپ،
شەمئ باشى گەردىغە ئەۋرۇلدى كۆپ.
بولمادى ھاسىل مۇراد ئاندىن داغى،
تاپمادى مۇشكىل كۇشاد ئاندىن داغى.
ئۆزگەلەرغە داغى تۇشتى ئىز تەراب،
ئەيلە ئول مەقسۇد ئۈچۈن ھەر بىر شىتاب.
شەمئ دەۋرىدە قىنات كۆپ ئۇردىلەر،
ھەر بىر ئۆز بالۇ پەرىن كويدۇردىلەر.
ھەر بىرى كۆيگەنچە ئاندىن تاپتى كام،
شەرھى دۇشۋار ئېردىيۇ نەقلى ھەرام.
شۇئلە شەرھىن تىل بىلە قىلماس كىشى،
كۆيمەگۈنچە ھىرقەتىن بىلمەس كىشى.
ئول بىر ئىش تەھقىقدىن تاپتى خەبەر،
كىم بولۇب كۇل، قالمادى ئاندىن ئەسەر.
شۇئلەغە ئۇرغاچ ئۆزىن بى ۋەھمۇ باك،
شۇئلە بولدى ئوت تۇشۇب ئەجزايى پاك.
چۇن تىلەر مەقسۇد ئاگا بولدى ئەيان،
ئۆزگە زاھىر بولمادى ئاندىن بەيان.
چۈنكى مەقسۇد ئىچرە نابۇد ئولدى ئول،
ئول فەنادە ئەينى مەقسۇد ئولدى ئول.
چىقمادى ئاندىن يەنە ھەرگىز نەفەس،
ئول ھەقىقەتدىن خەبەر تاپدىيۇ بەس.
باقسا ئەل پەرۋانەلەرنىڭ زاتىغە،
كەشف ئولور كۆڭلىگىغە ئىككى فائىدە.
بىر بۇكىم، كۆيمەي ئاگا بولماس كۇشاد،
بولماغۇنچە كۇل، ئاگا تاپماس مۇراد.
تافەنا ئوتى ئۆزە سالماس ۋۇجۇد،
ئۆرتەمەس ئول شۇئلەدە بۇدۇ نەبۇد.
پەرتەۋى مەقسۇدىغە بولماس ھۇسۇل،
كامىغە يېزلەنمەس ئايىنى ۋۇسۇل.
يانە بىر بۇكىم، يېتىپ بۇ نەۋئ بەرق،
ئانىكىم ئوت بەھرى ئىچرە قىلدى غەرق.
قالمادى چۇن ئاندا ئىمكانى مەقال،
سۆز دېمەك ئىش سىررىدە بولدى مەھال.
مۇندا كۆيمەي ئەلگە ئىش ئاچىلمادى،
ئولكى كۆيدى، كىمسە ھالىن بىلمەدى.
فانىيا، لافى فەنا ئۇرماغىنى قوي،
ۋەسل ئىسە كامىڭ، فەنا ئوتىغە كۆي.
ئەۋرۇلۇپ شەمئ ئوتىغە پەرۋانەۋار،
ئۆزنى تاشلا شۇئلەغە دىۋانەۋار.
قالماغاندىن سوڭ ۋۇجۇدۇڭدىن نىشان،
خىلئەت ئىچرە تارۇ پۇدۇڭدىن نىشان.
بولدى چۇن كامىڭ رەۋا مەقسۇد ئارا،
بىلمەسە ئەل بىلمەسۇن ئول ماجەرا.

## شەيخ سۇفيان سۇرى رەھمەتۇللاھ ئەيلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بەر سەبىل تەمسىل ھىكايەت

شەيخ سۇرى قەدۋەئى ئەسھابى دىن،
نەۋۋەر ئەللاھۇ سۇراھۇ تابىدىن.
مەئرىفەت ئىچرە سۇرەر ئېردى مەقال،
تالىبى ئول پەردەدىن قىلدى سۇئال.
«كىم بىرەۋكىم، تەگرىگە تالىبدۇر ئول،
مەقسەدىغە تەگرۇ نى نەۋئ ئولدى يول».

دېدی: «مىلك مەنزىل مەسافەت ئاڭلاغىل،
بارچەسىدە دەردۇ ئافەت ئاڭلاغىل.
نار ئىلە نۇر ئورتادا يەتتى تېگىز
هەر بىرىنىڭ ۋۇسئەتى ئەندازەسىز.

بۇ تېڭىزلاردىن قاچان قىلساڭ ئۇبۇر،
جەزب هۇتى ئول زەمان قىلغاي زۇهۇر.
مەئمەنىكىم هەر قاچانكىم چەكسە دەم،
يۇتقاي ئول دەم ئىككى ئالەم خەلقىنى هەم.

## شەمەئى ئەسرارى هەقىقەت ئىل مەسەل

بەهرى ئىستىغنا ئارا تاپىپ مەقام،
ئول مۇهىت ئەترافىدا ئەيلەر خىرام.
سۆز يۈزىگە بۇيلە خۇش تۇشتى نىقاب،
زايىل ئولدى هەم سۇئالۇ هەم جەۋاب.
بولدى قۇشلارغە بۇ سۆزدىن ئۆزگە هال،
كىم خىرەد ئانى قىلا ئالماس مەقال.
بارچەسى فەهىم ئەتتىكىم، بۇ مۇشكىل ئىش،
ئول جەمائەت لايىقى ئېرمەس ئىمىش.
ئۆزلەرىدىن بارچە نەۋمىد ئولدىلار،
مۇبتەلائى هۇزنى جاۋىد ئولدىلار.
ئۇيلە تاپتى بۇيلە مۇهلىك سۆز ۋۇجۇد،
كىم نىهادىدىن بارىنىڭ چىقتى دۇد.
بەلكى چۇن بۇ ئىشغە ۋاقىف بولدىلار،
ۋەهمدىن ئول دەم كى بىخۇد ئولدىلار.
فانى ئولغاچ ۋەهمى جان ئالغانلارى،
تۇتتى يول هەيرەت بىلە قالغانلارى.
ئۇردىلار يىللار قانات تۇتماي قەرار،
ئول بەلادىن ئىختىيار ئەتمەي فەرار.
قەتئ ئېتىپ كۆپ يول قۇيىيۇ يوقارى،
چىقغۇچە ئۆزلۈكلەرىدىن تاشقارى.
ئولچە ئول يولدا ئالارغە بەردى يۈز،
شەرھ كەلمەس يۈز تۈمەن تىل بىرلە تۈز.
گەر سېنىڭ هەم تۈشسە ئالىڭغە بۇ يول،
چۇن ئاڭا يەتسەڭ مۇشاهىد بولسا ئول.
بىلگەسەنكىم، ئول هەۋاكىم تۇتتىلار،
يول بەلاسىدىن نې قانلار يۇتتىلار.
ئاخىرۇل-ئەمر ئول گۇرۇهى زارىدىن،
رەنج تارتاردىن سۇرۇك ئەفكاردىن.

يەتتىلەر مەقسۇدغە، ئەمما ئەسرۇ ئاز،
تەن ئارا يۈز سوزۇ جان ئىچرە گۇداز.
كىم ئۇزۇن ئېردى يولۇ كۆپ ئافەتىن،
بىنىهايەت دەردۇ رەنجۇ شىددەتىن.
بەئزى ئول قۇشلاردىن ئولدىلار هالاك،
بەئزى يىتتىلەر بولۇپ كۆپ دەردناك.
يۈز سەمۇمى دەردۇ رەنج ئاندا ئېسىپ،
كىم مۇسافىر رىشتەئى ئۆمرىن كېسىپ.
چۇن هەۋادىس بىهەدۇ پايان ئىدى،
بولدىلار زايىئ نېكىم ئىمكان ئىدى.
ئاقىبەت يۈز نەچچە مىڭدىن نەچچە قۇش،
كىم ئۇلارغە يۈز تۈمەن رەنج ئولدى تۇش.
ئۇردىلار ئوتتۇز قۇش ئول يەردە قانات،
تەنلەرىدە قالماي ئايىنى هەيات.
جىسىم ئارا هەر بىرلەرى قالماي بۈتۈن،
پارە-پارە، ئۇيلەكىم قاقشال ئۇتۇن.
تەنلەرى يول رەنجىدىن بىتۇشۇ تاب،
جانلارى دەردى مەشەققەتدىن خەراب.
كۆردىلەر ئول نەۋئ ئالىي هەزرەتى،
كارگاهى ئاندا ئانداق ۋۇسئەتى.
كىم بولۇپ ئاجز ئۇقۇل ئىدراكىدىن،
چەرخ ئۆكسۇكراق ئانىڭ خاشاكىدىن.
ياغىپ ئىستىغنا سەهابىدىن ياغىن،
رەئد ئەيلەپ ئەربەدە، ئېسىتەپ چاقىن.
كىم تۈشۈپ ئالەمغە تۇفانى بەلا،
كۆل قىلىپ ئالەمنى بەرقى ئىبتىلا.
يەتتى كۆك ئاندا بىر ئاۋۇچ خاكچە،
سىدرەۋۇ تۇبى بىلە خاشاكچە.

بارچە ئۆز ھالىغە ھەيران قالدىلار،
ئەجزدىن زارۇ پەرىشان قالدىلار.
كۆردىلەركىم ئاندا يۈز مىھرى مۇنىر،
زەررەدىن بىرنەچچە يۈز مىڭدۇر ھەقىر.
دىدىلەر ۋاھەسرەتا ئۆز ھالىغە،
ئوت تۇشۇپ ھەرقايسى پەررۇ بالىغە.
كىم ئۇتتۇز تايىرغە فاسىد خەيال،
يول بىرىپ خاتىرغە سەۋدائى مەھال:
«تارتىبان يول قەتئىدىن رەنجى ئەزىم،
جانغە ئۆلمەك ۋەھمىدىن ھەر لەھزە بىم.
ئۆمر ئۆتۈپ مەقسەدغە يەتمەك ئاھ بۇ،
ھال بۇ ھەم ۋۇسئەتى دەرگاھ بۇ.
بىزگە مۇندا نى ھىسابۇ نى ۋۇجۇد!»
دەپ بۇ سۆزنى، باشلارىدىن چىقتى دۇد.
ھەر نەفەس نەۋمىدلىغ يۈز كۆرگۇزۇپ،
ئول نەچە ئاۋارەنىڭ كۆڭلىن بۇزۇپ.
بىر نەچە سەرگەشتەئى ئاۋارەئى،
تاپماي ئۆز مىھنەتلەرىغە چارەئى.
نى ئۇچارغە يار ئولۇپ قۇۋۋەتلەرى،
نى قونارغە دەرد ئارا تاقەتلەرى.
پەردەدىن ناگاھ ئىززەت چاۋۇشى،
جىلۋە قىلدى ئۇيلەكىم دەۋلەت قۇشى.
كۆردى ئول مەبھۇتى خەيلى خەستەنى،
يۈز بەلىيەت تارىغە ۋابەستەنى.
سورغالى قىلدى ئالار ھالىنى مەيل،
دىدى: «ئايا نى جەمائەتتۇر بۇ خەيل؟
كىم ئىرۇرلار مىڭ بەلاغە مۇبتەلا،
ئول بەلادىن بەھرە تاپماي، غەيرى لا».
بىسەرۇ سامانۇ سەرگەردان بارى،
قەدردە تۇفراغ ئىلە يەكسان بارى.
يوق ھەقارەتدىن ئۇلاردا ئۆزگە ھىچ،
ئول ھاقارەتدىن كۆرۈنمەي كۆزگە ھىچ.
دىدىلەر كىم: «بىز كۇرۇھى خارۇ زار،
ھەرزەكارۇ ئاجزۇ بىئىتىبار.
يولدا ئۆمرى جان چىكىپ، شاھ ئىستەبان،
رەنج تارتىپ بىز بۇ دەرگاھ ئىستەبان.
شاھىمىز ئىردۇق بەغايەت كۆپ سىپاھ،
نى سىپاھ ئولغايكى يوقدۇر ئاندا شاھ.
ئۆمرلەر يولدا مەشەققەت تارتىبان،
يۈز تۈمەن تۈرلۈك مەزەللەت تارتىبان.
نەچچە يۈز مىڭ نابىنۇ خەيلۇ ھەشەر،
كىم ئانىڭ شەئنىدە ئاجىزدۇر بەشەر.
بولدىلار زاتە، قويۇپ بۇ يولدا يۈز،
تا بۇ دەرگاھغە يېتىشدۇق بىز ئوتتۇز.
تا بۇ كىم سىمۇرغ بولغاي شاھىمىز،
بارچە شەررۇ خەيردىن ئاگاھىمىز.
شاھغە بولسا بۇ مەئنى دىلپەزىر،
بەندە بولغايمىز نىچە زارۇ ئەسىر».
دىدى ئول چاۋۇشكى: «ئەي خەيلى خەزەف،
بىخىرەدلىغ بىرلە بولغان مۇتتەسەف.
سىز كىم ئولغايسىز نەچە ئاشۇفتە ھال،
كىم دىماغىڭىزغە تۈشكەي بۇ خەيال.
قايسى تىل بىرلە قىلۇرسىز شەھنى زىكر،
كۆڭلۈڭىزغە يول نەچە تاپقاي بۇ فىكر.
سىز گۇرۇھى ھىچ كەمراق ھىچدىن،
شاد بۇ ئەندىشەئى پۇر پىچدىن.
ھىچلىك بىرلە تەھەۋۋۇر ئەيلەگەن،
ئۆزنى مەۋجۇدى تەسەۋۋۇر ئەيلەگەن.
سىزگە نى سان، نى ھىسابۇ نى ۋۇجۇد،
بۇدلۇغ تۇھمەت قىلىپ ئەمما نەبۇد.
كۆڭلۈڭىزدە سەربەسەر فاسىد خەيال،
مۇددەئاڭىز بارچەسى ئەمرى مەھال.
بارگاھىدۇر بۇ كىم يۈز مىڭ قۇياش،
زەررە چاغلىغ ئەيلەيەلمەس ئۆزنى فاش.
مۇنداكىم يۈز مىڭ تۈمەن پىلى دەمان،
بار ھەمانۇ، بىر ئۆلۈك پەششە ھەمان.
بىزگە ئاندا نى ۋۇجۇدۇ نى ئەدەم،
بەل ۋۇجۇدىڭىز ئەدەمدىن داغى كەم.
دىمەڭىز ھەشۋۇ رەۋانىراق قايتىڭىز،
سۆز ئەگەر بۇ ئىرسە، يولدا ئايتىڭىز!»

بۇ تەكەللۇمدىن ئولاردىن باردى ھۇش،
زەئىپ ئەيلەپ تىللارى بولدى خەمۇش.
بارچە فىلھال ئۆلگەلى ياۋۇشتىلەر،
يەئنى ھىرمان ئوتى ئىچرە تۇشتىلەر.
دېدىلەر: «مېھنەتلەرىمىزدىن دەرىغ!
تارتقان شىددەتلەرىمىزدىن دەرىغ.
شاھغە مۇنداغكىم ئېرۇر ئالىي جەناب،
نې كۆرۇسە بىر نېچە مېھنەت خەراب.
ھەيف مۇنچە سەئيلە ئۇمىددىمىز!
ئارزۇئى دەۋلەتى جاۋىددىمىز!».
كىم بارى ھىرمان بىلە بولدى بەدەل،
ھەسرەتى ئەرمان بىلە بولدى بەدەل.
«بار ئىكەن بۇ بىز كەبى مەھزۇن گۇرۇھ،
ئارزۇيۇ سەئيىدىن مەغبۇن گۇرۇھ!»

## قۇشلارغە ھۇدھۇدنىڭ نەسىھەتلىك جەۋابى

دېدى ھۇدھۇد: «كەي سۇرۇك بىچارەخەيل،
مۇلكى خانۇمانىدىن ئاۋارە خەيل.
بولماڭىز نەۋمىد شاھ ئەلتافىدىن،
كىم كەرەم بىردۇر ئانىڭ ئەۋسافىدىن.
سەئيب ئېسە كامى ۋىسالىن تاپماغى،
خۇشدۇرۇر سەۋداسىدا ئۆلمەك داغى.
بىزگە بۇ ئىقبال چۇنكىم بەردى دەست،
كىم ئانىڭ دەرگاھىدا تاپتۇق نىشەست.
بۇ سەئادەت ھەم ئېرۇر ئالىي مەقام،
كىم ئانىڭ ئىشقىدا ئۆلگەن تاپتى كام!»
بارچەسى بىدىللىغ ئەيلەب ئاشكار،
دېدىلەر ھۇدھۇدغە: «كەي ھىكمەتشىئار.
بۇ بەلالار ئىچرە كىم بولدى خەمۇل،
باردۇرۇر ئەمرىڭنى قىلغاندىن قەبۇل.
قايداكىم ئۇردۇڭ قانات، ئايرىلمادۇق،
ھەر نې ئەمر ئەتتىڭ تەخەللۇف قىلمادۇق.
ۋەسل چاغى يەتتى ئەندۇھى فىراق،
ھەر نەدەر ئېردىڭ يىراق ئېرمىش، يىراق»
دېدى ھۇدھۇد: «قىلماڭىز ئەفسۇردەلىق،
ئەسرۇ زاھىر ئەتمەڭىز ئازۇردەلىق.
بىز بۇ بولغە ئانداكىم ئەزم ئەيلەدۇك،
يۈز بەلىيەت چەكمەكىن جەزم ئەيلەدۇك.
بۇ ئەزىمەتدىن غەرەز خۇد شاھ ئىدى،
ھەم يانە مەقسۇد بۇ دەرگاھ ئىدى.
چۇنكى مەقسۇدغە يېتىب بىز بۇ زەمان،
كامدىن قىلماڭ يىراق ئۇزنى گۇمان.
ئاشىقكىم، ئىشقىدا بولغاي كەمىل،
تەڭ دۇرۇر ئالىدا ھىجرانۇ ۋىسال.
چۇن رىزاسى يارنىڭ مەتلۇب ئېرۇر،
ھەر نېكىم ئول ئىستەر ئول مەرغۇب ئېرۇر.
ۋەسلىغە گەر تاپماغايسىز دەسترەس،
سىز جەمالەتقە ئەمەسمۇ يادى بەس؟
ياد بىرلە ھەر كىشىكىم بەرسە جان،
باردۇر ئول ئولماق ھەياتى جاۋىدان».

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

دەشت ئارا مەجنۇننى كۆردى بىر كىشى،
كىم ھەمىشە سۆز دېمەك ئېردى ئىشى.
سوردىكىم: «كىم بىرلە سۆزلەرسەن بۇ ھال؟»
دېدى: «لەيلى بىرلە، ئەي فەرخۇندە فال».
دېدى: «ئاندىن تا ساڭا دۇر خىلى يول!»
دېدى: «ئەي غافىل، ئېرۇر جانىمدە ئول.
ئولكى ئانىڭ زىكرىدۇر جانىمدە قۇت،
يول يىراق ئولغاندىن ئولغايمۇ ئۇنۇت!»
كىمكى ئىشقىغە كەمال ئىرادىدۇر،
ئاڭا مەئشۇقى ۋۇجودى يادىدۇر.
سىزدە ھەم گەر ئىشقىدىن بار ئېرسە لاف،
ئەيش ئېتىڭ گەر كەلسە ئاندىن دۇردى ساف.

## مىڭ تۈمەن قۇشلاردىن جەمئى ئوتتۇز قۇش سىمۇرغ مەقامىغا يەتكەنى

ئول مۇسافىرلار كېزىپ كۆپ بەھرۇ بەر،
قىلمىش ئېردىلەر بۇ مەقسەددىن مەفەر.
يول يۈگۈرمەكدىن تۈنۈ كۈن ئازمايىن،
ھەر بەلاكىم كەلسە، يۈز قايتارمايىن.
يەتمىش ئېردىلەرچۇ ئول مەقسۇدغە،
ھاجىبى رو ئول — سۇرۇك مەغلۇبقە.
نەچەكىم سۇردى جەلالىيەت سۆزىن،
سالمادى ئول بىنەۋا قۇشلار ئۆزىن.
گەرچە، بەئزى قىلدى بىدىلىق ئەيان،
ھۇدھۇد ئىرشاددىن قىلىپ شەرھۇ بەيان.
ئانى قويماس يەئىس بىدىللىق ئارا،
سۇردى ئانچە ۋەئىز بىرلە ماجەرا.
كىم تاپىپ ئول نۇكتەلەردىن جان يانا،
بولدى مۇشكىل ئىش ئاڭا ئاسان يانا.
چۈن ئۇلارغە سىدقۇ ئىخلاس ئولدى يار،
بۇ ئىكىسىنىڭ تەلەبدە دەخلى بار.
گەر جەلالىيەتدىن ئول خەيلى زەلىل،
غەم يېمەيسكە، سۇردى كۆپ ھۇدھۇد دەلىل.
ھەم ئالاردا بار ئىدى مەردانەلىق،
ھادىئى كامىلدا يۈز پەرزانەلىق.
سىدقى ئىخلاس ئىچرە ئىككىنچى فەنا،
يارنى قىلدى ئالارغا ئاشنا.
ۋەسل باغىدىن جەمالىيەت يېلى،
يا مەسىھا قۇدسى ئەنفاسى دىلى.
ئەستىيۇ ھەر پەردەكىم ئېردى نىقاب،
ئاچتى تۇش-تۇشتىن بارىسىن بىھىجاب.
نۇرۇ زۇلمەتلەر ھىجابى ھەر تەرەف —
كىم بار ئېردى، بارچە بولدى بەر تەرەف.
ۋەسل باغىدا گۈلى ئەيشۇ مۇراد،
ئانچە تاپتى جان نەسىمىدىن كۇشاد،
كىم كېتىپ خاتىرلەردىن ئول فۇتۇر،
يۈزلەنىپ ۋەسل ئىچرە بۇ كامۇ سۇرۇر.

ھەر گۈل ئول گۈلشەندە بىر كۆزگۈ ئىدى،
كىم قايان ئۇلاردا دەۋ ئۇترۇ ئىدى.
ئانچە ئاندىن باشقا ھەم نۇرۇ سەفا،
بار ئىدى ھەم ئاشكارۇ ھەم خەفا.
كىم نەزەر قىلغان كەبى كۆزگۈدە ئەل،
ياكى باققاي سافۇ رەۋشەن سۇدە ئەل.
كۆرۈنەر ئېردى نەزەردىن مۇ بەمۇ،
ئەكس كۆرگۈزگەن كەبى كۆزگۈيۇ سۇ.
چۈن ئول ئوتتۇز قۇشقە بۇ ئېردى خەيال،
مۇنچە كۆرگەندىن ئۆكۈش رەنجۇ مەلال.
كىم ئەگەر سىمۇرغ كۆرگۈزگەي لىقا،
بۇ فەنالاردىن يېتىشكەي ئول بەقا.
كۆردىلەر ئۆزنى قەيانكىم تۇشتى كۆز،
ئەللاھ-ئەللاھ نې ئەجايىبدۇر بۇ سۆز.
كىم قىلىپ سىمۇرغ ئوتتۇز قۇش ھەۋەس،
ئۆزلەرىن كۆردىلەر ئول سىمۇرغ بەس.
مۇندە زاھىر بولدى سىررى «مەن ئەرەف»،
كىم كۆرۈپدۇر گەۋھەر ئولماغلىغ سەدەف.
ئەي كۆڭۈل، بۇ نوكتەدۇر قۇشلار تىلى،
رەمزۇ ئىما مۇلكىدە قۇشلار تىلى.
گەرچە بۇ سۆزدە ئەياندۇر تەقمىيە،
كىم رىيازەتدىنكى ئايتتى تەسفىيە.
چۈن رىيازەت رەفئ ئېتىپ رۇھانىيەت،
سەلب بولغاچ كىمسەگە نەفسانىيەت.
قالماغاي رۇھانىيەتدىن ئۆزگە ھېچ،
سەن تەخەللۇفدىن بۇ مەئنى ئىچرە كېچ.
باردۇر ئىنسان زاتىدا ئانچە شەرەف،
كىم يامان ئەخلاقىن ئەتسە بەرتەرەف.
بولماسا فىرئەۋنلىغىنىڭ پەيرەۋى،
قالماس ئاندا جۇز سىفاتى مۇسەۋى.
تا شەرەف گەنجىغە تاپىپ ئەھلىلىك،
سەلب قىلسە سىيرەتى بۇ جەھلىلىك.

شان ئاڭا بولۇپ ھەبىبۇللاھدەك،
بۇد ئىلە نابۇددىن ئاگاھـدەك.
كىم قىلىپ مىئراجى ۋەھدەتدىن گۇزەر،
لى مەئەللاھ سىررىدىن بەرگەي خەبەر.
ۋەسل نۇرىدىن كۆز ئول يەڭىلىغ يارۇر،
كىم ئارادىن سەنلىكۇ مەنلىك بارۇر.
ھەق ۋۇجۇدى بەھرى مەۋج ئەتكەي ئەيان،
مەۋج بەھرىدىن تىڭىزگە نې زىيان.
سۇ ۋۇجۇددىن تىڭىز بولدى تىڭىز،
بولسە گەر ئول مەۋجلۇغ گەر مەۋجسىز.
مۇندا گەر ياخشى تەخەييۇل ئەيلەسەڭ،
ياكى ئىش سىررىن تەئەممۇل ئەيلەسەڭ.
مۇتتەسف بولساڭ سىفاتىللاھ ئىلە،
جەزم ئىبتەرسەن خاتىرى ئاگاھ ئىلە.
كىم سەن ـ ئوقسەن ھەر نىكىم مەقسۇد ئىرۇر،
سەندىن ئۆزگە ھەر نىكىم مەۋجۇد ئىرۇر.
لىك سىمۇرغ ئىستەگەن ئول جەمئ تەير،
كىم سۇلۇك ئىچرە رىيازەت بىرلە سەير.
ئەيلەبان چۇن ئۆزنى قايل قىلدىلار،
ئول تەلەبدىن ۋەسل ھاسىل قىلدىلار.
سەندىن ھەم بالىققە ئول مەۋجۇد ئىرۇر،
نەقلغە كەلسە دەۋا مەقسۇد ئىرۇر.
قابىل ئەتمەي ئۆزنى گەر قىل ئەۋجى سۆز،
زاھىر ئەتسەڭ دەرد ئىلە سالماققە يۈز.
كىمسە بۇ مەئنىدىن ئاگاھ بولدى بىل،
كىمكى كەلدى ئاڭا سۆز ئايتۇر دەلىل.

كىم ئاڭا سۆز ئۆزگە، مەئنى ئۆزگەدۇر،
مەئنى ئاڭلار ئولكى لەھنى ئۆزگەدۇر.
بۇيلە مەئنىكىم ماڭا بولدى ئەيان،
ئەيلەدىم قۇشلار تىلى بىرلە بەيان.
كىم تەكەللۇم ئاندا شىركەت تاپماغاي،
بىكرى مەئنىنىڭ ئۇزارىن ياپماغاي.
قۇش تىلى بىلگەن سۆزۈم فەھم ئەيلەگەي،
فەھم ئىبتەردىن ھەم بەسى ۋەھم ئەيلەگەي.
لىك زىرەك قۇشچۇ بىلدى بۇ مەقال،
ئاڭلاغايكىم نىدۇرۇر بۇ سۆزدە ھال.
بارچە سۆزلەر مۇشكىلدۇر بۇ ھەدىس،
بىزەبانلارنىڭ تىلىدۇر بۇ ھەدىس.
شەرتى بۇكىم ئاڭلاغاي، شەرھ ئەتمەگەي،
تا تىلىدىن باشقە ئافەت يەتمەگەي.
مەن دەپ ئىستىغفاركىم قىلدىم ئىلاھ،
ئايتماس سۆزدىن ساڭا قىلدىم پەناھ.
ئۆز باشىمدىن سالمادىم بۇ نەۋئى تەرھ،
ئەيلەدىم ئەتتار ئەسرارىنى شەرھ.
ئافەتىمنى نۇكتەدىن سەن ئاسراغىل،
كىمگە پەيرەۋمەن نەزارە ئەيلەگىل.
مەن غەلەت قىلسام ئاڭا يوقتۇر غەلەت،
كىم كەمال ئەۋراقىغە كۆپ سۈردى خەت.
سۆزدە تەبئىم گەر غەلەتقە قىلدى مەيل،
ھادىئى كامىل سۆزىگە قىل تىفەيل.
سەندىن ئايتىپمەن ئاڭا پەيرەۋ بولۇپ،
ئەفۋ قىل جۇرمۇم ئۆزۈڭ ئۆزرۈم قولۇپ.

## ھىكايەتى بەرسەبىل تەمسىل

بىر پەرىشان تەبئ مەجنۇن بار ئىدى،
كىم بىراۋ سەۋداسىدىن كۆپ زار ئىدى.
يار ئىدى مەقسۇدى دەۋران ئافەتى،
ئىشۋە بىرلە ئىنس ئىلە جان ئافەتى.
ھۇسن ئارا ھۇرۇ پەرى مەغلۇب ئاڭا،
مىھر ئىلە ئاي كۆپ كۆرۈنمەي خۇب ئاڭا،

ھۇسن ئارا ئالەمدە غەۋغاسى ئانىڭ،
شەھرۇ كىشۋەردە ئەلالاسى ئانىڭ.
لۇتفى ھۇسنى گەرچە نامەقدۇر ئىدى،
ئىككى ئىش بىرلە ۋەلى مەشھۇر ئىدى.
بىر كامالۇ دانىشۇ دىققەت ئارا،
بىر جەفا ئەيلەر زەمان شىددەت ئارا.

ئىشق ئارا ئول ئاشىقى مەجنۇن نىهاد،
بىر كۈن ئەيلەر ئىردى مەئشۇقىنى ياد.
ئارەزىن گۇل دەر ئىدى، قەددىنى سەرۋ،
ھەيئەتىن تاۋۇسۇ رەفتارىن تەزەرۋ.
بۇيلە ھالەتدە ئىشىتتى ماھۋەش،
ھەرنەكىم دىۋانە ئايتۇر ئىردى خەش.
بارىن ئىشىتتى كەمىن ئەيلەپ تۇرۇپ،
سوڭرا ئانىڭ باشىغە كەلدى سۇرۇپ.
دېدى: «تەئرىفىڭ كىنايەتدۇر ماڭا،
ئار ئاندىن بىنىهايەتدۇر ماڭا.
قامەتىمكىم سەرۋ دەپ سۇردۇڭ كەلام،
سەرۋىغە قەددىم كەبى بارمۇ خىرام؟
ئارەزىم گۇل دەپكى قىلدىڭ ئەلگە فاش،
گۇلدا بارمۇ يۈز بەلالىغ كۆزۈ قاش.
ھەيئەتىم تاۋۇس دەپ قىلدىڭ خۇرۇش،
قايدا تاۋۇس ئەلدىن ئالۇر ئەقلۇ ھۇش.
چۇن تەزەرۋ ئەتتىڭ خىرامىمغە لەقەب،
قاي تەزەرۋ ئەل قەتلىغە بولمىش سەبەب؟»
قىلدى چۇن دىققەت بىلە مەھۋەش خىتاب،
ئاجىز ئولدى بىدىل ئايتۇردىن جەۋاب.
دېدى: «سەھۋ ئەيلەپمەنۇ شەرمەندەمەن،
لېك ۋەسفىڭ دەرگە مەھرەم بەندەمەن.»
قىلدى مەھ پەيكەر غەزەبكىم ئۇشبۇ دەم،
دەھرىدىن ئەيلەي ۋۇجۇدۇڭنى ئەدەم.
يەرگە تۈشتى يالبارىپ دىۋانەۋار:
«كەي پەرىيۇ ھۇردىن ھۇسنۇڭگە ئار.
نېكى مەن دېدىم، مۇھەببەتدىن ئىدى،
بارچە ئىخلاسۇ مۇۋەددەتدىن ئىدى.
يوق ئىدى ئاندا شىكايەتدىن ئەسەر،
تەئنە تەشنىئو كىنايەتدىن ئەسەر.
لېك تەقسىر ئەتتىم ئىركىن ۋەسف ئارا،
لۇتف ئىرۇر گەر سورماساڭ بۇ ماجەرا.
چۇن ئۇيات بۇتەلبەنى زار ئۆلتۈرۈر،
سەن ھەم ئۆلتۈرسەڭ ماڭا رەھمەت ئىرۇر.»
تەلبە قايىل بولغاچ ئۆز نۇقسانىدىن،
لۇتف ئېتىپ كەچتى پەرىۋەش قانىدىن.

## ھەزرەتى شەيخۇل - ئىسلام خاجە ئەبدۇللاھ ئەنسارى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى بىر سەبىل تەمسىل

خاجە ئەبدۇللاھ ئەنسارى ئىدى،
ئولكى بۇ يول ئەھلىغە ھادى ئىدى.
كىم كىشى ساز ئەيلەدى ئاھەڭگى زۇد،
تۈزسە ئول ئاھەڭ ئىلە لەھنى سۇرۇد.
لېك بۇ زۇدۇ سۇرۇدىدىن مۇراد،
بولدى تەڭرى يادى، ئەي پاك ئېئتىقاد.
ياخشىراقكىم غەفلەت ئاھەڭگىن تۈزۈپ،
ئوقۇغاي مۇسھەف تىلاۋەت كۆركۈزۈپ.
بولسە تەئنى نۇكتەئى ئاگاھلىق،
بۇكى تائەت ۋەقتىدە گۇمراھلىق.

## مۇناجاتى بەدەرگاھى ھەزرەتى قازىيۇل - ھاجات

ئەي ئەدەمدىن بارچە خەللاقى ۋۇجۇد،
بارى جۇد ئەھلىغە سەن فەييازۇ جۇد.
لۇتفۇ ئىھسانىڭغە يوق فايانۇ ھەد،
بەخشىشۇ ئىنئامىڭا سانۇ ئەدەد.
ھەرنېكىم ۋەسفىڭدە تەھرىر ئەيلەگۇم،
سېھر ئەگەر قىلسامكى تەقسىر ئەيلەگۇم.
مەن نە بولغۇمكىم ئەگەر ئەللامەلەر،
ۋەسفىڭ ئەيلەپ سۇرسە ئانچە، خامەلەر.
بولسەلەر ئىنسانى سارى مۇتتەسىف،
ئەجزىغە بولغاي كېرەكدۇر مۇئتەرىف.

فانىي دىۋانەئى ئاشۇفتە خۇي،
نىچە سۆز گەر سەندىن ئۆتتى گۇفتۇ گۇي.
سەھۋۇ تەقسىرىن كەرەمدىن ئەفۇ قىل،
نامەئى ئەئمالىدىن مەھۋ ئەيلەگىل.
ماڭا بۇ بەسكىم، نىكىم سۇردۇم قەلەم،
سەندىن ئايتتىم يوقكى غەيرىڭدىن رەقەم.
ئارتۇقۇ ئۆكسۈك دىدىم، سەندىن دىدىم،
چىن ئەگەر ئۆتروك دىدىم سەندىن دىدىم.
ئولچە ئەسرارىڭ ماڭا ئىردى ئەيان،
ئەيلەدىم قۇشلار تىلى بىرلە بەيان.
قۇش تىلى بىرلە بۇ دەم يالبارماغىم،
نىم بىسمىل قۇشدەك ئۆزدىن بارماغىم.
بارچە ئاندىندۇركى، بولماس بارچە قۇش،
نۇكتەئى رەڭگىنۇ گويالىققە تۇش.
لۇتق ئىلە بۇلبۇلغە يۈز دەستان ئىرۇر،
زاغ خارىج سەۋتى بىپايان ئىرۇر.
بەس بارى قۇشنىڭ نەۋاسى خۇش ئەمەس،
بارچە تايىر نەغمەسى دىلكەش ئەمەس.
چۇن ئۇلار ئەلھانىدىن سۇردۇم كەلام،
بارچەنىڭ لەھنىغە بولماس بۇ كەلام.
تۇتىئى شارەك ئەگەر ناتىق ئىرۇر،
ھەر بىرىگە ئۆزگە بىر مەنتىق ئىرۇر.
نەقلىدىن ئانىڭ تەفاۋۇت بولغۇسى،
بىر ئىلاھ بولسە، بىرى بۇت بولغۇسى.
بىردە شەك بولسە، بىرىسىدە يەقىن،
بىردە كۇفر ئولسە، يانا بىرىدە دىن.
كۇفرۇ دىن بىرلە چۇ يوق قاتىدا ئىش،
چۇنكى ئول ھەرنى دىمىش، سەندىن دىمىش.
چۇن نەسىبى ئەيلەدىڭ جامى فەنا،
بەرمەس ئىقبالى بەقاسىن بىل يانا.

## مۇسەننىف رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ئەھۋالىدا بىر سەبىل تەمسىل

فانىيا، سالدىڭ يانا تەرھى ئەجەب،
ئەيلەدىڭ قۇشلار تىلىن شەرھى ئەجەب.
بىر سۇلەيمانى نەبى ئەردىكى ئول،
تاپىپ ئىردى قۇشلار ئەلفازىغە يول.
ئاندىن ئاسەف ئاڭلادى تەئلىم ئاڭا،
كىمسەگە بىلدۇرمەدى تەفھىم ئاڭا.
ئول ئىكەۋدىن ئۆزگەلەرگە يەتمەدى،
كىمسەگە چۇن يەتمەدى فەھم ئەتمەدى.
تا نەچە مىڭ يىل سىپىھرى تىز گەرد،
جەھدۇ جىد بىرلە بولۇپ گىتى نەۋەرد.
زاھىر ئەتتى بىر ھۇمايۇن فال قۇش،
تىز سەيرۇ تىز نۇتقۇ تىز ھۇش.
قايىسى قۇش، قافى فەنا ئەنقاسى ئول،
جۇملە قۇشلار تىلىدا داناسى ئول.
مۇرشىدى ئەنۋارى قۇتبى ئەۋلىيا،
كۆڭلىدە شەمئى ھىدايەتدىن زىيا.
كەشفى ئەسرارى ھەقايىقدە مۇرىد،
نۇتقىدىن ئەھلى ھەقىقەت مۇستەفىد.
ئەھلى ئىرفان سالىكى ئەتۋار ئول،
مەئرىفەت بازارىنىڭ ئەتتارى ئول.
كىم بۇ گۇلشەن ئىچرە چۇن قىلدى زۇھۇر،
گويە ئاندىن نۇتق ئورگەندى تۇيۇر.
قۇش تىلى بىرلە تەكەللۇم قىلماغى،
ئارتۇق ئاسەفدىن، سۇلەيماندىن داغى.
كىم ئۇلاركىم ئاڭلادىلار بۇ مەقال،
لىك ئەلگە قىلمادى نەفئ ئىنتىقال.
بارچە نۇتقىنى چۇ گويا ئەيلەدى،
«مەنتىقۇت - تەير» ئاشكارا ئەيلەدى.
بۇ تىل ئەلفازى كەماھى ئەيلەبان،
شەرھى ئەسرارى ئىلاھى ئەيلەبان.
نۇكتە دەپ ئەنجام ئىلە ئاغازدىن،
ئانچە گەۋھەر ساچتى گەنجى رازدىن.
كىم زەمان ھەيسىيەتىن قىلدى گۆھەر،
تاپتى نۇر ئاندىن زەمان ئەھلى سەھەر.

گەنجەدىن چۈنكىم ئاچىلدى بۇ تىلىسىم،
ھەر گەداغە ئول گۇھەردىن يەتتى قىسىم.
نەفسىنى ئام ئەيلەدى خۇرشىددەك،
جامىنى ئۇردى سەلا جەمشىددەك.
ھەركىم ئېردى تەشنە لەب نۇش ئەيلەدى،
سۆز دېمەكدىن تىلىنى خامۇش ئەيلەدى.
قۇش تىلى بىرلەن ھەمان ئەيلەپ كەلام،
تۇتىنى گويادەك ئۇلدى خاسۇ ئام.
فارسى ئايىنى ئۇلۇس فەھم ئەتتىلەر،
بارچە مەخفى دىققەتىغە يەتتىلەر.
خەيلى خەيلۇ سادە ئەتراكى فەقىر،
كىم ئالاردا كەمدۇر ئىدراكۇ نەزىر،
قۇشدىن ئېرمەس خالىي ئەر كۆپىنىڭ ئېلى،
لېك فەھم ئېرمەس بىرىگە قۇش تىلى.
چۈن ماڭا ئەتتار دۇككانىدىن ئىش،
شەككەرۇ قەند ئالماق ئېردى يازۇ قىش.
ئەككە تۇتى يەڭلىغ ئول دۇككاندا فەن،
بار ئىدى بولماق ماڭا شەككەر شىكەن.
قۇش تىلى بىرلە ماڭا نېكىم خىتاب،
قىلسە تۇتىدەك بېرۇر ئېردىم جەۋاب
بەلكى قۇدسى رۇھىنىڭ گويا قۇشى،
ئەرش باغىدىن كېلىپ كۆڭلۇم قۇشى.
قۇش تىلى مۇشكىللەرىن ئىرشاد ئېتىپ،
ئول تەكەللۇمدا مېنى ئۇستاد ئېتىپ.
چۈنكى تاپتىم ئول كەلام ئىچرە كەمال،
تۈركى ئەلفازى بىلە سۈردۇم مەقال.
نەغمەلەر تۈركانە ساز ئەتتىم ئۆكۈش،
مەستىلىغدىن ئۆيلەكىم خۇش نەغمە قۇش.
قايسى قۇش، بۇلبۇلكى مىڭ دەستانى بار،
ھەر بىر ئول دەستاندا يۈز ئەفغانى بار.
لېك ئول دەستانلارى گۇل شەۋقىدىن،
نالەئى ئەفغانلارى گۇل شەۋقىدىن.
مەنمەن ئول بۇلبۇلكى مىڭ ئەفغان ئارا،
ھەر قايان بىرلەھنۇ بىر دەستان ئارا.
كىم ئاڭا ھەر خارىج ئەلھانلىق تۈيۈر،
چەكسە ئەفغان تاپماغاي ئاندىن قۇسۇر.
شەيخ رۇھىدىن يېتىشتى بۇ مەدەد،
كىم بۇ بۇلبۇل لەھنى بولدى بىئەدەد.
بۇ كىتابەتغە نەزىر سالسە كىشى،
كۆپ ئاڭا ئوخشاش تاپار قەقنۇس ئىشى.

## قەقنۇس دېگەن قۇشنىڭ ئەھۋالىدا بىر مەسەل تەمسىل

بار ئىدى قەقنۇس دېگەن بىر تۇرفە تەير،
ھىند مۈلكىدە ئاڭا ئارامۇ سەير.
شەكلى مەتبۇئۇ تەۋانا پەيكەرى،
ئۇلكى نەقشۇ رەڭگى بىرلە گەۋھەرى.
بولئەجەب ھەيئەت بىلە مىنقار ئاڭا،
نەقبەلەر مىنقار ئارا بىسيار ئاڭا.
چۈن چېكىپ دىلكەش نەۋايى جانفەزا،
فەھم ئولۇپ ھەر نەقبەسىدىن يۈز نەۋا.
نەقبەلەردىن ھەرقاچان قىلسە خۇرۇش،
ئەيلەبان ئانى ئىشىتكەن تەركى ھۇش.
جۇفتى بولماس ھېچ قۇش پەيۋەندى ھەم،
ھېچ تەير ئولماس ئانىڭ مانەندى ھەم.
پۇشتەئىكىم ئول نىشىمەن ئەيلەمىش،
بىر يىغاچ باشىنى مەئمەن ئەيلەمىش.
فەيلەسۇفى قىلدى ئول ياندىن گۇزەر،
ئۈنلەرى كەلدى قۇلاقغە مەگەر.
مۇختەلىف تاپتى سەدايى شىنۇۋىن،
قىلدى ئاندىن ۋەزئى بۇ شەرھى چۈنىن.
بىشەدە ئۆمرى بولۇر ئېرمىش ئۇزۇن،
ئۆمرىدە شۇغلى ئوتۇن يىغماق فۇزۇن.
ئول ئوتۇندا خاھى ھۆل خاھ قۇرۇغ،
چۈنكى بولدى خىرمەنى بىھەد ئۇلۇغ.
ئۆمرى پايانىدا ئول مەسكەن ئۈزە،
نېچە يىل جەمئ ئەيلەگەن خىرمەن ئۈزە.

تارتار ئېرمىش نەغمە تەيرى خۇش نەۋا،
بەس ھەزىن ئاھەڭ ئىلە دىلكەش نەۋا.
ئول سىفەتكىم ھەم ۋۇھۇشۇ ھەم تۇيۇر،
جەمئ ئولۇر ئېرمىش ئىشىتكەچ ئول سۇرۇر.
شىۋەنىدىن ئول گۇرۇھى دەردناك،
زەئى ئەيلەپ كۆپ بولۇر ئېرمىش ھەلاك.
چۇن نەۋاسىغە يېتىشتى ئىنتەھا،
سوڭرا تارتىپ بۇلئەجەب ئوتلۇغ نەۋا.
سالۇر ئېرمىش ئول خىزاۇغ خىرمەنغە ئوت،
ساكىن ئولغاچ مەنزىلىۇ مەسكەنغە ئوت.
ئوت ئەلەم تارتار ئىمىش ئەفلاكغە،
بەرق تۇشكەندەك خەسۇ خاشاكغە.
ئول ئوتۇن يانغاندەك ئول قۇش ھەم يانىپ،
پەرلەرى ياپراغلاردەك ئۆرتەنىپ.
ھەم ئۆزى ھەم ئول ئوتۇنلار كۈل بولۇپ،
يۈز تۈمەن جۇز ئول كۈيەردىن كۈل بولۇپ.
چۇنكىم ئول كۈنلەر ئۆكۈلدى تاغچە،
مەخفىي ئولمىش كۈلدە بىر قەقنۇس بەچە.
تەبرەنىپ كۈلدىن چىقىپ تەسكىن ئىلە،
پەر چىقارىپ زىينەتۇ ئايىن بىلە.
چۇن ھەۋا ئەيلەپ كۆرۈپ ئول بىشەنى،
جەزم ئېتىپ ئوتۇن يىغار ئەندىشەنى.
ئۇمرىدە ئول داغى جەم ئەيلەپ ئوتۇن،
ئول ئىش ئەسناسىدا تارتىپ دىلكەش ئۈن.
چۇن ئاڭا ھەم يەتسە پايانغە ئىش،
ئول داغى ئەيلەپ ئاتا قىلغان رەۋىش.
شەيخ گويا كەلدى ئول ئەۋۋەلقى تەير،

كىم نەۋا ئېچرە قىلىپ ئۇمرىدە سەير.
چەكتى ئانچە لەھن ئارا دىلكەش نەۋا،
كىم ساغىنغاي ۋەھشۇ تەير ئەيلەپ ھەۋا.
بارچە ئول مۇھلىك نەۋادىن ئۆلدىلەر،
ساھىبى خىرمەن كەبى كۈل بولدىلەر.
ئولكى ئول كۈللەردىن ئەخكەردەك چىقىپ،
بەلكى ئەخزەردىن سەمەندەردەك چىقىپ.
كۈلشەنى دەۋران ئارا ھەر نەۋئى قۇش،
يوقكى يالغۇز تەير بەس، بەلكىم ۋۇھۇش.
يۈز نەۋا زاھىر قىلىپ مىنقارىدىن،
بارچە ھەقنىڭ ياشۇرۇن ئەسرارىدىن.
ئۆزگە، خىرمەنكە داغى ئوت ئۇرۇپ،
ھەم ئۆزىن ھەم ئۆزگەلەرنى كۆيدۈرۈپ.
مەن دېمەيكىم ئول ئاتادۇر، مەن ئوغۇل،
ئول شەھى ئالي سىفەت، مەن بەندە قۇل.
كىم بۇ ئوتغە ئول كۆيۈپ ئەۋۋەل نەفەس،
بارچە ئالەمغە ئول ئوت سالدىۇ بەس.
سوڭرا ئاندىن كىمسە تاپماي مەنچە سوز،
بۇيلە مۇھرىق شىۋەئى كىتى فۇرۇز.
قۇش تىلىدىن شۇئلەلەر زاھىر قىلىپ،
ھەم ئۆزۈم ھەم ئەل كۈل ئولماقنى بىلىپ،
ھەرنەكىم كۆردى ئاتامدىن روزگار،
ھەم ماڭا بولدى ئوشۇل ئامۇزگار.
ئۆرتەدى ئالەم ئېلىنى، ئۆزنى ھەم،
قۇش تىلىدىن ئۆزگە قىلماي سۆزنى ھەم.
بۇدۇر ئۈمىدىمكى بۇ سۆزنى فەنا،
بارچە كۆيگەنگە بەقا بەرگەي خۇدا.

## مۇناجاتى بەدەرگاھى ھەزرەتى قازىيۇل - ھاجات

ئەي خەلايىق تالىبۇ مەتلۇبى سەن،
ھەم مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مەھبۇبى سەن.
ئىككى دۇنيادىن نارى تالىبلارىڭ،
غەير سەندىن مېھنەتۇ راغىبلارىڭ.
سەندىن ئايرۇ گەر مەلەكدۇر گەر پەرى،

تالىب ئولماقغە گەرى قىلماس گەرى.
جەننەتۇ كەۋسەرۇ گەر تۇبىيۇ ھۇر،
ئىستەمەك سەنسىز تەلەبدىندۇر قۇسۇر.
جانۇ كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭگە تالىب ئەت،
دەرد ئىلە ئىشقىڭغە شەۋقۇم غالىب ئەت.

ھەم تەلەب زەۋقىنى ۋاسىل قىل ماڭا،
ھەم تىلەپ تاپماقنى ھاسىل قىل ماڭا.

ماسىۋەللاھ خاتىرىمدىن سەلب قىل،
ئاندا زىكرىڭنى ھۇزۇرى قەلب قىل.

## ھەزرەتى بايەزىد بىستامى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ ھىكايەتلەرى
## بەرسەبىل تەمسىل

كەئبە ئەزمى قىلدى بىر تالىب مۇرىد،
كۆردى بىستام ئىچرە ئانى بايەزىد.
شەيخقە چۇنكىم مۇشەررەف بولدى ئول،
ئۆتتى داغى كەئبە سارى تۇتتى يول.
چۇنكى سەيرى بولدى ھەج ئول خامغە،
قايتىبان ياندى يانا بىستامغە.
سالكۇ فازىل قىلىپ ئەرزى نىياز،
بولدى مۇرشىد خىزمەتىغە سەرفەراز.
شەيخ ئانى كۆرگەچ دېدى: «ئەي رەھنەۋەد،
ۋەسل ئىستەپ ۋادەئى دەرگەھ نەۋەرد.
بىر نىشان بەر بىزگە بەيتۇللاھدىن»
بۇ سۆز ئولغاچ مۇرشىدى ئاگاھدىن.

دېدى كۆرگەچ: «ئۆي بەسى ئالىي ئىدى،
ئۆي ئىگەسىدىن ۋەلې خالىي ئىدى.»
دېدى ئول ھاجىغە شەيخى با خەبەر،
«كەي تەلەبدىن تاپماغان ئەسلا خەبەر.
ئۆيدە ساھىب، يولدا ئېردى ھەمرەھىڭ،
ھەر قەدەم ئۇرغان يولۇڭدىن ئاگەھىڭ.
سەندە يوق ئېردى بۇ دەۋلەتدىن شۇئۇر،
تالىب ئېردىڭ [لېك] سەئيىڭدە قۇسۇر.»
بۇ تەلەبدە، يا رەب، ئەت كامىل مېنى،
قىلماغىل مەتلۇبدىن غافىل مېنى.
ئىستەرىمدە كىم قىلۇر ھەمراھلىغ،
بەرگىن ئول ھەمراھدىن ئاگاھلىغ.

## مۇناجاتى بەدەرگاھى ھەزرەتى قازىيۇل - ھاجات

ئەي كۆڭۈلنى ئىشقدىن رەۋشەن قىلىپ،
ھەجر خارىستانىنى گۇلشەن قىلىپ.
ئىشقىڭ ئوتىدىن ياروغ ئايۇ قۇياش،
يەر يۈزى ئوت بىرلە سۇ قۇم بىرلە تاش.
بەرقى ئىشقىڭ سالىبان جانلارغە ئوت،
شۇئلەسى ئابادۇ ۋەيرانلارغە ئوت.
ئەختەرىدۇر ئىشقىڭ ئەمما تابناك،

گەۋھەرىدۇر سىررى ئىشقىڭ ئەسرۇ پاك.
جانىمە يەتكۇر ئول ئەختەر بىرلە نۇر،
كۆڭلۈمە سالغىل بۇ گەۋھەردىن سۇرۇر.
بادەئى ئىشقىڭدىن ئەت كۆڭلۈمنى مەست،
لېك ئول يەڭلىغكى بولغاي مەيپەرەست.
ئەيلە بۇ مەي بىرلە لايەئقىل مېنى،
ئەقل چۇن رەفئە ئولدى، قىل ۋاسىل مېنى.

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

قەيسى ئامىرنى چۇ ئىشق ئەتتى زەبۇن،
زايىل ئەتتى ئىشق ئارا ئەقلىن جۇنۇن.
بۇيلە لەيلى ئىشقىدا مەغلۇب ئىدى،
تالىب ئول گوياكى بۇ مەتلۇب ئىدى.

ئويلە مۇستەغرەق ئىدى ئول ئىشق ئارا،
لەيلىئى مۇتلەق ئىدى ئول ئىشق ئارا.
كىم بىراۋ بىر كۇن دېدى: «ئاتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «لەيلى»، دېدى «ئىسباتىڭ نېدۇر؟»

دېدى: «ئۇلكىم لەيلى ئۇلدى زات ئاڭا،
هاجەت ئەرمەس ئەيلەمەك ئىسبات ئاڭا.
گەر ساڭا شەكدۇر ماڭا بۇدۇر يەقىن»
بۇيلە ئاشىقلىققە يۈز مىڭ ئافەرىن.
ئىشق ئوتى سوزىغە مەھرۇق ئەت مېنى،
ۋەھدەتى ئىشق ئىچرە مەئشۇق ئەت مېنى.
ئاندا ئىستىغراقى ئىشق ئەت قىسمەتىم،
كىم ئۆزۈلگەي ئۆزلۈكۈمدىن نىسبەتىم.
ئىشق ئارا فانىينى نابۇد ئەيلەگىل،
سوڭرە ئىشقىڭ بىرلە مەۋجۇد ئەيلەگىل.

## مۇناجاتى بەدەرگاهى هەزرەتى قازىيۇل ـ هاجات

ئەي قىلىپ ئىنسانىنى كانى مەئرەفەت،
كۆڭلىنى ئەيلەپ جەهانى مەئرەفەت.
مەئرەفەت هەركىمگە كىم قىسىم ئەيلەبان،
دەهر ئارا ئارىف ئاڭا ئىسم ئەيلەبان.
كىمنى ئەيلەپ مەئرەفەتقە مۇتتەسىف،
ئەيلەبان ئۇل خەيل هالىن مۇختەلىف.
بۇ بەيابان يولىن ئەيلەپ بىمەدەد،
ئۆيلەكىم يوق راھ رەۋغە هەددۇ ئەد.
مەئرەفەتدە، يا رەب، ئۇل يولكىم ئاڭا،
سالىكىكىم كىرسە يەتكۈزگەي ساڭا.
فانىئى ئاۋارەنى ئۇل يولغە سال،
قەتئ قىلغاچ يول، نەسىب ئەتكىل ۋىسالى.

## هىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

سالىكى قىلدى گۈزەر بىر شاهغە،
شەھ باقىپ ئۇل سالىكى ئاگاهغە.
ئىلتىماس ئەتتىكى: «ئولتۇر بىر نەفەس،
تا قىلاي هازىر نېكىم قىلساڭ هەۋەس»
دېدى «سالىك: تەڭرىنى تا تانىدىم،
مۇتلەق ئانىڭ يادىدىن مەئيۇس ئىدىم.
نې كېرەك بولغاي بۇ فانى دەير ئارا،
كىم گەرى قىلغاي تىلەرگە غەير ئارا.
كىم كېرەكلىك بولسە داغى هەق بېرۇر،
بەس، ساڭا بۇ ئىشدا كىم مۇهتاج ئېرۇر؟»
يا رەب، ئۇل سالىككە بولغاندەك سىفەت،
ئەيلە فانىيغە نەسىب ئۇل مەئرەفەت.
جەهل جەۋرۇ زۇلمىدىن غۇرىبغە يەت،
هەم ئۆزىگە هەم ئۆزۈڭگە ئارىف ئەت.

## مۇناجات

ئەي جەنابىڭ يۈز فەلەكدىن هەم ۋىسىئ،
ئاستانىڭ مىڭ زۇهەلدىندۇر رەفىئ.
چەرخى ئەنجۇمدىن قاشىڭدا نې ۋۇجۇد،
گەر ئۇلار بۇدى تەمام ئولسە نەبۇد.
ئالەم ئولسە نەفئى يا ئىسباتىڭا،
بىر سەرى مو يوق تەفاۋۇت زاتىڭا.
بۇ نە يەڭلىغ هەزرەتى ۋالا بولۇر،
ئەللاھ، ئەللاھ، بۇ ئىستىغنا بولۇر.
هەزرەتىڭدە مۇرى لەڭگۇ شىرى غاب،
بولسە، يا خۇد بولماسە بىردۇر هىساب.
شىر ئېرمەس چىندۇرۇر چۈن مۇرى لەڭ،
بەلكى مەندىن ئاڭا هەم يۈز ئارۇ نەڭ.
غەيرىدىن بۇ زارنى مۇستەغنى ئەت،
ئەلگە مۇهتاج ئەتمە، فەريادىمغە يەت.

## ھکايەت بەر سەبىل تەمسىل

قىلدى چۆن نەمرۇد سازى مەنـچەنىق،
چۆن خەلىلنى ئوتقە ئەيلەرگە غـەرىق.
تاغ ـ تاغ ئوتۇنغە ئوتلار ئۇردىلار،
شۇئلەسىن ئەفلاكغە يەتكۇردىـلار.
ئاتغاچ ئوت سارى خەلىلۇللاھنى،
ئىشق ئوتىدا زەلىلۇلـلاھنى.
ھۇكم بولدىكىم يېتىشتى جىبرەئىل،
ئوتقە يەتكەن چاغدا دېدى: «ئەي خەلىل،
ئايتغىلكىم ئېھتىياجىڭ نېگەدۇر،
لۇتفۇ ئېھساندىن مىزاجىڭ نىگەدۇر؟
نېكى سەن دەرسەن مۇھەييـا ئەيلەلى،
ئولچە كامىڭ ئاشكـارا ئەيلەلى.»
دېدى: «ئولكىم ئوت ماڭا روزى قىلۇر،
ئېھتىياجىم نې ئىكەننى ئول بىلـۇر.
يوق ساڭا خۇد ئېھتىياجىم بۇ نەفـەس
تاكى زاھىر ئەيلەگەيمەن مۇلتەمەس،
بارچە ھالىمدا ئۆزۈڭ مۇھتاجى بىل،
ئەلدىن ئىستىغنا نـەسىبىم ئەيلەگىل.»

## مـۇناجـات

ئەي جەنابىڭدىن خىرەد ھەيران بولۇپ،
ۋادەئى ھەيرەتدە سەرگەردان بولۇپ.
ھەرنە سەندىن ئۆزگەردۇر ھەيران ساڭا
ھەيرەت ئاباد ئىچرە سەرگەردان ساڭا.
نەقل كۇل ھەيرەتدە زاتىڭ بابىدا،
زات يوق، ھەر بىر سىفاتىڭ بابىـدا.
كارگاھىڭ ئىچرە ھەر بىر رىشتە تاب،
ئەقلنىڭ بوينىغە ھەيرەتدىن تەناب.
ئەھلى ئىلمۇ ئەقل ۋەسفىڭدىن زەبۇن،
ھەر بىرىنىڭ ھەيرەتى ھەردەم فـۇزۇن.
ئۇشبۇ ھەيرەت سىلكىدە تۇتقىل قولۇم،
بۇ تەھەييۇر ئىچرە گۆركۆزگىل يولۇم.
ھەيرەت ئىچرە قويمە سەرگەردان مېنى،
تارت ئۆز ۋەسلىڭ سارى ئاسان مېنى.

## ھکايەت بەرسەبىل تـەمسىل

بار ئىدى بىر بىدىلى زارۇ ھەقىر،
بولدى بەزمى مېھرى ئىشتىـدىن ئەسىر.
نېچە ئۆرتەنسە بۇ غەمدىن ئول غەرىب،
دەۋلەتى دىيدار ئەمەس ئېردى نەسىب.
ئۆتكەرۇر ئېردى غەمى ھىجران بىلە،
ۋەسل يادىدا بەسى ئەرمان بىلە.
ھەددىن ئۆتتى چۈنكى رەنجۇ زارلىق،
تارى ئولدى جىسمىغە بىمارلىـق.
كۆڭلى چۆن مەئشۇقدىن نەۋمىد ئىدى.
جانىدا ئەندۇھ ئوتى جاۋىد ئىدى.
«دەھر ئارا، يارەب، ماڭا بودۇر مۇراد،
كىم ئوشۇل نەۋرەستە سەرۋى ھۇرزاد.
يەتسە باشىغە سالىپ ئول يۈزگە يـۈز،
ئايـتسام كۆڭلۈم غەمدىن ئىككى سۆز.»
خەلق ھالىغە تەرەھھـۇم ئەيلەبان،
دىلبەرىغە كۆپ تەكەللۇم ئەيلەبان.
ئاشقى بىدىل سارى كەلتۇردىلەر،
ئۇمرىن ئانىڭ باشىغە يەتكۈزدىلەر.
نازەنىن كەلدى چۇ ئەيلەپ تۇركتاز،
ئەيلەبان ئول خەستەغە زاھىر نىياز.
دېدى: «ئايىت ئولچە بار كۆڭلۈمدە سۆز»
ئول تىكىپ يۈزىگە ھەيرەت بىرلە كۆز

هەم تىلىن ھەيرانلىغى لال ئەيلەدى،
هەم تېنىن ئول زەئىف بىھال ئەيلەدى.
هەيرەت ئاندىن ئەتتى زايىل ئەقلۇ ھۇش،
دەردى ھالىن دەر كىشى بولدى خەمۇش.

ھۇشىغە چۈن كەلدى، كەتمىش ئېردى يار،
تۈشتى سېھھەت سىرەتىغە ئىزتىرار.
هەيرەتىدىن ئول زەئىفى ناتەۋان،
بىر سۆز ئايتا ئالمايىن تاپشۇردى جان.

## مۇناجەت

ئەي مۇسەللەم زاتىڭە تەۋھىدى پاك،
ئەھلى ۋەھدەت ئايتىپ ئانى زەۋقناك.
كىمكى ئۆزلۈكدىن چىقاردىڭ ئانى چۇست
ئەيلەدىڭ ئالدىڭدا تەۋھىدىن دۇرۇست.
هەر كىشىكىم قىسمى تەۋھىد ئەيلەدىڭ،
بائىسىن تەجرىدۇ تەفرىد ئەيلەدىڭ.
كىمگەكىم تەۋھىدغە بەردىڭ كۇشاد،

مەدھىدە كۇفر ئىلە قىلدىڭ ئىتتىھاد
ئاڭاكىم ۋەھدەت سارى يول ئەيلەدىڭ،
سەن قىلىپ نەفى ۋۇجۇد ئول ئەيلەدىڭ.
مەنىلىك ئۆزلۈك شىركەتىن مەندىن ئىتۈر،
مەھزى تەۋھىدىڭ سارى، يا رەب، يېتۈر.
مەندە، يا رەب، قويمايىن ھەرگىز نىشان
ئۆزلۈكۈڭدىن مەھۋ قىل دامەن كەشان.

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

بىر كېچە مەھمۇد شاھى پاكباز،
قوپتىكىم، بىلگەيكى نەيلەيدۇر ئاياز.
گەرچە ئول ئويغاق ئىدى، يۇمدى كۆزىن،
ھىيلە بىرلە ئۇيقۇغە سالدى ئۆزىن.
تەخت ئاياغى سارى سالسە تەكيەگاھ،
ياتىپ ئېردى، باشى ئۆزرە كەلدى شاھ.
بىردەم ئەتتى ھۇسنىغە نەززارەئى،
شەۋق ئوتىغە ئەيلەيىن دەپ چارەئى
شەۋقىنى نەززارە ئەفزۇن ئەيلەدى،
ئىشق ئەھۋالىن دىگەرگۇن ئەيلەدى.
چەكتى مەھۋەشىنىڭ ئاياغىغە ئۆزىن،
شەۋقىدىن قويدى تاپانىغە يۈزىن،
كۆز كەفى پايىغە سۇرتەر ئېردى شاھ،
ئول ئاياغىن تارتىپ ئالماي ئۆزرخاھ.
بىلدى شەھكىم نازەنىن ئويغاغ ئېرۇر،

دېدى: «ئەيكىم جاندا سەندىن داغ ئېرۇر.
مەندىن ئاڭلاپ بۇنچە ئىزھارى نىياز،
نېچۈن ئېردى مۇنچە بىھەندازە ناز؟
كىم ئاياق تارتىپ، قوپۇپ ئولتۇرمادىڭ.
زاھىر ئەيلەپ مېھر ھېچ سۆز سورمادىڭ؟!
دېدى گۈل رۇخسار: «ئەي ساھىب نەزەر،
بارمۇ ئېردى مەندە مەنىلىكدىن ئەسەر؟
بىر كىشى ئۆزر ئايتىغايكىم، بولسە ئول،
مەندە ئول دەم يوق ئىدى مەنىلىككە يول.»
يوق ئىدى ئول دەم ئايازۇ شاھ ئىدى،
هەم ئۆزى بىدىل ھەم ئول دىلخاھ ئىدى.
كىمگە ۋەھدەت قىلسە مۇندىغ تۇركتاز،
فەرق بولماس ئاندا سۇلتانۇ ئاياز.
ئالەمى تەۋھىدىدىن تاپقان خەبەر،
مەنىلىكۇ سەنىلىكدىن ئول تاپماس ئەسەر.

## مۇناجەت قازىيۇل - ھاجات دەرگاھىغە

ئەي فەنا ئەھلى سېنىڭ ۋاسىللارىڭ،
ۋەسل نۇزھەتگاھىدا داخىللارىڭ.
كىم بەقا تاپماققە سەندىن مەيل ئېتىپ،
چۈن سالىپ ئۆزنى فەنا سارى يېتىپ،

ئۆزلۈكىن ھەر كىمكى فانىي قىلمايىن،
ئول فەنانىڭ ھەم فەناسىن بىلمەيىن:
تاپماق ئىمكان يوق ۋىسالىڭ كانىنى،
ئول فەنالاردىن بەقا ئەنجامىنى.

بۇيلە فانىي قايسى، يا رەب، بەس فەنا،
كىم بەقا كۈنجىدىن ئۇل تاپقاي غەنا.
قىل ئۆزۈڭدىن بۇدنى ئەۋۋەل نەبۇد،

ئول نەبۇدى ئىچرەكىم بەرگەي ۋۇجۇد.
كىم ئاڭا ئىش ئول ۋۇجۇد ئىچرە تەمام،
بولغايۇ تاپقاي ۋىسالىڭ ۋەسسەلام.

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

كامىلى ئىزھارى ھاجات ئەيلەدى،
تەڭرىگە مۇنداغ مۇناجات ئەيلەدى:
«كىم ئىلاھا، زاتى پاكىڭغە بەقا.
ئۇيلەدۇركىم، ئېرمەس ئىمكانى فەنا.
ئۇيلەكىم زاتىڭغە سابىتدۇر قەدەم،
ئەيلەسەڭ ئانداغ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.

كىم ئاڭا يوق، تاپماغاي رەڭگۇ ۋۇجۇد،
قالماغاي ۋەسل ئىچرە يۈز كامى شۇھۇد.
ئىستەگەن فانىي ۋۇجۇدىدىن ئەسەر،
تاپقاي ئول فانىي ۋۇجۇدىدىن خەبەر.
مەنلىكۇ سەنلىك ئارامىزدىن كېتىپ،
قالغاسەن سەن ـ ئوق ئارامىزدىن كېتىپ.»

## تەمسىل ئەھۋال

يادىمە مۇنداغ كېلۇر بۇ ماجەرا،
كىم تۇفۇلىيەت چاغى مەكتەب ئارا.
كىم چىقار ئەتفالۇ مەرھۇمۇ زەبۇن.
ھەر تەرەفدىن بىر سەبەق زەپتى ئۇچۇن.
ئەلگە نۇرلار چۇن سەبەق ئازارىدىن،
يا كەلامۇللاھىنىڭ تەكرارىدىن.
ئىستەبان تەشخىس خاتىر ئۇستاد،
نەزم ئوقۇلۇركىم رەۋان بولغاي سەۋاد.
نەسىردىن بەئزى ئوقۇر ھەم داستان،
يا گۇلىستان يەڭلىغۇ يا بوستان.
ماڭا ئول ھالەتدە تەبئى بولەۋەس،
«مەنتىقۇت ـ تەير»ئەيلەپ ئېردى مۇلتەمەس.
تاپتى ساكىن خاتىر ئول تەكرارىدىن،
سادە كۆڭلۇم بەھرە تاپتى ياردىن.
تەبئ ئول سۆزلەرگە بولغاچ ئاشنا،
قىلمادى ھەيل ئۆزگە سۆزلەرگە يانا.
ئادەت ئەتتىم ئول ھىكايەتلەر بىلە،
قۇش مەقالىدىن كىنايەتلەر بىلە.
چۇن بىرەر سۆزدىن تاپىپ تەبئىم كۇشاد،
تاپسە ئېردىكىم نېدۇر ئاندىن مۇراد.

زەۋق كۆپ خۇشھال ئېتەر ئېردى مېنى،
شەرھى ئانىڭ لال ئېتەر ئېردى مېنى.
چۇن بۇ ئەھۋالغە بولدى ئۇستاد،
بولدى ئول دەفتەرغە غالىب ئېتىقاد.
ئۇيلەكىم ئەلدىن ئۆزۈلدى ئۇلفەتىم،
ئول كىتاب ئېردى ئەنىسۇ خىلۋەتىم.
خەلق رەسمى سۆزلەرىدىن قىلىۇ قال،
ئۆتسە تەبئىمغە يېتەر ئېردى مەلال.
ئاقىبەت ئىشق ئەيلەدى شەيدا مېنى،
بۇيلە مۇشفىق ئەتتى بۇ سەۋدا مېنى.
ۋەھم غالىب بولدى ئانداغكىم ئەۋام،
كىم ئېرۇر سۆز ئاتەشىنۇ تەبئ خام.
بولماغايكىم دەستى بەرگەي تەلبەلىك،
چەككۈلۈك بولغاي سەلاھىدىن ئىلىك.
ياشۇرۇپ دەفتەرنى مەئدۇم ئەتتىلەر،
شۇغلىدىن كۆڭلۈمنى مەھزۇن ئەتتىلەر.
مەئنى كۇللى قىلدىلار ئول ھالىدىن،
«مەنتىقۇت ـ تەير» ئۆزرە قىلۇ قالىدىن.
چۇن ئارادىن ئۆتتى بىر ئەھدى بەئىد،
بولدىلار ئول ھالەتىمدىن نائۇمىد.

لېك چۇن يادىمدا ئېردى ئول كەلام،
ياشۇرۇن تەكرار ئېتەر ئېردىم مۇدام.
ئاندىن ئۆزگە سۆزگە مەيلىم ئاز ئىدى،
قۇش تىلى بىرلە كۆڭۈل ھەمراز ئىدى.
تۈركىي نەزمىدە چۇ مەن تارتتىم ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى يەك قەلەم.
تۆرت دىۋان بىرلە نەزمى پەنجى گەنج،
دەست بەردى چەكمەيىن ئەندۇھۇ رەنج.
نەزمۇ نەسرىن تەخمىنى قىلغىل شىناس،
يازسە يۈز مىڭ بەيت ئېتەر ئېردى قىياس.
مۇنچەكىم نەزم ئىچرە قىلدىم ئىشتىغال،
خاتىرىمدىن چىقماس ئېردى بۇ خەيال.
كىم بۇ دەفتەرغە بېرىپ تەۋفىق ھەق،
تەرجۇمە رەسمى بىلە يازسام ۋەرەق.
لېك سۆز مەستۇر ئىدى مەن ناتەۋان،
بەرمەس ئېردى خامە ئىلكىمگە رەۋان.
ئاقىبەت كۆردۇمكى ئۆمر ئەيلەر شىتاب،
ئۆلسەمۇ قالسا دېيىلمەي بۇ كىتاب.
ئول جەھان سارى بۇ ئەرمان ئىلتەگۈم،
بۇيلە ئوتدىن داغى ھىرمان ئۆرتەگۈم.
ئالتمىشقە ئۆمر قويغاندا قەدەم،
قۇش تىلىدىن شەرھ ئەتكەلى يوندۇم قەلەم.
شەيخنىڭ رۇھىدىن ئىستىمداد ئېيتىپ،
كۆڭگەچ ئىستىمداد ئول ئىمداد ئېتىپ،
ئېردى يارىم كېچە ئىشتىغالىم چاغى،
تەبئ بۇ مەنىغە مەشغۇل ئولماغى.
نامە رەفتارىدىن نېچە سۇرسەم نېچە،
قىرىق-ئەللىك بەيت ھەر يارىم كېچە.

سەفھەغە يازماي قەرارىم يوق ئىدى،
بۇ رەقەمدە ئىختىيارىم يوق ئىدى.
شەيخ رۇھىدىن تاپىپ كۆپ ئېيتەدىم،
قىلدىم ئاز فۇرسەتدە ئىرقامىن تەمام.
سۆز دەقىقتى ئېردىيۇ مەئنى ئاندا گۇم.
گەرچە، قىلدىم ئۆز ئۆزۈمگە ئىشتەلۇم.
شەيخ روھىدىن ۋەلى ئەتتى كۇشاد،
كىم مۇرادىن تاپتى ئۇشبۇ نامۇراد.
گەرچە غەۋۋاسى چېكىپ رەنجى ئەنا،
ئۆزنى بۇ دەرياغە ئەيلەپ ئاشنا.
دۇرغە گەرچە تاپماسام ھەم دەستى رەس،
يىغدى دەريا مەۋجىدىن خاشاكۇ خەس.
ھەم قۇرۇتسە، قىلسەلەر ئانى ئوتۇن،
يارۇغاي ۋەيرانەسى بولماي تۈتۈن.
مەن بۇ دەريا ئىچرە دۇررى پاكنى،
تاپمايىن، يىغدىم ئېسە خاشاكنى،
ئەيلەيىن بۇ ئېردى مەقدۇرۇم مېنىڭ،
قانىئ ئولدى تەبئى مەھجۇرۇم مېنىڭ.
ساچتى ئېرسە نازىمى ئالىي مەكان،
ئالەم ئەھلى ئىچرە نەقدى بەھرۇ كان.
مۇندىن ئارتۇقراق ھەد ئېرمەستۇر ماڭا،
جۇدنى ۋەسف ئەيلەسەم بەسدۇر ماڭا.
بۇدۇر ئۇممىدىمكى ھەركىم سالسە كۆز،
كىم ھەرارەت سالسە كۆڭلىگە بۇ سۆز.
شەيخ ئەنفاسىغە ئانى ھەمل ئېتىپ،
فەيز تاپقاي كانىمە يەئنى بىلىپ.
سىز داغى ئانداغى كۆزگە بىر تفەيل،
قىلماغاي كۆڭلى ئىكىلىك سارى مەيل.

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل

تالىبى كۆڭلىدە ئاشۇبى تەلەب،
شەھر ئارا بارۇر ئىدى تارتىپ تەئەب.
كۆردى دىۋارى يىقىلغان كوي ئارا،
جەمئ ئۇزارتىپ ئۆتكەن ئەھلى ماجەرا:

«كىم بۇ شارىئدىن ئىدى ئەلگە ئۇبۇر،
ئەمدى، يا رەب، قاي سارىتۇشكەي مۇرۇر.
كىم ئىمارەت ئەيلەگەي، ئايا، مۇنى،
يا ياسارغە ئەيلەگەي پەرۋا مۇنى.

مۇددەتى باغلاندى يول ئەلگە مۇدام،
راھى ئامەكىم ئۆتەر ئېردى ئەۋام.»
ئەل ئارا بۇ ئىزتىرابۇ ئىزتىرار،
كىم يېتىشتى تالىبى ئۈمىدۋار.
كۆرگەچ ئول ھالەت تۈشۈپ كۆڭلىگە جۇش،
ۋەجدى ھال ئەتتى ئەيان ھەردەم خۇرۇش.
ئەل تەئەججۇب قىلدىلاركىم، بۇ فەقىر،
بىجەھەت قىلدى ئەيان ۋەجدى سەغىر.
كەيفىيەت سوردىلار ئول بىچارەدىن.
كامى مەقسەد دەشتىدە ئاۋارەدىن.
دېدى: «مەن بۇ خەلقنىڭ جەمئىيەتىن،
كۆردۈم، ئەمما بىلمەدىم كەيفىيەتىن.
لېك سالىپ بۇ تەرەف رەفتارنى،
ئەيلەسەم نەززارە بۇ دىۋارنى.
مەيلىنى دائىم كۆرەر ئېردىم بۇيان،
كىم يىقىلماق ئەيلەمىش ھالا ئەيان.»
چۇن جەمەدى زاھىر ئەتسە بۇ سىفەت،
مەيل قىلماقۇ يىقىلماق ئاقىبەت.
مەنكى بار ئېردىم ئۆزۈمدىن نا ئۈمىد،
مەيل قىلغان كامدىن بىۋەد بەئىد.
ئەيلەگەچ دىۋار بۇ دەم ئاشكار،
بولدى بۇ نەۋمىد ھەم ئۈمىدۋار.
كىم قايانكىم مايىل ئەتتى ھەق مېنى،
ئول تەرەف-ئوق تاشلاغان مۇتلەق مېنى.
چۇن ماڭا فەقرۇ فەنا كەلدى مۇراد،
ئول تەرەفدىن ھەق نەسىب ئەتتى كۇشاد.
مەيل ئەتكەن سارى بەرگەي بەختىيار.
سالغاي ئول جانىب مېنى بىئىختىيار.
چۇن كىچىك ياشىمدىن ماڭا بولغاي نەسىب،
نەزىم ئاداسىمدا خەيالاتى غەرىب.
شېئىر ھەر سۈنئىنكى قىلدىم ئاشكار،
تۈركى ئەلفازى بىلە تاپتى قەرار.
ئۇيلەكىم ھەر كىمسە نېكۇ قىلغۇسى،
بەئزى ئىشىدىن بار ئانىڭ بىر بەلگۇسى.
سەفھەئى دىباسى نەزم ئىنشاسىدۇر،
كىم تەخەللۇس نازدەى تامغاسىدۇر.
بۇ نىشانى بىرلە تاپتى ئىمتىياز.
نې ۋەرەقكىم نەزم قىلدى ئەھلى راز.
كىم بۇ سەئدىيۇ نىزامىنىڭدۇرۇر.
يا بۇ خۇسرەۋ بىرلە جامىنىڭدۇرۇر.
مەنكى تۈرك ئەلفازىغە ئەتتىم شۇرۇئ،
نەزم تاپتى تەبئى كىلكىمدىن فۇرۇئ.
چۇن سەھابى تەبئىم ئولدى دۇرفەشان،
نەزمىمە ئېردى «نەۋائى»دىن نىشان.
فارسى نەزم ئىچرە چۇن سۈردۈم قەلەم.
نەزمىنىڭ ھەرسىنفىغە ئۇردۇم رەقەم،
فەيز يەتكەچ ئول مەئانىدىن ماڭا،
تاپتى نەزمىم بەلگۇ «فانىي» دىن ماڭا.
ھەمد ئاڭاكىم قىلدى ئالەمنى بەنا.
توققۇز ئەفلاك ئىلە ئاي كۈننى يانا.
خەلق ئېتىپ ھەر سىنفى مەخلۇقىنى ئول،
ئەۋۋەل ئادەم، سوڭرا مەۋجۇدىنى ئول.
شاھ ئېتىپ ھەر سىنفىغە بىر زاتنى،
ئۆز ئاراسىدا ئانىڭ ئىسباتىنى.
بارچە شەھلەر ئۆزرە شەھدۇر ئول ۋۇجۇد،
بارچە شەھ مەئدۇم ئاڭا ئەيلەر سۇجۇد.
شەھ بۇ پەردە يا ھەقىقەت يا مەجاز،
ھەزرەتى فانىي نەۋائى ئاچتى راز.
قۇشلار ئىچرە شاھى سىمۇرغ ئەيلەدى،
ئارزۇ ئانى بەسى مۇرغ ئەيلەدى.
بۇ ھەقىقى بولسە ھۇدھۇددىن مۇراد،
پىرى كامىلدۇر بۇ قۇشلارغە رىشاد.
يا رەب، ئول قۇشلار ئارامەن بىر مەگەس،
لۇتفى ئېھسانىڭدادۇرمەن ھەر نەفەس.
يەتكۇر ئول ھۇدھۇد مەسەللىك زاتغە،
تاكى باشقارغاي بۇ قۇلنى ياتغە.
ئول ئۇتۇز قۇش ۋاسىل ئولغاندەك مېنى،
بىر مەگەس يەڭلىغ ساغىنغۇڭ سەن مېنى.
يەتسە ئول ئوتتۇز قۇش ئانداغ ناتەۋان،
ناتەۋانراق مەن، مېنى قويمە بۇ ئان.

(تۆگمەدى)

# غەرىبى غەزەللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

مۇھەررىردىن: نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات دەۋرلىرىدە كۆپلىگەن تالانت ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىگە مەلۇم بىر ئەدەبىي تەخەللۇسنى خاس بەلگە قىلغان ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىي تەخەللۇس جەھەتتە ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئەمما ئوخشاش بىر ئەدەبىي تەخەللۇسنى بىرقانچە شائىر ئىشلەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. XVII ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزغىلا نەزەر سالىدىغان بولساق، «غەرىب» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان بىرمۇنچە شائىرلارنى ئۇچرىتىمىز. تۇردى نازىم غەرىبى، خۇشھال ئاخۇن غەرىبى، ئاشۇراخۇن غەرىب خەستە، مۇھەممەد دۆلەت خوجايار ئوغلى غەرىبى، يۇسۇپ غەرىبى، موللا توختى غەرىبى قاتارلىقلار ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار ھەممىسى «غەرىبى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسمى، ياشىغان دەۋرى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ سانىمىزدا تونۇشتۇرۇۋاتقان غەرىبىمۇ يۇقىرىقى غەرىبىلەردىن باشقا يەنە بىر تالانتلىق شائىردۇر.

شائىر غەرىبىنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىدۇق. بۇ قېتىم ئۇنىڭ پەقەت تۆت جۇزئى (لىس)، 21 ۋاراق شېئىرلا بايقىلىپ يۈزىگە چىقتى. بۇ شېئىرلار دىۋان تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن بولۇپ، 50 غەزەل، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بىر داستان، بىر مەرسىيە، بىر مۇخەممەسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شېئىرلار غەرىبىنىڭ دىۋانىدىن ئايرىلىپ قالغان ئازغىنا بىر قىسمىدەك تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن شائىر غەرىبىنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە خېلى پىشقان ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكى نامايان بولماقتا. غەرىبىنىڭ بۇ شېئىرلىرى شەكىل ھەم ۋەزىن تۈرلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، جانلىق تىلغا يېقىنلىقى، مەزمۇن جەھەتتە ئوچۇق، ساغلام بولۇشى، رېئال تۇرمۇشقا يۈزلەنگەنلىكى، بىرقەدەر ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

غەرىبىنىڭ قولىمىزدىكى بۇ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى، يۇرتى ھەققىدە بەزى ئىما- ئىشارەتلەرنى بايقاش مۇمكىن. شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان:

پەلەكنىڭ جەۋرى كۆڭلۈمنى ھەممىشە زار قىلغايمۇ،
ستەم تىغى ئۇرۇپ ھەردەم مېنى ئازار قىلغايمۇ؟

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىدە مۇنداق مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

مېنىڭ باشىمغە بىر مىڭ يۈز سىنانلار يەتكۈرۈپدۇر غەم،
يەنە بىر ئۇتتۇزۇ قىرق بۇ ئەلەم بىچارە قىلغايمۇ؟
كۆڭلىنى ئەيلەبان بەدھال بىر مىڭ يۈزۈ ئونۇ بىر،
مۇنىڭ ھەر بىرسى بىر خەنجەر كەبى ئازار قىلغايمۇ؟

بۇ مىسرالاردىكى سان - سېفىرلاردىن شائىر غەرىبىنىڭ ھىجرىيە 1111 - (مىلادىيە 1699 — 1700 -) يىلى تۇغۇلغانلىقىنى، بۇ غەزەلنى ھىجرىيە 1171 - (مىلادىيە 1757 — 1758 -) يىللىرى يازغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. غەرىبىنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەنە بەزى مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرى، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلانغان دەۋرلىرىدە ياشىغان كىشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

غەرىبى ئەينى دەۋردىكى بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆلۈمىگە ئاتاپ يازغان مەرسىيەسىدە:

«ئىززەتتە ئىدىڭ كامران، ياركەندكە ئىردىڭ ھۆكمران،
شاد ئىردى ئاجىز ناتەۋان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.»
«قويغان ئىدىڭسەن يادىكار، شەھزادە شاھىم شەھسەۋار،
ئىردى خوتەنگە تاجدار، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.»

دېگەن مىسرالارنى يازغان. بۇ مىسرالاردىن ۋاپات بولغۇچى كىشىنىڭ يەكەنگە، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خوتەنگە ھۆكۈمران بولغانلىقى مەلۇم.

«قىلدىڭ دەرىغا بىۋەتەن، يۇردۇڭ كېزىپ شەھرى خوتەن،
بۇلبۇل قىغاندا يوق چەمەن، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.»
ئاسراغان ئىردى بۇ گۈلنى چەمەنى باغ ئىچرە،
ئايرىدى بىرنى خوتەن دەشتى ئارا تاغ ئىچرە.»

دېگەن مىسرالاردىن شائىر غەرىبىنىڭ خوتەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ھەس قىلىشقا بولىدۇ.

غەرىبىنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە، تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە ئۇنىڭ تېپىلغان شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

*

ئەۋۋەلىغە ئىبتىدا يوق ئاخىرىغە ئىنتىها،
هەم ئەبەددۇرسەن، ئەي خالىقۇ بىمۇنتەها.
قىلماغىم ۋەسفىڭ ئەيان نې هەد ماڭا ئىمكانى يوق،
مىڭدىنۇ بىرنى ئەدا قىلماق مەهال تا هەشرگاه.
كۇهنە زاتىڭغە، قاچان يول تاپقۇسى ئەهلى خىرەد،
لەڭگ بولۇر ئول قەدەم قويغاندا كىم ئول تىفل ئارا.
ۋەسفىن ئايتماقدا هەمە ئەهلى خىرەد ئاگاه ئېرۇر،
تىللارى ئاجىز كېلىپ فەهمى ئەدەم يا رەببەنا.
لال ئولۇپ هەمدىڭنى ئايتماقدا مەلەك ئىنسان هەمە،
دېدىلەر خەيرۇل - بەشەر ئول دەمدە لا ئۇهسا سەنا.

* *

نەخۇش رەهمەت ئۇچۇن شەرىف قەدەم ئول شاها،
تىفەيلىدىن بولۇپ ئىككى جەهانۇ جۇملەئى ئەشيا.
جەمالىڭ نۇرىدىن بولدى مۇنەۋۋەر ئالەم ئانداقكىم،
كۇدۇرەتدىن بولۇپ خالي هەياتى جەننەتۇل - ئاسا.
خەلايىقنى نەجات ئەيلەپ، ئۆلۈمدىن ئابى هەيۋانىڭ،
مەسىه جان بەخشلىق تەئلىم ئالىپ قالغان ئىكەن تەكرا.
جەهان زۇلمەت يەڭلىغ ئېردى ئانداغ كۇفر زەنگىدىن،
تۇلۇئ قىلغاچ قۇياش بولدى مۇنەۋۋەر ئالەمى ئارا.
چەمەنگە يەتكەچ — ئوق ئول دەمدەكىم بادى شەمىمىڭدىن،
ئاچىلدى بۇ گۇلىستان سەهنىدە هەر بىر گۇلى رەئنا.

* *

زەئىف بۇ جىسمىم ئېرۇر دەهرىنىڭ جەفاسىدا،
مېنىڭ تەنىم قالىبان شەرەرلەر ئاراسىدا.
ئاراغە سالدى جۇدالىق بۇ چەرخى كەج رەفتار،
دۇئايى ئىلكىم ئېرۇر رۇهىنىڭ رىزاسىدا.
بۇ ئايەتىكى دەلىل: «كۇللۇ مىن ئەلەيها فان»،
نەچۈك كىشىكىم بۇ جەهان ۋەفاسىدا.
ۋەفاسى يوقلۇقىكىم بۇ كۆڭۈلگە ئايىنە،
ئۆزى كېتىپ ئېتەكىم قالدىلار قەفاسىدا.
يەتىملىكىمگە مېنىڭ رەهم قىلمايىن گەردۇن،
مېنى چۇ خار قىلدى ئۆز رىزاسىدا.

ئەگەرچە ئۆمرى ئەبەد تاپقانىڭ بىلە نى سۇد،
قاچان مۇفەررەھ ئېرۇر دەردلەر دەۋاسىدا.
غەرىب، فەرامۇش ئولۇپ كور نەمەكلىكىن قىلمە،
ھەمىشە خەتمى كەلام بول ئانىڭ دۇئاسىدا.

* *

ۋايكىم گەردۇن مېنىڭ جانىمغە كەلتۇرى جەفا،
تەھ - بەتەھ كۆڭلۈمنى قان قىلمافلىغىن كۆردى رەۋا.
ژالەدەك باشىمغە ياغدۇردى ئەلەملەر دەم - بەدەم،
قالماقىم ھەسرەت - نەدامەت، ئەيلەمەكلىك ئاھۇ ۋاھ.
يۈرمەكىم ھەيرانده دائىم، بولماقىم غەم ئىچرە غەرق،
چەكمەكىم فەريادۇ ۋاۋەيلا ئېرۇر شامۇ سەبا.
ئول زەمان يەتتى كۆڭۈل ئايىنەسى ئۈزرە غۇبار،
سانىئى بىلقىس مەگەر قىلدى سەفەر دارۇل - بەقا.
ئەي غەرىب، چېكىپ قىلماق نەدامەتدىن نەسۇد،
ئەيلەمەك خەتمى كەلام ئەۋلا ئېرۇر قىلماق دۇئا.

* *

مەجنۇنلۇقۇم قىلدى چۇ رەسۋا بۇ جەھاندا،
فۇرقەت ئوتىدىن قالدى كۆڭىل دەردى نىھاندا.
ھەرلەھزە فىراقىڭ ئوتى ئۇرغاندا زەمانە،
غەرق ئەيلەدى جىسمىمنى مېنىڭ ئەشكى قىراندا.
ھەرسارى ئۇرۇپ مەۋج چۇ ئۇممان كەبى جەيھۇن،
تەن كىشتى كەبى قالدى بۇ رەڭ بەھرى رەۋاندا.
گۇللار سارى بۇ بادى خەزان ئافەتى يەتكەچ،
كۆڭلۈمنى مېنىڭ قىلدى فەراكەندە فىغاندا.
دەردىمنى مېنىڭ قىلدى فۇزۇن لەھزە - بەلەھزە،
خۇرشىد تەنەززۇل قىلىپ ئوت قالدى جەھاندا.
گوياكى سۇمەنبەر كەبى ئوت ئىچرە قالىپدۇر،
رەنجىدە كۆڭۈل قالدى خەلىلدەك بۇ نىھاندا.
ئاھىم ئوتىدىن قىلدى فەلەكنىڭ يۈزىدىن ئانداغ،
ئۆرتەندى بۇ رەڭ رەڭگى نېچۇك ئېردى قازاندا.
دەردىمگە پەزىر ئېزدىمە بولمايدۇ مۇفەررەد،
غەم كىشۋەرىنىڭ تىيرىغە جان قالدى نىشاندا.

*

ئول شەھى بىلقىس زەمان ئەيلەپ سەفەر دارۇل ـ بەقا،
ئەيلەدى بىزنى يەتىملىك ۋادەئىدە بىنەۋا.
چۇن جامالى شەمئىدىن بولغاچ يىراق، تارىك جەھان،
مۇمكىن ئېرمەس تا قىيامەتكە ئاچىلماغلىق ھەۋا.
ئول كۇنى قىلدى ياقا چاك جۇملە ماتەم ئەھلىكىم،
بارچە بىتاقەتلىغىدىن ئەيلەپ ئەفغان ئاھۇ ۋاھ.
چۇن فەلەككە يەتكۈزۈپ ئاۋازىدىن تولدى جەھان،
بەئزى بىخۇد، بەئزى ھۇشيار، خاھى غەيرى، ئاشىنا.
مۇرغى بىسمىل يەڭلىغ ئولدى بارچە خەلق ئۆز ھال ئىلە،
چۇن مۇئەييەن بولدى گويا ئول كۇنىكىم ھەشرگاھ،
ئىتلارىڭ نالان ئېرۇر ئەرزىنى كىم يەتكۈرگۇسى،
تاپمايىن قاسىد يولىن ھەيران ئارا بادى سەبا.
بۇ غەرىب ھەردەم چېكەر يۈز دەرد ئىلە ئوتلۇغ فىغان،
مۇندىن ئۆزگە تاپمادى خۇشنۇدلۇغۇڭ قىلماق دۇئا.

* *

ئاھى نېتەيكى بولدى فىغان بىرلە مۇبتەلا،
كۆڭلۇم قالىپ بۇ دەردى نىھان بىرلە مۇبتەلا.
ھەر دەم چېكەر نالە ـ فىغان دەرد سوزىنى،
چۇن كۆزلەرىم ئەشكى رەۋان بىرلە مۇبتەلا.
كۇلفەت كۆكۈل خەزانەسىدە تاپتىكىم قەرار،
بىچارە دىل بولدى سىنان بىرلە مۇبتەلا.
تەشۋىشلەر ھەر تەرەفىدىن ھۇجۇم ئېتىپ،
كۆڭلۇم بولۇپ بادى خەزان بىرلە مۇبتەلا.
باشدىن ئاياغ بولدى سەرا سەر زەخمىناك،
تەگكەن يۈرەككە تىيغى رەۋان بىرلە مۇبتەلا.
مەجرۇھ كۆكۈل فىغان چېكىبان ئۇشبۇ دەرد ئىلە،
بولدى نېتەي بۇ بەيتۇل ـ ھەزەن بىرلە مۇبتەلا.
ھەيران غەرىب فىراقىڭ ئوتى ئىچرە ئۆرتەنىپ،
قالدى ئەزاب ئەفئى چايان بىرلە مۇبتەلا.

* *

لەھزە راھەت كۆرمەدىم شاھى زەماندىن ئايرىلىپ،
زار ـ زار ئەفغان قىلۇر بولدۇم بەمىسلى ئەندەلىب.

ئىلتىفاتىڭ كۆرمەگەي ئېردىم جەمالىڭ شەمئىنى،
دافى ھەسرەت ئىچرە مەن يۈزمىڭ نەدامەتلەر قىلىپ.
قايسى بىر دەردىمنى دەي، بولدى يۈرەك يۈز پارەكىم،
تولدى زەردابىغە ئىچىم، قالدى چىرايىم سارغايىپ.
سەندىن ئايرىلغۇنچە جانىمدىن جۇدا بولغاي ئىدىم،
كەتكەي ئېرىم ناتەۋان جانىنى ئەلەمدىن قۇتقارىپ.
كەلمەگەي ئېردىم ئەدەمدىن چۈن ۋۇجۇد ئەيۋانىغە،
تارتماغاي ئېردىم ئەلەم دەردىنى بىچارە غەرىب.

* *

ئايرىلىپ سۇلتانى ئالەمدىن بولۇپدۇرمەن خەراب،
ئوتغە تۈشكەن قىل كەبى كۆڭلۈم قىلۇر كۆپ ئىزتىراب.
بۇ كۆڭۈل شاد ئولماقى مۇمكىن ئەمەستۇر غەم بىلەن،
تارتىبان قان يىغلامىش گوياكى دەشت ئۆزرە سەراب.
ئىزتىراب ئەتتى كۆڭۈل ئەيلەپ جەرەسدەك نالەلەر،
كۆرسە بۇلبۇللار فىغان چەكمەي ماڭا قالغاي قاراپ.
تۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئوخشە بولدى بۇ ئىشلار ماڭا،
بولماغايمەن دەپ خەيال ئەيلەر ئىدىم مۇنداغ خەراب.
سەبر قىلغىل، دەپ خەلايىقلار مېنى ئەيب ئەتمە كىم،
مەن نەچۈك تاقەت قىلاي قانلىغ كۆڭۈل، باغرىم كەباب.
قورقەمەنكىم دۇدى ئاھىمدىن جەھاننى ئۆرتەگۈم،
لالە رەڭ ئەيلەپ زەمىننى ئەشك سېيلىدىن خۇناب.
بۇ غەرىب قىلدى مۇناجات رۇھى پاكىغە ئۈنىڭ،
جانىنى رىزۋاندا ئەيلەپ، قىل گۇناھىنى مەئاف.

* *

راستلىغىنى پىشە قىلغىل ئاقىبەت كارى نەجات،
ئول شەجەرنىڭ شاخلارى بەرگەي سەمەرقەندى نەبات.
ھەر نەچە باشىڭغە راستلىغدىن ئەگەرچە يەتسە غەم،
بارچە رەۋشەن... تاپقۇسى كارىڭ سەبات.
ئىزدەسەڭ تاپماق نەجات قويغىل قەدەم بۇ يولغە سەن،
خاردۇر گۈل بەرگى تەر، ئەنھارلارى ئابىھەھات.
يەتسە گەردۇندىن نەغەم باشىڭغە ھەر تۈرلۈك بەلا،
رەھ ئەلىف سەن بىرلە نى بولغاي ساڭا ئىككى قانات.
دەھرى دوندىن، ئەي غەرىب، سەن بولماغىل ئەندىشە ناك،
راستلىغىنىڭ خىلئەتىن كىيگىل تەنىڭغە قاتمۇ قات.

*

ماڭا سەندىن قالىپدۇر زار مىراس،
فىراقىڭ دەردىدىن ئازاب مىراس.
تىلىم زىكرىڭ چېكىپ ئۆتكۈم جەھاندىن،
بىفەرمانلىغ كۆڭۈل ئەفكار مىراس.
ئەلەم كۇلفەت بىلە، غەم بىرلە ھەسرەت،
كۆڭۈلنى ئەيلەگەن ئەۋۋارە مىراس.
فەراغەت ئالمادىم فۇرقەت ئوتىنى،

*

جەفا، مېھنەت، بەلا، دەرد خار مىراس.
فەدىھ ئولدى چۇ ئەشكىمدىن تېڭىزلار،
بۇ گىرداب ئىچرە مۇشكىل كار مىراس.
كۆڭۈلنى ئۆرتەگەن ئوت شۇئلەسىدە،
جانىم پەرۋانە يەڭلىغ بار مىراس.
غەرىبلىغدە غەرىبغە مۇنىس ئولغاي،
فىراقىڭ بەلكى دەۋلەت يار مىراس.

*

باشىم ئۆزرە يىغار ھەر لەھزە ـ لەھزە غەم بىلە كۇلفەت،
فەلەكدىن ژالە يەڭلىغ تۆشكۈسىدۇر دەرد ئىلە مېھنەت.
فىراقىڭ ئاتەشى قىلدى ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن نابۇد،
كۆڭۈل ئەيۋانىنى خاشاكدەك كۆيدۇردى ھەر سائەت.
قانى فەرھادۇ مەجنۇن، ئىشق تەرزىدىن سۇئال ئەتسەم،
مېنىڭدەك ئول قاچان فۇرقەت ئوتىغە قىلغۇسى تاقەت.
غەمى ئەندۇھ كۆڭلى ئىچرە لېكىن ۋەسل ئىدى ھەر بار،
ماڭا نې كۆرمەكۇ يوقتۇر خەبەر چەكمەك ئېرۇر ھەسرەت.
غەرىب بىچارە بۇلبۇلدەك فىغاننى ھەددىن ئاشۇردى،
فىراقىڭ ئوتىدا كۈل بولدى، قالدى لېك بىر سۇرەت.

*

ئىتىڭ ھەمىشە ئولۇپ دەرد ئىلە قىلۇر فەرياد،
كۆزىنى كۆككە تىكىپ يىغلاپ ھەققە ئەيلەر داد.
ھەمىشە نالە ـ فىغان ئەيلەمەك بولۇپ ئادەت،
ئانىڭكى كۆڭلى چۇ غەم ئىچرە غەرق ئېرۇر ناشاد.
كۆڭۈل خەزانەسىدە خەنجەر ئۆزرە ياددۇر خەت،
كى مەھۋ ئولماقى مۇمكىن ئەمەس بۇ مۇھر ئىسناد.
دۇرۇست ئەيلە ئەقىدەڭنى، ئازما بۇ يولدىن،
باشىڭغە شەمشەر ئالىپ كەلسە گەرچە يۈز جەللاد.
ۋەفا يولىدە، غەرىب، ئىت كەبى قەدەم ئۇرغىل،
ھايات بار ئەگەر قىلمە ئۆمرنى بەرباد.

*

غەم بىلەن ئەۋۋارەدۇرمەن، ئابىھەيۋاندىن نە سۇد،
ھەشمەتى ئىسكەندەرى تەختى سۇلەيماندىن نە سۇد،

سەنسىز ئۇلدى بۇ جەھان كۆزگە قاراڭغۇ ھەر زەمان،
سەير ئېتىپ چىققان فەلەكدە ماھى تاباندىن نە سۇد.
كىم گۇلىستاندىن نەسۇد، بولسە ئەگەر باغى ئېرەم،
ئاندا يوق مىرئات ئەكسىلىك دەشت مۇغىلاندىن نە سۇد.
يوقتۇرۇر ھەمدەم ماڭاكىم دەردۇ ھالىم ئايغالى،
بارچەلەر بىدەرد ئېرۇركىم قىلماق ئەفشاندىن نە سۇد.
ئەي غەرىب، قويغىل يۈزۈڭنىكىم مەزەللەت خاكىغە،
دەردكە ئاندىن دەۋا، دەرگاھىغە قىلماق نە سۇد.

* *

باشىمدەكى بۇ غەمىم كۆڭۈل ئېرۇر ئەبتەر،
جۇدالىق ئوتى ئانىڭ جانىغە ئۇردى يۈز خەنجەر.
ئەلەم كېلىپ بۇ غەمىمنىڭ يانىمدا يانداشتى،
كى فۇرقەتىڭ ئوتىمدىن كۆڭلۈم ئىچرە شۇئلە شەرەر.
باشىمغا تاق فەلەككىم يىقىلغان ئوخشايدۇر،
تەنىمدە رەنجۇ ئەلەم ئەيلەمىش بەنا مەنزەر.
يىتىملىكىمگە مېنىڭ بائىس ئول خۇجەستە سىفات،
گەھى ئاتا - ئانا ئېردى، گەھى ماڭا رەھبەر.
قەبۇل ئەيلە غەرىبىنىڭ دۇئاسىنى، يارەب،
ئانىڭكى جايىنى رىزۋان ئىچىدە ئەيلە مەقەر.

* *

ياد ئېتىپ ھەر دەم ئانىڭكى ئىتلارى نالىش قىلۇر،
خاكپايىڭ گەردى يوق كۆزگە نېمە مالىش قىلۇر.
بۇ جەھاننى پۇر تۇتۇپدۇر دەرد - ئەفغانى ئانىڭ،
يۈز نەدامەت بىرلە كۆكسىگە ئۇرۇپ خارىش قىلۇر.
سەندىن ئايرىلغاچ نەدىم بارى غۇلامىڭ دەر - بەدەر،
غەم بىلە كۆڭلى نەچۈك دۇنيادا ئاسايىش قىلۇر.
ھەر زەمان غەملىك كۆڭۈل بىر دەم فەرەھناك ئولمادى،
سەلتەنەت تەختىدە شەھ يوقتۇر، نە ئارايىش قىلۇر.
دەھرنىڭكى خوبلۇغىنى ئىزدەمەڭلەر، ئەي رەفىق،
قايدادۇر ئالىي نەجات تۇفراق ئارا خاھىش قىلۇر.
دەھر دون شۇئبەدە بازكىم رەقسىنى ئىزھار ئېتىپ،
كىم كۆڭۈل بەرسە فىرىفتە ئەيلەپ ئالايىش قىلۇر.
روزۇ شەب ئەمما غەرىبنىڭكى مۇناجاتى بۇدۇر،
«مەغفىرەت قىلغىل شەھەنشاھىمنى» دەپ نالىش قىلۇر.

* *

قەرىنداشى ئوتىمدا دىلفىكار قىلدى دەھەر،
ھەمىشە ئاھ ئۇزار بىقەرار قىلدى دەھەر.
تۆكۈپ چۇ ئەتر يۇزىگە فىغان چېكەر ھەر دەم،
سەئادەت ئەۋجىدە قىلغان تۇلۇئ نىكۇ ئەختەر.
بۇ دەھر سالدى چۇ غەم تاغلارىن باشىغە ئانىڭ،
زەئىف زاتىگە بۇدۇر بولۇپ مەگەر خەنجەر.
ئەلەم چۇ گۇلشەنى كۆڭلۈگدە ئەيلەدى مەنزىل،
كى سەبر قىلسۇن ئەتا ھەق ساڭا مەھى خاۋەر.
جۇدالىغىڭنى سېنىڭ دەھرىكىم رەۋا كۆردى،
كى مەقسۇدىغە ھەم ئول يەتمەيىن قايۇ بىبەھەر.
بۇ دەھردىن نە كېلۇر ئەيلەدى قەلەم تەقدىر،
سەدەفكە بولدى قاچان باقى دۇرر ئىلە گەۋھەر.
جەھانغا كەلدى كىشى ئاقىبەت ئېرۇر كەتمەك،
گەدايۇ مۇفلىس تەگدۇر سۇلەيمان، ئىسكەندەر.
جەھان ۋەفاسىدىن [ئول] تۇتماغلىق ئۇمىد فانى،
تۇتۇپ چۇ گۇشى فەنا زارئىلەكى شامۇ شەھەر.
غەرىب دۇئاسىنى، يا رەب، قەبۇل شەرەف ئەتكىل،
بەھەققى سەييىدى كەۋنەين جۇملە پەيغەمبەر.

* *

ھەر زەمان فۇرقەت ئوتىدىن زار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر،
لەھزە ئارام تاپمايىن ئازار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.
دەمبە دەم بولغاي زىيادە بولماغايكىم زەررە كام،
تا قىيامەتكە بۇ رەڭ ئازار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.
ناسەھى ئەيب ئەتكۇسىدۇر قىلما ئەفغان دەپ مېنى،
سەبر قىلماغلىق مەھەل ئەفگار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.
بۇ كۆڭۈل سائەت ـ بەسائەت ئۆرتەنۇردىن تىنمادى،
مەن نېتەي ئەۋۋارە ھەم ئەسرار كۆڭۈل ئۆرتەنۇر.
ئۆرتەگەي چىقسە شەرارىمدىن جەھان ئەھلىنى كىم،
ئۇشبۇ يەڭلىغ ئوت ئارا خۇمار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.
بۇ كۆڭۈلنىڭ دەردىنى، دەيمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردىنى،
كۇھى غەم باشىمداۋۇ بىمار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.
ئىلتىفاتىڭنىڭ ئوتى قىلدى نېچۇك خاشاكدەك،
دەردۇ ھەسرەت بىرلە بۇ ئەنۋار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.

بۇ غەرىبىنىڭ دەۋلەتى يارى بولۇپ كۆيدۇردى. ھەق،
كورنەمەكلىك قىلمايىن دىيدار كۆڭلۈم ئۆرتەنۇر.

*  *

ئاھكىم، يۈزمىڭ ئەلەم باشىمغە كەلدى ھەر نەفەس،
تىترەبان نالىش قىلۇر كۆڭلۈم مېنىڭ مىسلى جەرەس.
غەم باشىم ئۆزرە ئەلەم دەردلىك كۆڭـۆل ئەيلەر فىغان،
كىم سوراپ ھالىمنىكىم بولغاي ماڭا فەرياد رەس.
كۆرمەدىم مەن دەھر خۇلقىدىن مۇرۇۋۋەت زەررەئى،
بولدىلار قاتىل ھەمە تاپغۇنچە ھەركىم دەستى رەس.
ئەي كۆڭۈل، مۇنداغ بولۇرمۇ دەپ تولا بولما مەلۇل،
شادلىق كەينىدە غەمدۇر، سەئدنىڭ كەينىدە نەھس.
شادلىقنى، ئەي غەرىب، فەخرۇ مۇباھات بىلمەگىل،
غەم بىلە كەت دۇنيادىن سەن شادلىق قىلماي ھەۋەس.

*  *

مەن بۇلبۇلۇ چەمەن ماڭا ھاجەت ئەمەس،
مەجنۇن كۆڭۈل ۋەتەن ماڭا ھاجەت ئەمەس.
ھەر لەھزە فىغان قىلماق ئېرۇركىم ئادەت،
دەھرە ئىشلارىدىن سۇدۇ زىيان ھاجەت ئەمەس.
فۇرقەت ئوتىدىن كۆڭۈل ئېرۇر دىۋانە،
ئەۋۋارە كۆڭۈل ياخشى - يامان ھاجەت ئەمەس
سىرداش بولۇرغە ماڭا مەجنۇنلۇقىدا،
تاپسام ئانى دەرسەھىلى قىيان ھاجەت ئەمەس.
كەچتىم ھەمەدىن فەنا بۇ يولنى تۇتتۇم،
خىزر ئۇمر ماڭا تەختى كەيان ھاجەت ئەمەس.

*  *

دەمبەدەم جانىمغە گەردۇندىن مەنىڭ تەگدى نىش،
شادلىق كۆڭلۈم ئۆيىنى بۇزغالى غەم كەلدى پىش.
تەھبە تەھ كۆڭلۈمنى گۇللار غۇنچەسىمدەك قىلدى قان،
تەگدى كۆكسۈمگە فەلەكنىڭ تىغى كىم قىلدى يىرىش.
قويدى ھەسرەت دەشتىدە ھەمدەم ماڭا دەردۇ ئەلەم،
فۇرقەتىڭدە مەن كېيىن قالماق ئىكەندۇك سەرنەۋىش.
مەن فىدايىڭ بولسام ئېردى ئىلگەرى كۆرمەس ئىدىم،
قالمىشام ھەسرەت ئارا يوق يىغلاماقدىن ئۆزگە ئىش.
ئەلۋىداع ئەيلەپ سەفەر دارۇلبەقاغە ئەيلەدىڭ،
كىم سوراپ ھالىمنى رەھم ئەيلەپ قىلۇر كىم پەرۋەرىش.
ئاسرابان گوياكى فەرزەند سىلكى ئىچرە سەن مېنى،
ئاخىرى قىلدىڭ يەتىم ئۇردۇك ۋەفا ئورنىغە نىش.

ئاخىرى ئەيلەپ، يەتىم قىلدى دەرىغ جانىمنى ئال،
دەردىن قۇتقار، غەرىب دائىم ئۆلۈمنى ئىزدەمىش.

* *

كۆكۆل ئۆيىگە يېتىپ دەمبەدەم فەرىشانلىق،
قەددىمنى غەم يۈكى خەم قىلدى، ئەتتى ھەيرانلىق.
كۆكۈلگە دەخل يېتىشكەچ فەرەھ فەرار ئەتتى،
خەمۇش غۇنچە كەبى تەھبە تەھ قىزىل قانلىق.
ئۇرۇج قىلدى چۇماھ بىزنى كىم قىلىپ مەجرۇھ،
مۇفارىقەت سەبەبىدىن ھەمىشە گىريانلىق.
فەرەھ كۆكۈلگە ئەلەم تىيرەلىكنى يەتكۇردى،
بۇ دەردى فۇرقەت ئوتىدىن باغىرلا بىريانلىق
غەرىب چۇ نالە فىغان بىرلە ئىزدەبان تاپماي،
قالىپ غەمىڭ يۈكىدىن ئاستىدا يېرىم جانلىق.

* *

بارچەلەرغە شادلىق يەتتى، ماڭا كەلدى فىراق،
تەھبەتەھ كۆكلۈمنى قان قىلدى مېنىڭ دەردى فىراق.
لەھزە - لەھزە ئۆرتەنىپ كۆكلۈم مۇدام ئەيلەر فىغان،
نالە ئەيلەركىم جەرەسدەك يەتتى بۇ كەردى فىراق.
تالىئىمنىڭ يوقلۇغى باشىمغە كەلتۈردى ئەلەم،
بۇ مېنىڭ شورىدە بەختىم يەتكۇرۇپ بەردى فىراق.
بارچەغە سۇبھى تولۇئ قىلدى، ماڭا ھىجرانى شام،
شادلىقنى ئۆزگەگە، كۇلفەتنى كەلتۈردى فىراق.
بۇ غەرىبنىڭ كۆكلى ھەرگىز شادلىقنى خوشلامايى،
غۇربەت ئىچرە شادلىق بولغايمۇدۇر، دەردى فىراق.

*

يەتىملىك دەردىدە ھەيران ئىكى شەھزادە فەرزەندىڭ،
ساڭا جاندىن ئەزىزۇ نۇرى ئەين ئېردى جىگەر بەندىڭ.
ئانىكىم لەھزە كۆرمەي ئىزتىراب ئەيلەرئىدىڭ دائىم،
چىرايى سارغارىبدۇر بۇ يەتىملىك ئىچرە خۇرسەندىڭ.
كۆزىدە دۇررى غەلتان ياشلارى ھەم كىمسەنى كۆرسە،
بۇ يەتىملىغ بولغانىغە قان يۇتارمەن ئول شەكەر قەندىڭ.
بۇ گۇللار چەھرەسى سەفدەر كەبى دەردى فىراقىڭدا،
كۆزى نەملىك، دىلى غەملىك خەراب ئەتتى سېنىڭ دەردىڭ.

ھۇبار ئاۋدەدۇر ئەمما، مەلاھەتلىك جەمال ئۇزرە،
تۆكۈپ رۇخسارەسىغە ياشلارىنى ئىككى خۇرسەندلىك.
تەھەممۇل ئەيلەمەككە مۇمكىن ئېمەسدۇر سەڭگى دىل ئولسام،
نەدامەت چەكمەيىن تاقەت قىلۇرمۇ بۇ سەرئەفكەندلىك.
غەرىب قىلغان مۇناجاتىنى، يا رەب، ئەيلەگىل مەقبۇل.
كى تاپشۇردۇم سېنى ئۇل مەغفىرەت قىلغاي خۇداۋەندلىك.

* *

نېچە كۈن بولدى ماڭا دەردۇ فىغان چەكمەكلىك،
تىترەبان بۇ يەردەكىم ئەشك ئىلە قان چەكمەكلىك.
ئول كۈنى ئەتتى نۇزۇل كۆڭۈللەر تېرە،
ئاشكارۇللەھى ئەفغاننى نىھان چەكمەكلىك.
ئاھۇ ھەسرەت چېكىبان دەردىمە دەرمان تاپماي،
يۈز نەدامەت بىلە قالغانغە زەبان چەكمەكلىك.
بۇ مۇسىبەت زەدەلىك قىلدى يۈرەك پارە،
فۇرقەتىك سىررىنى بۇ كۆڭلۈمگە نىشان چەكمەكلىك.
ئەي كۆڭۈل، شادلىق ئولما ماڭا دەپ قىلمە خەيال،
بۇ غەرىب غۇربەت ئىلە يادىدا جان چەكمەكلىك.

* *

سەندىن ئايرىلدىم سەھەنشاھىم ماڭا ئەفغان كەرەك،
چۈن ھاياتىم نې كېرەك بولغاي، ماڭا نې جان كەرەك.
كەلمەگەي ئېردىم جەھاننىڭ سەفھەسىگە ئاھۇ ۋا،
كۆرمەسەم ئېردى ماڭا نې دەرد ئەلە ئەفغان كەرەك.
تارتماغاي ئېردىم مۇسىبەت دەردىنىڭكى داغىنى،
لاغ - لاغ ئۆرتەر كۆڭۈلنى نې ماڭا ئىمكان كەرەك.
ھەر نەفەس يۈز كۈن ماڭا ھەر سائەتى يۈز يىل ئېرۇر،
سەبرىنى بەرباد قىلدى فۇرقەتىك نالان كەرەك.
ئەي خۇداۋەندا غەرىبنىڭ ئىلتىماسىن قىل قەبۇل،
بەندەدىن ئىسيان ئېرۇر قىلماق ساڭا غۇفران كەرەك.

* *

قويدۇڭ ئەجەب فىغان بىلەكىم بىۋەفا فەلەك،
كۆردۈڭ مېنىڭ جانىمغە جەفانى رەۋا فەلەك.
ھەردەم باشىمدا تاغ كەبى ئاھۇ دەردنى،
يۈزمىڭ ئەلەمگە قىلدى مېنى مۇپتەلا فەلەك.

كىمگە دەيىن بۇ ئاھۇ فىغان دەردى سوزىنى،
ھەسرەت ئىچىدە قويدى مېنى يۈزى قارا فەلەك.
يۈز ۋايىكىم نەدامەت ئىلە ئۆرتەنۈر كۆڭۈل،
فۇرقەت ئارا مېنى قويابان روسىيا فەلەك.
قىلدىڭ يەتىم غەرىبنى ئەجەب خار ئېتىپ،
قىلماق ئىشىڭ بولۇرمۇ يەنە بەھەيا فەلەك.

* *

ئايرىلىب سەندىن كۆڭۈل شاد ئولماقى بولدى مەھال،
دەردى فۇرقەتدىن ئەلغەدەك قامەتىمكىم بولدى دال.
تىترەبان يەتتى كۆڭۈلگە ھەر زەمان تەشۇىشلەر،
زەررەدەك بولدۇم نەھمنى يوق سۆزلەمەكلىككە مەجال.
ئاھۇ ئەفغان ئەيلەگۈمدۇر تاقىيامەت روزۇ شەب،
شادىمان بولغايمۇ دەپ كۆڭلۈمدىكى فاسىد خەيال.
تا كەمالغە يەتمەيىن يەتتى ساڭا بادى سەمۇم،
ئايرىلىپ شاھى زەماندىن يەتتى كۆڭلۈمگە خەلەل.
كۆڭلۈم ئۆيىن ئۆرتەدى فۇرقەت ئوتىدىن بىر شەرەر،
باشىم ئۈزرە ياتقۇسى غەم تاشلارىدىن بىر جەبەل.
ئۆرتەگەن جانۇ كۆڭۈلنى ئىلتىفاتىڭنىڭ ئوتى،
مەن نېچۈك ئاۋارە بولماي، يەتتە ئەقلىمدا زەلەل.
ۋادەرىغا، تاقىيامەت چەكمەك ئەفغانىم زەۋال،
پەرۋەرىش قىلغان مېنى فەرزەند كەبى تا بۇ مەھەل.
شادلىق ئەيياملىنى قىلدى خەزان دەردى فىراق،
قان ياشىم، غەملىك باشىم، كۆڭلۈم مېنىڭ دائىم مەلەل.
دەمبەدەم ئەفغان چېكىپ قىلساڭ يۈرەكنى يۈز بۆلەك،
بىر قاتىم شاد ئولغانىمغە يۈز ئەلەم بولدى بەدەل.

* *

نېچە كۈندۈر دائىما بولدى ئەلەمناك بۇ كۆڭۈل،
دەردۇ ھەسرەت بىرلە ھەمە سائەتدە غەمناك بۇ كۆڭۈل.
تۈشتى غەم دەرياسىغە غەۋۋاس كەبى مەۋجىغە، كىم،
چىقماقى مۇمكىن ئەمەس بولدى سىتەمناك بۇ كۆڭۈل.
كەلدى ئافەت ھەر تەرەفدىن زەخمى ئۇرماقىغە ئانى،
ھەر سارىغە ئىزتىراب ئەيلەر ۋەھىمناك بۇ كۆڭۈل.
تالىئىمنىڭ يوقلۇقى ھەردەم باشىمغە غەم ياغار،
سەڭگى باراندەك بۇ گەردۇندىن تەرەبناك بۇ كۆڭۈل.

بۇ كۆكۆلنىڭ دەردىنى ئايتۇرغە ئاجىزدۇر لىسان،
قاتمەقات قان لالەدەك زەخمى ئەلەم چاك بۇ كۆكۆل.

*   *

ئانىڭكى ماتەمدە چاك ـ چاك گېرىبانىم،
ئاقار چۇدىيدەلەدىن ئەشك ئورنىدا قانىم.
سەھەردە ئەيلەسە بۇلبۇل گۇلستان ئىچرە زار،
خەمۇش ئەتكۇسى ئانى بۇ دۇدلىك ئەفغانىم.
تېنىمغە يەتتى زەئىفلىق كۆكۆل ئېرۇر تىيرە،
باشىمدا دەردۇ ئەلەم ناتەۋان ئېرۇر جانىم.
بۇ نەۋئ ئۇلۇغلۇق ئىلە ئىلتىفاتى دەرىغ ئەتمەي،
مېنى ئاتام ـ ئانامدەك ئاسراغان بۇ سۇلتانىم.
فەلەك بۇ كەڭرۇ جەھاننى غەرىبغە تەڭ قىلدى،
نېتەيكى قالمادى بىر تەبرەمەكلىككە ئىمكانىم.

*   *

ھەر زەمان كۆرمەككە يۈز تەشۋىش ئېرۇر يۈز مىڭ ئەلەم،
كۆز يولىدىن ياش ئاقار خۇنى جىگەر باشىمدە غەم.
دېمەگىل كەۋكەب ئانى سەن، چىققان ئاغزىمدىن شەرار،
ئۆرتەنىبان دۇدى ئاھىمدىن فەلەكنىڭ تاقى ھەم.
ئەشكى سىيلابى كۆكۆلنىڭ ئوتلارىغە بولدى ياغ،
ئۆرتەبان بۇ خەستە بىچارە جانىمنى دەمبەدەم.
ئەيلەسەم ئەفغان كۆكۆل تەسكىن تاپار دەپ بىر زەمان،
دەمبەدەم بولغاي زىيادە، دەرد بولماس زەررەكەم.
تاپماقى تەسكىن كۆكۆل، سەبر ئەيلەمەك مۇمكىن ئەمەس؛
چۇن ئەزەلدە ئەيلەمىش بۇ دەردۇ ئەفغاندىن رەقەم.
ۋادەرىغا، ئاھكىم، قالدىم نەدامەت دەشتىدە،
كوھى غەم باشىمدا قەددىمنى مېنىڭكى قىلدى خەم.
زايىئە قىلماس غەرىبنىڭ نالەئى ئەفغانىنكىم،
مەغفىرەت ئىزدەپ چېكەر ئاھ، ئەي خۇدايى باكەرەم.

*   *

كۆكۆل مىسمارىنى ھەمۋارە گەردۇن،   قايىق بولسە قىلۇر ئىززەت ئارا شادە
مېنى ئىزدەپ ئەجەب ئەۋۋارە گەردۇن.   ئەلفىدەك راستلارنى خار گەردۇن.
باشىم ئۆزرە قويۇپ غەم كوھى ئەلبىرز،   ئەجەبدۇر ئەبلەنى ئەيلەر فەرەھناك،
يۈرەكلەرنى قىلىپ ئەفگار گەردۇن.   قىلۇر ئالىي نىژادنى زار گەردۇن.

ئەسلزادەنى ئەيلەپ غەم بىلە غەرق،
بولۇر بەد ئەسللەرغە يار كەردۇن.
كۆرۈگكىم لالەنىڭ كۆكسىدەدۇر داغ،
ياقاسىن چاك ئېتىپ خۇنخار كەردۇن.
قۇمۇشغە سەر بەلەندلىك باشىغە تاج،
ئاڭا ئۆمرى بېرىپ سۇسمار كەردۇن.
چەمەنگە يەتكۇزۇپ بادى سەمۇمى،
قىلىپ بۇلبۇللانى ئاۋارە كەردۇن.
● سەراسىمە بۇ بىچارە غەرىبنى،
جانىدىن ئەيلەدى بىزار كەردۇن.

*  *

تۇلۇئ قىلغان قۇياشدەك بىر چەمەندە ئىككى گۇل خەندان،
تاقىلغان بىر سەدەفدە تەرتىب ئىلە بۇ گەۋھەرى ئۇممان.
شەرافەت ئەۋجىدە قىلغان تۇلۇئ ئىككى كەۋاكىبكىم،
دېمەي ئىككى كەۋاكىب، بىر فەلەكدە ئىككى مەھتابان.
جۇدالىق سالدى بۇ ئىككەۋ ئاراسىغە فەلەك كەج رەۋ،
بىرىسى داغ ئارا ئەزم ئەتتى بىرسى سۇيەئى رىزۋان.
دەمادەم گۇل يۈزىگە سەپتى بىر شەبنەم گىريەسىدىنكىم،
مەگەركىم لالە گۇلدەك قاتمە قات تولدى يۈرەككە قان.

*  *

قالدىم فىگارى دەشت ئارا دىلفىگارمەن،
بۇلبۇل كەبى فىغان چېكىبان زار-زارمەن.
ھەرنەفەس ئىچرە بولدى ماڭايۈز ئەلەم دۇچار،
ئاھۇ فىغانۇ نەدامەت ئىچرە بىقەرارمەن.
غەم تاشلارى باشىمغە مېنىڭ ژالەدەك ياغار،
تاپماي ئۆزۈم ئىشىمغە ئىلاج خارۇ زارمەن.
قىلغىل دۇئانى مەغفىرەتىگە بولۇر سەبەب،
ھەقدىن تىلەپ ھەمىشە لەيلۇ نەھارمەن.

*  *

نەدىن بىمېھرىلىك مەيدانىدا جەۋلان قىلۇر كەردۇن،
نەدىن جەننەت سىفەتلىك باغنى ۋەيران قىلۇر كەردۇن.
قىلىپ بەد ئەسلىلەرنى كامرانلىق بىرلە ئىززەتدە،
ھەمىشە ياخشىلارغە زەھردىن زىيان سالۇر كەردۇن.
ياشىدا غەرق ئېرۇر ئانداغ سۇ ئىچرە گەۋھەرى غەلتان،
شەھى ئالي نىژادلار باغرىنى پۇرخۇن قىلۇر كەردۇن.
چەمەنگە يەتكۇزۇپ بادى سەمۇم فەرسۇدە ھال ئەيلەپ،
قويۇپ كۆكسىگە داغ بۇلبۇللارنى ھەيران قىلۇر كەردۇن.
ئەزىزلەرنى قىلىپ خار ھەر زەمان دەردى فىراق ئىچرە،
نە يەردە بولسە ئەبلەھ شادىمان، خەندان قىلۇر كەردۇن،
ئۆزدىدەك بولسە كەج رەۋ ھەر كىشىكىم ئېئتىبار ئەيلەپ،
ئەلىفدەك راست بولسە باغرىنى بىريان قىلۇر كەردۇن.
گۇلستاندا مۇكەررەم تازە گۇللارنى خەزان ئەيلەپ،

قۇمۇشغە سەر بەلەندلك ئىچرە جاي ئېھسان قىلۇر گەردۇن.
غەرىبدەك ئاجىزۇ ئەۋۋارەنى دەردى فىراق ئىچرە،
قىلىپ باغرىنى پارە- پارە دائىم قان قىلۇر گەردۇن.

* *

ساڭا سەبرى جەمىل قىلسۇن ئىنايەت ئول خۇدا يەزدان،
پەناھى چادىرىنى باشىڭ ئۈزرە ئەيلەگەي ئەرزان.
غەرىب قىلغان مۇناجاتىنى، يا رەب، ئەيلەگىل مەقبۇل،
فەلەك زاتى كەبىكىم قىل تەۋىل ئۆمرى ئاڭا ئېھسان.

* *

يا ئۆلۈك ئېرمەس تىرىك يا ساق ئەمەس بىمارمەن،
ھاجەتى يوق ئىت كەبىكىم دەر بەدەر ئەۋۋارەمەن.
قان يۇتۇپ دەردى فىراقىڭ بىرلە سەرگەردان باشىم،
تالىئى شۇم شور بەخت نەھسى ئەزىلدەك خارمەن.
ئېرمەسەم ھۇشيار يا بەھۇش يا تەلبە- جۇنۇن،
فۇرقەتىڭنىڭ ئوتىدا ئانداغ سەمەندەرۋارمەن.
ئۆرتەنىپ بۇلبۇل قەفەس ئىچرە مۇنى كۆرگىل ئەجەب،
نىدىن ئۆرتەنمەس قەفەس قالغاي خەلاس ئازارمەن.
ئەلفىراقىڭ غەملەرىنىڭ بەھەدۇ پايانى يوق،
خىرمەنى ئاتەش ئارا قالغان دىلى ئەفكارمەن.
بەيتۇل- ئەھزان ئىچرە قويدى زار كۆڭلۈمنى مېنىڭ،
فۇرقەتىڭ بىرلە قۇيۇندەك دەۋر ئۇرۇپ ئەۋۋارمەن.
شەش جىھەت سارى نەزەر قىلسامكى ھەرسارى رەفىق،
بۇ غەرىبغە يوق رەفىق بولدۇم ئەجەب ئەغيارمەن.

* *

دەۋراننىڭ نە ئېردى مۇددەئاسىن،
ھەرلەھزە كۆرۈپمە كۆپ جەفاسىن.
غەم تاغىنى باشىمغە يىقىتتى،
سالماس كىشىگە سالىپ بەلاسىن.
فۇرقەت ئوتىدۇر يۈرەكلەرىمدە،
قىلماق ماڭا نە ئېرۇر جەزاسىن.
ھەر قەدەم قويابان كۆڭۈلدە يۈز داغ،
غەم بەھرىدە قىلدى مۇبتەلاسىن.
يەتكۈرمەكىدۇر كۆڭۈلگە تەشۇىش،
بىلمەم نە ئېردى ئانىڭ قەزاسىن.
ئايرىپ مېنى شاھدىن نېتەيكىم،
تاپماس كىشى دەردىمە دەۋاسىن.
ھەسرەت بىلە كۆپ قىلۇرمە نالە،
مەقسۇدۇم ئانىڭ قىلىپ دۇئاسىن.
ئۆمرۈم مېنىڭ ئۆتسە تا قىيامەت،
ئىزدەرمە رۇھىنىڭ رىزاسىن.
بۇ خەستە غەرىب قىلىپ مۇناجات،
كىم مەغفىرەتىگە مۇددەئاسىن.

*   *

فەلەكنىڭ جەۋرى كۆڭلۈمنى ھەمىشە زار قىلغايمۇ،
ستەم تىغى تۇرۇپ ھەردەم مېنى ئازار قىلغايمۇ؟
جىگەرلەر پارە - پارە قان ئىچىم زەردابە ئاغۇشتە،
ئەلەم كۈلفەت بىلە كۆڭلۈم ئۆيىن ئەفگار قىلغايمۇ؟
مېنىڭ باشىمغە بىر مىڭ يۈز سىنانلار يەتكۈرۈپدۇر غەم،
يەنە بىر ئوتتۇزۇ قىرق بۇ ئەلەم بىچارە قىلغايمۇ؟
كۆڭۈلنى ئەيلەبان بەدھال بىر مىڭ يۈزۈ ئونۇ بىر،
مۇنىڭ ھەربىرسى بىر خەنجەر كەبى ئازار قىلغايمۇ؟
جەرەسدەك نالە ئەيلەپ ھەر زەمان ئەفغان بىلەن تىترەر،
كۆڭۈلگە فۇرقەتىڭ ئوتى بۇ رەڭ جەببار قىلغايمۇ؟
فەلەكدىن ژالەدەك باشىمغە غەم تاشى ياغار ھەردەم،
فەرامۇش. ئولماغاي كۆڭلۈم نە دەپ بىدار قىلغايمۇ؟
ئەگەر ئۆمرى ئەبەد تاپسە غەرىب تا ھەشرگاھغەكىم،
گۇمان ئەتمەك دۇئا قىلماق ئېرۇر ئېنكار قىلغايمۇ؟

*   *

غەم بىلەن قالىپدۇرمەن خاتىرىم فەراكەندە،
مىڭ ئەلەم كۆڭۈل ئىچرە، يۈز جەفا ئېرۇر تەندە.
مەن كەبى كىشى بولماس دەھرىنىڭ جەفاسىدىن،
دەردۇ غەم بىلەن فۇرقەت جەمئى بولدىلار مەندە.
باش ئالىپ چىقىپ كەتسەم تەي قىلىپ باياباںلار،
ئەتلەس ئورنىدا كىيسەم ئىگنىمگە كۇلاھ ژەندە.
ئايرىلىپ خەلايىقدىن ئۆزنى ئەيلەسەم پىنھان،
مۇندا زار ئەيلەپمەن، ئاندا ئەيلەسەم خەندە.
بۇ كۆڭۈل قاچان سەيقەل تاپقۇسى بولۇپ رەۋشەن،
مەن بولۇپ غەم ئىچرە غەرق قەترە بەھرى ئۇممانىدە.
ھەر سەھەر قىلىپ فەرياد نالە - زار ئەيلەرمەن،
روزۇ شەب دۇئا قىلماق رۇھىمغە سەر ئەفكەندە.
مەقبۇل ئەيلەگىل، يا رەب، بۇ غەرىب دۇئاسىنى،
ئىلتەجا ئېرۇر مەندىن، مەغفىرەت ئېرۇر سەندە.

*   *

زەمانە خەلقى كۆڭۈلگە يەتۈردى غەمناكى،
ئەلەم يېتىپ بۇ باشىم ئۆزرە دەمبەدەم تاكى.
ئۆزۈم يامانلىقىمۇ، جەھان ئېلىنىڭمۇ،

باشىمغە ئۇرغۇسى سەڭگى كۇلۇچ ئىلە خاكى.
جۇدا سىنىڭدىن بۇلبۇل بولۇپ يۇرۇپدۇرمەن،
كى ئىتلارىڭنى بۇ رەڭ ئەيلەگەيمۇ غەمناكى.
كۆڭۈلگە قويدى بۇدەم داغ ئۈززە يەنە داغى،
تېنىم بۇ فۇرقەت ئوتىدا چۇ كۆيدى خاشاكى.
فىراقىڭ ئوتى، ئەلەم، دەردىكىم ماڭا بەس ئىدى،
بۇ ئىككى دەرد يۇرەكنى ئىكى قىلىپ چاكى.
قالىپ مېنىڭ بۇ تېنىم ئىككى شەمشەر ئالدىدا تەك،
بىردنى ئۇرسە قىلۇر دەرد، بىرى ئەلەمناكى.
غەرىبىڭ ئەيلەگەن ئەفغانلارىنى قىلمە دەرىغ،
بېھىشتدە سەرۋەرىنى ئەيلە خالىقى پاكى.

* *

شەھى گەدايىنى تاشلاپ، يۈزىنى فۇش ئەتتى،
ئەلەم كېلىپ چۇ كۆڭۈلنى ئەجەب خەمۇش ئەتتى.
باغىرلارىمنى مېنىڭ پارە - پارە ئەيلەپدۇر،
مەگەر دېگىلكى ھەلاھىل زەھرىنى نوش ئەتتى.
كۆڭۈل خەزانەسىنى ئىلكىگە ئالىپدۇر غەم،
قىلىپ چۇ ھەيرەت ئارا دەردىن خۇرۇش ئەتتى.
خۇرۇش ئەيلەمە دەپ ناسەھى مۇنى دەركىم،
مۇفەررەھ بولمادى ھەرگىز ماڭا تۇرۇش ئەتتى.
غەرىب چۇ ئۆزلۈكىدىن نالەئى فىغان قىلماس،
ئەزەلدە رۇھىغە ئانىڭ بۇ رەڭ سۇرۇش ئەتتى.

* *

ۋادەرىغا، كىمگە دەرمەن بۇ يەتىملىك دەردىنى،
ئىككى شەھزادە خوجام گۇلچېھرەسىنىڭ زەردىنى.
كىم سوراب ھالىمنىكىم رەھم ئەيلەبان قىلغاي كەرەم،
قول ئۈزاتىپ كىم سىلار رۇخسارەسىدىن گەردىنى.
دۇررى غەلتانىدەك ئاقار رۇخسارىغە ئەشكلەر،
غەم ئارا غەرق ئەيلەدىڭ بۇ رەڭ ئازادنى.
قىلماقىڭ بارمۇ يەنە مۇندىن زىيادە ئەي فەلەك،
رەھم قىلماي باشلارىغە سالدى ئىسسىغ سەردنى.
مەن ئۆزۈم ھالىغە يىغلايمۇ يا ئانىڭ ئەھۋالىغە،
كىمگە ئېيتار بۇ غەرىب ھەيرەتدە قالدى دەردنى.

* *

ئۇرۇج ئەيلەپ كۆكۆلگە داغ قويدى ئىلقىسى سانى،
ۋەفاسى يوقلۇغىدىن تاشلابان بەلكى بۇ دۇنيانى.
جەھان سەفھىگە كەلمەس سەن كەبى دانا سۇخەن سەنجى،
تاپالماقىم مەھال ئول ماھ تەلئەت مېھرى ئاسانى.
جەھەت بىرلە كېزىپ ئول مەجمەئۇل- بەھرەين ئارا ئىزدەپ،
مۇيەسسەر بولماغاي سەندەك يەنە بىر دۇررى غەلتانى.
يۈزىنى ئايرۇبان ئول رەھمەتى ھەقغە بولۇر خۇرسەند،
مەقام ئەيلەپ چۇ رىزۋان باغلاردا جەۋھەرى كانى.
يەنە شەھ بولسۇن گەدالار بارچەسى بىر- بىر كېتەر ئاخىر،
ئەگەرچە پارسا زاھىد ۋەگەر زالىم پۇر ئىسيانى.
ئاگاكىم مەغفىرەت ئەشكىنى ئاچغايسەن خۇدا ۋەندا،
ئەجەب ئېرمەس قەبۇل بولسە غەرىبنىڭ نالە- ئەفغانى.

* *

كەلمەگەي ئېردىم ئەدەمدىن مەن جەھانغە كاشكى،
بولماغاي ئېردىم دۇچار مۇنداغ فىغانغە كاشكى.
كۆرمەگەي ئېردىم جەمالىڭنى شەھى ئالىيجاناب،
بولماغاي ئېردى ئەلەم بۇ زەئىف جانغە كاشكى.
بۇ قەزا يەتكۈردى باشىمغە جەمالىڭ شەمئىنى،
ئالدىدا جانى ئەجەل قىلسە خەزانغە كاشكى.
بولمادى ئول ھەم مېنىڭ بەدبەختلىكىمنىڭ شۇملۇغى،
ياخشىغە يەتكەن ئەجەل يوق مەن يامانغە كاشكى.
لېك بولدۇمكىم مۇشەررەف دەرگەھىڭنىڭ خاكىغە،
ئىلتىفاتىڭ بولماسە مەن ناتەۋانغە كاشكى.
مۇبتەلايى بولماغاي ئېردىم بۇ يەگلىغ دەردىگە،
بولماغاي ئېردى ئەلەم مەن باغرى قانغە كاشكى.
قىلماغاي ئېردى غەرىب شوردە بەختىنى فۇرۇش،
قالماغاي ئېردى بۇ رەڭ دەردى نىھانغە كاشكى.

* * *

غەرىب ئاتىمنى ئەزەل قىسمەتى رىقەم ئەتتى،
«غەين» غە «مىم» قوشۇلۇپ باشىم ئۈزرە غەم يەتتى.
گەھ «رە» نى قىلدى رەسەن سالغالى بويىنۇمغە،
گەھ سۆدرەمەككە ئەلەم سارىغە، قەلەم كەتتى.
ئەلەمگە يار قىلىپدۇر ئانىڭكى «يا» سىنى،

يۈرەكلەرىمنى پارە قىلمۇرغە سىتەم كەتتى.
ئانىڭكى «بە» سى بەلانى باشىمغە كەلتۈرمەك،
ۋۇجۇد ئۈيىگە سالىپ شورىشى ئەددەم ئەتتى.
كەھ تۆرت نۇقتەسىدۇر پاسبان تۆت ئەتراف،
فەرەھنى قوغلادىكىم دەرد ئىلە ئەلەم ئەتتى.
غەرىبغە، بولدى بەلايى ھۇرۇف تۆرت مۇبرىدىم،
كۆڭۈلنى دەردۇ ئەلەم ئافەتى ھەرەدەم ئەتتى.

*

ئايا ئاقىلى ھۇشمەند دىل فەزىر،
بۇ سۆزلەر ئېرۇر بارچەغە بىنەزىر.
نەسىھەت ئىشىكىنى ئەيلەي كۇشاد،
كى ئاندىن كۆڭۈلگە يېتىشكەي نىشاد.
ماڭادۇر نەسىھەتنى قىلماق خەتا،
گۈنەھ بىرلە ئاغۇشتە شامۇ سەبا.
ئىشىمدۇر مېنىڭ فىسقۇ ئىسيان بىلە،
بۇ سۆزنى دېمەكلىك نە ئىمكان بىلە.
نەسىھەتنى قىلغىل ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ،
قىلۇر تەئسىر ئاندىن كىشىگە سۆزۈڭ.
قىلۇرلار رىۋايەت بۇ رەڭ داستان،
تەرەننۇم تۈزۈپ بۇلبۇلى گۇلىستان.
لەبالەب ماڭا، ساقىيا، مەينى تۇت،
خۇمارىمنى دەفئ ئەيلە، كۆڭلۈم ئۈيۈت.
بۇ مەي نەشئەسىدىن فەرەھناك ئولاي،
رىيا شەيخ ئالدىدا بىباك ئولاي.
ھەمە شەيخلەر كەبى قىلغۇم رىيا،
كى تۇت فەيما فەي مەينى، ئەي ساقىيا.
دەۋام رىندەلەر بىرلە ھەمراز ئولاي،
بۇ مەي كەيفىدىنكىم سۇخەنساز ئولاي.
تەكەللۇم سۈرۈپ سۆز گۇلى سارىغە،
كى پەرۋاز ئېتىپ سۆزنىڭ ئىسارىغە.
ئېرۇر ياخشى سۆز دۇر، ھەمە شاھۋار،
كى تۇھغە، قىلاي ئىلتىبان شەھرىيار.
كى ھەر تەبئ ئېلى ئالدىدا تاش ئېرۇر،
قاچان مېھىر قەدرىنى خەففاش بىلۇر.
سۆزۈم دۇن تەبىئەلەرغە لايىق ئەمەس،
ئىشەككە نەبات بەرسە ھەرگىز يېمەس.
نە خۇشدۇركى بۇلبۇلغە بولسە چەمەن،
قىلۇر زاغ قاچان گۈلشەن ئىچرە ۋەتەن.
نە خۇش شەھرىيارى جەھەندار ئول،
كى تەبئ ئەھلىگە ئاشىقى زار ئول.
غەرىب نەزمە ئەيلەپ ئانى شەھغە تۇت،
شەھەنشاھ زەمانىڭكى كۆڭلىن ئۈيۈت.
ئاڭا راۋىلاردىن ھىكايات قىل،
بۇ كۆھنە جەھاندىن رىۋايات قىل.
خەيال ئەتمەيىن سەن تەكەللۇمنى سۈر،
شەھەنشاھنىڭ ئىلتىفاتىنى كۆر.
كى بەغداد دەپ بار ئىدى بىر شەھر،
ياندا ئانىڭ بار ئىدى مەۋجى بەھر.
بۇ شەھر ئىچرە بار ئىردى بىر پىرى سال،
خۇدا تەرس ئولۇپ تاپقان ئېردى كەمال.
ئانىڭ كارى ھەمدۇ سەنا ئەيلەمەك،
كى جەننەتتە گۇشە بەنا ئەيلەمەك.
كى سەھراغە يانتاققە ھەردەم بارىپ،
يۈدۈپ كەلتۈرۈرى ئېردى مەردى زەرىف.
بۇ يانتاقنى ساتسە ئالۇر ئېردى نان،
بولۇپ زەنۇ فەرزەندىغە مىزبان.
كى بەئدەز تەئام ئەيلەبان شۈكرلەر،
كى ھەمد ئەيلەمەككە قىلىپ فىكرلەر.
قەدەم قويدى بىر كۈن يەنە يازىغە،
يېتىپ كەلدى ئول دەمدە دەربازىغە.
شەھەردىن جەمئى خەلايىق چىقار،
«نە ۋاقىئە» دېدى، بولدى بۇ پىر زار.

جەۋابىنى ئايدى بۇ خەلقى شەھر:
«نەھەڭنى ئالىپ تاشلامىش مەۋجى بەھر،
خەلايىق بارىپ گوشتىنى ئالغۇسى،
ئەگەر قانچە ئالسە يەنە قالغۇسى.»
تولا فىكىر ئەيلەپ بۇ مەردى كەلان،
بۇ ھەم گوش ئۇچۇن بولدى يولغە رەۋان.
نە كۆردى زەبەردەس مۇناردەك نەھەڭ،
ياتىپدۇر بۇ دەريا لەبىدە دەرەڭ.
بۇ خەلق ھەر سارىدىن ئالۇر ئېردى گوش،
يانۇر ئېردى شەھرىگە بولۇپ ئانچە خۇش.
ئەگەر يۈز كىشى يانسە، مىڭلاپ كېلىپ،
ئۆيگە يانۇر ئېردى گوشنى ئالىپ.
بىلىنىقنى بۇ پىر كۆردىلەركىم بىر ـ ئوق،
مۇناردەك ياتۇر ئىككى چەشمى ئوچۇق.
تۆكەر ئېردى رۇخسارىغە ياشىنى،
ئۇرار ئېردى ھەر سارىغە باشىنى.
بۇ ئەسرارنى كۆردى مەردى كەلان،
گوش ئالماقنى كۆردى ئۆزىگە يامان.
پىچاقنى غىلافىغە سالدى كۆرۈپ،
گوش ئالماي يانار بولدىلار يۈز ئۆرۈپ.
نەھەڭگە خۇدا بەردى ئۇل دەم زەبان،
دېدى قىچقىرىپ: «مەردى پىرى كەلان.
گوشۇمنى ئالۇلار خەلايىق ھەمە،
سەن ئالماي يانۇرسەن خەيالىڭ نېمە؟»
«نەزەر ئەيلەسەم مەن ئاچۇقدۇر كۆزۈڭ،
كى قەيدى ھەيات ئىچرەدۇرسەن ئۆزۈڭ.
گوش ئالماق سېنىڭدىن سەزاۋار ئەمەس،
بۇ ئىشلارنى مەن قىلماغۇمدۇر ھەۋەس»
بۇ سۆزلەرنىكى ئاڭلاغاچ بۇ بېلىق:
«سېنىڭدەك جەھان ئىچرە يوق خۇش قىلىق.»
ئالىپ ئاغزىدىن گەۋھەرى پۇر بەھا،
«ئەمانەت، مۇنى ساقلا شامۇ سەبا.»
ئالىپ پىرى مەرد قىلدى ئۇل دەم نىھان،
شەھەر سارى ئۇردى قەدەم ئۇل زەمان،
كى يانىداق توشۇبان ساتىپ نان ئالىپ،

خۇدا بەرگەنىگە قەنائەت قىلىپ.
كەچۇرمەك ئىدىكىم بۇ رەڭ روزگار،
گەھى شادىمانۇ گەھى خارۇ زار.
ۋەفات قىلدى ئۇل ئەسرىدە پادىشاھ،
بىرەۋ تەخت ئۇزرە چىقىپ بولدى شاھ.
بۇ شەھ ئاچتى زۇلمۇ سىتەم ئىلكىنى،
كىشى كۆرمەدىكىم ئويۇن كۈلكۈنى.
خەلايىققە بولدى جەھان تارلىق،
يېتىپ خارلىق ئۇزرە ئازارلىق.
كىشى قالمادى ئېھتىساف ئەتمەگەن،
قارى ـ ياش گۇناھىن مەئاف ئەتمەگەن.
ئەسەسدىن سوراپ بىر كۈنى پادىشاھ:
«سىتەم يەتمەگەن بارمۇدۇر بىگۇناھ؟»
دېدى: «بار شەھر ئىچرە بىر پىرى مەرد،
ئاڭا يەتمەدى سەندىنۇ زۇلمۇ دەرد.»
دېدى: «سەن چىقىپ ئەيلەگىل جۇستىجۇ،
ماڭا ئەيلەگىل دەرمەھەل روبەرۇ.
ئاڭا مەن قىلاي زۇلمى بىدادنى،
يولاي ئۆمرىدىن پىچ بونيادىنى.»
بۇ رەڭ پادىشاھ ھۆكمىنى سۇردىكىم،
بارىپ مىر غەزەب تۇتتى بىۋەھمۇبىم.
ئانى يەتكۈرۈپ كەلدى شەھ قاشىغە:
«مۇنى تۇت، ئۇرۇڭلار!» دېدى: «باشىغە»
جەۋابىدا بۇ مەردىئى پىرى سال:
«ماڭا ئەيلەمەكلىك تەئەددى مەھال.»
بۇ شەھ ئايدى: «بۇمەردى دەيدۇ نېمە؟
ھەراسان خەلايىق مېنىڭدىن ھەمە.
ساڭا مەن نېدىن ئەيلەمەسمەن سىتەم،
كى سەندىن ماڭا يەتكۈسىدۇر نە ۋەھم؟»
دېدى پىرى مەرد: «ئاڭلادىم بۇ خەبەر،
ئەگەر كىمگە يەتسە بىرەۋدىن زەرەر.
ئاڭا بىر بەلايى مۇسەللەت بولۇر،
سىتەمكارلارغە گىرىفتار ئولۇر.
كىشىگە سىتەم قىلمادىم ھېچ زەمان،
بىرەۋ ھەققىدىن يېمەدىم زەررە نان.
نە ھەددۇر ماڭا ئەيلەمەكلىك غەزەب،

غەزەب ئەيلەگەيسەن دەلىلىنى دەپ.» ساڭا ئەيلەيىن ئەمدى نامۇ نىشان.
بۇ شەھ دېدى: «ئەي پىرى مەردى كەلان ............................................ ①

* * *

بۇ دۇنيانى سەن تاشلابان، شاھى جاھان كەتتىڭ، دەرىغ،
باقى سارايىنى خۇشلابان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
جەمشىد يەڭلىغ شاھ ئىدىڭ، فەقر ئەھلىدىن ئاگاھ ئىدىڭ.
ئالىملاغە ھەمراھ ئىدىڭ، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئىززەتدە ئېردىڭ كامران، ياركەندكە ئېردىڭ ھۆكمران،
شاد ئېردى ئاجىز ناتەۋان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئېردى سۇلا ئامبان بەلكى ۋاڭ، تۆشكەن جەھان ئەھلىگە داڭ،
ھەيرەتدە ھاتەم قىلسە شاڭ، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
بەردى شەرىئەتكە رەۋاج، ئىلم ئەھلىگە كىيدۇردى تاج،
كەلسە قىزا نېدۇر ئىلاج، شاھى جەھان كەتتىڭ دەرىغ.
ئادىل لەقەب نۇشىرۋان بولغاي سېنىڭدەك ئۇل قاچان،
ئېردى خەلايىق شادمان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئېردى خۇشاللىق ئۇل مەھەل، ھەق ئەمرىگە ئەيلەپ ئەمەل،
ساقى مەيى تۇتتى ئەجەل، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
مويى... ②پىش باز، ئەيلەپ ئەزىز جانىنى نىياز،
بولدۇڭ ئەجايىب سەرفەراز، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قىلدى ئاڭا تەئمىر ئېتىپ، كۆپ گەنجلەرنى سەرف ئېتىپ،
ئانىڭ ئاياغىدا ياتىپ، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان قىلغاي كەرەم باغى جىنان،
جەننەتدە قىلغاي كامران، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
سۆگىنگدە قالدى مېھرۇماھ، دەردىڭ بىلە شەھزادە، شاھ،
ھەسرەت بىلە ماھىلىقا، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئىككى خانىمنى تاشلابان، قىلدى ئۈزۈچ شاھى زەمان،
قالدى غەرىبۇ نانەۋان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قويدۇڭ بۇلارنى داغ ئارا، پەرۋاز قىلدىڭ باغ ئارا،
قىلدىڭ يۈرەكلەرنى يارا، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
بىر شاخنىڭكى گۇللارى ئەيلەپ فىغان بۇلبۇللارى،
داغ ئىچرە ئۇل سۇنبۇللارى، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
بۇ كەۋھەرى نايابلار، ھەسرەت بىلە بىنابلار،
بولدى يەتىم مەھتابلار، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.

① قول يازمىدا بۇ داستانىنىڭ ئاخىرى يوقالغان.
② بۇ ئورۇن ئەسلى قول يازمىدا يىرتىلىپ كەتكەن.

بولدى قەرا رەۋشەن جەھان، ئىككى خىنىمغە بىگۇمان،
كۆلدەك چىرايى ئەرغەۋان، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
ئىككى خىنىمنىڭ دادىغە، قىلماي نەزەر شەھزادەغە،
باقماي بۇلار فەريادىغە، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
كەلدى غەرىبلىق كۆلفەتى، يەتتى يەتىملىك مىھنەتى،
ھەيران قىلىپ فۇرقەت ئوتى، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
گوياكى دەريا قىلدى جۇش، خەلقى جەھان قىلدى خۇرۇش،
ئادەمدە قالماي ئەقلۇ ھۇش، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
ئون ئالتەسى ماھى دۇئا، قىلدى ئۇرۇج جەننەتكە شاھ،
پەرۋاز ئېتىپ گويا سەبا، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
قويدۇڭ خەلايىقلارغە داغ، كىيدى قەرا مانەندى زاغ،
غەم كەلدىيۇ ئۆچتى چەراغ، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
ئەيلەپ خەلايىق جامە چاك، سورۇپ باشىغە تىيرە خاك،
ۋاي فۇرقەتىڭدۇر دەردناك، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
كەتتىڭ شەھى ئالىيجەناب ھەجرىڭدادۇر باغرىم كەباب،
ھالىم مېنىڭ بولدى خەراب، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
بولدۇق يەتىم خەلقى جەھان، قىلدىڭ مەگەر بىخانۇمان،
بولدى مەگەر بىئاشىنان، شاھى جەھان كەتتىك دەرىغ.
ھەريان چېكىپ سەد ئاھۇ ۋا، بىسمىل كەبى شاھۇ گەدا،
ئەيلەپ فىراقىڭدا سەدا، شاھى جەھان كەتتىك دەرىغ.
يەغلاپ خەلايىق زارۇزار، بولدى قىيامەت ئاشكار،
بولدى كىچىك ـ چوڭ بىقەرار، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
گوياكى بولدى ھەشرگاھ ماتەم تۇتۇپ جۇملە سىپاھ،
فۇرقەتدە بولدى بىنەۋا، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
قىلدىڭ، دەرىغا، بىۋەتەن، يۇردۇڭ كېزىپ شەھرى خوتەن،
بۇلبۇل ـ فىغاندا يوق چەمەن، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
قويغان ئىدىڭسەن يادىگار، شەھزادە شاھىم شەھسەۋار،
ئېردى خوتەنگە تاجدار، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
ئېردىڭ شەھەنشاھى زەمان، بەگلەر غۇلامدەك ناتەۋان،
بەھرامۇ يا جەمشىد زەمان، شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
بۇلبۇل كەبى گۈل قاشىدا ئىككى خىنىمنىڭ باشىدا،
پەرۋانە يەڭلىغ قاشىدا شاھى جەھان كەتتىك، دەرىغ.
گويا ئاتادەك ئاسراغان، ئېردىڭ ئانادەك مېھرىبان،

ئېردىڭ قېرىنداش مېھرىبان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قىلغان جەھانىنى رەۋشەنا، ئىككى خانىملارغە يانا،
بولغان ئاتا سەن ھەم ئانا، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ھەق ئەمر ئىلە ئۇل شەھسەۋار قىلدى، دەرىغ، كۆزدىن فەرار،
جەننەت ئارا تاپتى قەرار، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئىككى خانىمنى تاشلابان، قىلدىڭ ئەجايىب ناتەۋان،
گۇل غۇنچەسىدەك باغرى قان، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قويدۇڭ ئەجايىب داغ - داغ، ئوتۇڭدا كۆيمىش لاغ - لاغ،
باشىدا غەملەر تاغ - تاغ، شاھى جەھان كەتتىڭ دەرىغ.
كۆرگىل ۋەفاسىز بۇ فەلەك، ئايرىپ يۈرەك باغرىن بۆلەك،
ھەيران سەمادىن تا سەمەك، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
مۇنىس بىر جۇفت روزگار، چۇن بولدى بىۋە خارۇ زار،
ئەھلى ھەرەملەر بىقەرار، شاھى جەھان كەتتىڭ دەرىغ.
جاندىن ئەزىز فەرزەندلەرىڭ، بولدى يەتىم دىلبەندلەرىڭ،
ماتەم تۇتۇپ پەيۋەندلەرىڭ، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
شەھزادە ئۇل تاجى خوجام يىغلاپ دەر ئېردى: ئاھ ئاتام،
بولدۇق يەتىم بىزلەر تەمام، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
كا بەگلەرىم قانلار يۇتۇپ، دەرد بىرلە كۆكسىگە ئۇرۇپ،
قالدى بۇلار ماتەم تۇتۇپ، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ۋاژگۇنە ئەيلەپ جامەلەر، يۈز داغۇ ھەسرەتدە بۇلەر،
بولدى يەتىم فەرخۇندەلەر، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
بولدى نەدامەت ئۇل كۈنى، گويا قىيامەت ئۇل كۈنى،
كەتتى فەراغەت ئۇل كۈنى، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
ئەفسۇس نەدامەتدە، بېگىم، بولدۇم فىراقىڭدا يەتىم،
شەرھىڭغە، ئاجىزدۇر تىلىم، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قالدىم فىراقىڭ ئوتىدا، ھەسرەت بىلە بولدۇم ئەدا،
ھەجرىڭدە مەن شامۇ سەبا، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
قىلدى فەلەك ئەۋۋارەئى، يوقتۇر مېنىڭدە چارەئى،
بولدى يۈرەك سەد پارەئى، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ،
رەھم ئەيلەمەي گەردۇنى دون، مەجنۇن كەبى قىلدى زىبۇن،
فەرھاد يەڭلىغ باغرى خۇن، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.
سەد داغ ئىلە قالدى غەرىب، فورقەت ئوتىدا سارغارىپ،
ئەفغاندا مىسلى ئەندەلىب، شاھى جەھان كەتتىڭ دەرىغ.
شاھىدىن ئايرىلدى غەرىب، ماھىدىن ئايرىلدى غەرىب،
ياردىن ئايرىلدى غەرىب، شاھى جەھان كەتتىڭ، دەرىغ.

* *

ئاڭلاڭىزلار بۇ فەلەك قىسسەسىنى پىرۇ جەۋان،
داغۇ ھەسرەتدە فەلەك دەردى بىلە ياخشى - يامان.
يەتكۈرۈپ بادى سەمۇملارنى قىلۇر گۈلنى خەزان،
داغۇ ھەسرەت بىلە بۇلبۇللار قالىپ، ئەيلەر فىغان.

.........................

بۇ فەلەك زۇلمىدە كىم ئاھۇ فىغان قىلمايدۇرۇر،
كۆزدىن كىم دۇر كەبى ياشىن رەۋان قىلمايدۇرۇر،
قاچان ئول مەن دېگەن ئەرلەرنى نىھان قىلمايدۇرۇر،
يۈز تۈمەن ھەسرەت ئىلە باغرىنى قان قىلمايدۇرۇر،
بارچە ھەيرەتدە فەلەك دەردى بىلە، يوق دەرمان.

بۇ فەلەك قىلدى ستەمكارلىغىنى ئىزھار،
مېھرۇ ماھلارنى بۇ ماتەم ئىچىدە قىلدى قەرار،
بۇ ئەزىزلەرنى يەتىملىك ئىچىدە ئەيلەدى خار،
بىرىدىن بىرنى جۇدا قىلدى بۇلارنى ناچار،
قاتمە قات غۇنچە كەبى ئەيلەدىلەر باغرىنى قان.

مېھرۇ شەفقەت يۈزىدىن قىلمادى بىر نەززارە،
ئاتانىڭ ھەسرەتىدە قىلدى دىلى ئەفكارە،
ۋالدە ھەجرىدە يۈز دەردى بىلە ئەۋۋارە،
چۇن قارىنداشىنىڭ ئوتى قىلدى يۈردكنى پارە،
بولدى بۇ دەردى فىراق ئىچرە بەغىرلەر بىريان.

ئاسراغان ئېردى بۇ گۈلنى چەمەنى باغ ئىچرە،
ئايرىدى بىرنى خوتەن دەشتى ئارا تاغ ئىچرە،
بىرىنى سالدى بۇ سايرام ئارا چۆل تاغ ئىچرە،
دەردىدىن كۆيگۈسى گويا يىلىكى ياغ ئىچرە،
بىر - بىرىنىڭكى جەمالىنى كۆرەلمەي ھەيران.

بۇ فەلەك زۇلمىدە سارغاردى كۆرۈك سەفدەرلەر،
چەمەن ئىچرە ياقاسىن چاك قىلىپ ئەنبەرلەر،
يۈز تۈمەن داغى ئىلە كىيدى قارا ئەخزەرلەر،
بولدى بۇدۇررى سەدەف ئىچرە نىھان گەۋھەرلەر،
ئەشكىدە غەرق بولۇبان ياشى بولۇپدۇر ئۇممان.

كۆرۈڭىزلەر بۇ فەلەك كىمسەگە قويماپدۇر داغ،
ئاھۇ فەرياد چېكىبان كىيدى قارا ئىگىنىگە زاغ،
يۈز تۈمەن نالە قىلمۇرلار شامۇ سەبا بۇلبۇلمۇ زاغ،
ئايرىلىپ قالدى چەمەندىن ئاگا يوق لەھزە فەراغ،
قىلادۇر ھەسرەت ئىلە جەۋرى فەلەكدىن ئەفغان.

بىئىلاج ئايرىغۇسى گۈلنى چەمەن سارىدىن،
مېھرىبان يارنى ئۇل ئايرىغۇسى يارىدىن،
كىم ئەمەس نالە ـ فىغان بىرلە فەلەك كارىدىن،
ھەممە تەرسەندە ئېرۇر بۇ فەلەك ئازارىدىن،..........
ئاسمان بىرلە زەمىن بارچە ئېرۇرلار لەرزان.

يۈز تۈمەن ھەسرەت ئىلە چەرخى ستەمكار فەلەك،
ياغدۇرۇر ياشىغە باران كەبى ئازار فەلەك،
تەربىيەتلەر قىلىپ ئەۋۋەل بولادۇر يار فەلەك،
ئاخىرى ئۇرغۇسىدۇر خەنجەرى ئازار فەلەك،
دائىما ئەيلەگۈسى فەندۇ فۇسۇن قەسدەئى جان.

سەلتەنەت تەختىدە گوياكى سىكەندەر بولسە،
ياكى قارۇن كەبى مىڭ ئۈي ئىچىدە زەر بولسە،
ئاسمان ئۈززە ۋەميا خۇرشىدى خاۋەر بولسە،
بۇ فەلەك كۆڭلى بۇ رەڭ بارچەسى ئەبتەر بولسە،
بۇ سەبەبدىن ۋاژگۇن دەۋر قىلۇر رويى جەھان.

بۇ فەلەك دەردىگە مەن ھەددى نىھايەت قىلسام،
مىڭ تىلىم بولسە قىيامەتكە شىكايەت قىلسام،
مىڭ ئاغىز كەلگۇسىدۇر ئاجىز ھېكايەت قىلسام،
يۈز تۈمەنىمىڭچە كىتابلاردە رىۋايەت قىلسام،
بولماغاي ئەسلە ئەدا بىر مىڭدىن بىرسى بەيان.

چۇن قەلەم داغىمنى كۆرگىل ياقاسىن قىلدى چاك،
نە سەبەب بوم چۇ بۇ ۋەيرانەدە يۈرمىش غەمناك.
نە ئۈچۈن كىيدى قارا مىنە كەبى خۇش ئىدراك،
ئەندەلىپ ھەسرەت ئارا باغرىدا نىش دەرد ئىلە ناك،
جامە چاك كۆكسىدە داغ لالە كەبى گۈل خەندان.

بۇ فەلەك دەردىگە ئۇل چەكتى سىپاھان سەد ئاھ،
رۇمۇ بەغدادۇ بۇخارا بىلە كەنئان سەد ئاھ،
شام ئىلە مىسرى سەمەرقەندۇ خۇراسان سەد ئاھ،
يەمەنۇ مەككە، مەدىنە بىلە جۇرجان سەد ئاھ،
قەندىھار، شەھرى فەرەڭ، بەلكى بەدەخشان ھەيران.

تەھمۇرەس بىرلە زۇھاك چاكى گىرىبان كەتتى،
شاھى جەم بىرلە فەرىدۇن يۇرەكى قان كەتتى،
تۇر ئىلە سەلمۇ ئىرەج دەرد ئىلە گىريان كەتتى،
......................................................
يۈز تۈمەن ھەسرەت ئىلە بولدى مەنۇ چېھرە رەۋان.

بىر ـ بىرىن ئۆتتى كۆرۈڭ بارچە شەھى ئالي نەژات،
كەيقۇباد، نەۋدەر ئىلە كاۋۇسى كەي بارمۇ ھەيات،
غارنى قىلدى مەقام خۇسرەۋ كەبى ئالي سىفات،
بەسى رەنج چەكتى ئىسكەندەرگە قەنى ئابىھەيات،
ئۇردى داراغە ستەم تىغىكى دارا بى سىنان.

ئۇترىتۇ سامۇ نەرىمان بىلە گۇرشەسپۇ ئۇل زال،
بولدى سۇھرابۇ تەھەمتەن بۇ فەلەك ئالدىدا لال،
ئۇل جەھانگىرى فەرامەرزغە ھەمۇل قىلدى زەۋال،
يەئنى دارابۇ بىجەنلەردە قاچان قالدى مەجال،
كەتتى بەرزۇ كەبى شىر قىلدى قارا يەرنى مەكان.

ئۇل فىلاتۇن كەبى دانالانى ھەيران ئەتتى،
ئەرەستوتالىس بىلە جاماسىنى گىريان ئەتتى،
بۇقىراتۇ سۇقىرات بارچەنى نادان ئەتتى،
تەھ بەتەھ ھەزرەتى لۇقمان يۇرەكىن قان ئەتتى،
بۇ فەلەك دەردىگە ھېچ نەرسە تاپالماي دەرمان.

ئەي رەفىقا، بۇ فەلەك كارى ئىرۇر فەندۇ فۇسۇن،
چۇمۇنەققەش كۆرۈنۇر زاھىردىسى لاشەئى دۇن،
سەن كۆڭۈل بەرمەگىل ئانىڭ ئاخىرى كارى زەبۇن،
يۈز نەدامەت بىلە بۇ ئۇمرۈڭ ئۆتەر مىسلى قۇيۇن،
باشىڭا جەۋرۇ جەفا سالغالى ئەيلەر تۇغيان.

بۇ فەلەكنى بۇزۇبان سالسە دېگەر رەڭدە فەلەك،
يوق ئىلاج مەندە بەنا قىلسام ئىدى تەرھى بۆلەك،
بۇ جەھان شايەد ئۆك دەۋر قىلىپ يۈرسە كېرەك،
تەسكىن ئول دەم تاپىبان قالغاي ئىدى جانۇ يۈرەك،
بۇ ستەمكارە فەلەك قىلدى كۆرۈك بىدەرمان.

بۇ گۈلىستان ئىچىدىن ئەسكى سامانلىق بىھراق،
زىددىدە قىلسە تۈمەنمىڭچە يامانلىق بىھراق،
تاشلابان كىرسە فەنا دەشتى ئەمانلىق بىھراق،
دېمەگىل دەھرى فەنا ئىچرە كەلانلىق بىھراق،
بادى سەرسەر كەبى ئۆمر ئۆتكۈسىدۇر تېز رەۋان.

بەسدۇرۇر شىكۋە- شىكايەتنى غەرىب سەن تاشلا،
ھەر سەھەرلەردە قىلىپ تەۋبە، كۆزۈڭنى ياشلا،
نەفسى شەيتان بىلە سەن، ئەمدى ئۆزۈڭنى باشلا،
كىرىبان ھەق يولغە فېئلى بەدىڭنى تاشلا،
گىريە قىل شامۇ سەبا، سەندە ئېرۇر كۆپ نۇقسان.

ئەي خۇداۋەندى جەھان دەرگەھىڭ ئېرمەس نەۋمىد،
ئاسىيلار تەۋبە قىلىپ بارسە بولۇر نامە سەفىد،
مەغفىرەت ئەيلەگەسەن ھۇرمەتى «قۇرئانى مەجىد»،
مەن گۇنەھكارۇ شەقى بەندەنى سەن ئەيلە سەئىد،
رەھمەتىڭ بەھرى خۇداۋەندا ئېرۇر بىپايان.

ئەرشۇ كۇرسى، لەۋھۇ قەلەم، كەئبە مۇئەززەم ھەققى،
مەغفىرەت ئەيلە رەھىم ھەزرەتى ئادەم ھەققى،
جۇملە پەيغەمبەر ئىلە سەرۋەرى ئالەم ھەققى،
تۆرت يارى ھەمە-ئەسھابى مۇكەررەم ھەققى،
ئىككى شەھزادە ئىمام ھەققى، خۇداۋەندى جەھان.

ئەۋلىيا ھۇرمەتىدىن ئەيلەگەسەن رەھمەتلەر،
قىل سىياھ دىلنى جۇز ئەتتىڭ سەيرىغە رىغبەتلەر،
تائەتىڭ سارى ئەتا ئەيلە ماڭا ھىممەتلەر،
مەغفىرەت ئەيلە گۇناھىم، نەسىب ئەت جەننەتلەر،
قىل نەزەر رەھمەتىنى ئاسىي غەرىبقە، سۇبھان.

# «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

قۇتبى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خارەزمدە ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» نامىلىق ئەسىرى مىلادى 1341—1342- يىللىرى نىزامىنىڭ شۇ نامىلىق داستانىنى ئەسلى شەكلى ھەم ئەسلى ۋەزنى بويىچە پارس تىلىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. داستانىنىڭ باشتىكى مۇقەددىمە قىسمىدا قۇتبى بۇ ئەسەرنى ئەينى دەۋردىكى ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمرانى تېنىبېكخان ۋە ئۇنىڭ ئايالى مەلىكە خاتۇننىڭ نامىغا ئاتاپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

قازانتەگ قاينار ئۇش سەۋدا پىشۇردۇم، خانىم ئاتىغە ئۇشبۇ پارسى تىلنى،
نىزامى بالىدىن ھەلۋا. پىشۇردۇم. چەۋۇردۇم تۈزدۇم ئۇش نەزم ئۆززە قىلنى.

قۇتبىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى تۈركىي تىلنىڭ ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» تىن كېيىنكى يەنە بىر گۈزەل نەمۇنىسىدۇر. شۇڭا كىتابخانلارغا بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى تونۇشتۇردۇق. بۇ ئەسەر مەيدانغا كېلىپ 42 يىلدىن كېيىن، يەنى 1383 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىغا ئاساسەن دوكتور نەجمەتتىن ھاجى ئىمىن ئوغلى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1968 - يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان. بۇ نۇسخا ئاشۇ تۈركىيە نەشرىگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

*

ئىلاھى تەۋفىقىڭ قاپىغىن ئاچابەر، بۇ سۆزكىم باشلادىم خۇش كەلسۇ ساڭغا،
كۆڭۈلگە رەھمەتىڭ ئۇرغىن ساچابەر. مۇبارەك قىل سۆزۈم بارچە جەھانغا.
كۆڭۈل بەركىم يەقىنىڭغە ياراسۇن، ئانىڭتېككىم ئوقىغان دىل ئاچىلسۇن،
ئەزىن غەفلەت بۇ كۆڭلۈمدىن يىراسۇن. تىلىمدىن مۇشكۇ ئەنبەرلەر ساچىلسۇن.
بۇ كۆڭلۈم كۆزگۈسىن سەيقەل قىلۇبەر، قاراسى كۆزنى تولۇغ نۇر قىلسۇن،
قامۇغ مۇشكىللەرىمنى ھەل قىلۇبەر. ئىشىتكەن مەغزىنى مەخمۇر قىلسۇن.
ئىچىمنى ئۆز نۇرۇڭ بىرلە يارۇتغىل، مەئانى بىرلە يۆكسەك قىل سۆزۈمنى،
تىلىمنى ئۆز سەناڭ ئۆزرە يۈرىتگىل. سەئادەت بىرلە بار ئەت بۇ ئۆزۈمنى.
داۋۇت يەڭلىغ بۇ كۆڭلۈم تازە قىلغىل، كۆڭۈللەرنىڭ مۇفەررىھ نامەسى قىل،
زەبورۇمنى بەزۈك ئاۋازە قىلغىل. قامۇغ مۇشكىل كېلىدى بولسۇ بۇ تىل.

شىرىن قىل شاھ كۆزىنىگە سۆز جەمالى،
كىم ئۇش - شىرىن ئېرۇر سۆز ئىچرە فالى.
ئىنايەت بىرلە قىل كۆڭلۈمنى ئاگاھ،
بۇ سۆز ئىچرە مەدەت قىل قۇلغا ئەللاھ.
ئىنايەتكىم ساڭا ئۇش قىلىدى يارى،
نې تۇردۇڭ تىلىگە كەلتۈر دىلدە بارى.

## ئەللاھ تەئالانىڭ تەۋھىدىن ئايۇر

ئىدى ئاتى بىلە باشلا سۆزۈڭنى،
كىم ئول بار قىلدى يوقدىن بۇ ئۆزۈڭنى.
ئۇلۇغ تەڭرىكىم ئاۋۇننى ياراتتى،
تۇتۇپ بەك يەرنى، كۆكلەرنى تۆرەتتى.
تانۇق بارچە خەلايىق بارلىقىڭغا،
دەلىللەر ھەم ئۆكۈش بار بىرلىكىڭگە.
تەئالەللاھ ئاڭا يوق ئوخشاشىغ بىر،
ياراتۇر ھەم يۈرىتۈر، ھۆكمى يۈرىر.
فەلەكنى تەزگىتىپ يۇلدۇز يۈرىتكەن،
قامۇغنى ھۆكمى بىرلە ھەم ئىگىتكەن.
بۇ مۇنچە ئىلمۇ - ھىكمەتلەر ياراتغان،
قاراڭغۇ تۈننى كۈن بىرلە يورۇتقان.
سەۋنچۇ قادغۇ، قورقۇنچۇ ئۇمىنچ يۈز،
ياراتتى تۈنىمە كۈنۇ ئايۇ يۇلدۇز.
ۋۇجۇدى بارچە مەۋجۇد ئۈزرە تاھىر،
نىشانى بارچە كۆرگەنلەرگە زاھىر.
كەۋاكىب بۇيرۇقىندىن ئىشدە يۈرۈر،
تەبايىئقا شەرەف ھەم سۈنئى بېرۇر.
يېتىك باقغانلار ئاندىن تاپدى مەقسۇد،
ئوشۇل خىدائەتدە ئولتۇرغانىغا مەئبۇد.
ئاڭار ھىچ ئوخشاماز بۇ بارچە نەگلەر،
ساقىنماڭكىم كىشى فىكر ئېتىپ ئاڭلار.
مۇنەززەھ زاتى ئانىڭ ئۆزگە تەگدىن،
مۇبەررا ھۆكمى ئانىڭ بارچە تەگدىن.
بۇ مەئنىنى بىلەيىن دېسەڭ، ئەي دىل،
قامۇغ سېنسەن، سەن ئانىڭ مەن تېپۇ بىل.
ئۆزۈڭ يۈز پارە قىل گۇلدەك بۇ باغدا،
كىم ئۇش يوق تەندۇرۇستلۇق ئۇشبۇ تاغدا.
سەن ئاندىن يۈكرۈ قىلدىڭ ئۇشبۇ يەرگە،
يانا كەچ مۇندىن ئۆت، تۇت ئاندا يەرگە.
ئانى ئىزدەيۇ ئەقلىم كەزدى ئەفلاك،
بۇ ۋەھم ئۇبراتتى ئۇش نەئلىنى ئىدراك.
ئاقىلمەن، بىلگەمەن تېپ ئىزدە، ئەي يار،
مۇنى بىلدى بىلىنمەزكىم بۇ ئەسرار.
كۆرۈپ ئول ھالىن ئۆزدىن ئىل كۆتەردى،
ئارادىن ئاندا سوڭ ئۆزىن كېتەردى.
ئانى بىلمەكلىك ئېرمەز بىزگە دۇشۋار،
ۋە لېكىن ئۇشبۇ ئىش ھەيرەتكە تارتار.
كىمۇڭ شەمئىندە كۆرسەڭ بىر يارۇقلۇق،
ئانىڭ بىرلىكىگە بېرۇر تانۇقلۇق.
بىلىگ بەردى ئانى بىلمەكلىك ئۈچۈن،
بىشارەت بەردى ئەيمەنمەكلىك ئۈچۈن.
ئۆرۈپ ھەيئەتدىن ئۇشبۇ چەرخى ئەفلاك،
مۇھەندىسدەك رەقىمى تەختەئى خاك.
چېچەكدەك گەنج تۇپراقدىن ياراتتى،
بىزىڭدەك شەخس ھەم سۇدىن تۆرەتتى.
باغىردىن سۇغارىپ بۇ جان باغىنى،
چىراغ ئورنىغە بەردى كۆز ياغىنى.
يۇقاڭغۇلار قامۇغلارى يۇقالغاي،
ھەم ئول بارى ئانىڭتېك بار قالغاي.
ياراتماقنى ئانىڭتېگ قىلدى ئاغاز،
كىم ئۇش ھىچ بىلسە بولماز فىكر ئېتىپ راز.
ئېرۇر ئول بارچەلەرگە قىلغۇچى سۇد،
ئۇگىنكىم مايەلەرنى قىلدى مەۋجۇد.
نىشان بەردى بۇ مايەلەرغە ئىخلاس،
بۇلار تەگمە ئەمەلدە بۇلسۇ دەپ خاس.
جىھەتكە ئالتە كۆڭلەك ئول كېيدۈردى،
يانا بىر ئۈزرە تۆرت گەۋھەر ئۆزۈردى.

بىرىنىگە بەردى بەخشىشكىم بىتۇرگەي،
بىرىن قىسقانچ قىلدىكىم يىتۇرگەي.
نى بىتۇرگەن خەبەرلىغ بەردۇكىندىن،
نى يىغقان جەھد ئېتىپ مال تەردۇكىندىن.
نى ئۇتتا بار خەبەر كۆيدۇرگەنىندىن،
نى سۇۋ ئاقلار ئۆزى سۆندۇرگەنىندىن.
ئېرۇر ئولكىم ياراتغان ئورتاغى يوق،
قامۇغ ھامماالى فەرمان بىز شەكى يوق.
كىمۇك بار زەخدەسى ھامماللارىڭغا،
ئايىتسا ئويىما دەپ فەرمانلارىڭغا.
بۇ يەر تۇغرۇر ئۆزى دايە تىلەمەز،
كەتۇرۇر يەل ۋەاپ يىزغىن يەيلاماز.
زەھى سانىپىكىم ئول بىر مۇنچە سەنئەت،
ياراتمىش كۆر زەھى قۇۋۋەتلى قۇدرەت.

## ئەفلاك ھەرەكاتىنىڭ سۆزى

فەلەك سەيياھلارى ئاقلارمۇ سەن يار،
نەدىن يەر كەئبەسىنى چەۋرۇلۇرلەر.
بۇ مىھراب ئىچرە مەئبۇدى بۇلارنىڭ،
نى ئول كەرمەكدە مەقسۇدى بۇلارنىڭ.
نى ئىزلەرلەر بۇ يول تارتماق ئىچىندە،
نىكەلەر بار بۇ يۈك ئارتماق ئىچىندە.
نىدىن سابىت بۇ ئول نى مۇنقەلىب نام،
بۇنىڭ يۈرىر ئاقاكىم بەردى ئارام.
ئاغىز باغلاپ چىچەكدەك تازە يۈزلە،
تاپۇنماقتا كەمەر باغلانمىش ئۆزلەر.
ماڭا ھەيرەت كېلۇر بۇ ئىشتىن، ئەي يار،
بۇتۇپ بۇ بۇتقا بانسانى بەلدە زۇننار.
بۇ ھەيرەتكىم تىكىلاندۇردى دىنىنى،
ئىنايەت ئۇندەدى قۇتبى ھەزىنىنى.
بۇ مۇنچە تەڭگە باقماسەن تاشىڭغا،
كىم ئانلار خۇد تاپۇنماز ئۆز باشىڭغا.
قامۇغ پەرگاردەك باش بىرلە گەردان،
بۇلۇپ ئۆز خالىقىن ئىزدەرلەر، ئەي جان.
ئاخىرسەن ھەم يېتەر ئىلگىنىڭ رەۋان بول،
نىدىن بۇتخانە قاپغىن قىلدىنىڭ ئۇش يول.
سەن ئىبراھىمدەك ئىشق ئويىنا بۇتغا،
كىرىپ بۇتخانە ئىچرە كۆيمە ئوتغا.
نەزەر بۇتغا سالىپ باغلانما زۇننار،
قەدەم ئۇر بۇت ئۆزە قۇرتۇلدۇڭ، ئەي يار.
كۆرۇنگەن كۆكدە يەردە بارچە جىسىم ئول،
ئىلاھى گەنج ئۆزە مۇنلار تىلىسىم ئول.
بۇزۇپ ئالغاي تىلىسىم ئاستىندا گەنجىن،
تىلىسىم ئاچماقتا ئولكىم تارتسا رەنجىن.
تەبايىئلارگە بىر - بىر مەيل تارتغىل،
بىلىغ كۆزىنىگە بىر گەز نىل تارتغىل.
بۇ كۆكلەر نەقشىگە باقما خەيال ئول،
بۇ مۇشكىل باغ ئېرۇر شەشمەك مۇھال ئول.
مۇڭا ئوشبۇ فەلەك سىررى بىلىنمەز،
مەگەر بۇ نەقش كۆرۇنۇر مەئلۇم ئېرمەز.
ئەگەر بىلمەك ئۈچۈن بولسادى بۇ راز،
بۇ نەقشلەردىن بىرى قىلغايدى ئاۋاز.
بۇ تەزگىنىگۈچى گۈنبەدكىم بىرۇر نۇر،
كۆرەرمىز تەزگىنۇر ئۆزگە نەبىلىنۇر.
دۇرۇست ئولكىم بۇ تەزگىنىگەندە بارى،
بار ئول تەزگىتمەگىنىدە ئىختىيارى.
بەلكىم تەگمە تاب ئۆز بىلگەنى بار،
بۇ تەزگىنىگەنىنىڭ بىر تەزگىنىگەنى بار.
قارى خاتۇنكىم ئول چەۋرۇر چىقىرنى،
قىياس ئەت ئاقلارسەن بۇ چەرخ يېرنى.
خەلەل تاپما سۆزۇمدە ياخشى باقغىل،
چەۋۇرمەسە ئانى چەۋرۇلمەس ئوقغىل.
بىلىنگىلىگىنىڭ ئىلى چەۋرۇر ئانى بىل،
تەن ئىچرە بولماسە جان سۆزلەمەس تىل.
فەلەك دەۋرى ھەمىشە بۇ قىياس ئول،
بىلىنگىلىگ خۇدبىلۇر بۇنى ئەساس ئول.

ئەگەر كۆرگۈزمەسە تەڭرى ساڭا يوق،
بۇ ئۇستۇرلار بۇ ھېكمەتدە يارۇقلۇق.
نې بەلگۈرگېي سېنىڭ ئىلگىدە نامە،
نې خۇد قىلغاي ئاسىغ باشدا ئىمامە.
ئەگەر ئول بەرسە تاپىلۇر ھىندۇدا خۇر،
ئەگەر بەرمەسە كۆرمەس ئايدا كۆز نۇر.
قايۇ نەقش ئۈزرە كۆرگۈزسە جەمالىن،
قىلۇر يۇلدۇزلار ئول نەقش ئۈزرە فالىن.
بىرى ئون ئارچانى مېھراپ قىلمىش،
بىرى تۇچ بىرلە ئۇستۇرلاب قىلمىش.
بۇ چەرخ ئارامى يوق كىم تىنسا سائەت،

قىياس ئەت تۇچدىن ئارپادىن نې راھەت.
بۇ ئەركان بىرلە بەلكۈرگېي قاموغ يۈز،
بۇ ئاللارقا قايۇكىم ئۆيسە ئۇش سۆز.
ئەگەر قۇدرەت ھەۋالەت قىلساڭان سەن،
باھانە ئۇشبۇ ئالەت قىلساڭان سەن.
ئەگەر ئالەتقا قىلساڭ سەن ھەۋالەت،
نې ئالەت بار ئىدى قىلغاندا ھىلەت.
ئەگەر بۇ ئوتۇ تۇپراق يەل بىلە سۇ،
بىرى بىر بىرلە خۇش بولسا ئېردى يىغلۇ.
بۇ يۇلدۇزلاردا فەرمان تاپماز ئېردى،
بۇ فەيكەر لەفزىدىن جان بىتمەز ئېردى.

## تەڭرى تەئالانىڭ مۇناجاتى

ئىدىكىم بىزنى بالچىقدىن يۇغۇردى،
ماڭا قۇللۇق قىلىڭ دەيۇ بۇيۇردى.
قاموغىنا خىدمەتنى فەرز قىلدى،
جەزاسىنى ئۆزىنگە قەرز قىلدى.
بىز ئەمدى بۇ زەئىفلۇق بىرلە، ئەي ھەق،
تىلەربىزكىم ساڭا قۇللۇقنى قىلسەق.
ئىنايەتلەركىم ئۇش مۇنچە سېنىڭ بار،
زەئىف قۇلنى قاچان زايىئ قويار زار.
ئۇمىنچلەركىم تۇتارمىز مۇنچە مىڭ شاخ،
كەرەملەرىڭ قىلۇر بىزلەرنى گۇستاخ.
يوق ئېرسە بەر ئاۋۇنچ تۇپراقنى قىلغاي،
ئۆزى ھەددىنچە ئاندىن ئىش قىلغاي.
خەلاسمەن ئۆزۈمىزدىن چەۋرەلىم يۈز،
تەقى تەۋفىق بىرلە كۆڭلۈمىز تۈز.
قاچان لايىق تاپۇغ بىزدىن تاپۇلغاي،
كىم ئول ھەزرەتكە خۇد شايەستە بولغاي.
ۋەلې كۈچ يەتمىشىنچە قىلغۇ قۇللۇق،
بىزە قۇللۇقدىن ئۆزگە تەگمەس فۇرۇلاۇق.
ئەگەر بولساڭ ئاۋۇچ تۇپراقدا خوشنۇد،
ساڭا بولماس زىيان بىزگە بولۇر سۇد.
ئۇشۇل سائەتتەكىم بولغاي قىيامەت،

باغىشلا بىزنى قىلدۇرما نەدامەت.
مەن ئول تۇپراقمەن ئۇشكىم سەن يىگانە،
ياراتىپ جىسمىم تاپشۇردۇڭ بۇ جانە.
ياراتتىڭ سۇرەتىمنى قەترە سۇدىن،
ياراتىغلاردىن ئۆزرۆپ بەردىڭ ئۇش دىن.
بۇ سۇرەت بەردىڭ ئەمدى كۆزگە بىر نۇر،
بۇ نېئمەت شۇكرىنى كۆڭلۈمدە ئارتۇر.
قاتىغلىقدا سەبىر بەركىم يىلايىن،
ئېسەنلىكدە سېنىڭ شۇكرىڭ قىلايىن.
ئۆكۈش ھەددىن كەچە تەقسىر قىلدىم،
خەجالەتنى شەفىئ قىلغۇغا كەلدىم.
نې سەھۋىكىم تۇشەر بولسە سۆزۈمدە،
ئەفۋ قىل بار ئۆكۈش تەقسىر ئۆزۈندە.
نې نەقشكىم كۆرەرمەن مەئبۇدۇمسەن،
نې ھەرفكىم ئوقىرمەن مەقسۇدۇمسەن.
بۇ سەرگەردانلىقىم ئۇش بارچە سەندىن،
بىرەر ئەبلەھ، بىرەر ئاقىل تىلەكىم.
ساڭا خىدمەت قىلاي دەپ ئەزم قىلدىم،
يول ئازدىم ئېرسە، كۆندۈر، مەن ياڭىلدىم.
نىيەت كەئبە تاپا قىلدى بۇ ئۆزۈم،
ئەگەر بادىيەدە ئۆلسەم مەرۇزۇم.

نە ئەزگۈ نە يامانكىم خەلق ئارا بار،
كەرەم قىلساڭ كۆرۈنمەس زەررەچە بار.
بىرىن ئۈندەپ ئازاقىن سىندۇرۇرسەن،
قاۋۇپ بىرىنىڭ قاناتىن ئۈندۇرۇرسەن.
جانىم بىلمەس بۇ مۇنچە قادىغۇلار يەپ،
ئۆزۈم مەقبۇلمۇ مەھرۇممۇ نې مەن دەپ.
يازۇقلۇغمەن قايۇ نەۋ ئىچرە ئولسام،
مېنى سەن يارلىقا نە تۈرلۈ بولسام.
قىل ئۆز فەزلىڭنى ئاسى قۇل بىلە يار،
مەنەم فېئلىم، باقمە، ئەي بىرۇ بار.
بۇ فېئلىمنىڭ تىلەكىندە يوق ئول كۈچ،
سېنىڭ فەزلىڭ گۇھەر، قۇل فېئلى چۈن تۈچ.
ھىدايەت نۇرىنى كۆڭلۈمدىن ئالما،
يانا مېنى قاراڭغۇلۇققا سالما.
بىلىنگىلىگ قىل قامۇغ ئىشدە ئۆزۈمنى،
كۆتۈر غەفلەت نىقابىن، ئاچ كۆزۈمنى.

چىقار كۆڭلۈمدىن ئەسرۈكلۈك سۈسىنى،
كېتۈرمەندىن بۇ غەفلەت ئۇيقۇسىنى.
تېنىمگە بەر قەنائەت جانغا قۇل قىل،
مىزاجىم بىرلە تائەت مۇئتەدىل قىل.
ئۈلەش خىدمەتقە رازى قىل تەنۇجان،
كىشىگە قىلما ھاسەتلىغ، قىل ئېھسان.
ئانىڭتېك تۇت مېنى سەن بارلىقىمدا،
كىم ئول خوشنۇدلۇقۇڭ بولسۇن قاتىمدا.
بۇ دۇنيا ئىشلەرىندىن قىل فەراغەت،
سەن-ئوق بىل خۇد ساڭا ئاياق نې ھاجەت.
بۇ كۆڭلۈم ئىگىنگە تىمار قىلغىل،
ماڭا ھەددىمچە، تەكلىفى يار قىلغىل.
ئىچىمنى ئۆز نۇرۇڭ بىرلە يارۇق تۇت،
باشىمنى سەن ئۆز ئاستانىڭدا ئوق تۇت.
دىماغىمنىڭ ئىگىنىگە سەن دەۋا قىل،
قىيامەتدە شەفىئىم مۇستەفا قىل.

## رەسۇل ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەئتى

مۇھەممەدكىم يالاۋاچ ئەردى ھەقدىن،
ئاڭا فەرمانلادى ئاچ دىيۇ ھەق دىن.
يارا تىغى ئانىڭ تۇپراقدىن ئېردى،
ۋەلې نې سۆزلەسە، چىن ھەقدىن ئېردى.
ئانىڭ يۈزى كېڭۈللەرنىڭ چىراغى،
سۆزىدىن رەۋنەقى ئۈممەت ياراغى.
ۋەفا مەيدانىنىڭ چابۇك سەۋارى،
نۇبۇۋۋەت كارۋانىنىڭ سالارى.
ئىمارەت قىلدى بۇ ئىسلام باغىن،
كۇفرە كۇفرەسىنىڭ ئول بۇزدى باغىن.
شەفائەت بوستانىنىڭ نەسىمى،
ھەقىقەت بەھرىنىڭ دۇررى يەتىمى.
ئول ئادەم تۇپراقىنىڭ كىمياسى،
قامۇغ ئالەم كۆزىنىڭ تۇتىياسى.
شەرىئەت بىرلە بۇ ئارۇنى تۈزدى،
خاتالارنىڭ كۆكىن ھەق سۆزلەپ ئۈزدى.

ئانىڭ شەرئى ئۆكىن دىنلەرنى ئۈزدى،
شەرىئەتلەرنى مەنسۇخ قىلدى بۇزدى.
جەۋانمەردۇ رەھىم قىلغۇچى ئېردى،
تىلى دىل قۇفلىنىڭ ئاچقۇچى ئېردى.
ئىزى نۇسرەت قىلىچىن بەرمىش ئېردى،
بويۇن سۇنماغلى تەندىن باش كېتەردى.
خىجىل قىلدى كافىرنى مۇئجىزاتى،
كۆڭۈللەرنى يورۇتتى ئىزگۇ ئاتى.
ئايازى خاس ئىدى خاسدىن ئۆزۈرگەن،
بۇ مەھمۇدلۇق تونىن كەزگەن كەزۈرگەن.
چېچەكدەك دوستلار يۈزىنگە ئول شاد،
سەرۋ يەڭلىغ بۇ ئالەم ئىچرە ئازاد.
فەلەككە سەرۋ بۇ كۆك تون كىندۈرمىش،
ئىمامە يەلكە ئەنبەرىيەزغى بەرمىش.
قىلىپ قۇللۇقنى ئۆز ئىختىيارى،
بۇ بەش نەۋبەتنى ئۇردى، تۆرت يارى.

ئانۇڭ لەئلەينى بولدى ئەرش ئۆزە تاج،
ئەمدى ۋەھمى بىلگەن سىررى مىئراج.
قۇدۇغدىن ئارتتى ئول كۆپنى فەلەككە،
بۇ تۇپراق تەننى تەڭ قىلدى مەلەككە.
خەلىل ئانىڭ چەرىگى خەيلىدىن چىن،
مەسىھ بارگاھىنىڭ چاۋۇشلارىدىن.
بولۇپ ئەمەكدە راھەتدە ئەۋى غار،
يىلانلار يار، ئۆرۈمچۈك پەردە تۇتار.
بىرىپ ئۆز تىشىنى تاش ئىلىگىكە ئول،
قودۇپ ئىرنىن تاش ئۈزرە ئاچتى بۇ يول.
ئىرىن تىش تاشقا ئاندىن ئۇترۇ بەردى،
كىم ئول لەئلۇ گۆھەر ئورنى تاش ئەردى.
قاچان تاش بىرلە سىندى ئىرسە گەۋھەر،
ئىرىن تىش بىرلە تارتىپ كەلدى كۆپ سەر.
ئۇيۇر ئىركەن كۆزى ھەق بىرلە جانى،
تاشى بىرلە ئىچى تولغۇ مەئانى.

ئۆكۈش ئەشتى ئوتىدىن يولغۇچى ئول،
قىيامەت كۈن شەفائەت قىلغۇچى ئول.
ئۆزۈم كۆپ قىلدى ھەق تاپغىندا تەقسىر،
نى تەدبىر، يارەسۇلللاھ، نى تەدبىر.
ئارىغ دەۋزەخدىن ئۆزۈم قولغانى بۇ،
كىم ئۇشبۇ قۇلنى قول سورمازدىن ئاشنۇ.
ئىلىك كۆترۈپ بۇ قۇلنىڭ ھەققىگە بىر،
دۇئا قىلساڭ، قامۇغ قادغۇسى تارىر.
ئىلاھى، قۇتبى ئىشىن ئاچ بارچە ياندىن،
تەيۇ قول كەتسۇ غەفلەت جانۇ تەندىن.
بۇ كۆڭلىن گەنجى ئاسايىش قىلۇبەر،
قامۇغ ھال ئۈزرە بەخشايىش قىلۇبەر.
ئەگەر قول يازۇقى خۇد بولسە تاغچە،
ئانىڭ رەھمەت تىگىزى يۈزمىڭ ئانچە.
تىلەيۈر ئول بەھانەكىم بەھا يوق،
ئاڭا مىڭ يىلقى تائەت زەررىچە يوق.

## رەسۇل ئەلەيھىسسەلامىنىڭ تۆرت يارى ئۆگدۈسى

يانا بۇ رەسۇلنىڭ سەۋەر ئىشلەرى،
قىلۇر ئىردىلەر تۆنىسى خەير ئىشلەرى.
بۇ تۆرت ئىش باشى ئول ئاتىق ئەردى بىل،
كۆنى دادى ئىچرە يارار ئىردى قىل.
ئىكىنچى ئۇمەر ئىردى دىن باشلاغان،
كافىرلار باشىنى كىسىپ تاشلاغان.
بۇ شەيتان لەئىن كۆرسە ئىردى ئانى،
فەرار قىلماس ئىردى تەنىندە جانى.
ئۈچۈنچ ئوسمان ئىردى ئوۋۇتلۇغ ئاقى،
ئوقۇشلۇغ بىلىگ ئادى مۇتتەقى.
ئىدى يارلىغنى تىرىپ قۇدگەن ئول،
بۇ ئىسلام دىنىنگە ئاچا بەردى يول.
بۇ تۆرتۈنچ ئەلى ئول ئەرەنلەر باشى،
قامۇغدىن رەسۇلگە سۆيۈكلۈك ئىشى.
ئول ئىردى ھەسەنگە ھۇسەينىنگە ئاتا،
ئانىڭ مەدھىنگە ئايتتى ھەق خەلەتا.
كىم ئول سەۋدى ئىرسە بۇ تۆرتەگۈنى،

ئانىڭ ئۈزرە تۇغدى سەئادەت كۈنى.
ۋەگەر سەۋمەز ئىسە بۇ تۆتتە بىرىن،
قامۇغ ئىچرە بىلسۇن بۇ يانغۇ يىرىن.
ئىلاھى سەۋەرمەن بۇلارنى كۈنى،
نىجات بەر تامۇغدىن قىيامەت كۈنى.
بۇ تۆرتەگۈدىن ئۆڭ نە يارانلار،
فىدا قىلدىلار ھەققەتەن - جانلارى.
تۆرۈر ئەردىلەر ئول رەسۇلگە باقا،
نە ئەيسا مۇبارەك كەلامىن ئوقا.
ئي مە مەنگىلىگ ئۇممەتلەر ئىردى ئولار،
كۆكۈل سۆيسە ئانلارنى قايدا ئولار.
ئولارنىڭ قاتىغلانمىشى بىرلە ئول،
يەتى ئىقلىم ئىچرە كۆنۈلدى بۇ يول
ئىلاھى جانىم ئول قامۇغىن سۆيەر.
ھەرام قىل بۇ مىسكىنگە نارۇ ساقار.
كىم ئامىن دەيۇ مۇندا تەۋرەتسە قىل،
ئول ئىرنىڭ يولىنى بۇلار بىرلە قىل.

## شاھزادە تېنىبەك خان مەدھى

رەۋان بول ،ئەي سەھەرنىڭ خۇش نەسىمى،
ئۆتۈنسۈن شاھقا مەدھى تىل ئۇش نەدىمى.
يەر ئۆپكىم خۇش كۆرۈنمىش بەزمى شاھى،
سۈرەييادەك ئۇرۇلمىش بارگاھى.
ئاژۇن ئول كۈن يۈزى بىرلە مۇنەۋۋەر،
كىم ئاندىن دىنۇ دەۋلەت ئۇش مۇزەففەر.
ئۇلۇس ئەل ئەركلىگى سۇلتانى خانى،
جەھان خەلقى تەن، ئول تەن ئىچرە جانى.
خانىمىز تېنىبەك شاھى جۇۋانبەخت،
كىم ئۇش ئاندىن قۇۋانۇر تاج ھەم تەخت.
يەتى ئىقلىم ئىچرە ھالى بۇ زەمانىدا،
تېڭىڭ يوق شەكسىز ئول بارچە جەھاندا.
بۇ كۈن خانلىق بۇ دىنگە كەرتۈخانسەن،
ئۇش ئاندىن ئۇتروكىم جانۇ جەھانسەن.
بىلىگ قامچىسىنى ئېلىگە ئالىپ ئۇش،
يانا دەۋلەت ئاتىنغا ئاتلانىپ خۇش.
ئاقىل تىزگىنىنىكىم بەرك تۇتتۇڭ،
ئاژۇن مەيدانىندا توپ ئويناپ ئۆتتۈڭ.
چەرىگى چەگگى يەگلىغ راست تۈزدۈڭ،
مۇخالىف يول ئورۇغلى بويىنىن ئۈزدۈڭ،
خان ئېركەن سەندىن ئۇش رازى قامۇغ قۇل،
قىلىچ بىرلە چىقاردىڭ تاشدىن ئول يول.
زەھى رۇستەم بىلەك زەھھاكى سانى،
غەلەت ئايدىم بار ئەزگۈرەك مەئانى.
ئەگەر ئاگلاردا خۇد بار ئېردىسە تاج،
باغىشلارسەن ئۆكۈش تاج قولسا مۇھتاج.
ئىلىگدە خاتەمۇڭ نەقش ئۇرسە مۇمغا،
خىراج ئالغاچ كېلۇر ئول تەكسەرۇمغا.
يايىلدى ئەزگۈ ئاتىڭ، تولدى ئافاق،
يۈزۈڭ كۆركۈگە ئالەم خەلقى مۇشتاق.
ئانىگتېگكىم باغىشلادى ئىدى جۇد،
يەر ئۆپكەچ ئېردى تىرىگ بولسەدى مەھمۇد.
ئىكى ئاژۇننى ھەق بىر خانغە بەرمىش،
بۇ ھۇسنۇ خۇلقكىم سەن جانغە بەرمىش.
يانا خۇلقىگا لايىق تەمسى مەۋزۇن،
ساچار ھەر-بىر سۆزۈڭ مىلك دۆررۇ مەكنۇن.
زەھى ئەقلۇ زەھى فەھمۇ زەھى ئىلىم،
زەھى ئەقلۇ زەھى تەبئۇ زەھى ھىلىم.
زەھى خانلىق، زەھى شەفقەت، زەھى داد،
دۇئا بار ھەققىدە يوق ئۇش فەرياد.
نې خۇسرەۋكىم بۇ كۈن خۇسرەۋى چىن،
كېرەك ئۆگرەنسە پادىشاھلىقنى سەندىن.
قاچان خۇسرەۋدە بار ئېردى بۇ سىيرەت،
مەلەكتەگ قايدا ئول شىرىندە سۈرەت.
تۈمەن خۇسرەۋ قۇلۇڭ بولسا ياراركىم،
بۇ شىرىن شەخس بىرلە سەن مۇلازىم.
بۇ خەلقنىڭ چىن سۇلايمانى سەن،ئەي شاھ،
كىم ئۇش بىلقىستەگ يانىڭدا بار ماھ.
غەنىمەت تۇت بۇ دەمنىكىم تاپۇلماس،
نېتەگكىم يەلدىن ئۇش ھېچ تۈن ياپۇلماس.
ئىشەنچ يوق بۇ جەھانغا ياخشى تېرىل،
يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇت كېچەر بىل.
فەلەك مەككار ئېرۇر زىنھار ئىنانمە،
بۇ قاچ كۈن خۇش تىرىگلىكدىن ئوسانمە.
ئىدى بەرمىش قامۇغ ئىش ئىچرە نۇسرەت،
تەنەئئۇم قىل ئۆزۈڭ تاپمىشچە فۇرسەت.
ئانىڭ بەرمىشگە شۈكرى ئەت يۈزۈڭ سىل،
كۆچۈڭ يەتمىشچە تەگرى قۇللۇقىن قىل.
ياراتقان تەگرى مۇنداغ شاد تۇتسۇن،
فەلەك نەردىن سېنىڭ تالىئىڭ ئۆتسۇن.
يۈرىتگىل يەتتە ئىقلىم ئۆزرە فەرمان،
ئاژۇن خەلقىگە بولماسۇن ئەدىن خان.
نېچەكىم كۈن بىلە ئاي كۆكدە بولسا،
ئۇش ئانچەقە تېگىكىم يەر بۇزۇلسا.
مەلىكە بىرلە خۇش ئىشرەت قىلىڭىز،
كۆرە بىلمەس كىشى باغرىن تىلىڭىز.
يۈرۈتتۈڭ يەتتە ئىقلىم ئۆزرە فەرمان،
ئاژۇن خەلقىگە بولماسۇن ئەدىن خان.
يۈرۈسۈن مىسىرۇ شامدا يارلىقىڭىز،
تاپۇغدا ئىرغاسۇن كۆپ يارلىقىڭىز.

جەھان خاقانلارى بولسۇن قۇلۇڭىز.
فەلەككە يەتسۇ ھۆكۇم ئىچرە قولۇڭىز.
بۇ پادىشاھلىقىدا بەرخوردار بولۇڭ،
ئۆكۈش يىل ساغ ـ سەلامەت بار بولۇڭ.

قۇتۇب ھەم دەۋلەتىڭىز سايەسىندە،
ياش ئوغلان تېپ ئىنايەت دايەسىندە،
تۇتۇپ جان پەرۋەرىش ئۆگرەنسۇن ئاداب،
نېتەككىم تاپتى گۇل خۇش يىدغى گۇلاب.

## مەلىكەئى مەرھۇمەخان مەلىك مەدەى رەھمەتۇللاھ

مەلىكە ئەشىر خاتۇنى زەمانە،
كەم ئاۋۇندا ئېرۇر ھالى يىگانە.
جەمىلەخان مەلىك ئول بەخت ئۆركى،
ئاق، ئوردۇ دەۋلەتى ئول تەخت كۆركى.
تېڭى يوق ھۆسنۇ لۇتفۇ خۇلقى ئىچىندە،
چىن ئايدەك يۇلتۇز ئارا خەلق ئىچىندە.
يۈزى نۇرۇڭ ھېچ يوق باقغۇ ئىمكان،
جەھان خاتۇنلارى سۇرەت، ئۆزى جان.
نىقاب ئالسا يۈزىدىن ئۇۋتەنۇر كۈن،
خىجىل بولۇر ساچىدىن ھەم قاراتۇن.
يانا ھۆسنىگە لايىق لۇتفۇ ئەخلاق،
ھېچ ئەكسۈكسىز ياراتمىش ئانى خەللاق.
ئانادىن تۇغمادى مۇنداق تەقى بىر،
كۆرۈپ تەھسىن قىلۇر ئوغلان يىگىت، پىر.
قامۇغ ئالەم يۈزىن كۆرگۈگە مۇھتاج،
ئازاقى تۇپراقى باشلار ئۈزە تاج.
ئانىڭدەك ھۆسنۇ لۇتفى بولدى مەئرۇف،
كم ئاۋۇندا يوق ئانىدەك بولسا مەۋسۇف.
ئانىڭ بۇ ئەزگۇ ئاتى ئالەمدە مەشھۇر،
بولۇپ تولدى بۇ ئۇچماق ئىچرە ئول ھۇر.
يىگىتلىك مۇلكەتى ھەم خۇررەم ئانىدىن،
تىرىگلىكنىڭ ئەساسى مەھكەم ئانىدىن.
ئوشۇل تۇنكىم بۇدۇنغا پىچمىش ئىقبال،
فەلەك بۆرك ئالمىش ئانىدىن تۇتغۇغا فال.
فەلەك قۇللۇقتا ئۇردى ئۆز ئاتىنغا،
ئۆچەگدىن تۇشكەي ئەردى خۇد قاتىنغا.
ئەگەر دۇشمەن يېرى خۇد بولسا ئەفلاك،
ئاڭا يول يوق تاپۇغدا ئۆپگۈگە خاك.

ئاداقى تۇپراقى يۈز تۈرلۈ جەۋھەر،
قاچاندۇر بىرلە تاش بولۇر بەرابەر.
ئول ئوتكىم دەۋلەتى چاقماقىدە بار،
ئەگەر دۇشمەن تامۇردىن ئەرسە كۆيەر.
بولۇر دۇشمەن تۇتۇنىدىن كۆمۈر ئوت،
زەنەبدىنكىم نېتەگ مىررىخ مىس ئوت.
تارازۇدەك تۈرۈپ ئول بارچە ئىشنى،
خۇش ئاڭلار دوستۇ دۇشمەن يات بىلىشنى
قامۇغ تۈرلۈك بىلىگلەر ئىچرە كامىل،
قالۇر ھەيرەت، سۆزىن تىڭلاسە ئاقىل.
سۆز ئىچرە قىل يارار ئول شاھى خۇبان،
مۇنۇڭتېگ سۆزگە خۇد تاپغىندا ئىنسان.
ۋە لېكىن بار ئۇمىنچىم ئانىدىن ئۇشكىم،
بىلىگ قەدرىن بىلۇرىن ياخشى بىلدىم.
بىلىگلىكنى ئاغىرلار بىلگى بار دەپ،
غەرىبىنى ئاسرا يۇركىم كۆڭلى تار دەپ.
نې ھاجەتلىغ كېلۇر بولسا تاپۇغدا،
مۇرادىنى تاپۇر ئۇشبۇ قاپۇغدا.
غەرىبۇ شەھرىيۇ دەرۋىشۇ مۇنىئم،
بۇ خىزمەتكە كېلىپ شۇكر ئەيماغان كىم.
قابۇل قىلسا مەلەك تاپغىندا دائىم،
كۆچۈم يەتمىشچە، مەن ھەم مەدھ ئايايىم.
مەلىكە دەۋلەتى ئەسرار بولسا،
يانا ھىممەت بۇ قۇلۇڭا يار بولسا.
نېچەگە تەگرۇ تىرەگ بولسا ئۆزۈم،
دۇئا بولغاي ھەمىشە تىلدە سۆزۈم.
مەلىكە تېنىبەك شاھ بار بولسۇن،
ھەمىشە ساقچىسى جەببار بولسۇن.

## كىتاب نەزم قىلماققا سەبەب بەيان ئايۇر

نېچە يىل بولدى جانىم ئۆكسەر ئېردى،
كۆڭۈلدە ئۇشبۇ ئەندىشە بار ئېردى.
نىتەگ شاھ تەپىغىگە بىر بارغامەن دەپ،
بۇ كۆڭۈل قادغۇسىنى تارغامەن دەپ.
كۆرۈپ كۆڭلۈمكىم ئەسىرۇ رىغبەتىم بار،
بۇ يۇردۇكىم قاتىغلان ئەمدى، ئەي يار.
رەۋان، ئەي قۇتب، تەركىن كەچ بولۇر بىل،
نې بىلگەيلەر سېنى سۆزلەتمەسەڭ تىل.
نىزامى نەزمى يەگلىغ تۈز سۆزۈگنى،
ئاتىن بەلگۈت خانىڭغا بۇ ئۆزۈگنى.
خانىم بىرلە مەلىكە ئاتىڭا بېر،
كىتابى قىلغۇگە قىل دېدى تەدبىر.
بويۇم شەھرىنگە كۆڭلۈم بېردى سۇلتان،
جانىم ئاندىن قابۇل قىلدى بۇ فەرمان.
كۆڭۈل فەرمانىنى جان بىرلە تۇتتۇم،
ئەزىن ساقىنچىنى بىر يولى ئۇنۇتتۇم.
قازاندەك قايناپ ئۇش سەۋدا پىشتۇردۇم،
نىزامى بالىدىن ھالۋا پىشۇردۇم.
خانىم ئاتىڭا ئۇشبۇ پارسى تىلىنى،
چەۋۇردۇم، تۈزدۈم ئۇش نەزىم ئۆزرە قىلىنى.
چىقاردىم خۇش يېزىغلىق سۇۋ بۇ كۆلدىن،
كۆڭۈللەر قانسۇ دەپ بۇ شافى سۇۋدىن.
قىلىپ خان دەۋلەتى بۇ قۇلغا يارى،
كېتەردى تەگرى تەبسۇنۇڭ غۇبارى.
تۈزۈپ تىل بۇلبۇلى بۇ نەزم ئۆزە ساز،
بۇ پەردە ئېچرە كەلتۈردۈم خۇش ئاۋاز.
مۇرادىم ئېردى ئۇلكىم بۇ قاپۇغدا،
كېلىپ يول تاپسامەن دەپ بۇ تاپۇغدا.
سەفەر رەنجىن كۆزۈم ئۆزۈم قاچ ئەيىيام،
تاپۇغقا يەتتىم ئەمدى ئۇش سەرەنجام.
نېچەكىم قىلدىم ئېرسە مەن ۋە لېكىن،
تۈگەل قىلدىم تۈگەللىك ياخشى ئۇش چىن.
نې خۇش ئايدى ئول بىر پىرى كامىل،
يېتۈرگىل نېچە، كەچ كەلسەڭ، ئەي ئاقىل.

بۇ كەلىمەكىلىكدە مەقسۇد ئېردى بۇ كىم،
يېتۈرگەي ھەق تەيۇ مۇندا تىلەكىم.
بىھەمدىللاھ، تىلەككە ھەق يېتۈردى،
تىلەك ئىلگى ئۇمىنچ ياسىنى قۇردى.
بۇ كۆڭلۈمنىڭ قۇشىكىم تاپتى خۇش باغ،
كېرەك بۇلبۇل ئوقۇپ ئۇرسۇن كېرەك زاغ.
يانا كۆڭلۈم سۆز ئارا قىلدى ئاۋاز،
كىم ئەي بۇلبۇل، ئاچىلدى گۈل كېلىپ ياز.
جەھان بوستانى قايدا بولدى خۇررەم،
بار ئېرسە ئىشقىڭ ئەمدى سۆزلەسەن ھەم.
ئۇش ئاندىن بۇ ئاشىقلار سۆزلەر سۆزىنى،
تۈزۈپ مۇنداغ بىزەدىم سۆز يۈزىنى.
كىشىنىڭكىم كۆڭۈلدە ئىشقى بولسا،
نې تاڭ بۇلبۇل مەڭىزلىگ زارى قىلسا.
فەلەك مېھرابى ئىشق ئېرمىش، خۇش ئاڭلا،
ئاشىقلارنىڭ سۆزىن ئىشق بىرلە تىڭلا.
كىشىكىم ئاشىق ئېرمەس، جانى يوق بىل،
ئۆزلۈگنى بارمۇ تېر ئاۋۇندا ئاقىل.
ئەگەر ئىت كۆڭلىگە ھەق ئىشقى كىرسە،
كېلۈر ئول تىلگە، كەتمەس ئۇرسا، سۈرسە.
ئەگەر بولماسە ئاشىق چەرخى بەزرام،
نې سەرگەردان يۈرىر قىلغا ئەردى ئارام.
ئاشىق بولماسە ئۇشبۇ يەتتى قات يەر،
نېدىن مۇنچە خەلايىق زەخمىنى يەر.
تېڭىزلەر ئاشىق ئېرمەس ئېرسە بىر سور،
نېدىن قاينار، نې خۇرۇشلار قىلۇر كۆر.
قايۇ نەگكىم بۇ ئالەم ئىچرە كۆردۈم،
نېدىن مۇندەك تەيۇ ئەقلىگە سوردۇم.
ئايۇر ئىشق بىرلە تىرىگ ئۇشبۇ ئالەم،
ئەگەر ئىشق بولماسا بولماس ئەردى ئادەم.
جانىم ئىشقىدىن فەرەھ تاپتى ئېرسە بىلدىم،
كۆڭۈل بەردىم يېرىنگە ئىشق ئالدىم.
بۇ ئىشقىم بىرلە باشلاپ داستانىنى،
سالا تېپ ئىشققا ئۇندەدىم جەھانىنى.

## خۇسرەۋ ـ شىرىن ھېكايەتىنىڭ ئەۋۋەلى

مۇنىڭتەك ئايىمىش ئول بىر پىرى ئاقىل،
كىم ئول ئېرمىش قامۇغ تەۋۇ ئىچرە كامىل.
تۇتۇلدى ئېرسە نۇشىرۋاننىڭ ئايى،
قونۇپ ھۇرمۇز ئۈزە دەۋلەت دومايى.
ئاتا تەختىن بىلىپ ئول داد قىلدى،
ئەدىل بىرلە جەھان ئاباد قىلدى.
تۇتار ئېردى ئاتاسىنىڭ تۆرەسىن،
ئانىڭ رەسمىنچە، فالىن ھەم يوراسىن.
ئۆكۈش قۇربان قىلىپ ئول شاھ، ئوغاندىن
تىلەدى بىر ئوغۇل يېگرەك بۇ جاندىن.
ئىزى دەرگاھىغا قىلدىسە زارى،
ئوغۇل بەردى ئاڭا گەۋھەردىن ئارى.
ئوغاننىڭ بەخشىشى دەرياسىدىن دۇر،
ئانىڭ شەمئىنگە بەرمىش فەزلىدىن نۇر.
مۇبارەك تالىئى دەۋلەت مەكانى،
يۈزۈندە بەلگۈلۈگ شاھلىق نىشانى.
يەتىز خۇسرەۋلىقىن كۆردى ئاتاسى،
ئۇش ئاندىن ئۆترۇ پەرۋاز بولدى ئاتى.
ياڭاقى كۈن مەڭىز كۆز باقسە بولماس،
يۈزىن كۆرگەن كۆڭۈلدە قادغۇ قالماس.
ئانى شاھ تاپۇغىغا كەترۇرلەر ئېردى،
ئەل ـ ئەلگە گۇل مەڭىز كۆترۇرلەر ئېردى.
ھەر دىرگە چولغاتىلمىشكىن يىپار تېگ،
تەمام دۇردانەنى كىزلەپ تۇتار تېگ.
نېتەگكىم چىقتى بەشىكدىن جەھانغا،
سەۋۈكلۈك ئۇرغىن ئىكتى بارچە جانغا.
يىل ئاشمىشچە ئىزى ئارتۇردى دەۋلەت،
بىلىنگ تەئلىم ئالىپ ئۆگرەندى ئىززەت.
تەمام بەش ياشىغە يەتتى ئېرسە ئاڭلاپ،
كۆرۈپ كۆپ نەڭنى ئىبرەت ئالدى ئاڭلاپ.
قاچانكىم ئالتى ياشقا يەتتى ئول شاھ،
قامۇغ يۈنلەرنى ئاڭلاپ بولدى ئاگاھ.
يەتى ياشقا يېتىپ ئول سەرۋى قامەت،
گۇل ئۈزرە مۇشكى ئاچماق قىلدى ئادەت.
ئانىڭتەگ كۆركى بولدى ئەلدە مەشھۇر،
يۈزىن كۆرگەن بۇ يۇسۇف تەيۇ ساقنۇر.
ئاتاسى قىلدى بىر ئۇستاد تەرتىب،
ئانىڭ روزغارى زايىئ كەچمەسۇن تېپ.
بۇ سۆز ئايىمىشدە سۆك كەچدى بىر ئانچە،
ھۇنەرلىگ بولدى خۇسرەۋ ئۆز ھالىنچە.
بىلىنگ سۆز ئىچرە ئانداغ بولدى فازىل،
مەئانى بەھرىدە بىر دۇررى كامىل.
فەسىھكىم رەۋان سۆز سۆزلەر ئېردى.
سۆزىن ئاندىن ئۇيالىپ كىزلەر ئېردى.
بىلىگلىك ھەم كۆرىشى يەنچە، قىلتەگ،
سۆز ئىچرە قىل يارار ئېردى ئوشۇل بەگ.
توقۇز ياشىندا سوك ئويۇننى سالدى،
بەھادىرلىق قىلىچىن ئەلگە ئالدى.
يېتىپ ئون ياشقە كىش باغلاندى بەلگە،
ئۆكۈش دۈشمەن باشىنى بەردى يەلگە،
ئانىڭ خەۋفىندىن ئارسلان تىترەر ئەردى،
قىلىچىندىن ياغانلار قورقار ئېردى.
شىشەر ئېردى ئوقى قىلدىن تۈگۈننى،
سوڭى بىرلە يازار ئېردى بۈكىننى.
ئەگەر دۈشمەنگە كىزلەپ ئوق بىر ئاتسا،
قايۇ قالغان تۈزەركىم قارشى تۇتسا،
كىشكىم ئون يا بارچە تارتسا ئاسان،
ئانىڭ ياسىن كۆتۈرمەز ئېردى يەردەن.
كەمەندىندىن قۇتۇلماز ئېردى دۇشمەن،
يارار ئېردى ئۆتىكىم يەتسە تۈشمەن.
ناگاھ بىر يىلتىرىمتەك كۆكرەك ئېرسە،
سۆڭۈسۈن تاشىدىن ئۆترۈر ئېردى ئۇرسە.
تامامكىم ئۆمرى ئون تۆرت ياشقا يەتتى،
بىلىنگ سۇمرۇغى تەن قاپىنى تۇتتى.
نەزەر كىزلەنچى جۇستلۇقلاغە قىلدى،
نى ئەزگۈ نى يامان بەرچەنى بىلدى.

بار ئېردى بىر يۈزرۈك ئۈممىد ئاتلىغ،
ئۇلۇغ بىلگە يۈزى سۈۋلۈك ئۇياتلىغ.
بولۇپ كىزلەنچى رازلارنى بىلىپ چىن،
فەلەك گەنجلەرىنىڭ تاقمىش كىلىدىن.
ئاداقى يەر يۈزىنى بارچە كەزمىش،
فەلەك ئانىڭ ئىشىق رايىنچە تۈزمىش.
ئانى خىلۋەتكە ئۈندەپ شاھزادە،
كېلىپ رۇخ يەرگە، قويدى شاھ پىيادە.
ئىلىم دەرياسىدىن ئىزلەپ جەۋاھىر،
تاپۇپ تۇتتى ئېتەكىن بولدى شاكىر.
بىلىپ تەئلىم ئالىپ كۆڭلىن يارۇتتى،
ئۆكۈش ھېكمەت بىلىپ قۇرساقدا تۇتتى.
قامۇغ نەۋئ ئىچرە ئول شاھزادە چالاك،
بولۇپما ئاڭلادى بار سىررى ئەفلاك.
بۇ ئاز ئۆمرۈمدە ئول بىر دۇررۇ مەكنۇن،
بۇ يەڭلىغ ئىلىم ئىچىندە بولدى زۇفۇنۇن.
چىقىپ غەفلەتدىن ئاگاھلىققا تەگدى،
قامۇغ ئەردەم ئۇزە شاھلىققا تەگدى.
تارىلدى ئېرسە ئاندىن جەھل سۇسى،
ئاڭا بىلگۈردى سىرلار جايسۇسى.
قامۇغدىن ئۆترۈپ ئول خىزمەت جەھانىن،
كەچۈرمەز ئېردى خىزمەتسىز زەمانىن.
ئاتاسى سەۋدى جەھانىندىن ئارتۇق،
جەھان خۇدنى بولغاي جانىندىن ئارتۇق.
ئانىڭ ياشى ئۈزۈن بولسا دەيۇ شاھ،
زۇلۇمدىن يىغدى ئەلنى قىلدى ئاگاھ.
چاقىرتتى بىلسۇ دەپ رۇستەۋۇ شەھرى،
تېگەر كۈچ قىلغۇچىغا شاھ قەھرى.
كىشى كۆرمەسۇ باغچىلار باغىنىغا،
تاۋار سۈرمەسۇنلەر ھەم تارلاغلارىنىغا.
قايۇكىم باقسا نامەھرەم يۈزىنگە،
قىقىرتتى ۋاي دەپ ئانىڭ ئول يۈزىنگە.
سىياسەتنى يۈرۈتكەيمەن دەيۇ شاھ،
بۇ سۆز ئۈزرە تەلىم ئانت ئىچتى ناگاھ.
شاھ ئۆز ئەدلى ئۈزە تۇردىسە دائىم،
چىغاي بەگ بىرلە نەرد ئويىنادى قايىم.
خارابلىق ئەل كۆتەردى بارچە ياندىن،
زۇلۇم قامچىسى كەتتى ئېرسە ئەلدىن.

## ھورمۇزخۇسرەۋنى يازۇقلاغانى

قەزا تا بىر كۈن ئول خۇسرەۋ خىرامان،
ئېر ئاتلاندى قىلالىك تەيۇ جەۋلان.
تەماشا بىرلە ئاۋ ئاۋلاردى ئول شاھ،
سالا كۆردى يىراقدىن باقتى ناگاھ.
ئانىڭ تۆرت يانى چىمگەن ئېردى خۇررەم،
چۈشۈپ ئىشرەت قىلالىك دېدى بىردەم.
ئىچەردە ئول شەرابى ئەرغۇۋانى،
چېچەكتەگ كۈن يۈزىنىڭ كەتتى قانى.
كېلۈردە كۈن ھىسارى تۈشدى يەرگە،
يېتىپ ھىندۇ چەرىگى تۈزدى يەرگە.
خىدمەت بولدى رۇم سۇلتانى سۇسى،
خەبەر ئاڭلادى ھىندۇ جايسۇسى.
بولۇپ ھىندۇ چەرىگى بارچە بىرگە،
كېچىپ بۇ گۈنبەدى خەزرادە تورگە.
نېتەگكىم ھىندۇلار ئالەمنى تۇتتى،
نىلۇفەردەك سۇۋغا كۈن قالغانىن ئاتتى.
سالادا شاھزادە ئەۋ تىلەدى،
بۇ سەرخۇشلۇق بىلە مەجلىس بىزەدى.
ئولتۇردى ئول كېچە ئىشرەت بىلە خۇش،
تاڭ ئاتقىنچە قىلۇ بىر ـ بىرىگە نۇش.
سوراھى قىلقىلىدىن مەئدە خۇررەم،
بولۇپ جان ھەم فەرەھلەر تاپتى ئول دەم.
شەرابى ئەرغۇۋانى نۇش قىلدى،
تاڭ ئاتقىنچە قاپۇزچى چەڭگى چالدى.
بۇ ئىشرەت ئىچرە ئېركىن قىلدى ئاۋاز،
قاراڭغۇلۇق قۇشى يېتىپ قالدى پەرۋاز.

يانا شاھزادەنىڭ خىدمەتچى ئوغلەن،
كۆچەملەپ غۇرە ئالمىش تېيۇ باغدەن.
تۇغۇپ كۈنكىم جەھان يۈزىن يارۇتتى،
قاراڭغۇدىن بۇ ئالەمنى ئارىتتى.
قاچىپ زاغدەك فەلەك تۈتمىسىدىن تۈن،
قاناتى ئۈستىندىن چىقتى بۇ كۈن.
نېتەگكىم تۈن نىقابى كەتتى كۆزدىن،
خەبەرلىغ بولدى ئالەم ئۇشبۇ سۆزدىن.
كىم ئۇل خۇسرەۋ ئەدەبسىزلىك قىلىنمىش،
ئاتاسىندىن نېتەگ قورماس نې بولمىش.
نېچە تەنكىم تىلىن دېمەزلەر بار ئېردى،
بۇ سۆزنى شاھ قۇلاقىنگە تېگۈردى.
مەلىكمەن يازۇقىن بىلمەن تېدى ھېچ،
ئايىتتىلەر كېچەكىم قالدى ئۇل كېچ.
ئاتى ئەل تارلاغىندا ئوتلار ئېردى،
قۇلى ھەم غورالارغا قول تېگۈردى.
كېچە بىر دەرۋىش ئورۇنىن كۆچ ئەتتى،
نامەھرەملەرمە چەك ئۈنىن ئىشىتتى.
ئوغۇلدىن ئۆزگەلەر قىلسا بۇ ئىشنى،

كېتەرگەي ئېردى شاھ ئۇل تەندىن باشنى.
ئاچار فاشاد ئۆكۈش ئەلدىن تامارلار،
ئۆز ئىلكىن سانچا بىلمەز كۆڭلى قورقار.
مەلىك فەرمانلادى خەنجەر ئالىڭ تېپ،
كېسىپ ئاتلار ئاداقىنى سالىڭ دەپ.
قۇلىن غورا مېنىم يېتكەنگە بەردى،
شەكەر شۇرامىنىم يېتكەنگە بەردى.
قاۋۇش بىرلە نېكىم رەختى بار ئېردى،
ئانى بارچە ئۆي ئىگەسىنگە بەردى.
قامۇغ كەستۈردى چەڭگى بارماقىنى،
كېسىپ قىل قوزتىلەر چەك ئۇرماقىنى.
ئۆزە مۇنداغ سىياسەت يۈرىر ئېردى،
ئېمەز ياتقا ئۆزئۇرغى، كۆر، نې كۆردى.
قانى ئۇل ئەدلۇ ئۇل تۈزلۈك ئۇش ئەمدى،
كىم ئۇل ئۆز ئوغلىنگە ئانداغ قەھر قىلدى.
بۇ كۈن يازۇقسۇز ئەرنىڭ قانى تۆكلۈر،
ھىيلە، تەزۋىركىم كۆپ بىلسە قۇتلۇر.
ئايت قۇتب ئانچە ئەمكەتمە ئۆزۈڭنى،
ھېكايەت باشلا، قوي ئۆتمەز سۆزۈڭنى.

## خۇسرەۋ ئاتاسىغا ئۇلۇغلارنى شەفەئەتكە كەلتۈرگەنى

نېتەگكىم خۇسرەۋ ئۇل خورلۇقنى كۆردى،
ئۆز ئىشىندە بىر ئانچە ساقىنۇ تۇردى.
يامان قىلدىم تەيۇ ئۇل بارچە ئىشنى،
فىكىر بىرلە تۇتۇپ تۇردى بۇ باشنى.
بۇ ساقىنىش بىزلە، بىر سائەت ئوتۇردى
ئوتۇرماق ياخشى ئەمەس تېيۇ تۇردى.
شەفائەت قىلغۇغا يىغدى ئۇلۇغلار،
مېنى شاھ تاپىغىڭا ئىلتىڭ تېپ يىغلار.
ئەجەب يوق شاھ قەبۇل قىلسا شەفائەت،
بۇ كەچكەن ئىشتا قىلماسا مەلامەت.
كەفىن قويدى قىلىچىن قولغا ئالدى،
كۆرۈپ خەلقى جەھان فەرياد قىلدى.
ئۇلۇغلار ئىلگەرۈ يۈرۈرلەر ئېردى،

ئەسىرتەك شاھزادە سوڭچە باردى.
يېتىپ تەخت ئالىنگە قەتلى قەرارى،
يازۇقلۇقلار تەگ يىغلاپ قىلدى زارى.
كىم ئەي شاھ، يارلىقا ئانچاق يازۇقلا،
ئۇلۇغلۇق قىل كىچىكلەرنى باغىشلا.
بۇ يۇسۇفنى كۆرۈپ بۆرىگە بەرمە،
كىچىك ئىكەن ئۇلۇغ يازۇقنى سورمە.
كى بۇ بىر يازۇقۇم قىلغىل ئىنايەت،
شاھ ئۆپكەسىنگە يوق ھېچ مەندە تاقەت.
ھەنۇزسۇت ھىدلانۇر ئاغزىمدىن، ئەي شاھ،
مېنىم قانىمنى سۇتتەگ تۆكمە ناگاھ.
ئەگەر جۇرم ئېرسە ئۇش مەن ئۇش قىلىچىم،
مېنىم ئۆلتۈرسەڭ ئۇش تەسلىم بولدۇم.

نې قادغۇ بولسا تېز كۆتۈرگەي ئېردىم،
بۇ كەز شاھ بولسۇ خۇشنۇد ئۆتنۇ كەلدىم.
بۇ سۆز ئايتۇ يانا تۇپراققا ئاغناپ،
باشتىن سالدى ئاداق ئالتىندا يىغلاپ.
كۆرۈپ كەتتى خەلايىقنىڭ قەرارى،
قامۇغ يىغلادىلار ئول دەمدە زارى.
ئانىڭتېگ يىغلاماق ئول شاھقا تەگدى،
يىغىدىن ھاي - ھايى ماھقا تەگدى.
بۇ نازۇكلۇق بىلە ئۆگرەتمىش ئوغلان،
بۇ يەگلىغ ئىشىگە بولدى كۆپ پۇشەيمان.
ئوغۇلكىم بولسا چىن دەۋلەت ئاڭا يار،
ھەمىشە ئول ئاتاسى كۆڭلىن ئىزدەر.
ئاتاغا كىم بۇ يەگلىغ قىلسا خىدمەت،
ئۆز ئوغلىندىن ئانىڭتېگ تاپقاي ئىززەت.
ئوغۇل ئەزگۇ يامانىنى قىلسا ئاندىن،
كەرۇ ئۆز ئوغلى ياندۇرغاي جەزاسىن.
كۆرۈپ ھۇرمۇز ئوغۇل قىلمىش ئىشىنى،
مۇنىڭتېگ رايۇ تەدبىر قىلمىشىنى.
تېگىرقاپ ئوغلۇ قىلغان فىكرۇ رايىن،
ئالىپ يۈزىنگە سۈرتتى كۆن چىرايىن.
ئوقۇپ ئوخشار كۆزى ياشىنى سىلدى،
ئانىڭتېگ قىلماغىل تېپ ئەھد قىلدى.
بۇلۇپ خۇشنۇد شاھ ئول خىزمەتىندىن،
ئاژۇن تولدى ئانىڭ ئەدگۇ ئاتىندىن.
ئەدىل بەلگۈسى بەلگۈردى ئۆزىندە،
جەھان تۇتماق نىشانى ھەم يۈزىندە.

## خۇسرەۋ تۈشىندە ئولۇغ ئاتاسى نۇشىرۋاننى كۆرگەنى

نېتەگكىم ساچتى تۈن زۇلفى ئىفارى،
قاراڭغۇلۇققا كىردى كۆن ھىسارى.
قۇياش يۈزىندە ئاژۇن پەردە تۇتتى،
يارۇقلۇق يەر يۈزىندىن قاچتى كەتتى.
كېچە بولدىسە خۇسرەۋ ئەۋگە كىردى،
ئىندىگە يالبارىپ بىردەم ئوتۇردى.
سەۋىنچ بىرلە تۈشىگە كىردى نۇشىن،
سۆيۈنمەدىڭ دەيۇ ئول تۈنكى تۈشدىن.
كۆرەر ئۆز جەددىنى تۈشىندە ئول تۈن،
كېلىپ خۇسرەۋغە ئايتۇر: «ئەي يۈزى كۆن».
سۆيۈگلۈك تۆرت نېمەڭ كەتتىسە سەندىن،
بەشارەت تۆرت نەڭ ئۈزرە تىڭلا مەندىن.
بىردىن غورا يېگەندىن قادغۇ يېدىڭ،
نېچەكىم ئاچىغ ئېرسە تاتلى تاپدىڭ.
كۆڭۈل ئاۋۇنچەسى قويىنۇڭدا بولغاي،
ئانىڭ شىرىنلىكى ئاژۇندا تولغاي.
ئىكىنچ كىم كەستىلەر ئاتىنىڭ ئاداقى،
كۆڭۈل ئەمگەتمەدىڭ ئەي جان بۇتاقى.
يېتىلىپ يېلگە يېتەر بىر ئات بولغاي،
ئۇشۇل تۈن رەڭلى شەبدىز ئات بولغاي.
ئۈچۈنچ رەختىن شا. ئول دېھقانغا بەردى،
ئۆزۈڭ ئول ئىشدە رازىلىقدە تۇردى.
ساڭا بەرگەي ئانىڭتېگ بەخت قادىر،
كىم ئول بولغاي قامۇغ دۇررۇ جەۋاھىر.
يانا تۆرتۈنچ جانىڭ سەبر قىلدى،
كىم ئول پەردە ئىچرە مۇترىب چەڭگىسالدى،
ئىراۋچى تاپغاسەن بىرجانگە راھەت،
زۇھرەگە بەرگەي ئاۋازى ھەلاۋەت.
تاش ئورنىنگە تېدى تاپغايسەن ئالتۇن،
بۇ تۆرت مۇھىرەگە ئول تۆرت دۇررى مەكنۇن،
مەلىكزادە ئويانىپ ئۇيقۇسىندىن،
شۇكۇرلەر قىلدى سەۋنۇپ بۇ تۈشىندىن.
دىلىن ساقلاپ كىشىگە ئايمادى راز،
باقايىن تېپ تۈشۈم كىمگە بولۇر ۋاز.
بىلىگلىگلەرنى ئوندەپ تۈن قاتا ئول،
ھىكايەت سۈرەر ئېردى چىققا دەپ يول.
سېزەر ئېردى ئانىڭ كۆڭلى بۇ ئىشنى،
ئالاردىن تاپغامەن دەپ بىر بىلىشنى.

## شاۋۇر شىرىن ھىكايەتىن خىسرەۋگە ئايتۇ بەرگەنى

بار ئىردى بىر نەدىمى ئاتى شاۋۇر،
لەھاۋۇر كۆرگەن ئەردى ھەم نىشاۋۇر.
زەمانە نەقشىنى چىن بىلمىش ئىردى،
قامۇغ ئىقلىم تەفەررۇج قىلمىش ئىردى.
ئانىڭتىك جۇست ئىدى ئول تەبئى مەۋزۇن،
كىم ئۆز ئەسرى ئىچىندە ئىردى زۇفنۇن.
يەر ئۆپكەچ ئايدى ئەي شاھى جەھانگىر،
ئايتسام كۆرگەنىمنى بولغامۇ بىر.
ئەگەر فەرمانلاسا شاھى جەھانىم،
ئاياغىن يۈزدە بىر كۆرگەن نىشانىم.

ئىشارەت قىلدى خۇسرەۋ، ئەي جۇۋان مەردە
رەۋانىڭىم بولماسۇن ھەنگامەسىز سەرد.
شەفائەت بىرلە سۆزنى يۈزلەمەغىل،
سۆزۈڭ ئاشكارە سۆزلە، كىزلەمەغىل.
سۆزنى باشلاپ ئايۇر شاۋۇرى سەرۋەز،
تىلى تۇتىسى خۇش ئۈن بىرلە سايرەر.
نىچە، بۇ دۇنيا بار بولسا فەلەك قۇل،
يىل ئاي كەچمىشچە دەۋلەت بىرلە بولغىل.
جەمالىڭگە يىگىتلىك يار بولسۇن،
مۇرادىڭنىڭ گۈلى بىخار بولسۇن.

## شاۋۇر خىسرەۋگە ھىكايەتنى تالغان دۇردتى

فەلەك ئاستىندا كەزدىم مۇنچە ئافاق،
ئەجايىپ كۆردۈم ئاۋۇن ئىچرە يايلاق:
كۇھىستان ھەددىدە خۇش مەنزىلى بار،
ياقىن دەرياغا، ئەي شاھى سەراۋار.
يۇرتتۇر ئاندا بىر خاتۇن فەرمان،
تۇتار فەرماننى خەلقى سىپادان.
ئىرۇر ئول ئەسلى شاھزادە بىلۇرمەن،
ئانىڭ ھۆكمىندە بارچە مۈلكى ئەرمەن.
قامۇغ شاھدىن ئالۇر مالۇ خىراجىن،
ئەگەر بەرمەسە تۇشرۇر باشدا تاجىن.
بار ئول مىڭ قەلئەسى تاغ ئۈستۈندە،
خەزىنە كۆپرەك ئانىڭ ئاستىندە.
ئەرەنلەردىن ئۆكشۈرەك ئەردەمى بار،
مېھىنبانۇ ئاتانمىش ئول سەراۋار.
ئۆزى ئولتۇرماقىغا خۇش ھەۋادا،
ياراشتۇرمىش نىچە قارشى مۇھەييا.
بولۇر مېھىنبانۇ ياز كۈنلە خۇررەم،
تەماشاسىز كەچۇرمەز يىلدا بىردەم.
كېلۇر ياي كۈنە ئەرمەن تاغلاردىندا،
چېچەكتەگ ئاچىلىپ ئويىنار باغلاردىندا.

يانا بىر كۆر يېرى بار ئاتى ئابخاز،
قىلۇر سەيد ئول سالۇر قۇشلارغا شەھباز.
بولۇر بىر تاغدا قىش فەسلىندە دائىم،
ھەۋا شەترەنجىن ئوينار مەئدە قايىم.
ئىرۇر تۆرت فەسل ئىچىندە ئىختىيارى،
ھەۋا خۇش قىلۇر جىسمىنگە يارى.
بۇ مۇنچە، مالۇ - مۈلكۈ دەۋلەتىندە،
قارىنداشى قىزى بار بىر قاتىندە.
تىلەر ئانىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ جەھاننى،
يارىتۇر يۈزى نۇرى چىقسا تۈننى:
ئۆزى يالغۇز ئىرى يوق، ئەي جەھانگىر،
قىلۇر ئۆز رايىدىن مىڭ تۈرلۈ تەدبىر.
سەدەف ئىچرە تىزىلمىشتەگ تىشى دۇر،
تىشىنىڭ شۇئلەسى دۇرگە بىرۇر نۇر.
ئەجايىبراق ئىكى لەئلۇ بەدەخشان،
كۆرەرمەن بولمىش ئول دۇر ئۆزرە غەلتان.
قاراقى جادۇسى كۆرگەننى ئۆرتەر،
يامان كۆزلۈك كۆزىن كۈن بىرلە ئۆرەر.
تىلىن تەبرەتمەسە ئول ئەل كۆڭلىن ئاۋلار،
سۆزى ئاۋسۇن مەگەزتەگ دىللارنى باغلار.

كۆلەر بولسا تۆكەر ئېرنىندە تۇزىن،
سۆچۈك بولماس تۇز ئۇل شەككەردە شېرىن.
يۈزىن كۆرگەن كىشى ئاي تەيۇ ساقىنۇر،
كۆرۈكلى كۆزگە ئاي يۈزى بېرۇر نۇر.
ئانىڭ شەمئىنگە پەرۋانە بولۇر جان،
يارۇقلۇقىغا يوق ھېچ باقغۇ ئىمكان.
قاشى يادەك ئانىڭ ھەم كىرپىكى ئوق،
ئانىڭتېگ ياۋۇ ئوق ئازۇندا بىر يوق.
سەبا خىرقە كىدىپ ئۇل زۇلفۇ قاشىدىن،
ساتار قۇندۇز بىلە كىش ئۇل قۇماشىدىن.
قاراقى ئۆززە بولمىش غۇنچە، باسقاق،
ساقاقى ئالماسىن ساقلار ياۋلاق.
ياڭاقى كۈن يارۇقىنگە يول ئۇرمىش،
ئانىڭ كۆركىندىن ئاي ھەم ئوۋتانۇرمىش.
كۈمىشدىن تار يەگلىغ ئىككى پىستان.
ساچار شەككەر ئاغار ئۇل شەككەرىستان.
نەبات تۆكلۈر بىراز تەبرەتسە لەئلىن،
سىفاتكىم قىلغاي ئۇل شېرىن فېئلىن.
يۈزى كۈنتېگ ساچى تۈن ئەلنى ئاي ئۇل،
كۆزى نەرگىس ئېگى گۈل كۆركە باي ئۇل.
ئۇغان سۈنئىندىن ئۇل بىر سەۋرى قامەت،
كۈمۈش ئەندام ئېرىن شەككەر ھەلاۋەت.
ئىككى زەگگى چېچەك ئۈستىندە ئويىنەر،
ئانى كۆرگەن كىشىنىڭ جانى كۆيىنەر.
ئېۋۇق يەگلىغ ساچار زۇلفى ئۇلاش كىن،
كۆزى ياشى بىلە يۇمىش ئېتەكىن.
ئەگەر ئەندازە ئالسا ئۆز كۆزىندىن،
يۈز ئاھۇ ئاۋلايۇر ئۇل كۆزلەرى چىن.
كىشىگە باقسا ئۇل كۆزلەرى ئاھۇ،
قۇيان يەگلىغ كىبتەر ئۇل كۆزدىن ئويقۇ.
تەمام خىرمەن چېچەكتېگ قەددى يوق خار،
چېچەكلەندىن يوق ئىمكان ئالسا دەييار.
ئانىڭ ئۇل نەرگىسى مەخمۇرىن ئايسام،
تىكەر رەيھان ئىرەم باغىندا ھەردەم.
قاشى چىن بايرام ئايىنىڭ ھىلالى،
ئۆزىن قۇربان قىلۇركىم كۆرسە ھالى.
خەيالىنى كۆرۈپ مەجنۇنى تاڭلار،
جەمالى بىرلە لەيلى- قايىم ئويىنار.
تەمام بارماقلارى بارماق شەكەرتېگ،
بىلەكى ئاج يەگلىغ تېنى قار تېگ.
ئۇيالۇر ئاي ئانىڭ كۈنتەك ئەگنىندىن،
خىجالەتلىغ بولۇر تۈن ھەم مەگىندىن.
يۈزى شېرىن، سۆزى شېرىن، ئۆزى ھەم،
دەمى جانگە سەبەب ئىساۋۇ مەريەم.
ئۇش ئاندىن ئۇترۇ بولمىش زۇلفى زۇننار،
ئەرىنى لەئل يەگلىغ تىشى ھەم خار.
ئانىڭ ئۇل لەئلۇ ئۈنچە شەككارى نۇش،
مۇفەررەھ ئەركەن ئۇل سەۋدا قىلۇر خۇش.
قىلىپ نەققاشلار نەقش ئېلتتى چىنگە،
قودۇپ باش ئۇل ئاداقى تۇپراقىنگە.
مېھىنبانۇ تۈزۈپ بۇ پەردەدە ساز،
چىقارمىش شېرىن ئاتى بىرلە ئاۋاز.
نى كۆركلۈگ قىزكىم ئۇل ئەللەر ئارا بار،
قامۇغ شېرىن تاپۇغىندا بولۇرلار.
تۆكەل يەتمىش ئەسلزادە قاتىندە،
بولۇرلار بارچە دائىم خىدمەتىندە.
نەزىرى يوق ئالارنىڭ كۆرك ئىچىندە،
ئالۇرتېگ بولماغاي چىنۇ ماچىندە.
مۇخالىف يوق قامۇغى راست بىرگە،
تۈزەرلەر چەك يەگلىغ يېرگە، يېرگە.
خىراملاپ تەگمە، بىرى چىن دۇمايتېگ،
غەلەت، ئايدىن يۈزىرلەر تولۇن ئايتېگ.
نىشۈپ باغلاردا خۇش مەجلىس قۇرارلەر،
بۇ يەگلىغ زەۋق ئېتىپ ئىشرەت سۈرەرلەر.
ئىرەم باغى بولۇر ئۇل دەمدە بوستان،
تولار بىر باغقا مۇنچە، نارى پىستان.
تەمام قەددى ئالارنىڭ سەرۋى ئازاد،
خىراملارلار بىرى- بىرىندىن ئۇستاد.
تولۇپ بەستە ئاغىزلار قەندۇ- شەككەر،
ئەجەبكىم، ئانچە شېرىن بولسا كەۋسەر.

ئېردن ياقۇتۇ تىش دۇر، لەفزى گەۋھەر،
ساچار كۆل ئەڭ ئۆزە ساچلارى ئەنبەر.
كۆتەرمەسلەر نقاب ئەل كۆرمەسۇن تېپ.
يامان كۆزلۆك باقىپ زەخم ئۇرماسۇن تېپ،
بۇ يەڭلىغ كېرك ئېچندە ئىشلارى يېق.
تەماشادىن ئەزدن ھېچ ئىشلارى يوق.
قىلىپ جەۋلان ئاژۇن ئوتقا ياقارلار،
يىراقدىن خۇش تەفەررۇجگە باقارلار.
ياغى بەلگۇرسە ناگاھ ئەللەردنگە،
قۇتۇرماز جان كىرۇر تۆرك ئەللەردنگە.
ئۇرۇشتا يىرتىپ ئارسلان پەنجەسىنى،
ياغاندىن ھەم چىقارۇرلەر تىشىنى.
ئەگەر ئۇچماخ ھۇرى ئېرسە مەشھۇر،
ئول ئەل ئۇچماخ ئېرۇر ئول فىتنەلەر ھۇر.
مېھنىبانۇ بۇلارنى مۇنداغ ئاسرار،
ھىسابىن بىلسە، بولماس ئالتۇنى بار.
ئاخۇردا بىر ئاتى بار ئەلگە بەرمەس،
ئاداقى تۇپراقىنگە يەل ئېيەرمەس.
سەبەق ئالمىش ھەۋادا قۇشلار ئاندىن،
سۇۋدا ئەۋرەكچە، قورقماز بولسا تۇفان.
يېتەيىن كۆككە ئۆۋكەدە يايىلمىش،
فەلەكنى يەتتە مەيدان ئارقا سالمىش.
تۆمۈرتېگ تىيناقى تاغلار قازار ئول،
يەتى دەريانى بىر كۆكچە، ئۆزەر ئول.
زەمانە يەڭلىغ ئانىڭ يۆگرۆشى چىن،
ئۆزەر يىلدۇزنى تۆنتېگ ئىدسە تىزگىن.
ئېرۇر شەبدىز ئاتى رەڭگى تۆنتېگ،
سەۋەر غايەت ئانى ئول يۆزى كۆنتېگ.
نې شىرىنتېگ كىشى كۆردى بۇ كۆزۆم،
نې شەبدىز يەڭلىغ ئات ئىشتتى ئۆزۆم.
تۆگەتتى ئېرسە سۆز شاۋۇرى سەرۋەر،
فەراغەت كەتتى ئىشق ئويغاندى كۆكرەر.
بۇ يەڭلىغ ئىشق ئوتىغا سالدى بۇنياد،
ئۇشۇل چىن ئېچرە كۆپ نەقش ئەتكەن ئۇستاد.
مېھر شىرىنگە باغلاپ تاڭلادى شاھ،
بۇ شىرىننىڭ سۆزىنكىم تىڭلادى شاھ.
مۇئەتتەل بولدى خۇسرەۋ ئۇشبۇ ئىشدىن،
تاپۇپ تەئبىرىنى ئول تۆنكى تۈشدىن.
بولۇپ سەۋدا كۆزىندىن ئويقۇ كەتتى،
ئاشىق ئۇزر ئايتىپكىم كۆڭلىن ئۇتتى.
ھەمىشە بۇ ھېكايەت سورار ئەردى،
ئادىن سۆزنى دىماغىدىن چىقاردى.
نېچە كۈن ئۇشبۇ ساقىنچ ئېچرە قالدى،
قۇرۇغ سۆز تىڭلايۇ ئول مەڭزى سولدى.
ئىش ئەلدىن باردى ئېرسە ئەل كۆتۇردى،
كىرىپ بىر ئىلۋەت ئەۋ ئېچرە ئوتۇردى.
ھېكايەت ئايغۇچىنى ئوندەپ ئول شاھ،
بۇ شىردن ھالىدىن ئول دەم قىلدى ئاگاھ.
قاتىغ دەرماندە بولدۇم دەپ، ئەي ۋەفادار،
مەدەد قىل بىر ئىلىگ تۇت دېدى زىنھار.
بۇ كۆركلۆگ ئىشكەكىم بۇنياد سالدىڭ،
تەمام ئەتكىل يوق ئېرسە جانىم ئالدىڭ.
ھېكايەتگۇي سۆزۆڭنى مۇختەسەر قىل،
ئوتۇرما، تۇر كۆھىستانغا سەفەر قىل.
ئۆزۆڭنى بۇتقا تاپغانلارغا ئوخشات،
تاپاكۆر ئول بۇتۇمنى ھىيلە قىل پات.
كۆرۈپ ئاڭلا كۆڭۈلدە رەھمى بارمۇ،
ياخۇت ھېچ ئادەمى ئۇرغىن سەۋەرمۇ.
ئەگەر مۇم يەڭلىغ ئول بۇ مېھر نەقشىن،
تۇتار بولسا رەۋان ئۇر مۇھر نەقشىن.
تۆمۈرتېگ بولسا كۆڭلى قىل خەبەركىم،
سوۋۇق ئېركەن كۆمۈرنى تۆگمەگەيىم.

## شاۋۇر كۇھىستانغا بارىپ ھىيلە قىلغانىن ئايۇر

يەر ئۆپتى ئول مەئانى كانى شاۋۇر،
«كىم ئەي خۇسرەۋ، ئۇلاش شادلىق ئارتۇر.
ئاژۇندا دائىم ئەزگۇلەر بىلە بول،
يامان كۆزلۆك قاتىگدا تاپماسۇن يول.»

دۇئا قىلمىشتا سوڭ شاۋۇرى سەرۋەر،
جەۋاب ئايدىكىم «ئەي ئالەمدە مەهتەر.
قەلەم نەقشىنگە مەن خۇد بەرگەمەن رەڭ،
ۋەلي نەقىش ئۆزرە كېلۇر بولساتېگ بەڭ.
نە سۇرەتكىم قىلۇرمەن ئاندا يېق تىل،
ئۇچا بىلمەز نې قۇشكىم چىزسەمەن بىل.
بۇ ئىشقا چارە مەن بىچارە بىلمەن،
ئاجىزلىقدىن ئەزىن هېچ چارە بىلمەن.
ۋە لېكىن هەقدىن ئۇش يارى قۇلايمىن،
كۇچۇم يەتمىشچە بىر چارە قىلايمىن.
كۆڭۇلدە بولماسۇن هېچ تۇرلۇ فىكرەت،
كىم ئول فىكرەت بۇلۇر جان ئۈزرە مېهنەت.
سەن ئولتۇر شادىمان ئىشرەت بىلە خۇش،
كىم ئەمدى يولغا مۇندۇم مەن تاغى ئۇش.
بۇ يولدا قىلماغۇم بىرلەهزە ئارام،
قۇيۇنتېگ يۇگرۇ قۇشتېگ ئۇچماسام جام.
سېنى تىندۇرماغۇنچە، تىنماغايمەن،
بۇ ئوت سۇندۇرماغۇنچە ياتماغايمەن.
ئەگەر ئوتتېگ تۆمۇرلەر ئىچرە بولسە،
يا گەۋهەرتېگ تاش ئارا كىزلەنىلسە،
چىقارغايمەن» تېدى «مەن ئانى تاشدىن،
تۆمۇردىن ئوتتېگ گەۋهەرمە تاشدىن.
تىكەن بىرلە ياراشمىتېگ چېچەك باز،
ياراشغايمەن ئالار بىرلە تۇزۇپ ساز.
ئەگەر دەۋلەت ماڭا خۇد قىلسە يارى،
كەتۇرگەيمەن ئانى شاهزادە سارى.
ئەگەر تاپماسامەن هېچ چارە ناچار،
خەبەر قىلغايمەن، ئەي شاهى جهاندار»
تۇگەتتى سۆز، بېلىن باغلادى قوپتى،
شاها، ئۇش ئوغرادىم تېيۇ يەر ئۆپتى.
بىر ئاي يۇرىدى تىنمادى تۇتۇپ يول.
مېهنبانۇ ئىلىنگە ئەمگەنىپ ئول.
يېتىپ كەلدى يازىلار تاغلار ئاشا،
قىلۇ تاغلارغا، تاشلارغا تەماشا.
كۆرەركىم تاغ ئۈزرە خۇش چېچەكلەر،
ئاچىلمىش زەندەۋاچلار قارشۇ سايرار.
كېلىپ ياز كۈنلەر ئول قىزلار ئۇش ئاندا،
تەماشا قىلۇر ئەرمىشلەر خۇش ئاندا.
بۇ شاۋۇر يەتمىشى ۋاقتىندا تاغلار،
چېچەك ئاچىلىپ ياشارمىش ئېردى باغلار.
ئالىپ تاشلار چېچەكلەر يىدغى رەڭگى،
بىرى سارىغ، بىرى ئال، بىرى زەڭگى.
تۇشەنمىش تىگمە بىرتاغ ئۇستىندە.
زۇمۇررەد نەتە ئاداقلار ئاستىندە.
ياۋۇق ئېردى ئىراق ئېلىنگە ئول تاغ،
ئېتەكىندە بار ئېردى بىر زەرىف باغ.
يانا بىر دەير ئۇشۇل تاغ ئۈزرە تاشدىن،
قۇپارمىشلەر كىشىلەر ئەلدە تاشدىن.
تۇشۇپ دەير ئىچرە كىردى ئول تۇتۇپ فال،
ئۇشۇل ياڭ بىرلەكىم يۇرۇز كۆپ ئابدال.
يانا سۆز ئايغۇچى ئەر مۇنداغ ئايدى،
سۆزىنىڭ ئۈنچىسىن ئالەمگە يايدى.
كىم ئۇشبۇ تاغ ئىچىندە ئۆڭكۇرى بار،
قارا تاشدىن سۇرەت بار ئاتقا ئوخشار.
هەر يىلدا كېلۇر بىر قىسراق ئۇش ئاندە،
ساقىنغايسەن جانى تاش ئېردى تەندە.
ئول بىر يىغاچ يەرنى قۇلانتېگ،
يېتىپ كېرۇر ئول ئىنگە بىر يىلانتېگ.
كۆرۇپ ئول تاشنى شەهۋەت ئارتار،
ئۆزىن رىغبەت بىلە ئول تاشقا سۇرتەر.
ئىدى هۇكمى بىلە يۇكلۇگ بۇلۇر ئول،
ئوغان فەزلى بىلە بىرۇر ئاڭا تۆل.
نې يەڭلىغكىم قولۇن تۇغسا ئۇش ئاندىن،
يېلىپ يەلنى ئۆزەر ئول ئىزسە تىزگىن.
يانا سۆز ئايغۇچى ئانداغ ئايۇركىم،
بۇ شەبدىز ئانىڭ ئورغى تېيۇ بىلدىم.
ئۇش ئەمدى ئول دەيرنى ئىزدەر ئېرسەڭ،
يىل ئىلتتى سانغاسىن ئورنىنى كۆرسەڭ.
چېچەك رەڭگىن ئالغلى ئانچە ياشلار،
قارا تۇن كەزمىش ئانىڭ ياشى ياشلار.

ئىدىنىڭ مۇڭى، تاگسۇق ئىشلارى بار،
كۆرۈپ ئىبرەت قيامەتكە قىل ئىقرار.
قۇتۇپ سەن بۇ ھىكايەتلەرگە قالما،
ۋەفاسى يوق ئاۋۇنغا تەكيە قىلما.
سۆزۈك باشلا بۇ يەردە قىلماغىل كېچ،
ئىشتىمەسلەر بۇ سۆزنى بىلگەلەر ھېچ.

## شاۋۇر شېرىنگە خىسرەۋ سۇرەتىن كۆرگۈزگەنىن ئايۇر

ئىپار يەڭلىغ ساچىنىڭىم تۈن تارادى،
يارۇقلۇق ئۇشبۇ ئالەمدىن يەرادى.
تىكىلدى ئابنۇستىن نەردى ئەيىنى،
فەلەك تاشىندە يۇلتۇز كەئبەتەيىنى.
چىقىپ ئول مۇشتەرى مەنسۇ ئېلىندە،
بىتەر تىز شاھ ئىشى شاۋۇر ئىلىندە.
كىرىپ دەير ئىچرە ئول فەرزانە شاۋۇر،
بىراز تىڭلاندى بولدى ئېردى رەنجۇر.
پاپاسلار كىم بولۇلار ئېردى ئاندا،
بىلۇرلار ئېردىكىم شىرىن قاندا.
ئالاردىن سورىدىكىم تاڭ بىرلە ئانلار،
ئۇشۇل كۆركلۈگ سۇرەتلىغ كۆترۈجانلار.
بۇ ماگلا قايۇ بىر يەردە كېلۇرلەر،
قايۇ چېمگەن ئۇزە ئىشرەت قىلۇرلەر.
ئۇشۇل پىرلەر خەبەر بەردى بۇ پەرگە،
كىم ئول جان ئالغۇچىلار بارچە بىرگە.
بۇ تاغ باغرىندا بىر خۇش مەنزىلى بار،
تولۇغ چېمگەن يانا تۈرلۈك چېچەكلەر.
سەھەر ۋەقتىندە كېلۇر بارچە سەرخۇش،
ئالۇرلار كۆك ياش ئۆزرە ھەل سۆسۈن نۇش.
نېتەگكىم چىقتى كۈن تىلكۇسى ئاندىن،
قاچا باشلادى تۈننىڭ كىشى ئاندىن.
كۆتەردى ئېرسە مەشرىقتىن باشىن كۈن،
ئاۋۇن تولدى يارۇق، كەتتى قارا تۈن.
قوپۇپ شاۋۇر ئۇشۇل قىزلاردىن ئۆڭ تىز،
بىلىن باغلادى قىلدى فىتتە ئەنگىز.
كېلىپ چېمەنگە بولدى گۇللار ئىشى،
كىم ئول ئېردى چېچەكلەرنىڭ بىلىشى.
ئالىپ ئېلىنگە ئول بىر پارە كاغەد،
تەمام خۇسرەۋ مەگىزلىغ چىزدى سۇرەت.
قىلىپ سۇرەت ئۇشۇل ساھىب مەئانى،
ئوتۇرتتى بىر يىغاچ تۆپىندە ئانى.
پەرى يەڭلىغ رەۋان ئول بەگ كەتتى،
ئول ئاھۇلار پەرىتېگ ئاندا يەتتى.
تۈشۈپ ئولتۇردىلار چېمگەندە ئول دەم،
چېچەك ئۆزرە چېچەكلەر بولدى خۇررەم.
ساچا باشلادىلار گۇل ئۆزرە ئەنبەر،
كۆلۈشمەكدىن تۆكەرلەر ئېردى شەككەر.
باقىپ تازە چېچەكتېگ يۈزلەرىنگە،
ياۋۇتماسلار تىكەن ھېچ ئۆزلەرىنگە.
ياشىل چېمگەن ئۇزە خۇش ئولتۇرۇرلار،
ئىكى دوستتېگ ئارادا سېغماس ئەغيار.
تۈزۈپ مەجلىس سۆسۈن كەلتۈردى ساقى،
يۈرىتۇ باشلادىلار دەۋر ئاداقى.
قىلۇر ئىشرەت ئول ئايۇ مۇنچە يولدۇز.
ئاداق كەتمەس ئېلىندىن تۈنلە كۈندۈز.
سۆسۈن فېئلى دىماغلارغە كىم ئاشتى،
فەردە تاپتى كۆڭۈل ئەندىشە قاچتى.
قوپۇپ مەجلىسنى مەھرەم دەپ گۇل ئېگلەر،
سالا باشلادىلار يىلك بىرلە يىگلەر.
بىرى بۇلبۇل مەگىز ئۈن بىرلە سايرار،
چېچەكتېگ بىرى چېمگەن ئۆزرە ئويىنار.
سەۋنمەدىن ئۆزگە ھېچ ساقىنچلارى يوق،
تەماشادىن ئەزىن ھېچ ئىشلارى يوق.
ئۇش ئانچە قىزلار ئاراسىندا شىرىن،
تولۇن ئايتېگ ئالار تېگىردە پەرۋىن،
كىمۇك كۆڭلىدە بار ئېرسە مۇھەببەت،
قىلۇرمەن تېپ ئىنىڭ يادىنگە ئىشرەت.

بۇ سۆز ئايتىپ قۇش ئۇچتىيۇ ئۇچۇردى،
بۇ خۇشلۇق بىرلە بىر ساﺋەت كېچۇردى،
باقىپ ئۆز سۇرەتىنىگە كەد قۇۋانىپ،
ئاۋۇندا بىر نازىرىم يوق تېيۇ سانىپ،
مېنىمتېگ بارمۇ بىر ئاي تېيۇ تۇردى،
باقىپ ناگاھ ئۇشۇل سۇرەتنى كۆردى.
نې نەقش ئول كەلتۇرۇك تېيۇ بۇيۇردى.
ياشۇرماك بۇ رەقەم مۇندا كىم ئۇردى.
ئالىپ كەلتۇردىلەر ئېلىنگە ئالدى،
باقىپ سۇرەتگە ھەيرەت ئىچرە قالدى.
نې قويىما قىلىقا كۆڭۈل رازى بۇلۇر،
يانا تۇتماقىقا ئانلاردىن ئۇيالۇر.
ئاگا كۆز سالماشىنچە، ئىشقى ئارتتى،
ۋەلې رازىن ئالاردىن ساقلاپ ئۆرتتى.
ئاياق ئىچمىشچە، ئەلدىن باردى ئۆزى،
ساچا باشلادى قان ـ ياش ئىككى كۆزى.
نەزەر قىلمىشچە، ئەقلى كېتەر ئېردى،
ئالار كىزلەسەلەر ئول ئىزدە ئېردى.
سېزىپ قىزلار بۇ ئىشنى قاغۇلار يەپ،
بۇ سۇرەتكە شىرىن ئاشىق بولۇر تەپ.
ئالىپ سۇرەتنى يىرتىپ سالدىلار تىز،
مۇنى كۆرمەسە قىلغاي تېيۇ پەرھىز.
سورا باشلادى ئول سۇرەتنى شىرىن،
ئايتىلار پەرى ئېردى ئۇشۇل جىن.
پەرىلىگ ئېرمىش ئۇشبۇ يەر قاچالىك،
ئەزىن چىمەگەندە خۇش ئۇترۇپ ئىچەلىك.
يالىك يەگلىغ رەۋان ياندىلار ئاندىن،
يارۇقلۇق كەتتى سۇۋفا سالدى تاجىن.
بۇلۇتتا قالدى يولتۇزلار قامۇغى،
نېتەگكىم كەتتى ئېرسە كۈن فۇرۇغى.

## شاۋۇر شىرىنگە ئىكىنچ قاتلا خىسرەۋ سۇرەتىن كۆرگۈزگەنى

چېچەك يەگلىغ قىزارىپ چىقتىسە كۈن،
لەئل ئوت رەگىن ئالدى كەتتى تۈتۈن.
ئاچىپ تەگمە مۆگۈشدە راز گەنجىن،
بېزەدى يەر يۈزىن خۇش قىلدى رەگىن.
يارۇقلۇقكىم جەھانغا بەردىسە نۇر،
يانا ئانلاردىن ئۆك تەبرەدى شاۋۇر.
ئۇزاقتېگ يانا بىر سۇرەت ئەتتى،
ئوتۇرتتى ئانى ئۆزى تۇردى كەتتى.
تاك ئاتتى ئېرسە ئول پۇتلارما كەلدى،
چېچەكلەر قايرا ئول چىمەگەنگە تولدى.
يانا ئوينايۇ باشلادى ھۇمايلار،
تۈزۈپ مەجلىس ئوتۇردى كۆركە بايلار.
يارىسىم رىغبەت بىلە ئوترۇرلار ئېردى،
سۈسۈن فېئلى كۆڭۈلدىن قادغۇ تاردى.
قوپۇپكىم ئويناپۇ باشلادى ئانلار،
زەمانە كۆر يانا نې تاۋۇرچاق ئوينار.
ئىكىنچى ناگەھ ئول ئاي ئۇترۇ باقتى،
كۆرۈپ سۇرەت يانا جان ئوتقا ياقتى.
ئانىك ئىشقىدا تالىپ كۆگلى قۇشى،
چىقىپ ئەقلى باشىندىن كەتتى ھۇشى.
بۇلۇر ئەسرۈككە بىر ئويقۇ كىفايەت،
چېچەككىم چىق ئالۇرغە سۇۋ كىفايەت.
سورار قىزلارغا كىم: «ئۇشبۇ نې ھال» تېپ،
«غەلەتمۇ كۆردۈم ئېركى بۇ خەيال» تېپ.
يانا فەرمانلادى بىر قىزغا كىم تۇر،
ئۇشۇل سۇرەتنى تەركىن مۇندا كەلتۈر.
ئالىپ سۇرەتنى كىزلەدى ئۇشۇل قىز،
ئايا بىرلە كۈن ئۆرتۈلگەيمۇ ھەرگىز.
كېلىپ ئايدى پەرى ئېرمىش ئول ئۇچتى،
مۇنۇگتېگ بىزگە ئويۇن بەردى قاچتى.
كېتەلىك تېپ قۇشىن باغلاتتى ھالى،
ئۇشۇل چىمەگەن چېچەكدىن بولدى خالى.
كېچە بولدىسە كۈن سۇمرۇغى كەتتى،
يېتىپ كۈن زاغى قافدىن قافقا تۈتتى.
سۈسۈن باشغە مۈنۈپ ئەندىشە كەتتى،
يازىدا قوندىلار خۇش ئىشرەت ئەتتى.

## شاۋۇر خۇسرەۋنىڭ سۇرەتىن شىرىنگە ئۇچۇنچى كۆرگۈزگەنى

كۆتەردى ئېرسە مەشرىقدىن باشىن كۈن،
زەمانە تاج كىيدى سارىغ ئالتۇن.
ئۇش ئاندىن يەل مەڭىزلىغ ئول پەرىلەر،
پەرىلەر كۆرمەسۇن تېپ تەبرىدىلەر.
تۈشەنمىش كۆك زۇمۇررىد نەتتى يەرگە،
يېتىپ كىلدىلەر ئانلار بارچە بىرگە.
يانا ئۇستادى چىن ئول يەرگە كەلمىش،
بۇرۇنقىتېگ تەقى بىر نەقش قىلمىش.
ئۇش ئانچە سەنئەت ئەتمىش نەقش ئىچىندە،
جانى يوق ئېردى ئانچاق سۇرەتىندە.
پەرىلەر بىرلە يەتتى ئېرسە ئول ھۇر،
قودۇپ سۇرەتنى تەركىن كەتتى شاۋۇر.
پەرى يۈزلۈگلەر ئول چىمگەن ئۈزە خۇش،
ئاداق ئەلدە يۈرىتىپ قىلدىلار نۇش.
ئوشۇل ئەي تەكمە بىر جام ئىچمىشىنچە،
ساچار ياشىن يۇمۇپ كۆز ئاچماشىنچە.
بۇ يەڭلىغ ئورنامىش كۆڭلىندە شەۋقى،
يوق ئول سۇرەتتىن ئۆزگە بىرلە زەۋقى.
نېتېگ تاپغايمەن ئانى تېيۇ تۇردى،
كۆز ئاچتى ناگاھ ئول سۇرەتنى كۆردى.
يانا ھەيرەت ئىچىندە قالدى شىرىن،
بۇ ئويۇن كېچتى تېيۇ ئەمدى ھەددىن.
سەبىر قىلمادى كۆڭلى [...] كىلدى،
ئۆز ئىلگى بىرلە ئول سۇرەتنى ئالدى.
كۆرۈپ نەقش ئىچرە ئۆز كۆركى نىشانىن،
كۆيۈردى بىر يولى ئىشق ئوتى جانىن.

## شىرىن خۇسرەۋنىڭ سۇرەتىن كۆرۈپ ئاشىق بولغان سۇرەتى

ئۆرۈمچۈك ئاغىتېگ مىڭ ئال بىرلە،
ھۇماي قۇش ئۇۋلاۋدى ئول فال بىرلە.
كۆرۈك بۇ ئادەمى نەقشى نە قىلدى،
پەرى يەڭلىغ ئانى دىۋانە قىلدى.
ئەجەب شەخس ئېرمىش ئۇشبۇ ئادەمى زاد،
پەرىلەر ھەم كىشىدىن بولماس ئازاد.
كۆرۈپ سۇرەتنى شىرىن مېھرى چۈشتى،
ئايۇركىم بۇ ئۆزۈم نى ئىشكە تۈشتى.
ئانىڭتېگ بولدىكىم ھېچ تېسە بولماز،
ئانىڭ ئايمىشلارىن ھەم ئايسا بولماز.
چېچەكتېگ سولدى كەتتى ئەڭدى ئالى،
تەنىندە قالمادى زەررە ماجالى.
مۇنىڭ ھالىن قامۇغ قىز ئاڭلادىلار،
ئەجەپ ئىش تۈشتى نېيۇ تاڭلادىلار.
ئۆزاقى ئىشلارىندىن ھەم پۇشەيمان،
بولۇپ، شىرىنگە ئايدىلار كىم ئەي جان.
نې بولسا بولسۇن ئۇش باشدىن كېچەلىڭ،
بۇ سۇرەت رازىدىن پەردە ئاچالىڭ.
تىلەلىڭ جانىمىز بارىنچە ئانى،
بۇ سۇرەتنىڭ بىلەلىڭ بارمۇ جانى.
تىلەپ يارى ئالارغا قىلدى زارى،
يارانلاردىن تېگەر تېپ يارغا يارى.
شىرىن بىلدىكىم ئانلار راست ئايۇرلار،
بۇ ئىشگە كىرتۈ چارە ئىزدەيۇرلار.
بىتەر كۆپ ئىش بولۇشماقلىق بىلە چىن،
كېرەك ئاندا سوڭ بىر ئەتسە ئىشىن.
ئەلىفتېگ بودۇم ئۇش بولدى يېتەر لام،
كۆزۈمدىن ئۇيقۇ كەتتى، جاندىن ئارام.
كېلىڭ سۆز كىزلەمەكلىكدىن كېچەلىڭ،
بۇ سۇرەتكە باقىپ ئىچكۈ ئىچەلىڭ.»
قۇرا باشلادىلار مەجلىس قۇراغىن،
تۈزۈپ ئولتۇردىلار ئىشرەت ياراغىن.
ئاداقكىم ئىلگە سۇندى ئېرسە ساقى،
رەۋان بولدى يانا بىرگە ئاداقى.
ئاچىغ سۇسۇن ئىچىپ شىرىن ئۆزىندىن،
كېچىپ قان ياش ساچار نەرگىس كۆزىندىن.
ئاداق ئىلگىنگە ئالمىش سايۇ ئول ھۇر،
باشى بىرلە ئوشۇل سۇرەتكە يۈكنۇر.
ئاشىقلىق بىرلە ئەسرۇكلۇك بىرىكتى،
دېماغى سەبىر قىلماقدىن ئېرىكتى.
ئوشۇل قىزلاردا بىرىن ئىچ تۇتۇپ ئول،
ئوتۇرتتى يول باشىندا كۆزلە تېپ يول.
كىشى كەچمىشچە بۇ سۆزنى ئاڭا سور،
بۇ سۇرەتتىن نې ئايتۇرلار باقا كۆر.
تەلىم سوردى مۇنى بىلگەن كىشىدەن،
بۇ سۇرەت سىررىنى چىقمادى بىلگەن.
شىرىنىنىڭ رەنجى ئارتىپ باردى ئەلدىن،
خەبەر تاپمادى ئېرسە ئۇشبۇ ھالدىن.

# بېھزاد ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق مەكتىپى توغرىسىدا

تۇرسۇن كەرىمىن

شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت، خۇسۇسەن رەسساملىق تېخى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىنماي كېلىۋاتقان چوڭ ساھە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، خارابىلار، قىيا تاشلاردىن بايقالغان ھەم قېزىۋېلىنغان بىساناق ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىكى تۈرلۈك ئوبرازلىق قىياپەتلەر، سىزمىلار، رەسىملەر، «مىڭئۆي» تام سۈرەتلىرى قاتارلىق بىباھا تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا، بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىدا گويا ئاجايىپ جەزىبىلىك سۈۋىتقا ئىگە تېلېۋىزىيە تىياتىرىدەك ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدە تەسۋىرىي سەنئەتنى خۇسۇسەن رەسساملىقنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەۋرىنى چېگرا قىلىپ، چوڭ ئىككى دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئاۋۋالقى دەۋرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇددا ۋە شامان مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ تەسۋىرىي سەنئەت باسقۇچى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ بۇددا دىنى مەزمۇنلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ياراتقان خىيال ۋە رېئال تەسەۋۋۇرىنىڭ جانلىق بەدىئىي كۆرۈنۈشى بولغان «مىڭئۆي» تام سۈرەتلىرىنى مۇھىم ئالامەت قىلىدۇ. بۇ دەۋردىكى «قۇتلۇق ساماۋى خانىش — لاكشىمىنىڭ يالىڭاچ رەسىمى، شەرق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مىسلىسىز ئۈلگىسى ئىدى. خوتەن رەسساملىرىدىن ۋىسارا پۇچىنا، ۋىسارا ئىراسانگا سەنئەت تارىخىدىكى ئىككى يارقىن يۇلتۇز كەبى چاقناپ، خاس خوتەن تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى①.» ئومۇمەن، ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ مۇزىكا تۈرى بويىچە «12 مۇتام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن سىستېمىسى بولغىنىغا ئوخشاش، «مىڭئۆي» تام سۈرەتلىرىمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرىنىڭ سىستېمىلىق قامۇسى ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى دەۋر بولسا ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تەسۋىرىي سەنئىتى دەۋرى.

بۇ دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىدىكى يېتىلگەن ۋە گۈللەنگەن تەسۋىرىي سەنئىتى ــ خۇسۇسەن رەسساملىق سەنئىتى ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ھالنى قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدە خۇددى بىر ئەزىم دەريانىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە تەمسىل قىلىش مۇمكىن.

ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ئىسلام مۇھىتىدا ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بۇددا مەدەنىيىتى تۇپرىقىدىن ئۆسۈپ چىققان تەسۋىرىي سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ باراقسان دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىمۇ قۇرۇپ كەتكىنى يوق. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسۋىرىي سەنئىتى باشقىچە بىر مەزمۇن ۋە ۋاسىتە بىلەن يەنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان» نى بېزەش - ھەللەش، نەقىشلەشنى مەركەز قىلىپ يەنە كۆكلەشكە باشلىدى. رەسساملار مىراجنىڭ تەسۋىرىي مەنزىرىسى، جەننەت ۋە دوزاخ، مۇقەددەس قۇشلار، ھۆرى - غىلمانلار قاتارلىق دىنىي - ساماۋى مەزمۇنلاردا رەسىملەر سىزىشىپ، دىنىي كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ باردى. ھۆكۈمدارلار بېزەلگەن ھەم نەپىس ئىشلەنگەن «قۇرئان» قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى ئېسىل بۇيۇملار سۈپىتىدە بىر - بىرلىرىگە سوۋغا قىلىشقان ياكى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋردە رەسساملىق دىنىي - ساماۋىي مەزمۇنلاردىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ، غايىۋى مەزمۇن، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىك، نەپىس بوياق ۋە رەڭ - سىزىق قاتارلىق رېئاللىقنىڭ ئۇسلۇبلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاستا بىر سۈرئەت بىلەن چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بولغان كامالىدىن بېھزادنىڭ رەسساملىق ئىجادىيىتىدە ۋايىغا يەتتى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى رەسساملىق ۋە تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي قاراشلار يوق. شۇنداقتىمۇ بەزى ماتېرىياللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چاتاغاي نامى بىلەن باغلانغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى تەسۋىرىي سەنئىتىنى تۆمۈرىلەر دەۋرى (1370 — 1405)، ئۇلۇغبېك دەۋرى (1409 — 1449)، نەۋائىي ۋە بېھزاد دەۋرى (1449 — 1506) دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا ئايرىش بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇ خىل بۆلۈشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز بۇ ماقالىمىزدا ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان رەسساملىق ۋە تەسۋىرىي سەنئەتكە ۋەكىل قىلىپ، ئۇلۇغ رەسسام بېھزاد ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق مەكتىپى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ رەسسامى بېھزاد 1455 - يىلى ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىراتتا كامالىددىن ئىسىملىك بىر كەسپىي ھۈنەرۋەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بېھزاد بالا چاغلىرىدىن تارتىپلا رەسساملىق ۋە نەقاشلىققا چوڭقۇر ھەۋەسمەنلىك كۆرسەتكەن. بىراق ئەمدىلا ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بېھزاد بالدۇرلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. كېيىنرەك سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى نەقاش مەۋلانە مىرەك ياش بېھزادنى

شاگىرتلىقتا ئىلىپ، ئۇستاز بولغان.

نەققاش ۋە رەسسام مەۋلانە مىرەك زامانىسىدا ئۆز ھۈنىرى بويىچە كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز بولۇپ، ئۇ نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىراتتىكى مەسچىت جامىئەسىنىڭ نەقىش ھەم رەسىم سىزىش ئىشلىرىنى 15 كۈندىلا تاماملاپ، يۇقىرى ئابروي-مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

ئۇنىڭدىن سىرت شەرق مۇئەللىپلىرىنىڭ بايانىچە، بېھزاد تۆمۈرىلەر دەۋرى تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئاساسچىسى بولغان مەشھۇر رەسسام گۆك (سۇقۇۋ) نىڭ شاگىرتى بۇخارالىق ئۇستاز جاھانگىر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى سەيىد ئەھمەد تەبرىزىنىڭمۇ شاگىرتى بولغانىكەن.

يەنە بىر مەلۇماتتا بېھزادنىڭ ئەمىر تۆمۈر 1393 - يىلى باغدادنى ئىشغال قىلغان چاغدا سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەلگەن باغدادلىق ئۇستاز شەمسىددىن (خوجا ئابدۇلقادىرمۇ دېيىلىدۇ) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئابدۇلھەيلەر بىلەن بىرگە ئەمىر تۆمۈر سارىيىدا مەلۇم ۋاقىت ئىشلىگەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى 1486 - يىلى سۇلتان ئەلى مەشھەدى تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ تاماملانغان بىر قول يازمىدا ئۈچ پارچە سۈرەت بار بولۇپ، بۇلاردىن ئىككىسى بېھزادنىڭ، يەنە بىرسى ئابدۇلھەينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان②.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، بېھزاد بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا شەرقىنىڭ رەسساملىق سەنئىتى بويىچە بىرىنچى ئەۋلاد ئۇستازلىرىنىڭ گۆك ۋە شەمسىددىنلەردىن تارتىپ ئۆز زامانىسىغىچە بولغان تەسۋىرىي سەنئەت خۇسۇسەن رەسساملىقتا ئېرىشىلگەن ئۇتۇقلارنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەۋرداشلىرىدىن مەۋلانا مىرەك، نەۋائىي ۋە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا قاتارلىق رەسسام، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ياخشى تەربىيىسىدە رەسساملىقتا يۈكسەك ئىنسانىي پىكىرلەر ۋە غايىلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تېپىك ھەم بىردىنبىر رەسسام ئۇستازىغا ئايلانغان.

تۆۋەندە بىز نۇقتىلىق قىلىپ ئۇلۇغ ئۇستاز بېھزادنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە رەسىم ئىجادىيىتىنى چوڭ ئىككى دەۋرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

بىرىنچى، نەۋائىي ۋە سۇلتان ھۈسەيىن (بايقارا) مىرزا دەۋرىدىكى بېھزاد.

سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا (1469 — 1506) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تۆمۈرىلەر دۆلىتى تىنچ - ئاسايىشلىق باسقۇچقا كىرىپ، راسا گۈللەندى. پايتەخت ھىرات بولسا ئەينى زامانىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى. بۇ چاغدا بېھزاد ئاساسەن سۇلتان ھۈسەيىن ۋە نەۋائىنىڭ ھىمايىسى بىلەن زاماندىشى سەنئەتكارلاردىن ماھارەت، ئۇسلۇب ۋە غايىۋى يۈنىلىشلەر جەھەتتىن ئۈزۈپ كەتكەنىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشلاردا بېھزادنىڭ ئەسەرلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىناتتى.

نەۋائىي ۋە بېھزادنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان زەينىددىن ۋاسىفى «بەدايىئۇل ۋاقىئە» ناملىق ئەسىرىدە بېھزاد سىزغان نەۋائىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنىڭ

شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى تەرىپىدىن مۇھاكىمە قىلىنغانلىقىنى يازغان. بۇ ھال بېھزادنىڭ نەۋائى ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شائىر ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە قابىلىيەتسىز رەسساملارنىڭ ئەخلاق ۋە ئىستىلى ھەققىدە توختىلىپ: «بىر رەسسامنىڭ سىزغان رەسىملىرىگە قارىسا كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆز تەسۋىرىدە رەسسام ئابدۇلھەي بىلەن مانىلاردىن قېلىشمايدۇ» دەپ يازغىنىدا! بېھزادنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان. ئىشقىلىپ نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە بېھزاد ھەققىدە تەپسىلىرەك مەلۇمات بەرمىگەن. پەقەت دوستلىرىغا يازغان مەكتۇبلىرىنىڭ بىرسىدە دەۋر رەسساملىرىدىن يالغۇز بېھزاد ئۈستىدىلا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «پىراقنامە يارالدى. ئەمدى ئۇنى بېزەش (كىتاب كۆچۈرۈش، مۇقاۋىلاش، رەسىم سىزىش) لازىم ئىدى. بۇ ئىش پەقەت ئۇستاز بېھزادنىڭلا قولىدىن كېلەر ئىدى. بىراق يېقىندا ئۇنى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا تەلەپ قىلىپ، ئۆز يېنىغا ھۇجرا ياسىتىپ بەردى ۋە ئىش بۇيرۇدى. بۇ كىتابقا مۇناسىپ ئىش قىلىدىغان كىشى ئەمدى يوقتۇر»③ نەۋائىنىڭ بۇ پىكرىدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا رەسساملىق ۋە نەققاشلىقتا يۈكسەكلىك يارىتىۋاتقان بېھزادنى ئۆز سارىيىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان ۋە كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇستاز بېھزادقا بۇ مەنسەپنى تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى نامىنىڭ ئەسلى تېكىستى خاندەمىرنىڭ «نامەئى نامي» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بېرىلگەن:

«ھىرات كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى (مەنسىپى) ئۈچۈن ئۇستاز كامالىددىن بېھزاد نامىغا بېرىلگەن نىشان... ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش كارخانىسىدىكى رەسساملارنىڭ تەلىپى، نىگاھىدا يەر ۋە ئاسمان مۇھەررىرلىرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ... ھۆكۈم قىلىمىزكى، نادىر ئەسەرلەر مۇئەللىپى، رەسساملار پېشىۋاسى، ئۇستاز كامالىددىن بېھزادقا ھۇمايۇن (پادىشاھ) كىتابخانىسى ئەھلىگە — كاتىب، نەققاش، مۇزەھھىب، جەدۋەلكەش، ھالكور ۋە زەركوبلارغا، شۇنىڭدەك مەزكۇر ئىشلارغا مەنسۇپ بولغان ئاللاھ پاناھىدىكى پۈتۈن مەملىكەت جامائىتىگە باشچىلىق قىلىش مەنسىپى تاپشۇرۇلسۇن...»④.

شەۋېتسىيە سەنئەتشۇناسى ف. مارتىن ئۇ ئۇستاز بېھزادنىڭ سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئوردىسىدىكى ئىجادىيەت مۇھىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«شەرق قۇياشى بېھزاد ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخسۇس ھۇجرا نۇرغا پۈركەلگەن. بۇ يەردە رەسسام پەسرەك دىۋانغا ئېگىشىپ ئولتۇرغىنىچە ئىشلەيدۇ. شىرەنىڭ ئۈستى ۋە تارتمىلىرىدا شاھانە ئەسەرلەر يارىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسە ھازىرلانغان. مۇنداق ئەسەرلەرنى ياۋروپا سەنئەت خۇشتارلىرى 15 - ئەسىر ئىتالىيە ۋە نىدېرلاندىيە رەسساملىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بولسا ھەم، شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن قولغا چۈشۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. توغرا، بېھزاد ياۋروپالىق رەسساملاردەك كەڭ ۋە قولاي مەكتەپ ھاياتىغا ئىگە بولالمىغان. ئۇنىڭ ئىجادىيەتخانىسى ئاددىيلا بىر ھۇجرا بولۇپ، ھۇجرىنىڭ ئاق مەرمەردىن ياسالغان تاملىرى

شەرقنىڭ ماھىر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن «قۇرئان» ئايەتلىرى بىلەن ھەللىنىپ بېزەلگەن. ھۇجرىغا بۇرىيا تارتىلغان بولۇپ، سۇپا ئۈستىدىكى گىلەمگە بىرنەچچە تال ياستۇق قويۇلغان. بۇ مېھمان ياكى رەسساملار ئۈچۈن تەييارلانغان. ھۇجرىنىڭ ئارقىسى باغ بولۇپ، سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. نېرىراق جايدا دەرەخزارلىقلار ۋە گۈلزارلىقلار بار... بۇ يەردە شاپتۇللار پىشىپ بال تامىدۇ. ئالتۇندەك تاۋلانغان غۇچچىدە ئۈزۈم شىگىللىرى باراڭلار ئارىسىدىن مارايدۇ. ھۇجرا ئەتراپىدا ئەتىرگۈللەر چوغدەك تاۋلىنىپ ئېچىلىپ كېتىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەرنىڭ رەڭگا رەڭ ئېچىلىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ بەرگىلىرىمۇ كۆزگە تاشلانمايدۇ. شۇنداق مۇھىتتا بېھزاد ئولتۇرۇپ ماي قەلىمى بىلەن نەپىس رەسىملەر سىزىدۇ. بۇنداق ئەۋرىشىم ماي قەلەمنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچقانداق رەسسام بېھزاد كەبى بۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشكە قادىر بولالىغان ئەمەس...»⑤.

دېمەك، بۇلار ئارقىلىق بىز بېھزادنىڭ زامانىسىغا يارىشا ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن ۋە نەۋائى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار بىلەن قانچىلىك زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمدى بېھزادنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدە توختىلىدىغان بولساق ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن بېزەلگەن ۋە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ كۇتۇبخانا ھەم مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇلتان ھۈسەيىن كىتابخانىسىغا باشلىق بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلىرىگە تەئەللۇقتۇر. بېھزادنىڭ ئەڭ دەسلەپكى رەسىم ئەسەرلىرى سەئدىنىڭ «بوستان» ناملىق ئەسىرىگە سىزىلغان قىستۇرما سۈرەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر ئۇ لوندوندىكى چېستىر بېتتى كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل بېھزاد ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، رەسسام بۇ مەزگىلدە ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تەخمىنەن 50 پارچىدىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجاد قىلغان. بۇلار «بوستان» نىڭ لوندون نۇسخىسىغا سىزىلغان (1478 - يىلى) ئۈچ پارچە سۈرەت، قاھىرە نۇسخىسىغا سىزىلغان ئۈچ پارچە سۈرەت، نىزامى گەنجىۋىنىڭ 1442 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «خەمسە» سىنىڭ برىتانىيە نۇسخىسىغا سىزىلغان (1493 - يىلى) تۆت پارچە سۈرەت، «خەمسە» نىڭ برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان ئىككىنچى بىر نۇسخىسىغا سىزىلغان 16 پارچە سۈرەت، (مەۋلانە مىرەك ۋە قاسىم ئەلىلەر بىلەن بىرلىكتە)، 15 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەشھۇر تارىخشۇناس شەرەپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ (1453 - يىلى) «زەپەرنامە» سىگە سىزىلغان 12 پارچە سۈرەت (شاھ جاھانگىر بۇلاردىن سەككىز پارچىسىنىڭ بېھزادقا تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ)، لېنىنگرات سالتىكوۋ - سېچېردىن نامىدىكى خەلق كۇتۇبخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ ئىككى نۇسخا «لەيلى - مەجنۇن»

داستانىغا سىزىلغان (1495 - يىلى) ئۈچ پارچە سۈرەت ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى مىنىئاتيۇرا سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، يەنى كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قىستۇرما رەسىملەرنى سىزىش بېھزادنىڭ ئاساسىي سەنئەت مەكتىپى بولۇپ، بۇ رەسىملەر بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن ئۈستۈن، تەسۋىرىي مۇھىتى جەھەتتىن نەپىس - بىپايان، يارقىن ۋە ھەيۋەتلىك يارىتىلغان. 15 - ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ھاياتىنىڭ بىباھا قامۇسى ھېسابلانغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ كەڭ. ئۇنىڭدا تۆۋەن قاتلامدىكى پادىچىلار ۋە مۇلازىملارنىڭ ھاياتىدىن تارتىپ تاكى خانۇ - خاقانلارنىڭ سۈرىتى، سەپەر - ئوۋ پائالىيەتلىرى، تەنتەنىلىك قوبۇل مۇراسىملار، ئاجايىپ نەقىشلىك سارايلار، ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەيدانلىرى، ئاشىقلارنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈ جىلۋىسى، ئوردا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىپىك باغ مەنزىرىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن ۋە ئۇلار بېھزادنىڭ بەدىئىي غايىۋى پىكىرلىرىگە ۋاستە قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

تۆۋەندە بىز بېھزادنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىجادىيەت دەۋرىگە ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭ نەۋبەر - ياشلىق چاغلىرىدا ياراتقان مەشھۇر ئەسىرى «دارا ۋە يىلقىچىلار» بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىي تالانتىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر نادىر رەسىمى «سۇلتان ھۇسەيىن باغ سەيلىسىدە» (1495 - يىلى سىزىلغان) ھەققىدە توختىلىمىز.

«دارا ۋە يىلقىچىلار» ناملىق مەشھۇر سۈرەت ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1488 - يىلى سىزىلغان بولۇپ، ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن ئۈچۈن سۇلتان ئەلى مەشھەدى تەرىپىدىن 1488 - يىلى كۆچۈرۈپ تاماملانغان سەئدىنىڭ «بوستان» دىكى ئۈچ پارچە ئەسىرىنىڭ جەۋھىرى.

ئەسەردە ئىران شاھى دارانىڭ تاغدا يىلقىچىلارنىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقىپ كېلىش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. زور ماھارەت بىلەن سىزىلغان مەزكۇر سۈرەتكە نەزەر سالغىنىمىزدا، پەيلاسوپ شائىر شەيخ سەئدىنىڭ شۇ مەزمۇنغا ئائىت ھېكايىسىنىڭ رەسسام تەرىپىدىن تېخىمۇ بېيىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئىران شاھى دارا تاغدا ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە يايلاقتىكى يىلقىچىلارنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ كېلىدۇ. تۇساتتىن پەيدا بولغان قوراللىق كىشى سەۋەبىدىن مال - چارۋىلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ. رەسسام بۇ يەردە چارۋا ۋە چارۋىچىلارنىڭ دارا تۆپەيلى يۈز بەرگەن چۆچۈش ۋە ئېسەنكىرەش ھالىتىنى ماھىرلىق بىلەن يارىتىدۇ. دارا چارۋىچىلاردىن بىرىسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يامان ئادەم دەپ قالىدۇ ۋە ئوقياسىنى بەدلەشكە تۇتۇنىدۇ. بۇ ھال «بوستان» دىكى ئەسلى ھېكايەتتە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

بۇ دۈشمەن ئۇرۇشماققا كەلدى، نېتەي؟ شۇ دەم توغرىلاپ، ئاڭا تارتتى كامان،
ئۇزاقدىن بىر ئوق بىرلە نابۇد ئېتەي. دېدى بىر نەپەستە قىلاي بىنىشان...

ھەممە ئۆز ھەرىكىتىنى توختاتقان، ھەتتا ئوتلاپ يۈرگەن چارۋىلارمۇ بۇ ھالەتكە

رازى بولمىغاندەك ئىدى. دارا ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان چارۋىچى شائىر تامانىدىن مۇنداق زۇۋانغا كىرگۈزۈلىدۇ:

دېدى: «ئەي شەھەنشاھى ئالەمپاناھ، مەن ئۆز پادىچىڭمەك، مۇندا كۆپتىن بۇيان،
زامانەڭگە كۆز تەگمىسۇن، قىل نەگاھ. تولا چارۋىلىرىڭنى باقارمەن ھامان!...»

بۇ كۆپلىتتا ئۇلاپلا پادىچى شاھقا يەنە مۇنداق تەنە قىلىدۇ:

«كېرەك بولغىنىدا ماڭا قايسى ئوت، (چۆپ) تونۇيمەن يەنە چارۋىلارنى شۇ خىل،
تونۇيمەن ئۇنى شۇ مىنۇت ئېچرە، پۈت. پادىچىڭنى، شاھىم، مەندەك تونۇغىل».

تەسۋىر مەركىزىدە تۇرغان ۋە قوللىرىنى قول باغلىغان ھالەتتە پەسرەك چۈشۈرۈپ، دولىسىنى قىسىپ سوراق نەزەرى بىلەن ئاللىقانلىرىنى ئېچىپ تۇرغان، قەددى-قامىتى سەل ئېگىلگەن پادىچىنىڭ يەنىلا قاۋۇل بەستى بىلەن خۇش خۇي چىرايى، ياش، سالاپەتلىك پادىشاھقا نىسبەتەن تېخىمۇ مەنىدار، ھېكمەتلىك ۋە ئۆتكۈر قىلىپ سىپلىشتۇرما قىلىنغان. شائىرانە مەنزىرە، تەبىئىي دىراماتىك ھېكايە مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بەرگۈچى سەھنە، تۈرلۈك رەڭ، سىزىق ۋە نۇقتىلارنىڭ ياردىمىدە جانلاندۇرۇلغان. بۇ يەردە رەسسام نوقۇل بوياقلارغىلا زورلاپ ئىش كۆرمەستىن بەلكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك چىن مەزمۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرمەكچى بولغان. دارانىڭ چارۋىچىلار ئارىسىدىكى سۈرىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ بېھزاد ئىجادىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە كېلىدۇ: «رەسساملاردىن بىرى پەقەت بېھزاد ئىدى. ئۇ رەسساملىق ئىشىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ قىلاتتى. لېكىن ساقالسىز كىشىلەرنى ناچار سىزىپ قوياتتى، ئېڭىكىنى بەك چوڭ قىلىۋېتەتتى، ساقاللىق ئادەمنى ياخشى سىزاتتى. يۈزىنى كۆركەم چىقىراتتى». ئومۇمەن «دارا ۋە يىلقىچىلار» دېگەن شېئىر بىلەن رەسىم تەسەۋۋۇر مۇھىتى يېقىدىن شۇنچىلىك دەرىجىدە جىپسىلاشتۇرۇلغانكى، پەيلاسوپ شائىرنىڭ شېئىرىدىن بېھزادنىڭ رەسىمى، ئۇلۇغ رەسسامنىڭ ئەسىرىدىن سەئدىنىڭ شېئىردىي ھېكايىتى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ يەردە ھەقىقىي رەۋىشتە «شېئىر — قارىغۇ رەسىم، رەسىم — گاچا شېئىر»⑦ (داۋىنچى) بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ رەسىم ئارقىلىق بىز ئۇستاز بېھزادنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى مېھنەتكەشلەرنى زور مېھىر-مۇھەببەت بىلەن رېئال ۋە گۈزەل ھېكايىلار مەۋقەسىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ زامانداش رەسساملارغا قارىغاندا غايىۋى جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالايمىز.

بېھزادنىڭ بۇ باسقۇچلۇق ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ يەنە بىر ئۆلگىلىك ئەسەر «سۇلتان ھۈسەيىن باغ سەيلىسىدە» بولۇپ، بۇ ئەسەر — رەسسامنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتىنىڭ بىباھا دۇردانىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەشھۇر ئەسەر تېھراندىكى گۈلىستان سارىيى سەنئەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، 1935-يىلى لېنىنگرادتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىران سەنئىتى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. سۈرەتتە سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆز كېنىزەكلىرى بىلەن باغدا، قولىدا بىر تال ئەتىرگۈلنى تۇتۇپ، چېچەكلەپ تۇرغان دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقى، ھەرەملىرىنىڭ شاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتـ

قالدىقى، يەنە بىرسىنىڭ چاك چېلىنىۋاتقانلىقى، يەنە بىرسىنىڭ لالە رەڭلىك قەدەھكە
مەي تولدۇرۇپ تۇرغانلىقى، ئىككى قىزنىڭ شاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىپار سې-
پىۋاتقانلىقى، قالغانلىرىنىڭ ھەم خانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ خىزمەتكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى
تەسۋىرلەنگەن. ئەسەر سۈپ-سۈزۈك كۆل سۈيىگە ياكى ئەينەككە ئوخشاش گۈزەل باغ
مەنزىرىسىنى ھەققىي نامايان قىلغان. بىزنىڭ بىلەن بېھزاد تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەس-
ۋىرلەشتىكى كامالىتى ئارقىلىق ئۆز زامانىسى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۈلگە ياراتقان.
بۇنىڭدىن باشقا بېھزاد بۇ دەۋردە سۇلتان ھۆسەيىننىڭ پورترېتىنىمۇ سىزغان بولۇپ، بۇ
ئەسەردە شاھنىڭ تاشقى قىياپىتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر تەرەپ-
لىرىنى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان. بۇ رەسىمدىكى بارلىق ئالامەتلەر بابۇرنىڭ سۇلتان
ھۆسەيىن مىرزا ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان.

## ئىككىنچى، شەيبانىخان ۋە ئىسمائىل سوفىي دەۋرىدىكى بېھزاد.

بۇ ئۇلۇغ رەسسام بېھزادنىڭ شەيبانىخاننىڭ قولىدىن ئىسمائىل سوفىينىڭ قولىغا
ئۆتكەن ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،
ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتىدىكى ئىجادىي پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. 16 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى
ۋاقىتلىرىدا ئىجاد قىلىنغان بېھزاد ئەسەرلىرى بىر تەرەپتىن رەسسامنىڭ پىشقان بەدى-
ئىي ماھارىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھېسسىيا-
تىدىكى مۇرەككەپلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلايدۇ. شىرنىڭ بىلەن بىرگە بۇ باسقۇچ-
تىكى رەسىملەردە بېھزاد روھىي دۇنياسىدىكى قىسمەن مەيۈسلۈكنىڭ كۆلەڭگىلىرىمۇ
كۆزگە تاشلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىلدە بېھزادنىڭ بۈيۈك پەرۋىشچىسى ۋە ئۇستازى
ئەلىشىر نەۋائىي (1501 - يىلى يانۋار) ھەم ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھىمايىچىسى بولغان
سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا (1506 - يىلى 5 - ماي) لار ئارقىمۇ ئارقا بۇ دۇنيا بىلەن
ۋىدالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا دەۋرىدە ئاسايىشلىق ۋە ئەمىنلىك
تاپقان تۆمۈرىلەر دۆلىتى ئەمىرلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن ئەن-
سىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئاقىۋەتتە مۇھەممەد شەيبانىخان (1507 - يىلى ماي) ھىراتنى
ئاسانلا ئىشغال قىلىدۇ. دېمەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىق بولغان، 5 - 6 يىل ئىچىدە
يۈز بەرگەن بۇنداق ئۆزگىرىشلەر بېھزادنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا زور ئەلەم،
ئېغىر زەربە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بابۇر دەل مۇشۇنداق پاراكەندە يىللاردىكى ئەھۋاللار
ھەققىدە توختىلىپ: «يەنە موللا سۇلتان ئەلى مەشھەدى بىلەن بېھزاد مەنسۇرنىڭ خەت
ۋە رەسىملىرىگە قەلەم تەگكۈزۈپ تۈزىتىش كىرگۈزدى»⑧ دەپ يازىدۇ. دېمەك جەمئى-
يەتتە بولۇپ ئۆتكەن بۇنداق زور ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئۇ ئامالسىز قالىدۇ ۋە بۇلار
رەسسامنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇن-
داق ئالامەتلەر ھەم ئۇستازنىڭ بىرىنچى دەۋرلىك ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ،
كېيىنكى دەۋرلىك ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بېھزادنىڭ
بۇ باسقۇچلۇق ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيەت ۋاقتى شەيبانىخان، ئىسمائىل شاھ

(سوفىي) دەۋرلىرىدىن شاھى تەھماسىپ (1524 — 1576) دەۋرلىرىگىچە، بارىدۇ. چۈنكى
ئىسمائىل شاھ (سوفىي) دەۋرىدە ھىراتتىن تەبرىزگە ئۇستاز بىلەن بىرگە بارغان ئۇنىڭ
بىر گۇرۇھ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان قازى ئەھمەد مىرمۇنشى ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق ۋە
تەسۋىرىي سەنئەت نامايەندىلىرى ھەققىدىكى بىر رىسالىسىدە، «ئۇستاز بېھزادنىڭ ئىجا-
دىي پائالىيىتى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن شاھى تەھ-
ماسىپ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىگىچە، داۋام ئەتتى» دەپ يازغانىدى. بۇلار-
دىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، بېھزادنىڭ كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتى ئۆتكۈنچى ھۆ-
كۈمرانلارنىڭ قولىدا روھىي جەھەتتىكى مەيۈسلۈكى بىلەن تاكى 1530 - يىللىرىغىچە
داۋاملاشقان.

بېھزاد بۇ باسقۇچتا خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىغا ئىشلىگەن
نەچچىلىگەن نەپىس ۋە لېرىك رەسىملەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 20 پار-
چىگە يېقىن ئەسەر ئىجاد قىلغان. خاراكتېرلىكى شۇكى، رەسسام بۇ دەۋردە ھەجۋىي
مەزمۇندىمۇ رەسىم سىزغان. بۇ ھەقتە زەيندىن ۋاسىفى بەزى مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

بېھزادنىڭ بۇ دەۋر ئىجادىي ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى دەۋردىكى ئىراننىڭ
مەركىزى تەبرىزدە ئۆتكەن. بېھزاد تەبرىزگە كەلگەندىن كېيىن شاھ ئىسمائىل سوفىي
ئۇنىڭ رەسساملىق تالانتىغا ئېھسان - ئاپىرىنلار ئوقۇلۇپ يېزىلغان بىر پەرماننى چىقى-
رىپ بېھزادنى ئوخشاشلا تەبرىز كىتابخانىسىنىڭ باشلىقلىق مەنسىپىگە تەيىنلىگەن.
گەرچە بېھزاد تەبرىزگە كەلگەندىن كېيىن ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ يىراق
تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنە ۋە مەۋقەسى ئۈزۈلۈپ، بۇ مەكتەپ تاقالغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەردە ياشلىقىنىڭ نەۋبەر چاغلىرىدا ياراتقان «دارا ۋە يىلقىچىلار»
كەبى دەۋر ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەرنى ياراتقان. بۇلار «ئىككى تۆگىنىڭ
ئېلىشىشى» ۋە چىرايلىق باھار مەنزىرىسى ئىچىدىكى ياشانغان شائىر بىلەن بىر يىگىتنىڭ
تەسۋىرىي قاتارلىقلاردۇر.

رەسسام «ئىككى تۆگىنىڭ ئېلىشىشى» ناملىق ئەسىرىدە ئاق ۋە قارىدىن ئىبارەت
ئىككى بۇغرا تۆگىنىڭ تالىشىۋاتقانلىقى، ئىككى كىشىنىڭ تانىلىرىدىن تارتىپ تۆگىلەرنى
ئاجراشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك مۇرەككەپ ھەرىكەتنى قىزىقارلىق ۋە كىشىنى جەلب
قىلارلىق دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرگەن. رەسىمدىكى بۇنداق تەسۋىردىن بىز «ھەققىي»
جەڭ مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئۇلۇغ رەسسام مۇرەككەپ ھالەتلەر چىن ۋە
ئادەمنى ئىشەندۈرەرلىك دەرىجىدە سۈرەتلىگەن بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ
ھاكىمىيەت تالىشىپ، ئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قوزغىغانلىقىدەك ئەينى دەۋرنىڭ زور
ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ تارىخىي پاجىئەلىرىنى
ئىخچام ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىدەك ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن بېھزادنىڭ بۇ ئەسىرىنى باشقا
ئەسەرلىرىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدۇ. بۇ رەسىم سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن تېزلا قولدىن-
قولغا ئۆتكەن. كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىلىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئوڭ تەرەپ
ئۈستىگە: «بۇ تەسۋىر ئەسلىدە قۇرئان ئايەتلىرىدىكى، «ئۇلار تۆگىلەرنىڭ قانداق يارىتىل-

غانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟» دېگەن مەزمۇنغا ئىشارە قىلىندىكى، شىكەستە قەلەملىك، مۇرادى قالمىغان پەقىر بېھزاد ئۆمرى 70 دىن ئاشقاندىن كېيىن يۇقىرى تەجرىبىلىرى نەتىجىسىدە مۇشۇ ئىشقا قول تىقتى. ئاخىرەت كۆنى ئۇنى ئاللادىن ئەپۇ قىلىش سورىلىدۇ»[1] دېگەن مەزمۇندىكى ئىزاھى ئالتىجا قىلىنىپ رەسىم رامكا ئىچىگە ئېلىنغان. بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئىستانبۇلدىكى گۈلىستان سارىيى سەنئەت بۇلۇمى ئەلبۇمىنىڭ 63 - بېتىدە ساقلانماقتا. ئەسەر 1931 - يىلى لوندوندا بولۇپ ئۆتكەن ئىران سەنئىتى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. سەنئەتشۇناسلار بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ 1525 - يىلى ھىراتتا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. 16 - ئەسىرنىڭ تەخمىنەن 30 - يىللىرىدا تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىلەر بېھزادنى ئاخىرقى ئۆمرىنى ھىراتتا ئۆتكۈزۈپ 1536 — 1537 - يىللىرى ۋاپات بولغان دېسە، يەنە بەزىلىرى تەبرىزدە ۋاپات بولۇپ، مېيىتى تەبرىزدىكى كامال خوجەندىنىڭ قەبرىسى يېنىدا قويۇلغان دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، بېھزاد سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمىر تۆمۈردىن شاھ تەھماسپ دەۋرىگىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان تۈركلىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ئىشلىرى مەدەنىيەتتە كىتابچىلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئاجايىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋائىنى مەنىۋى تۈۋرۈك قىلغان سۇلتان ھۈسەيىننىڭ مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت سىياسىتى بېھزاد كەبى بۈيۈك رەسساملارنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بېھزاد باشچىلىقىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھىرات ۋە تەبرىزدە يېتىشىپ چىققان بېھزاد سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى (شاگىرتلىرى) ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ رەسساملىقتىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆندىن - كۈنگە كۆچىيىپ بېرىۋاتقان دىنىي ئەقىدىسى مۇھىتىدا يەنە كېيىنكى دەۋرلەردىكى نەققاشلىق، خەتتاتلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەر ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

تۆۋەندە بىز بېھزاد سەنئەت مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە نامايەندىلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

1. شاھ مۇزەففەر (1481 — 1505). مىرزا ھەيدەر ۋە بابۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە شاھ مۇزەففەر ھەققىدە بەزىبىر بايانلارنى قالدۇرۇپ، ئىنىڭ رەسساملىقتا خاس ۋە نەپىس ئۇسلۇب يارىتالىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ يېتىشىۋاتقان سەنئەتكار بەختكە قارشى 24 يېشىدا ۋاپات بولغان.

2. شەيخزادە مەھمۇد (؟ — 1570). بۇ كىشى مەشھۇر رەسسام ۋە خەتتات بولۇپ، بېھزاد بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن سارىيىدا بىرگە ئىشلىگەن. شەيخزادە 16 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدا 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇراخمان جامىينىڭ «تۆھفە تۇل - ئەھرار» (سۇلتان ئەلى مەشھەدى كۆچۈرگەن نۇسخىسى) ۋە نىزامىنىڭ «خەمسە» سىدە ساقلىنىپ قالغان. ئەڭ مۇھىمى ئۇ نەۋائىنىڭ پورترېتىنى سىزغان. شۇ زامان تارىخچىلىرىدىن زەينىددىن ۋاسىفى نەۋائىنىڭ پورترېتىنى بېھزادنىڭ سىزغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. يەنە بەزىلەر شەيخزادە سىزغان نەۋائىي پورترېتى بىلەن بېھزادنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەزىبىر ئوخشاشلىقلارغا قاراپ، شەيخزادە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان دەپمۇ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن شائىرنىڭ

زامانداشلىرى تەرىپىدىن سىزىلغان، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، چىرايىسى شۇلچە مەنىدار، نۇرلۇق كۆزلىرىدە كىنگىدۇر دىققەت بىلەن تىكىلگەندەك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بۇ بىباھا سۈرەت 1931 - يىلى لوندوندا بولۇپ ئۆتكەن ئىران سەنئىتى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. ھازىر تېھراندىكى شاھەنشاھ كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. شەيخزادە رەسساملىق ئۇسلۇبى بويىچە بېھزادنى ئەسلىتىدىغان ئەڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتتۇر.

3. قاسىم ئەلى چېھرىكەش (پورترېت سىزغۇچى). بېھزادنىڭ شاگىرتى. ماھىر رەسسام ۋە خەتتات. ئۇ شاھ ئىسمائىل سوفىي ھىراتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن سىيىستان ۋىلايىتىگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان. بېھزاد تەبرىزدە شاھ كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى بولغاندا قايتىپ كەلگەن. تارىخچى خاندەمىر ئۆز ئەسىرىدە مەلۇم سەھىپە ئاجرىتىپ ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەرگەن.

4. مەۋلانا خوجا مۇھەممەد نەققاش (؟ — 1507) سۇلتان ھۈسەيىن سارىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، نەققاش ۋە رەسسام، تۈرلۈك ھۈنەرلەر ئىگىسى ۋە شائىردۇر. ئۇ نەۋائىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ۋە ئۇنىڭ كىتابدارى بولغان. نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى: «ئەخلاقتا خىزىر، ئەتۋاردا پەرىشتە» دەپ تەرىپلىسە، تارىخچى خاندەمىر ئۆز ئەسىرىدە، «تۈرلۈك پەن ۋە ئىلىملەر بويىچە كاتتا ماھارەتكە ئىگە ئىدى» دەپ يازغان. ئۇ ھىراتتا چىنىچىلىكنى ئاساس قىلغان كۇلالچىلىق سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەۋائىي ئۈچۈن كەشپ قىلغان تام سائىتى ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ.

5. دەرۋىش مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد مۆمىن (؟ — 1546) زامانىسىنىڭ مەشھۇر رەسسامى ۋە بېھزاد تەسۋىرىي سەنئەت كارخانىسىنىڭ نەققاشى. ئۇ ياشلىقىدا بېھزادقا شاگىرت بولغان. نەۋائىنىڭ دېيىشىچە، بېھزاد تەسۋىرىي سەنئەت كارخانىسىدىكى رەسىملەرنىڭ نادىرلىرىنى ئۇ سىزغان. ئۇ سىزغان بىر ئۈۋەچىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىدا شىرنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى ھەققىدىكى رەسىم ئەڭ مەشھۇردۇر.

6. بەدىئۇززەمان مىرزا (؟ — 1514) نەستەلىق ھەم باشقا خەتلەر ئۇستازى، شۇنداقلا مەشھۇر رەسسام. ئۇ سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئوغلى. نەۋائىنىڭ مۇخلىسى ۋە شاگىرتى. نەۋائىي: «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

7. سۇلتان مۇھەممەد 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان. بېھزاد تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇنەۋۋەر نامايەندىسى. بېھزاد ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بېھزاد مەكتىپىنىڭ ئۇسلۇبى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

8. خوجا ئابدۇلئەزىز نەققاش- شاھ ئىسمائىل كىتابخانىسىنىڭ نەققاشى ۋە رەسسامى، ئۇستاز بېھزادنىڭ شاگىرتى.

9. مەۋلانا مۇزەففەر ئەلى نەققاش — ئۇستاز بېھزادنىڭ جىيەنى. شاھ تەھماسىپ ئۇنىڭ رەسساملىق ۋە نەققاشلىقتىكى ماھارىتىنى بېھزادتىن ئۈستۈن باھالىغان.

10. مەۋلانا يۈسۈپ نەققاش. بېھزادنىڭ شاگىرتى. زەينىددىن ۋاسىفىي ئۆز ئەسىرىدە ئۇزۇن سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ رەسساملىق ۋە خەتتاتلىقتىكى قابىلىيىتىگە يۈكسەك باھا بەرگەن.

بۇلاردىن باشقا، مەشھۇر خەتتات ۋە رەسسام ئابدۇللا مەرۋارىد كىرمانى ۋە خەت-
تاتلىقنىڭ يەتتە خىل ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، سۇلتان ھۈسەيىن سارىيىدا ئىشلى-
گەن ۋە كېيىنرەك ھىندىستان پادىشاھى ھۇمايۇن سارىيىدا كاتتا ئابرويغا ئىگە بول-
غان مەشھۇر خەتتات ھەم نەققاش ئەشرەپخان مىرمۇنشى قاتارلىق نامايەندىلەرمۇ بىھ-
زاد تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ شىپالىق بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچكۈچىلەردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، شەرق مۇسۇلمان ئويغىنىشىنىڭ
ئاخىرقى نامايەندىلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ رەسسام كامالىددىن بىھزاد ئۆزىنىڭ ئاجايىپ
ئەمگەكلىرى ۋە يېتىلگەن تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نامى
ئۇلۇغ ھىراتنىڭ ئىللىق مەنىۋى مۇھىتىنى نۇرلاندۇرۇشتا ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئۇلۇغبەگ،
بايسۇنقۇر مىرزا ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىكى تۆمۈرىلەر دەۋرلىرى شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ
ئەنئەنە، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي غايە جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈردى.
كېيىنكى ئەسىرلەردىكى شەرق «خەمسە» چىلىكىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولغان ھىندىس-
تان مەسەللەر توپلىمى «چاندىرا ـ پاندىرا» غا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بەدىئىي
ھېكمىنىڭ «كەلىلە ۋە دېمنە» ناملىق مەشھۇر ئەسەردىكى پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە ئاسا-
سەن سىزىلىپ، ئەسەرگە قىستۇرما قىلىنغان مەشھۇر رەسسام ئالمىزاتىنىڭ «قۇش ۋە
پادىشاھ»، نامسىز رەسسامنىڭ «تۈلكە، شىر، ئېشەك» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىنىڭ رەڭ،
سىزىق، نۇقتا تەرەپلىرىدىكى ماھارىتىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۇنىلاپ شاگىرتلىرىنى تەربى-
يىلەش بىلەن بىرگە ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى،
نەققاشلىق، رەسساملىق، خەتتاتلىق قاتارلىق تەرەپلەردىن بەدىئىي بېزەك ئېتىبارى بى-
لەن تەبرىز، بۇخارا ۋە ھىرات كىتابخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ
كىتابەت سەنئىتىدە ئەڭ يۇكسەك باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا بىھزاد ھايات
ۋاقتىدا ئۆز ئەسەرلىرىدىن بىر توپلام، شاگىرتلىرى بىلەن 40 پارچە رەسىمنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بىر توپلام تۈزگەن بولۇپ، توپلامدىكى «بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەر بىر نۇق-
تىسى ئادەم كۆزىدەك جانلىق» (ئايبېك) بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز دەۋرىدە
كەڭ تارقالغان. ھەتتا ئۇنىڭ بىر قىسىم رەسىملىرى گىلەم قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارغا
بېزەك سۈپىتىدە كەشتىلەنگەن. دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلۇغ رەسسام
بىھزاد ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدا تۇنجى ئىنسانپەرۋەر،
رېئالىست رەسسام، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى ئىسيانكار سەنئەتكار بولۇشقا
مۇناسىپتۇر.

بۇ يەردە شۇنداق بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيادا
تەسۋىرىي سەنئەت بولۇپمۇ رەسساملىق 15 - ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەنە شۇنداق
ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئەڭ كۆپ
قارشىلىققا ئۇچرىغان بىر ساھە بولدى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاندىن كې-
يىن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى ئالدى بىلەن تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ
قېلىشقاندى. ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتمۇ قويۇق دىنىي خاھىش بىلەن يوپۇقلاندى.
ئىسلام ئۆلىمالىرى رەسساملىق سەنئىتىگە نىسبەتەن تۈرلۈك قاراشلاردا بولدى.
بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە نىسبەتەن قوللاش، ئۇنى ئىسلامىيەت

مەدەنىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پوزىتسىيىدە بولدى، يەنە بەزىلىرى بۇ سەنئەتكە قارشى تۇردى. بولۇپمۇ XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بارغانسېرى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن سوفىزم ئېقىمىنىڭ مەدەنىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى تەسۋىرىي سەنئەتكىمۇ ئېغىر زەربە بەردى. مۇشۇنداق شارائىتتا بېھزادنىڭ رەسىم سىزىشى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئەينى ۋاقىتتىكى ھىراتنىڭ گۈللەپ-ياشنىغان ئىلىم-مەرىپەت ھاۋاسى سورۇن ھازىرلىغان، شۇڭا ئۇ دارغا ئېسىلمىغان.

ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ كۈچەيگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، XVI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىدە رەسساملىق چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا ۋە ئىران ئالىملىرى بىر پۈتۈن چاغاتاي دەۋرى تەسۋىرىي سەنئىتى، بولۇپمۇ رەسساملىقنى مەركەز قىلغان بېھزاد سەنئەت مەكتىپىنىڭ مىراسلىرىنى توپلىدى. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەرلەر يېزىشىپ تەتقىق ئېلىپ باردى. بىراق ئۇلار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ھىرات بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن بېھزاد ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ تەبرىزدە ئىسمائىل شاھنىڭ كىتابخانىسىدا ئىشلەپ قالدۇرغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئىراندا ساقلىنىپ قېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنى ئىران سەنئىتى دائىرىسىگە قوشۇۋېتىشتەك خاتالىقلارغا يول قويدى. بىراق ئافغان ئالىملىرىدىن مۇھەممەد ئەلى، مۇھەممەد ئابدۇللا چاغاتايى، ئەلى ئەھمەد نائىمىلار شەرقنىڭ بۇ بۈيۈك رەسسامى ۋە نەققاشى كامالىددىن بېھزادنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە مەخسۇس ئەسەرلەر ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئىران تەسۋىرىي سەنئىتىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

نۆۋەتتە بېھزاد ۋە ئىزنىڭ سەنئەت مەكتىپى (كەڭ مەنىدە) ئۇنىڭ تارىخى ۋە دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (شىنجاڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئومۇمىي تەسۋىرىي سەنئىتى، بۇنىڭ بىلەن ئىران تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چاغاتاي دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىمىزنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش.

ئىزاھلار

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 92-يىللىق 4-سان، 153-بەت.
② «مىنىئاتيۇرا تارىخىدىن لەۋھەلەر»، تاشكەنت، 1970-يىلى، ئۆزبېكچە نەشرى، 59-بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 93-بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 94-بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 49-بەتلەر
⑥ «بابۇرنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 343-بەت.
⑦ «سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» 87-يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت-سەنئەت كادىرلار مەكتىپى باستۇرغان ئۇيغۇرچە ماتېرىيالنىڭ 22-بېتى
⑧ «بابۇرنامە» يۇقىرىقى نەشرى 389-بەت.
⑨ «مىنىئاتيۇرا تارىخىدىن لەۋھەلەر» يۇقىرىقى نەشرى 115-بەت.

# سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆگىنىش

(«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالە)

ساۋۇت موللاۋۇدوۋ (قازاقستان)

مەلۇمكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلىش تارىخى مەشھۇر تۈركولوگ، ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ (1837 — 1918) بىباھا ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن باشلىنىدۇ. رادلوۋتىن ئىلگىرى بۇ پوئېما ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات فرانسۇز ئالىمى پ. ئا. روبېرنىڭ «ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان تۈركىي قول يازما توغرىلىق ئاخبارات» ناملىق ماقالىسىدە ئېلان قىلىنغان. 1825 - يىلى پارىژدا بېسىلغان بۇ ماقالە «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى بىرىنچى ئىلمىي تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ساھەسىدە تونۇلغان تەتقىقاتچى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور د. م. ناسىلوۋنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەزكۇر ماقالىدە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى، ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ترانسكرىپسىيەسى، پوئېما مۇقەددىمىسىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى فىھرەستى، دەسلەپكى ئون ئىككى بابىنىڭ مەزمۇنى، ئاساسىي ئىدىيەلىرىنىڭ بايانى، پوئېمىنىڭ ۋە قول يازمىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى (سەنەسى) توغرىسىدا شۇنداقلا باشقا مەلۇماتلار بېرىلگەن①.

پروفېسسور ھ. ۋامبېرى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1870 - يىلى ئاۋستىرىيەدە نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن بېسىلىشى ئىلىم ئەھلى دۇنياسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقىنىڭ بىرىنچى ئىلمىي نەشرى دەپ ھېسابلانماقتا. ۋېنگىر ئالىمى بۇ ساھەدە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەشرى تولۇق ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى تۆۋەندىكىچە ئىقرار قىلغان: «... مەنبە ئاساسلىق ئىشلەندى دېگەن پىكىردىن يىراقمەن، ئۇ تۈركولوگىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان بىباھا بايلىقلىرىنى ئۆزىدە سىر تۇتماقتا ۋە مېنىڭ قولۇمغا قارىغاندا ماھىرراق قوللارنى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە»②.

ۋامبېرى ئارمان قىلغان تەتقىقاتچى — ئاكادېمىك رادلوۋ بولدى. روبېرى، ۋامبېرى، رادلوۋلار «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقى سۈپىتىدە ئۆگەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ ئېتىمو-

---

① د. م. ناسىلوۋ «ۋ. ۋ. رادلوۋ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى ئۆگىنىش» «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىللىق توپلىمى، رۇسچە موسكۋا نەشرى، 67 - 68 - بەتلەر.

② د. م. ناسىلوۋنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسى، 70 - بەت.

اوكيمسى توغرىلىق مەلۇمات ھەم چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشكە تىرىشقان. بۇ جەھەتتىن ۋ. رادلوپنىڭ ئاجايىپ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ھاجەت. چۈنكى، بۇ ئالىم پوئېمىنى ئۆگىنىش، نەشر قىلدۇرۇش ھەم نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا ھاياتىنىڭ ئوتتۇز يىلىدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە دائىر» ناملىق مۇقەددىمە ئورنىغا 1890-يىلى يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقاتى پروفېسسور پ. مېلىئورانىسكى تەرىپىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1893-يىلى ئالاھىدە كىتاب بولۇپ چىقتى. گەرچە بۇ كىتابنىڭ مەتبەئەدە بېسىلغىنىغا 100 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى.

شۇ پەيتلەردە، «قۇتادغۇبىلىك» قول يازمىسىنىڭ يالغۇز بىرلا نۇسخىسى ئاۋستىرىيىدە ساقلانغانلىقى ئۈچۈن ۋ. رادلوپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە فوتو نۇسخىسىنى ئېلىش مەقسىتىدە 1884-يىلى ۋېناغا بارغان. قول يازمائۇ ستىدە جىددىي تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئالىم ئەسەرنىڭ فاكسىمىل نەشرىنى 1890-يىلى پېتىربورگدا ئېلان قىلغان. 1891—1910-يىللىرى رادلوپ پوئېمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىسچە، تەرجىمىسىنى، ۋېنا نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغاندا يېڭى تېپىلغان قاھىرە قول يازمىسىدىنمۇ پايدىلانغان.

رادلوپ ۋاپاتىدىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى ئۇنىڭ شاگىرتى پروفېسسور س. مالوف جىددىي تۈردە داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەمگەكلىرىدە پوئېمىغا ئىسلام دەۋرىدىكى دىداكتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە ۋە سەنە قويۇلغان ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىق دەپ خاراكتېرىستىكا بەرگەن.① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ ھەم ئەدەبىياتلىرىنىڭ تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە ئا. ن. ساموپلوۋىچ، ن. ئا. باسكاكوف، ۋ. م. ناسىلوۋ ئا. م. شىرباك، ئى. ر. تېنىشېۋ، ئا. ت قايداروۋ، گ. س. سەدۋاقاسوۋ، ئى. ۋ. ستېبلىۋا، گ. ف. ھلاكوۋا، ق. كەرىموۋ ۋەباشقائالىملاركۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزۈپ بۇ ساھەگە يېتەرلىك ئۈلۈش قوشتى.

پوئېما بىرىنچى نۆۋەتتە قاراخانىلار دەۋرى تىلىنىڭ يازما يادىكارلىقى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنغان. ئالىملارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىگە شۈبھىلەنمىگەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ياكى قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئاساسىي نۇقتا بولدى دەپ ھېسابلىغان. ئۆزبېك تېلىنىڭ تارىخىنى ئۆگەنگەن ئاتاقلىق تۈركولوگ ئا. شىرباك تۆۋەندىكى پىكىرنى ئېيتقان: «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا سىرتقى ئامىللار دائىرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مىراسىنىڭ تەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئىگىدۇر. 11—14. ئەسىرلەر مابەينىدە قەشقەردە شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئەنئەنىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا ئەدەبىي ئۈلگە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئومۇمىي تىلنىڭ تەرەققىياتىغا زېمىن ياراتتى»② دەپ تەكىتلىگەن.

① ئا. شىرباك. «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى قەدىمكى دەۋرىگە دائىر ئاكادېمىك گوردلېۋسكىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب»

② «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى 1945-يىلى 4-سان. رۇس تىلىدا.

بىراق 60 — 70 - يىللىرى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەردە ئەسەرگە بولغان قىزىقىش ئەۋجىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ تىلى ھەققىدە ئېكىز پەس پىكىرلەر ئېيتىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن: قازاق ۋە قىرغىز ئالىملىرى يازما ئەدەبىياتلىرىنىڭ تارىخىنى پەقەت 19 - ياكى 20 - ئەسىرلەردىن تارتىپ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، «قۇتادغۇبىلىك» كە ۋارىسلىق قىلىشقا تىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىسىيات تارىخلىرىنى 11 - ئەسىردىن باشلاش كېرەك دەپ مەيدانغا چىقتى. ئۆزبېك ئالىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا يېقىن قېرىنداشنىڭ ئىسمىنى تامامەن ئۇنتۇپ قالدى.

ئەنە شۇنداق تالاش تارتىشلار پەيتىدە ئاتاقلىق ئالىم ئې. ر. تېنىشېۋ «ئالتۇن يارۇق ۋە قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.① ئۇنىڭدا «ئالتۇن يارۇق» قول يازمىسىدا تۈركچە - ئۇيغۇرچە دېگەن ئېنىقلىما بار، «قۇتادغۇبىلىك» تە بولسا بۇنداق ئېنىقلىما يوق. شۇڭلاشقا بۇلار ئىككى تىلدا يېزىلغان، پۈتۈلگەن ۋاقتىمۇ بىر-بىرىگە يېقىن. شۇنىڭدىن كېيىن تېنىشېۋ «ئالتۇن يارۇق» تىلىنى «د» گۇرۇپپىسىغا، قۇتادغۇبىلىك تىلىنى «ز» گۇرۇپپىغا تەئەللۇق دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دېيىشكە ئاساس يوق دەپ، ئەسەرنىڭ تىلىنى ئومۇمەن چېگىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئېنىقلاش مۇمكىن، ئەمدى چېگىل تىلى بولسا قاراخانىلار دۆلىتىدە ئاساسىي رەسمىي تىل بولغانىكەن، دېگەن پەرەزنى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

مەزكۇر پىكىر تۈپ ماھىيىتى بىلەن خاتا ئىدى. چۈنكى، پروفېسسور س. مالوف يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كىتابىدا شۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلىدا «ز» نىڭ ئورنىغا «د» تاۋۇشىنى قوللىنىش كۆرسىتىلگەنىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش ھاجەت، ئەلۋەتتە. بىرىنچىدىن، مەزكۇر ئىككى ئەسەر بىر دەۋردە يېزىلمىغان. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ بىرى نەسرىي، يەنە بىرى نەزمىدە پۈتۈلگەن. ئۈچىنچىدىن «ئالتۇن يارۇق» تەرجىمە بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» ئورىگىنال ئەسەردۇر. تۆتىنچىدىن، بۇ ئەسەرلەر ئىككى خىل ئىدېئولوگىيىنىڭ، يەنى بۇ بۇددىزم ۋە ئىسلامنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى...

مەقسەت بىلەن ئېيتىلغان بۇ پىكىر بەزى ئالىملارغا يېقىپ قالدى، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس دېگۈچىلەر تېنىشېۋنىڭ خۇلاسىسىنى بەكمۇ قوللىدى. بولۇپمۇ س. مۇتەللىپوۋ، ق. كەرىموۋ، ق. مەھمۇدوۋقا ئوخشاش ئالىملار پائالىيەتچان بولۇپ، تېنىشېۋنىڭ شۇ ئاۋازلىق مەزمۇنىدىكى ماقالىسىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار چېگىل مەسىلىسىنى بۇرۇنلا كۆتۈرۈپ يۈرگەنىدى. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، بۇ پائالىيەتچانلىقنىڭ ئاقىۋىتى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزبېكچە نەشرىگە زىيان يەتكۈزدى. ق. كەرىموۋ «قۇتاتغۇبىلىك» نەشرىدە خاتا يول بىلەن ماڭدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالىم «د» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا ئىنتىردىنتال «ز» نى قوللىنىپ، ئۆزبېكچە «د» تاۋۇشىنىڭ ئۈستىگە چېكىت قويۇپ ترانسكرىپسىيە قىلدى. مەسىلەن: ئۇدغۇرمىش، قازاش، ئىزىس.

① «ئاتىكۇ گېئوگرافىيە، دىئالېكتولوگىيە ۋە تىل تارىخى» تېنىشېۋ، 1973 - يىلى، 140 - 141 - بەتلەر، رۇس تىلىدا.

ئې. تېنىشېف پىكرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چوڭ تۈركولوگلار ئۇنىڭغا قەتئىي رەددىيە بېرىشتى. بىرىنچى نۆۋەتتە پروفېسسور ن. باسكاكوپ «تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىنى دەۋرلەشتۈرۈش» ناملىق ماقالىسىنى 1973-يىلى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا «كونا ئۆزبېك تىلى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى مىساللار بىلەن تەكىتلەپ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. «تۈركىي تىل» نىڭ ھەر بىر ۋارىيانتىنى، بىر تەرەپتىن دۆلەت بىرلەشمىسىگە، ئىككىنچى تەرەپتىن ئېتنىك ئاساسىغا نىسبەتەن خاراكتېرلەنگەندە مەملىكەت مىقياسىدا ياندىشاقاندا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ياكى قاراخانىلار تىلى، ئېتنىك جەھەتتىن بولسا ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى دەيمىز. چۈنكى قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ سانلىق قەبىلىسى بولۇپ، شۇلارنىڭ تىلىنى ئەكس ئەتتۈردى.① لېكىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، چېگىل مەسىلىسىنى ئېنىقراق ئېيتقاندا، پەرىزنى ئالغا سۈرگەن تەتقىقاتچىلار چېگىل تىلى توغرىلىق ھېچ قانداق ئىلمىي ئەمگەكنى يارىتالمىدى. چۈنكى، بۇ تىلدا يەنى شېۋىدە يېزىلغان يازما يادىكارلىق مەۋجۇت ئەمەس.

ئۆز پىكرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەن تېنىشېف 1979-يىلى چىققان «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ قوللىنىشىغا دائىر» ناملىق ماقالىسىدە چېگىللارنى ئۇنتۇپ قېلىپ قاراخانى ئۇيغۇر تىلى دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندى. ئالىمنىڭ بۇ پىكرى تۈركولوگىيە پەنى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى قاراخانىلار تىلى، ئۇيغۇر قارلۇق، قارلۇق ئۇيغۇر دېگەن ئاتالغۇلارنى ساموئيلوۋىچ، باسكاكوپ، شېرباك ۋە باشقا ئالىملار ئاللىقاچان قوللىنىپ كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» نى بەدىئىي ئەدەبىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ئۆگىنىش ئىشىغا بېرتېلس، س. ئىۋانوۋ، ئې. ستېبلوۋا، م. فونكىن ۋە باشقا ئالىملارنىڭ بىر قاتار تەتقىقاتلىرى بېغىشلانغان. ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتىنى كەڭ مىقياستا تەكشۈرگەن پروفېسسور بېرتېلس دىققەتكە سازاۋەر مەسىلىنى كۆتۈرۈپ مۇنۇ پىكىر بىلەن ئورتاقلاشتى. نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» نى بىلىش-بىلمەسلىك مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى كۆرمىدى دېيىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى پوئېمىنىڭ ئاساسلىق قول يازمىسى ھىرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن. شىنىڭ بىلەن بىللە نەۋائىي ئەسەرنى ئوقۇغان دېيىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىسپاتلار ھازىرچە يوق. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، نەۋائىي ئەسىرىدىكى ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتىلنىڭ سۆھبىتى مۇنازىرە شەكلى جەھەتتىن قارىغاندا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي قىسىملىرىغا بىزنى يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي نىزامىغا قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يېقىنراق تۇرىدۇ. مەن بۇ يەردە نەۋائىي مەشھۇر ئۇيغۇر پوئېمىسىغا تەقلىد قىلىۋاتىدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت بىر نەرسىنى يەنى «قۇتادغۇبىلىك» چىققان دائىرىلەرنىڭ (مۇھىتلارنىڭ) ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتمەكچىمەن.②

كېيىنكى ئون يىل مابەينىدە قۇتادغۇبىلىك داستانى تۆت قېتىم نەشىر قىلىندى. رۇس تىلىدا (1883—1990) 50 مىڭ تىراژ بىلەن ئىككى قېتىم بېسىلىپ چىقتى. بۇ مەشھۇر مىراسنىڭ تەرجىمىلىرى قازاق (1986) ۋە قىرغىز (1988) تىللىرىدا بېسىلىپ چىقتى. بۇ كىتابلاردىكى مۇقەددىمىلەردە «قۇتادغۇبىلىك» قازاق ياكى قىرغىز تىلىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىق دېيىلمىسىمۇ بىراق بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئۇلۇغ مىراس دېگەن ئىبارىلەرنى قوللاندى. ئاكادېمىك ئا. كونونوف 1983-يىلى «قۇتادغۇ-

② ئې. بېرتېلس، ئىسكەندەر دەققىدە رومان. موسكۋا 1948-يىل نەشرى، 131-بەت.

بىلىك نىڭ» نەشىرىگە بېغىشلانغان ماقالىسىدە پوئېما قارىخانىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرگە كەلدى. ئەسەرنى 1990 - يىلى نەشىرگە تەييارلىغان رۇس ئالىمى م. فونكىن بۇ يادىكارلىق ئارىلاش قارلۇق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي تىلىنىڭ مەدەۋاي دەپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي مىراسى دېگەن كونا پىكىرنى تەكرارلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنىنى شۇنداقلا قەبرىگاھىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەسمىكىن دەپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەم جۇڭگودىكى تەتقىقاتلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭغا قارىماي كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە چىققان كونونوف، ئىۋانوف، فونكىنلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆگىنىش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار دەپ ھېسابلاش لازىم. بۇ نەشىرلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقى مۇخلىسلىرىنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى. چۈنكى، بۇ ئۇلۇغ مىراس مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مىسلىسىز ئۈلۈش قوشقان مۇھىم مەنبەدۇر.

قەدىردان يولداشلار:

«قۇتادغۇبىلىك»كە بېغىشلانغان خەلقئارا مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقىنىمىزغا ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھەممە چەت ئەللىك مېھمانلار نامىدىن ھۆرمەتلىك ساھىبخانلار — سىلەرگە قىزغىن تەشەككۈرىمىزنى ئىزھار قىلىمىز، ئازلا مۇددەت ماباينىدا جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەرەققىياتى پۈتكۈل جاھاننى قايىل قىلدۇرماقتا. شۇ جۈملىدىن 50 تىن ئارتۇق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاجايىپ نەتىجىلەرنى تۆھپە قىلماقتا. بۇ بولتۇر ئۆتكۈزۈلگەن «12 مۇقام» ھەققىدىكى ۋە بۇ قېتىمقى «قۇتادغۇبىلىك» كە بېغىشلانغان خەلقئارا كونفېرېنسىيىلەر بۇنىڭغا روشەن ئىسپات بولالايدۇ. ئەمدى ئون نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ھاياتىغا دائىر مىڭلىغان ماقالە ۋە كىتابلارنىڭ نەشىر قىلىنىشى ھەر قانداق ئىنساننى ھەيران قالدۇردى.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر شاھ ئەسىرى ئاجۇندىكى بەدىئىي سۆز سەنئىتىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور ئۈلۈش بولدى. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەللەردە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزمەكتە. مەسىلەن: بەش - ئالتە يىل ماباينىدا «قۇتادغۇبىلىك» رۇس، قازاق، قىرغىز تىللىرىدا نەشىر ئېتىلدى. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ كەڭ مىقياستا ئوقۇتۇلماقتا. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك ھەم ئوقۇش كىتابلىرىدا ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆلمەس مىراسى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ قازاقىستاننىڭ پىرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى تۇپەيلى قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ ھەر ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ تەرەققىي ئېتىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا مۇھتەرەم بۇرادەرلەر يەنە بىر قېتىم ئۆزرە ئېيتىپ، شەرقنىڭ قەدىمكى شەھىرى بولغان يېڭى بېيجىڭ مۇنبىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى پىكىر مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئورتاقلىشىشقا ئىمكانىيەت ياراتقىنىڭلار ئۈچۈن سەمىمىي مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. دىققەت بىلەن تىڭشىغىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت.



# بەھرام پارس ۋە بالاھۇسن پەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن

پارس ۋىلايىتىدە بەھرام ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئۆزى چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئەقلى-ئادالەتتە جاھان پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئاشىق-شەيدا بولۇپ كۆڭۈل ئارامىنى يوقىتاتتى. ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ ئەتراپىدا ئوۋ قىلىشقا ئەپلىك بولغان توقايزارلار ۋە جاڭگاللىقلار كۆپ ئىدى. بۇ يەردە ھەرخىل ھايۋانلار، ئاجايىپ مەخلۇقاتلار نۇرغۇن ئىدى.

پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن غەمكىن ۋە پەرىشان ئىدى، ئۆزىنىڭ غەم-قايغۇسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن شىكارغا كۆپ چىقاتتى.

بىر كۈنى پادىشاھ: «يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق پۇقرالىرىم ئالدىمغا كەلسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. پۇقرالار پەرمان بويىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. پادىشاھ: «سەھراغا چىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ھەممىسى پادىشاھ بىلەن دەشتكە چىقتى. شاھ بەھرام پۇقرالارغا يېرىم تاش جاينى ئايلىنىپ ئوۋ قىلىشنى بۇيرۇدى. ھەممىسى ھەر تەرەپتىن ئوۋ قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. ئوۋلىغان ئوۋلىرىنى شاھ بەھرامنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈشتى. تۇساتتىن شاھ بەھرام بىر قۇلاننى كۆرۈپ قالدى، قۇلاننىڭ رەڭگى قىزىل، چىرايلىق بولۇپ، تۇرۇپ تۇرالمايتتى. شاھ بەھرام ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قۇلانمۇ شاھ بەھرامغا يېقىنلاشتى. شاھ بەھرام ئاتتىن چۈشۈپ كەمەن تاشلاپ ئاستا-ئاستا بېرىپ ئارقىسىنى سىيلىدى. قۇلانمۇ جىم تۇردى. شاھ بەھرام قۇللىرىغا بىر نەقىشلىك ئىگەر كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، كەلتۈردى. شاھ بەھرام ئۆز قولى بىلەن ئىگەرلەپ ئۈستىگە مىندى. ئەمىرلەر، بەگلەر ۋە پۇقرالار «مۇبارەك بولسۇن» دېيىشتى. شۇندىن كېيىن شاھ بەھرام ئۇنىڭ چەپپىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ بىر قامچا ئۇردى. قۇلان ھاۋاغا ئۇچتى، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ھەممە خەلق بۇنى كۆرۈپ: «ۋادەرىغ! شاھ بەھرامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك ئوغلىمۇ يوق ئىدى» دېيىشىپ ھەيران بولۇپ قايتىشتى.

ئەتىسى ئەمىرلار يىغىلىپ مەسلىھەت قىلدى. دۈشمەن باش كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ۋالىي تەيىنلەش كېرەك، دېگەن پىكىرگە كېلىشىپ ۋەزىرنى شاھ بەھرامنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى.

شاھ بەھرام قۇلاننىڭ يايلىغا مەھكەم يېپىشىپ تۇتۇۋېلىپ ئۇلۇغلارنى ياد ئېتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەۋۋەل باشدە يوقدىن بار ئەتكەن ئەللاھ،
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە، بۇ زارە.
ھەۋا ئىچرە دېدىم نەسرۇن مىنەللاھ،
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە، بۇ زارە.
ھىرسۇ ھەۋايىمدىن يەتتى بۇ ئازار،
كەڭ جەھان بولۇپدۇر كۆزلەرىمە تار،
ئۇن ئىككى ئىماملار ئول تۆرت ۋەلى يار،
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە، بۇ زارە.
باشدىن بۇيلە ئىشنى بارمۇ كۆرگەنلەر،
نەمۇشكىل ئىش باشقە تۇشتى ياررەنلەر،
سىھ تەن ھەفتە تەن جىلتەن غايىپ ئىرانلار
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە، بۇ زارە.
كۆزلەرىم يارىلدى، چىقتى يۈرەكىم
كۆكتىن تەنابىم يوق يەردىن تىرەكىم،
توقسان توققۇز ملك مەشايىخ كېرەكىم
بىزگە ھىممەت بەرگىل قويمە بۇ زارە.
يىغلاسام مەن چەكسەم ئاھى پەر يادى،
كىمسەم باردۇر مەندىن ئىشتىسۇن دادى.
ياراتقان تەڭرىمنىڭ ملك دە بىر ئاتى
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە بۇ زارە.
ھىچ تاپىلماس دەردۇ ئەلەم تەبىبى،
قايسى يەر تۇفراغىم چەكتى نەسبى،
يا مۇھەممەد گۈزەل ھەقنىڭ ھەبىبى
بىزگە، ھىممەت بەرگىل قويمە، بۇ زارە.
فارىس سۇلتانى مەن چۈن ھەۋا كەزدىم،
قەزا ئوقىن شىرىن جانىمغە، تۇزدۇم.
شاھ بەھرام يەردىن كۆكتىن قول ئۈزدىم،
بىزگە ھىممەت بەرگىل قويمە بۇ زارە.

ئەلقىسسە، قۇلان شاھ بەھرامنى بىرنەچچە زاماندىن كېيىن بىر جايغا ئاپىرىپ قويدى. شاھ بەھرام بىھوش بولۇپ يەقىلدى، بىرئازدىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى. ھەيھات! بىر ئاجايىپ لاتاپەتلىك باغنى كۆردى. بۇلبۇللار، ھەر خىل قۇشلار سايراپ تۇرلۇك تۈمەن گۈللەر ئېچىلغان. شاھ بەھرام باغنى تەرىپلەپ ئەمىر ۋە بەگلەرىنى يادلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يەل كۆتەرىب ھەۋا ئۇچتۇم
مەگەر بەگلەر بۇ جەننەتدۇر.
بىھوش بولۇپ ياتىپ ئېردىم
ھەقنىڭ ئەجەپ سۇنئىمن كۆردۇم،
بۇ چەمەنلىك باغە كىردىم.
مەگەر بەگلەر بۇ جەننەتدۇر.
ئاچىلىپتۇر تۈرفە، گۈللار،
سايراشۇر شەيدا بۇلبۇللار،
مۇشكۇ ئەنبەر قۇ - قۇيەللەر،
مەگەر بەگلەر بۇ جەننەتدۇر.
يەغاچلار تۇرمىش سەر - بەسەر،
كەتتى بىزدىن غەم دەردىسەر،
سۇلارى چۈن ھەۋزۇ كەۋسەر
مەگەر بەگلەر بۇ جەننەتدۇر.
بەھرام شاھە رەھمەت بولسۇن،
جانىمىز مىننەت بولسۇن،
يالغانچىغە، زەخمەت بولسۇن،
مەگەر بەگلەر بۇ جەننەتدۇر.

ئەلقىسسە شاھ بەھرام تاماشا قىلىپ يۈرۈپ پەرىلەرنىڭ پادىشاھىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ باغدىن چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەتراپىدا تىللا كەمەر باغلىغان يۈز نەپەر چىرايلىق خىزمەتكارلىرى بار ئىدى، كېلىپ شاھ بەھرامغا سالام قىلدى. شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن پەرىلەر شاھى بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي ئادەمزادنىڭ پادىشاھى، خۇش كېلىپسەن چاغىمىزە،
سەيرگاھىڭ بولسۇن قۇتلۇق، قەدەم باستىڭ باغىمىزە.

سەير گاھدە بولدىڭ دۇچار ئالى ھىممەت بەلەند ئاسار،
سەن شاھىمسەن، مەن خىزمەتكار قوشۇل يۈرەك باغىمىزە.
لايىق ئېردىڭ كۆپ ئەۋسافە ئالۇپ كېلدىڭ كۈھى قافە
تەماشاقىل چار ئەترافە، سولىمىزە، ساغىمىزە.
سەن ـ سەن سۇلتان، مەن قۇل كەبى، باشە سەنچايىن گۈل كەبى،
شاھىم قوندۇڭ بۇلبۇل كەبى باغدا سۇنبۇل تاغىمىزە.
سەفىد شاھ دەر بۇ سەرايىڭ جەننەت كەبى شۇبۇ جايىڭ،
تۇتىيادۇر خاكپايىڭ كۆزلەر بىلەن قاشىمىزە.

شۇندىن كېيىن پەرىلەرنىڭ پادىشاھى:

— مېنى سەفىد شاھ دەپ ئاتايدۇ. كېلىڭ، بىر پىيالە ئىچىپ غەم ـ غۇسسىنى تۆكەيلى،— دەپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. قەدەھلەر ئايلاندۇرۇلدى، كەيپ بولۇشتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن شاھ بەھرامنىڭ قۇلىقىغا ھەر تۈرلۈك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاۋاز چىقارغانلار كۆزگە كۆرۈنمىدى. شاھ بەھرام ھەيران بولۇپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرمىلىرىنى كۆزىگە تارتتى، ھەممىنى كۆردى، ھەيھات! يۈزمىڭلاپ پەرىزاتلار ئىككى تەرەپتە خىزمەت قىلىپ تۇرارمىش. سەفىد شاھ:

— مۇشۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلىڭ،— دېدى. شاھ بەھرام ئۇلاردىن بىر پەرىزاتنى تاللىدى. بۇنىڭغا يەنە ئون پەرىزاتنى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بەردى. سەفىد شاھ بۇيرۇپ بىر ساندۇق كەلتۈردى. ساندۇقنىڭ ئىچىدىن يۈز خىل رەڭمۇرەڭ دەستە ـ دەستە كىيىملەر چىقتى. شاھ بەھرام ھاممامغا چۈشۈپ بولۇپ كىيىملەرنى كىيدى.

شاھ بەھرام پەرىزاتلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بىر كۈنى پەرىلەر شاھى شاھ بەھرامدىن رۇخسەت تىلىدى:

— كەندال شاھ ئاتلىق قۇردىشىمىزنىڭ تويى بار، شۇ يەرگە بېرىپ كېلىمەن.

شاھ بەھرام ماقۇل بولدى. سەفىد شاھ يېنىدىن بىر ئاچقۇچ چىقىرىپ شاھ بەھرامنىڭ قولىغا بەردى:

— بۇ ئولتۇرغان جايىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر باغ بار. ئەگەر خالىسىڭىز شۇ باغقا بېرىپ تاماشا قىلىڭ،— دەپ، ئۆزى كەندال شاھنىڭ ھوزۇرىغا راۋان بولدى.

شاھ بەھرام ئەتىسى ھېلىقى باغقا كىردى. ئالىي ئىمارەتلەر ئاسمانغا تاقاشقاندى. شاھ بەھرام بۇ ئىمارەتلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ چارچىدى. بىر دەستە گۈل ئۈزۈپ بېشىغا قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بىر تۈرلۈك ئاۋاز كەلدى، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا بىر توپ كەپتەرلەر كۆلنىڭ ئەتراپىغا قوندى، بىر سىلكىنىپ پەرىزاتلارغا ئايلاندى. ئاندىن كېيىن كىيىملىرىنى يېشىپ قويۇپ ھەممىسى سۇغا چۆمۈشكە باشلىدى. شاھ بەھرام بۇ پەرىزاتلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ قالدى، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ ھېلىقى پەرىزاتنىڭ كىيىمىنى ئوغرىلىدى.

پەرىلەر سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەمما ھېلىقى چىرايلىق پەرى كىيىملىرىنى تاپالماي ئەتراپقا تەلمۈرۈپ نالە قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. شاھ بەھرام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي پەرى ئاشۇفتە بولمە باقمە ھەريان كەل بېرى،
ئەيلەدى ھۆسنۈڭ مېنى ئەقلىمنى ھەيران كەل بېرى.
ئەقلىۇ ھۇشىمنى ئالىپ سەن ماھ تابان كەل بېرى،
ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۈلدۈر ئۈنجۇ دەندان كەل بېرى.
ئالدى جانىم كۆزلەرىڭ، ئەي شاھى خۇبان، كەل بېرى.

تەندە جانىم ئالغالى قەسد ئىلە چىقتىڭ شانىمە،
تىغى غەمزىڭ بىرلە تۆكسەڭ مەن بېخىل مەن قانىمە.
شىۋەئى نازىڭ مېنى ئوت ياقتى شىرىن جانىمە،
قىلغالى ئەھدۇ ۋەفالار، ئەي سەنەم، كەل يانىمە،
ئەيلەگىل ئەمدى سىز ئىلان ئەھدى بەيمان كەل بېرى.

گۈل يۈزۈڭ كۆرگەچە بۈگۈن سەبرۇ قەرارىم قالمىدى،
ئەيكىم ئالدىڭ تەندە جانۇ ئىختىيارىم قالمىدى.
سەن سىزدىن كەچمەس كۈنىم ھەم رۇزگارىم قالمىدى،
..............................
ھەر تەرەفتە تەرمۈلۈب سەن بولمە لەرزان كەل بېرى.

تەلئەتىڭ شەمئى مۇنەۋۋەردۇر جەمالىڭ ئافتاب،
ئاي يۈزۈڭ كۆرگەچ بۇ كۈن بولدى مېنى ھالىم خەراب.
جانۇدىلدە ئاشىق بولدىم ئەيلەدىڭ باغرىم كەباب
بۇ ئۆتەر يالغانچى دۇنيادا ئاياغى ماھتاب
قويمە، فارىس شاھى مەن بەھرام سۇلتان كەل بېرى.

شاھ بەھرام بۇ غەزەلنى تۈگەتكەندىن كېيىن پەرىزات ئازراق مايىل بولۇپ سالام قىلىپ يېنىغا كەلدى:
— ئەي ئادەمزاتنىڭ پادىشاھى، كىيىملىرىمنىڭ بىرىنى ساقلاپ قېلىپ قالغانلىرىنى بەرگىن،— دېدى. شاھ بەھرام كۆڭلەكنى ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى بەردى. پەرىزات كىيىملىرىنى كىيىپ دەرھال ئۇچۇپ بىر ئالىي ئىمارەتنىڭ بۇرچىغا قونۇپ شاھ بەھرامغا سوئال قويدى. شاھ بەھرام جاۋاب بەردى:

پەرىنىڭ سوئالى:
قاچىپ چىقتىم قوللارىڭدىن سېنىڭ يارىڭ مەن ئەمەسمەن،
يۈرگەل قالما يوللارىڭدىن سېنىڭ يارىڭ مەن ئەمەسمەن.

بەھرامنىڭ جاۋابى:
كەلگىن پەرى، قارا كۆزۈم، سېنىڭ يارىڭ مەن ئېرۇرمەن،

شەھدۇ شەكەر شىرىن سۆزۆم سىنىڭ يارىڭ مەن ئېرۇرمەن.
پەرىنىڭ سوئالى:
غافىل ئىدىم سالدىم ئالە، ئاشىق بولدىڭ بۇ جەمالە،
كەت تۈشمەگىل خام خىيالە، سىنىڭ يارىڭ مەن ئەمەسمەن.
بەھرامنىڭ جاۋابى:
مەن ئاشىقمىڭ ساڭا بەندە قىلىۋم تەمىز بولدىڭ تەندە،
مەن تۈبەندە، سەن بەلەندە سىنىڭ يارىڭ مەن ئېرورمەن
پەرىنىڭ سوئالى:
لىباسلارىم ئالدىڭ مىنىڭ، باردۇرنې مەقسەدىڭ سىنىڭ،
نې سۆزىڭ بار، نې مەتلەبىڭ سىنىڭ يارىڭ مەن ئەمەسمەن.
بەھرامنىڭ جاۋابى:
تۈشدىم سىنىڭ خىيالىڭگە، ئاشىق ئولدۇم جەمالىڭگە،
ئىنتىزارمەن ۋىسالىڭگە، سىنىڭ يارىڭ مەن ئېرۇر مەن.
سوئال: كەلگىل ئادەمزادىم مىنىڭ، كىمغەيىتەر دادىم مىنىڭ
بالا ھۆسن ئاتىم مىنىڭ سىنىڭ يارىڭ مەن ئەمەسمەن.
جاۋاب: شاھ بەھرام دىر ھەۋاسىمەن، غۇنچە، گۈلۈڭ نەۋاسىمەن.
فارس شەھرىنىڭ پادىشاھىمەن سىنىڭ يارىڭ مەن ئېرۇرمەن.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن بالا ھۆسن پەرى:
— ئەي شاھ بەھرام، پەرىزات ئادەمزاتقا بويۇن ئەگمەيدۇ. ئادەمزات ۋاپاسىز. ۋاپاسىزلىقتا پەرىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەشھۇر،— دېدى ۋە يەنە سورىدى،— مىنىڭ كىيىملىرىمنى نېمە مۇددىئا بىلەن ئالدىڭ؟
شاھ بەھرام:
— سىنىڭ ئىشقى ئوتۇڭ ماڭا تەسىر قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىم،— دېدى.
بالا ھۆسن پەرى:
— پەرىلەرنىڭ پادىشاھى سەفىد شاھ كەلسە سىنىڭ ملىك مىنىڭ جېنىمىزدىن بىرىنىمۇ قويمايدۇ. چۈنكى بۇ باغ ئەسلىدە بىر چۆل ئىدى. مەن پەرىزاتلىرىم بىلەن بۇ يەردىكى سۇغا كېلىپ چۆشەردىم. سەفىد شاھ بۇ چۆلدە مىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى مىنىڭ ئۈچۈن ئاۋات قىلدى. ئۇ ھەممە دىۋە پەرىلەرنىڭ پادىشاھى، سەن بولساڭ ئادەمزات،— دەپ بۇ نەسىھەتنى قىلدى:
پەرىنىڭ سوئالى:
كەل ساڭا بولدىم بېرەي ئىنئام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز،
كۆزلەرىمنىڭ رەشەنى گۈلغام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.
بولماغايسەن بول يەرە بەدنام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز،
جانىڭگە قەسد ئەتمە شاھ بەھرام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.

بەھرامنىڭ جاۋابى:
سەرۋى بويلۇق نازەنىن دىلدار سەندىن كەچمەگۈم،
سۆزلەرى شىرىن شەكەر گۇفتار سەندىن كەچمەگۈم.
سەرۋى قامەت شىۋە خۇشرەپتار سەندىن كەچمەگۈم،
بۇ سۇچۇك جاندىن كېچۈرمەن يار سەندىن كەچمەگۈم.

سوئال: دىۋ پەرىلەر شاھدۇر كۆپتۇر سەفدىنىڭ لەشكەرى،
يۇتتالى ئاغزىن ئاچىپ چىققاي بۇ باغنىڭ ئەجدەرى.
قاچ بار باشىڭنى قۇتقار تۇرمە مۇندىن كەت نەرى،
جانىڭ، قەسىد ئەتمە، شاھ بەھرام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.

جاۋاب: كەتمەگۈم سەندىن پەرىم مۇنچە جاپانى بەرسەلەر،
كۇللى ئالەم دىۋلەرى قەسدىمغە ھەردەم كەلسەلەر.
سانسىز لەشكەر يېغىپ سىپ - سىپ بولۇبان تۇرسالەر،
بۇ سۇچۇك جاندىن كېچەرمەن يار سەندىن كەچمەگۈم.

سوئال: قورقامەنكىم سالماغاي ھەم كۆپ مەلامەتلەرماڭا،
چەك ئۆزۈڭ بىريان شاھىم چۈن كېلۇر ھەيغىم ساڭا.
كەت، باشىڭنى يەلغە بەرمە تارت ئۆزۈڭنى بىر ياڭا
جانىڭ، قەسىد ئەتمە شاھ بەھرام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.

جاۋاب: ئۇشبۇ غەمزەڭ تىغى بىرلەن بۇ ئەزىز تەن بولسا لاش،
دىۋ پەرىلەر پارچەسى ياغدۇرسەلەر بىشىمغا تاش.
كەتمەيەم سەندىن پەرىم چۈن قويمىشەم يولىڭا باش،
بۇ سۇچۇك جاندىن كېچۈرمەن يار سەندىن كەچمەگۈم.

سوئال: ئاتما ئوق بۇ تاشە پەيكانىڭ كېرەكمەسمۇ ساڭا،
دىۋ سەفىد كۆرسە تۆكەر قانىڭ كېرەكمەسمۇ ساڭا.
ئۆزنى ئال مۇندىن شىرىن جانىڭ كېرەكمەسمۇ ساڭا،
جانىڭە قەسىد ئەتمە شاھ بەھرام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.

جاۋاب: سالەى ئوت ھۆسنۈڭ كەمالىدىن بىزە ھەيىۇلكەرىم،
سۆيسەلەر ئىشقىڭدا قايتمام ئول نەسىمدەك تىرىم،
ئال بۇ جانىم، بەر مۇرادىم مۇندە قويمە، ئەي پەرىم،
بۇ سۇچۇك جاندىن كېچۈرمەن يار سەندىن كەچمەگۈم.

سوئال: ئايتۇر بالا ھۆسنىكى ئەي پەلەكنىڭ گەردىشى،
مۇپتىلائى ئىشق ئەيلەپ خاتىرىگە تەشۋىشى.
كەچ خىيالىڭدىن مۇشەققەتدۇر بۇ ئاشىقلىق ئىشى،
جانىڭ، قەسىد ئەتمە، شاھ بەھرام بىزدىن كۆڭۈل ئۈز.

جاۋاب: ئەي پەرىم، ئىشقىڭدا شاھ بەھرام ئايدى بىر غەزەل،
باشتا قىسمەت ئەيلە سەھەى ئىشىنە يېقتۇر بەدەل،
يوق قۇتۇلماقتا پەرىم گەر بولسا تەقدىرى ئەزەل،
بۇ سۇچۇك جاندىن كېچۈرمەن يارسەندىن كەچمەگۈم.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەردىن كېيىن بالا ھۆسن بادىلىكى. شاھ بەھرام ئاشىقلىقتىن ئەسلا تانمايدۇ. شاھ بەھرامنىڭ ئاشىقلىقىغا، ئىشقىغا ئىشەنگەن بالا ھۆسن پەرى قىرىق غۇلاچ چېچىنى تاشلىدى، شاھ بەھرام چاچنى مەھكەم تۇتۇپ يېنىغا چىقتى. پەرىزات:

— ئەي شاھىم، مەنۇساغا ئاشىقمەن، قانداق قىلىشىم كېرەك، — دېدى.

شاھ بەھرام بۇ سۆزلەرنى ئېشىتىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ بالا ھۆسن پەرىنىڭ ئىككى قوش ئانارىغا قول ئۇزارتتى. بالا ھۆسن ناز كەرەشمە بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر چەتكە بېرىپ بىر سۆز ئېيتتى:

سوئال:

تالاشىپ سەن بىنەدەپلىك ئەيلەمە،
يۇرگىل بەھرام قول ئۇزاتمە ئانارە.
سەن كېتە بىلمەسسەن بۇ ئىشقىڭ بىلە،
يۇرگىل بەھرام قول ئۇزاتمە ئانارە.

جاۋاب:

يەنە قويما تۇگۇنلەرۇ داغلارى،
كەل نازۇكۇم سەنەم سۆزلىمە بىزدىن.
بىز كېزەيلۇك سەير ئېتىبان باغلارى،
كەل نازۇكۇم سەنەم سۆزلىمە بىزدىن.

سوئال:

شەرتىمىز مەتلەبكە يېتە بىلمەسسەن،
باغلارىڭ تۇگمەسىن تۇنا بىلمەسسەن،
كۆبرۇكسىز يەرلەردىن ئۆتە بىلمەسسەن.
يۇرگىل بەھرام قول ئۇزاتمە ئانارە.

جاۋاب:

كورمەسشەم يوادىن بارىپ كەلمەسەم،
بىلمەدىم كۆبرۇكنى بىر سالمەسەم.
قول ئۇزاتىپ تۇگمەلەرىڭ ئالمەسەم،
كەل نازۇكۇم سەنەم سۆزلىمە بىزدىن.

سوئال:

ئىستەكىڭ بار ئاق يۇزدەكى خاللارغا.
ئەرى زەھرىدىن چەكمەي يەتمەس باللارغا.
كۆزۈڭ كۆرەر، قولۇڭ يەتمەس داللارغا،
يۇرگىل بەھرام قول ئۇزاتمە، ئانارە.



جاۋاب:
غەمزەڭ ئوقدۇر، قاشىڭ مىسلى كاماندۇر،
ئىشقىڭ ھاۋاسىدا سىردىم باياندۇر
مەن تەشنامەن، كەۋسەر لەبىڭدىن قاندۇر،
كەل نازۇكۇم سەنەم سۆزلىمە بىزدىن.
سوئال:
بالا ھۆسن غۇنچە گۈلۈڭ باھارى،
قارا ساچىم قاف تاغىنىڭ شامالى.
يېڭى مېۋە قىلمىش ئالما ئانارى،
يۈرگىل بەھرام قول ئۈزاتمە ئانارە.
جاۋاب:
يېڭى باشتىن مېنى سالمە بەلاغە،
ئاق يۈزە ئاشىقىم قىزىل يەككاگە،
بۇ بەھرامنى باغبان ئەيلە شول باغە،
كەل نازۇكۇم سەنەم سۆزلىمە بىزدىن.

ئەلقىسسە، بۇ سوئال جاۋابتىن كېيىن بالادۆسن پەرى:
— ئەي شاھ بەھرام، مېنىڭ ۋەسلىمگە يېتمەكچى بولساڭ ئەھدۇ-پەيمان قىل، بولمىسا مەن ساڭا بويۇن ئەگمەيمەن. بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى. شۇندىن كېيىن ئىككىسى ئەھدۇ-پەيمان قىلىشتى، ئاندىن كېيىن ئەيش-ئىشرەت زوق ساپالەر بىلەن مەشغۇل بولدى. بالادۆسن پەرى:
— جاپانى سەفىد شاھ چەكتى، راھەتىنى سەن كۆردۈڭ. چۈنكى بۇ باغلار سەفىد شاھنىڭ ئەجرى-مېھنەتى بىلەن بەرپا قىلىنغاندى. ئەمدى ئۇ دوستۇڭ سەفىد شاھ بېشىڭغا نېمە كۈنلەرنى سالىدۇ، ئېھتىيات قىلغىن، — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سوئال:
مەن قورقارمەن شۇم فەلەكدىن،
ئۈستىمىزدىن تۈشسە بۇ كۈن.
سەفىد شاھىم رەھىمسىزدۇر،
سەن بىلە يولۇقسا بۇكۈن.
جاۋاب:
سەن قورقماغىل تەڭرىم بىلۈر،
نە ئىش كەلسە باشىمىزغا.
يولۇڭدا مەن باشىم بەرسەم،
ئىگە بولغۇڭ لاشىمىزغا.
سوئال:
بالا ھۆسن پەھمىسىزدۇر،
مۇندا دېمە ۋەھىمىسىزدۇر.
ئۇشبۇ فەلەك رەھىمسىزدۇر،
ئاغۇ ئاشە قوشسا بۇكۈن.
جاۋاب:
بەھرام شاھ دەر يانە-يانە،
ئوت تۇشۇپتۇ تەنۇ-جانە.
ساغىنۇرمەن بىر يەزدانە،
ئاغۇ تۈشمەس ئاشىمىزغا.

ئەلقىسسە بۇ سۆزلەر تامام بولغاندىن كېيىن بالاھۆسن پەرى بىر سائەت تەپەككۇر قىلىپ:
— ئەي شاھ بەھرام جېنىم ئەپەندىم، غەم قىلما، ساڭا بىر تەدبىر كۆرسىتەي، دوستۇڭ دىۋە، پەرىلەرنىڭ پادىشاھى سەفىد شاھ يېنىڭغا كەلسە ھەرگىز ئۈندىمە، يەنە سۆزلىسە جاۋاب بەرمە، تاكى سۇلايمان پەيغەمبەر نامىدىن ئانت ئىچمىگۈچە شۇنداق قىل. تەڭرى تائالا ئۇنىڭ كۆڭلىگە رەھىمدىللىك سېلىپ، مېنى ساڭا بېغىشلىسا ئەجەپ ئەمەس، — دېدى. ئىككىسى ۋەدىلەشتى. شاھ بەھرام باغدىن چىقىپ باغ ئىشىكىنى بەكىتىپ ئاۋۋالقى جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئەتىسى سەفىد شاھ كەندال شاھنىڭ تويىدىن ئۇرغۇن سوۋغات ۋە تۆھپىلەرنى ئېلىپ، كېلىپ شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا قويدى. بەھرام غەمكىن ئادەمدەك بۇ نەرسىلەرگە قارىماي ئولتۇردى. سەفىد شاھمۇ بىر سائەت بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تەئەججۇپ بارمىقىنى چىشلەپ ھەيرانلىق دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن شاھ بەھرامنىڭ يېنىغا كېلىپ كەيپىياتىنى سورىدى. شاھ بەھرام بېشىنى ئەسلا كۆتەرمىدى. مۇشۇ ئەھۋالدا بىر كېچە-كۈندۈز ئۆتتى. سەفىد شاھ «بۇنىڭ بەلكىم بىر تەلىپى بولسا كېرەك، سىرىنى سوراي» دەپ ئويلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

غەم يېمە، مۇشكۇل ئىشىڭ گەر بولسا ئاسان ئەيلەيىن،
تەندە بولسا جان سېنىڭ دەردىڭگە دەرمان ئەيلەيىن.
دە ماڭا گەر يەتتى قات ئاسماندا بولسا مەتلەبىڭ،
بىر سەدايى نەئرەدىن يەر كۆكنى لەرزان ئەيلەيىن.
گەر غەزەپ بىرلە چىقىبان سەن ئەگەر ھۆكم ئەيلەسەڭ،
تۇرمىسام گۇرزىم ئالىپ يەر بىلە يەكسان ئەيلەيىن.
سەن ئەگەر كۆكدىن يەرە دېسەڭكى ياغدۇر دەر بالا،
ئاھىم ئوتىن ياشناتۇپ ياشىمنى باران ئەيلەيىن.
سەن ئەگەر ساھىبجەمال يۈزىمىڭ پەرىزاد ئىستەسەڭ،
خىزمىتىڭگە كەلتۈرۈپ دۆستىڭغە ھەيران ئەيلەيىن
بۇ سەفىد شاھ ئانت ئىچىپ ھەزرەت سۇلايمان باشىدىن،
تەندە جانىم ئىستەسەڭ يولىڭدە قۇربان ئەيلەيىن.

ئەلقىسسە، بۇنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام: «ئەمدى سەفىد شاھ مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن جېنىمدىن ئەندىشە قىلماي سۇلايمان ئەلەيھىسسالام نامىدىن ئانت ئىچتى. مەن بالاھۆسنىگە ئاشىق بولغانلىقىمنى بايان قىلاي» دەپ ئويلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي سەفىد شاھىم، ئىشىت بىر جانە ئاشىق بولمىشەم،
ئاڭلىغىل ئەرزىمنى بىر جانانە ئاشىق بولمىشەم.
نەۋ باھاردا ئاچىلغان نازە گۈلشەن ئىچرە ھەم
گۈل يۈزى، سۇمبۇل ساچى رەيھانە ئاشىق بولمىشەم.
تىشلارى ئىنجۇ كەبى ئەرنىلەرى ياقۇتدەك
لەئل گەۋھەر مەئدەنى جۇن كانە ئاشىق بولمىشەم.
گۈل يۈزىن كۆرگەچ تۇتاشۇپ كۆيسە، جانىم نى ئەجەب،
گۇيىيا شەمئىغە مەن پەرۋانە ئاشىق بولمىشەم
كۆزى جاللاد، قاشلارى شەمشىردەك جانىم ئالۇر،
غەمزەسى ئوقە، كىرپىكى پەيكانە ئاشىق بولمىشەم.
كەتتى ئولكىم چۇن مېنى يولىندە سەرگەردان ئېتىپ،

ئايرۇ تۇشتۇم تەلمۇرۇپ ھەريانە ئاشىق بولمىشەم.
كۆزلەرى بالاھۆسنىغە تۇشتى شول بەھرامنىڭ
جۇملە ئالەم كۆزكۇسى سۇلتانە ئاشىق بولمىشەم.

ئەمما، سەفىد شاھ بالاھۆسنىنىڭ ئېيتىنى ئاڭلىغان ھامان بىر ئاھ تارتتى، تاغۇ - تاشلار لەرزىگە كەلدى. ئۆزى بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئىككى كېچە - كۈندۈز ياتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۆزىگە كېلىپ شاھ بەھرام بىلەن بۇ سوئال - جاۋابنى ئېيتىشتى:

سۇئال: ئول پەرىنىڭ ئاتىن تۇتساڭ قارا باغرىم قانە تۇشەر،
ھەسرەتتىن بىر ئاھ ئۇرسام، تاغلار لەرزان تۇشەر.
جاۋاب: مەن ئىچىپ ئاشىق مەيىن سەرمەست بولۇپ قاچقان مەنمەن،
چىن ئىشقىدا ئول فەرىنىڭ جانۇ تەندىن كەچكەن مەنمەن.
سوئال: ھەركىم شۇڭا يامان سانار تەنىن چېكىپ قانىن شورار،
ئەندامىلارى لەرزان ئۇرۇپ ۋەئدەسى يالغانە تۇشەر.
جاۋاب: بۇلبۇلۇم لالەزارىڭ گۈلشەنى گۈل ئۈزارىڭ،
مەۋسۇمى نەۋ باھارىڭ قىزىل گۈلىن ئاچقان مەنمەن.
سوئال: ھەرتىكەن گۈللارە يەتمەس كۆزۈڭ كۆرەر قولۇڭ تەگمەس،
يەر ۋە كۆكدە مەكان تۇتماس چېكىلىۇر ھەريانە تۇشەر.
جاۋاب: يارىم كەتتى زاغ ئىچىندە، بىزنى قويدى داغ ئىچىندە،
سول يانىدە باغ ئىچىندە بۇيۇن ئىگۇب قوچقان مەنمەن.
سوئال: سەفىد شاھ دەر كەلدىم دادە، ھەيف ئۆمرىڭ بەرمە بادە،
بويۇن ئەگمەگەن ئادەمزادە بىل ئۇچار ئاسمانە تۇشەر.
جاۋاب: كەتتى ھوشىڭ باشىدە بۇ ئىشلەرگە يوقتۇر ۋەھمىڭ،
بالا ھۆسنى ئول مەھبۇبىڭ بەھرام دەركەچكەن مەنمەن.

بۇ سۆزلەردىن كىن سەفىدشاھ بارمىقىنى چىشلىدى:

— ئەي بەھرام، مەن سېنى نېمە ئۈچۈن ۋىلايىتىڭدىن كەلتۇردۇم. ئۆز پۇتۇمغا پالتا چاپتىم، ئۆزۈمگە قىلدىم. ئەي شاھ بەھرام، سەن مېنىڭ ئوغلۇم، بالا ھۆسۈن كېلىنىم بولسۇن، بۇ تەختى - بەختىم ساڭا بولسۇن، - دەپ توققۇز كېچە - كۈندۈز تويى قىلىپ بالا ھۆسنىنى بەھرامغا نىكاھقىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

فارس ۋىلايىتىدە پادىشاھنىڭ ئورنىغا ۋەزىرنى تەختكە ئولتۇرغۇزغانىدى. بىر نەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر مەغرۇرلىنىپ، ھەددىدىن ئېشىپ شاھ بەھرامنىڭ ھەرەملىرىگە قول ئۇزارتتى. پادىشاھنىڭ ھەرىمىدە ساھىبجامال دېگەن چىرايلىق بىر خوتۇنى بارئىدى. ۋەزىر ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى. ئەمما ئۇ:

— ئەگەر ۋەزىر مېنى زورلىسا ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن، كەلمەيمەن، - دېدى. ۋەزىر

دەرغەزەپ بولۇپ بۇنى زىنداندىغا سالدى. ھەر كۈنى يېرىم نان، بىر ئىچىم سۇ بەر-
دى. بۇ خوتۇن شاھ بەھرامدىن ھامىلدار بولغانىدى. ۋاقتى كېلىپ زىندان ئىچىدە
بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنى يۆگەكلەپ سۈت بەردى. شاھ بەھرامنىڭ غايىب بولغىنىغا
بەش يىل بولغانىدى. بۇ ئوغۇل زىندان ئىچىدە بەش ياشقا كىردى. ئانىسى ھەر كۈنى
خۇداغا نالە قىلاتتى.

شاھ بەھرام بالا ھۆسن بىلەن سۆھبەتتە ئىدى. بىر سەھەر ۋاقتىدا چۈش كۆردى.
چۈشىدە شۇ ساھىب-جامال خوتۇنى پەرياد قىلىپ يىغلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەريادىغا
باغرى ئېزىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. كۆڭلى غەم قايغۇغا تولدى. كۆزىدىن ياش
ئاققۇزۇپ بالا ھۆسنگە:

— بۇ كېچە چۈش كۆرۈپ كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ تۇردۇم. بەش يىل بولۇپتۇ،
ۋىلايىتىم، مال-مۈلكۈم، ھەرەملىرىمدىن ئايرىلىپتۇر مەن. ئەمدى ئىلاجى بولسا ئۆز ۋى-
لايىتىمگە بارسام،—دېدى.

— ئەي شاھىم، ئىختىيار ئۆزۈڭدە،—دېدى بالا ھۆسن پەرى. ئۇندىن كېيىن پە-
رىلەر شاھى سەفىد شاھقا مەلۇم قىلدى. سەفىد شاھ پەرمان قىلىپ بىر تەخت كەلتۈردى.
ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تەختكە تولدۇرۇپ تەييار قىلدى. پەرىلەر شاھى بىرتال
چېچىنى بەھرامغا بەردى:

— ھەر قانداق يەردە بېشىڭغا ئىش كەلسە بۇنى كۆيدۈرسەڭ مەن ھازىر بولىمەن،—
دېدى. بەھرام بىلەن بالا ھۆسۈننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ زەبەر دەست تۆت دىۋىگە
ئەمىر قىلدى:

— بۇ تەختنى كۆتۈرۈپ شاھ بەھرام قەيەرنى خالىسا شۇ يەرگە ئاپىرىڭلار، قاچان
رۇخسەت بەرسە شۇ چاغدا قايتىپ كېلىڭلار.

تۆت دىۋە تەختنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، تاغلاردىن ۋادىلاردىن، چۆللەر-
دىن، كۆللەردىن ئۆتۈپ پارس ۋىلايىتىگە كەلدى ۋە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىدا بىر يەرگە
قونىدى، شاھ بەھرام دىۋىلەرگە:

— بۇ يۇرتتىن كەتكىنىمگە بەش يىل بولدى، بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولغىنىدىن
خەۋىرىم يوق، سىلەر تۆگە سۈرىتىدە بولۇڭلار، مەن سودىگەر قىياپىتىدە بولاي،—دېدى.
دىۋىلەر بىر يومۇلۇپ تۆگە سۈرىتىگە كىردى. بەھرام سودىگەر بولۇپ تۆگىلەرنى يې-
تىلەپ كارۋانسارايغا كەلدى. سارايۋەنگە بىرمۇنچە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بەردى. ساراي-
نىڭ بىر جايىنى تەييارلاپ بالا ھۆسننى ساندۇق بىلەن چۈشۈردى. شاھ بەھرام
سورىدى:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كىم؟

سارايۋەن بىر ئاھ ئۇرۇپ:

— بىزنىڭ بىر پادىشاھىمىز بار ئىدى. ئۇنى شاھ بەھرام دەپ ئاتايتتى. ئادالەتتە،
ھۆسن جامالدا ۋە خۇلۇقتا دەۋرانىنىڭ نادىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق پادىشاھ بارا-
ۋەر كېلەلمەيتتى. بۇ پادىشاھ بىر قېتىملىق شىكاردا يوقاپ كەتتى. ئورنىغا پالان ۋەزىر-

نى پادىشاھ قىلدى،— دەپ بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام بالا ھۆسنىنى سارايىنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئۆزى سەھراغا ئوۋ قىلىش ئۈچۈن چىقتى.

شۇ كۈنى ۋەزىرمۇ ئوۋغا چىققاندى، شەھەر ئىچىگە غۇلغۇلا تولدى. بالا ھۆسن «بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ دەرىزىدىن قارىدى. شۇ چاغدا ۋەزىر بالا ھۆسنىنى كۆرۈپ قالدى. ۋەزىر ئەقلىنى يوقىتىپ ساراسىمە بولۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

دەرىزىدىن چىققىنىم بىر ئايە تۇشتى كۆزلەرىم،
ئالەمى روشەن قىلان شەھلايە تۇشتى كۆزلەرىم.
غەمزەسى يوق گويياكىم كىرپىكى يەيكان ئېرۇر،
چۇن قۇرۇلمىش قاشلەرى ئول يايە تۇشتى كۆزلەرىم.
تازە-تازە گۈل ئاچىلمىش نەۋ باھارىڭ پەسلىدە،
گۈلشەن ئىچرە ئول گۈلى رەئنايە تۇشتى كۆزلەرىم.
كۆردىكىم ئولدۇر مەگەر بولسا پەرىمۇ يابەشەر،
ئۇيلە ئۇچراق ھۇرىدۇر مەئۋايە تۇشتى كۆزلەرىم.
سىز دېمەڭكىم ھۆسن ئىچىندە ئۇشبۇ ئادەم زادە بار،
ئۇيلەكىم بىر پەرى پەيكەر سىمايە تۇشتى كۆزلەرىم.
چۇن ۋەزىردەر كۆرمىگەيدىم، كۆيمىگەيدىم كاشكى،
ئاھكىم نەچۇن بۈگۈن سەھرايە تۇشتى كۆزلەرىم.

ۋەزىر بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

—سارايىۋەندىن ئۇقۇشۇڭلار، بۇ نېمە ئەھۋال،— دەپ بۇيرۇدى، بەگلەر سارايىۋەننى كەلتۈردى. سارايىۋەن:

— ئۈچ كۈن بولدى بىر سودىگەر كەلگەن، ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بار، چىرايلىقلىقتا تەڭداشسىز،— دېدى. ۋەزىر:

— ئۇنداق بولسا بىزگە مۇناسىپ ئىكەن، ئېلىپ كېلىڭلار،— دېدى. شۇ زامان ھۇجرىنى بۇزۇپ ئاچتى. بالا ھۆسن:

— بۇ ساندۇقتا مېنىڭ كىيىملىرىم بار، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى سودىگەردە،— دېگەندى، ساندۇقنى دەرھال ئۇرۇپ سۇندۇردى. بالا ھۆسن:

— سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، كىيىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كىيەي، ئاندىن كېيىن پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىگە باراي،— دېدى.

مۇلازىملار تاشقىرىغا چىقىشتى، بالا ھۆسن كىيىملىرىنى كىيىپ بىر يومىلىنىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ ۋەزىر ئولتۇرغان تەختىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قوندى، بۇنى ھەممەيلەن كۆردى. كەپتەر:

— ئەي تۇزكور ھارامزادە، مېنى شاھ بەھرام مىڭ بىر جاپالار بىلەن قاپ تېغىدىن كەلتۈردى. ئەمدى ساڭا ئۆلۈم، ماڭا يول بولسۇن، مېنى ئىزلىگەن كىشى شەھرى سەبزىدىن تاپسۇن،— دەپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ۋەزىرنىڭ ئەھۋالى ئۆز-

گىرىپ ئىچىگە ئوت چۈشتى. ھەممە خەلق شاھ بەھرام ئىلىپ كەلگەن پەرىزات ئىكەن-لىكىنى بىلدى. ۋەزىر ئادەملەرگە بۇيرۇدى:

— ھېلىقى سودىگەر ھەرقانداق يەردە بولسا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.

سارايۋەن بۇ ھارامزادە ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ سارايغا باردى. شاھ بەھرام بىر قۇلان ئوۋلاپ سارايغا كىردى. سارايۋەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سىز كەتكەن سوڭ باشىمىزدىن نەقىسسەلەر ئۆتتى شاھىم،
بىر كەلىمە ئەرز ئەيلەسەم باشە ئىشلار تۈشتى شاھىم.
سۆزۈم ئىشىت، بولغا دىلگىر، شاھى مەردان بولسۇن دەستىگىر،
ئول ھارامزادە ۋەزىر باشە ئىشلار سالدى شاھىم.
كۆچلى ئەدۇلار مەست ئولۇپ قالدى دۈشمەن زىرۇ دەست،
بىر پىيالە مەست ئولۇپ دولقۇن ئۇرۇپ تاشتى شاھىم.
مەھۇبىگىز سەيران ئېتىپ، سۆڭەكلىرىم لەرزان ئېتىپ،
ئوۋ تاغىنى ۋەيران ئېتىپ ئوۋلايىن دەپ ئاشتى شاھىم.
تۈشتى ئانىڭ خىيالىنە، يېتەيىن دەپ ۋىسالىنە،
ئارزۇ بولۇپ جامالىنە بىر جانىدىن كەچتى شاھىم.
دەردىن دېسەم شول زالىمنىڭ، سەن ئىگىسى بول مالىنىڭ،
ۋەزىرنىڭ قىلغان جەۋرىدىن پەرىزادىڭ قاچتى شاھىم.
خاجە ساراي دەرلەر بىزگە، كۆپ ۋەدىلەر ئايدى سىزگە،
ۋەدە بىرىپ شەھرى سەبزىگە كەتەر بولۇپ ئۇچتى شاھىم.

ئەلقىسسە، سارايۋەن بۇ سۆزنى تامام قىلدى، بۇنى ئىشىتىپ شاھ بەھرام بىر ئاھ ئۇردى. ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقتى، ئاندىن كېيىن پەرىلەر شاھى سەفىد شاھ-نىڭ چېچىنى ئوتقا سالدى. شۇ زامان سەفىد شاھ ھازىر بولۇپ:

— ئەي بەھرام شاھ. بېشىڭغا نېمە ئىشلار چۈشتى — دېدى. بەھرام شاھ بۇ سۆزنى ئېيتتى. پەرىلەر شاھى جاۋاب بەردى:

بەھرام:
يېگى باشتىن باشىم قالدى دەرتلەرە،
خەۋەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.
كۆزۈم چۈشتى تۇزانلەرە، گەردلەرە،
خەبەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.

سەفىد:
ھەسرەت ئوتىن شىرىن جانىم سالۇرسەن،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.
ئەي بەھرامىم قانداق خەبەر ئالۇرسەن،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.

بەھرام:
سۇراغ سالىڭ يىغىنلەرە، دەشتلەرە،
نى مۈشكۈل سەۋدالار تۈشتى باشلارە.
زالىم فەلەك ئاغۇ سالدى ئاشلارە،
خەبەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.

جاۋاب:
يوللارىنى كۆرمەمىشىم كىمسەدىن،
ھېچ ئاتىنى سورامىشىم كىمسەدىن.
ئىشتمەدىم بىلمەمىشىم كىمسەدىن،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.

سوئال:
ئالدۇرمىشىم ۋەقت خۇشلىك چاغلارى،
گۈلۈم سولۇپ خازان ئۇردى باغلارى.
فەلەك قويدى داغ ئۇستىنە داغلارى،
خەبەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.

جاۋاب:
كىمدە ئۆچۈڭ باردۇر ئەيلە بەياندىن،
ئالايىن جانىنى، تۆكەيىن قانىن.
بىلمەمىشىم مەن ئانىڭ نامۇ نىشانىن،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.

سوئال:
يۈرەكتە دەردىم چوق يوق مەندە دەرمان،
تۇشۇپدۇر باشىمە بىر ئاخىر زامان.
يارىمنى يىتتۈرۈپ قالدىم سەرگەردان،
خەبەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.

جاۋاب:
بارچەنى ياراتقان سۇبھان ھەققىچۈن،
ئەرشى كۈرسى يەرۇ ئاسمان ھەققىچۈن.
ئانى ئىچەرمەن شاھ سۇلايمان ھەققىچۈن،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.

سوئال:
بەھرام شاھنىڭ ھۇسنى ئالىب كېتىپدۇر،
ئانچە جاپالارى كۆرۈپ كېتىپدۇر.
شەھرى سەبزە ۋەئدە بېرىپ كېتىپدۇر،
خەبەر بەرگىل شەھرى سەبزىنىڭ يولىدىن.

جاۋاب:
سەفىد شاھ دەر مەگەر ئانىڭ بىلمەسەم،
يېقىندا ئىشلەرىدە سوراغ سالماسەم.
بارغاندىن كەلگەندىن خەبەر ئالماسەم،
مەن بىلمەسمەن شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى.

شۇندىن كېيىن سەفىد شاھ:
— مەن ئانامدىن تۇغۇلۇپ ئالەمگە كەلگەندىن بېرى شەھرى سەبز دېگەن شەھەرنى ئاڭلىمىغانمەن، — دېدى. شاھ بەھرام:
— كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەي سەفىد شاھ، بۇ ئىش تۇرۇپ تۇرسۇن، ۋەزىرىڭنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز، مەسلىھەت شۇكى: تۈزكورلۇق قىلغان خىيانەتكار ۋەزىرنىڭ جازاسىنى بەرمەك كېرەك، — دېدى. دىۋىلەر شاھى بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ دىۋە پەرىلەرنى چاقىرىپ تەختىنى كەلتۈرۈپ شەھەرنىڭ بېغىغا ئېلىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى. دىۋىلەر تەختىنى كەلتۈردى. سەفىد شاھ بىر دىۋىگە:
— ۋەزىر ھارامزادىنى كەلتۈر! — دەپ بۇيرۇدى. ۋەزىرنى كەلتۈردى. شاھ بەھرام:
— بۇ ھارامزادىنى ئۈزۈپ پارچە-پارچە قىلىۋەت، — دېدى. شۇ ھامان ۋەزىرنى ئۈزۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ۋەزىر ھارامزادىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەسەر قالمىدى. شەھەر خەلقى بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئاندىن كېيىن شاھ بەھرامنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شاھ بەھرامنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن تەختكە چىقاردى. شاھ بەھرام ۋەزىرگە تەۋە بولغان ئەھلى ھەرەملەرنى سىياسەت مەيدانىغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى جاللاتقا تاپشۇردى. ئۆزى بالا ھۆسنىنى ئىزلىمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەفىد شاھ بەھرام شاھنى تەختكە چىقىرىپ دىۋىلەرگە كۆتەرتىپ كوھىقاپقا ئېلىپ باردى. ھەممە دىۋە پەرىلەرنى چاقىرىپ ئۇلاردىن بالا ھۆسنى تۇرغان شەھرى سەبزىنىڭ يولىنى سورىدى. دىۋە پەرىلەر بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەفىد شاھ ھەيران بولۇپ شاھ بەھرامغا:
— بىزنىڭ يەتتە قېرىندىشىمىز بار. قاپ تاغلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەتتە قەلئەگە پادىشاھدۇر. ئۇلار نەررە شاھ، سەرخاب شاھ، كەنداب شاھ ۋە كەندال شاھدۇر. ئۇلارغا

خەۋەر قىلاي، بەلكىم ئۇلار شەھىرى سەبزىنىڭ يولىنى بىلەر، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەفىد شاھ بىرنەچچە پەرىلەرگە بۇيرۇپ شاھ بەھرامنى كۆتۈرۈپ سەرخاب شاھنىڭ قېشىغا يەتكۈزدى. سەرخاب شاھ شاھ بەھرامنى كۆرگەندىن كېيىن تەزىم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىن جاي بەردى. سەرخاب شاھ پەرىلەرگە:

— قېرىندىشىم سەفىد شاھ بەھرامنىڭ تەرىپىنى قىلغاندى. ئېيتقاندىنمۇ زىيادە ئىكەن، — دېدى. ئىشارەت قىلدى. تائام ۋە شاراب كەلتۈردى. تائامدىن ئازراق يېدى. شۇندىن كېيىن بەھرامدىن ھال-ئەھۋال سورىدى. شاھ بەھرام بۇ ئەبياتنى ئوقۇپ جاۋاب بەردى:

كەتتى يارىم سەن ئىشىت بىچارە قالدىم تەلمۈرۈپ،
قويدى يۈزمىڭ غەم بىلەن ئاۋارە قالدىم تەلمۈرۈپ.
فۇرقەت ئىچرە بولمىشەم كۆپ زار سەرگەردان سەبىل،
ئاھ ئەيلەي باغرىمى يۈز پارە قالدىم تەلمۈرۈپ.
بولدى غايىپ كۆزلەرىمدىن سىررى پەنھان ئىچرە ئول،
مەن ئانىڭ زارىن چېكىپ ئاشكارە قالدىم تەلمۈرۈپ.
كەل ئىشىت بۇ دادىمى چۈن كەتتى يار قولدىن چىقىپ،
ھەسرىتىدىن ئايرىلىپ مەن زارە قالدىم تەلمۈرۈپ.
ئەرزىم ئول باش قويمىشەم مەن شەھرى سەبزنىڭ يولىنە،
كەتتى يارىم، غەم بىلە ئەنكارە قالدىم تەلمۈرۈپ.
شەھرى سەبز ۋەئدە بەرمىش يار شاھ بەھرام ئۈچۈن،
تاپمىسام مۇشتاقمەن دىيدارە قالدىم تەلمۈرۈپ.

شاھ بەھرام بۇ سۆزنى تۈگەتكەندىن كېيىن سەرخاب شاھ ھەم بارلىق دىۋە-پەرىلەرنى چاقىرتىپ شەھرى سەبزنىڭ يولىنى سورىدى. ئۇلار بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەرخاب شاھ ھەيران بولۇپ بەھرامغا:

— ئەي شاھىم، كەنداب ئاتلىق قېرىندىشىم بار، ئەلۋەتتە ئۇ شەھرى سەبزنىڭ يولىنى تېپىپ بېرەر. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن تەۋەررۇك قالغان بىر تەقىيە بار، ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن، خاسىيىتى كۆپ، بىر خاسىيىتى شۇكى ھەركىم بۇ تەقىيەنى بېشىغا كىيسە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن ئۇ ھەممىنى كۆرىدۇ، — دېدى.

شاھ بەھرام خۇشال بولۇپ تەقىيەنى بېشىغا كىيدى. شۇندىن كېيىن سەرخاب شاھ چېچىدىن بىر بۆلەك يۇلۇپ شاھ بەھرامغا بەردى:

— ھەر يەردە بېشىڭغا بىر ئىش چۈشسە ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگىن مەن ھازىر بولىمەن، — دېدى. يەنە خەت يېزىپ كەنداپ شاھقا بىرىش ئۈچۈن شاھ بەھرامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. كۆپ سۆزلەرنى ئېيتىپ تەكىتلىدى. دىۋە-پەرىلەرگە بۇيرۇپ بەھرامنى تەخت بىلەن كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۇچتى. بىرنەچچە زاماندىن كېيىن كەنداب شاھنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ باردى. كەنداپ شاھ بۇلارنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئەپكىلىپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى. خادىملار ئاش ۋە

ئاتام كەلتۇردى. تاۋاۋۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ، شاھ بەھرام بۇ سۆزنى يىغلاپ ئېيتتى:

شاھى كەنداپ ئەرزىم بەيان ئەيلەيىن،
تۇرقە قارا كۆزلۈ پەرىم كېتىپدۇر.
دىلۇ جاندىن سىزگە ئەيان ئەيلەيىن،
قولدىن چىقىپ زۇلفى تارىم كېتىپدۇر.

ئايرۇ تۇشتۇم ياردىن، كۆيدى شىرىن جان،
چىقمىشام سوراغىن سالىبان ھەريان.
مەن كەلدىم داد ئايتىپ زارۇ سەرگەردان،
ئەقلۇ ھۇشۇم، ئىختىيارىم كېتىپدۇر.

قىشقا ئايلانىپتۇر كۆكلەم بەھارىم،
خەزان ئۇرۇپ سولدى باغچەدە بارىم.

قالمادى كۆكۆلدە سەبرۇ قەرارىم،
كېچە-كۈندۈز ئىنتىزارىم كېتىپدۇر.

چىقتى قولدىن يارىم تۇرفە چاغىندە،
قالمىشام ئۆرتەنىپ دەردى داغىندە.
بۇلبۇل ئۇچتى گۇل قالمىدى باغىندە،
گۇلشەن ئىچىدە گۇلئۇزارىم كېتىپدۇر.

شەھدۇ شەككەر شەربەتىدىن ئىچىپدۇر،
شاھى بەھرام ئەزىز باشىدىن كېچىپدۇر.
شەھرى سەبزە ۋەئدە بېرىپ ئۇچۇپدۇر،
نازلى پەرى غەمگۇسارىم كېتىپدۇر.

ئەلقىسسە، كەنداپ شاھ بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن بارلىق دىۋە-پەرىلەرنى چاقىرىپ ئۇلاردىن شەھرى سەبزنىڭ يولىنى سورىدى. دىۋە-پەرىلەر ئېيتتىكى:

— ئەي شاھىم، بىز زادىلا بىلمەيدىكەنمىز.

شاھ بەھرام ئۇلاردىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، تولىمۇ غەمكىن بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. كەنداپ شاھ:

— ئەي شاھ بەھرام، مۇنچىلا قايغۇرۇپ كەتمىگىن. مېنىڭ كەندال شاھ ئاتلىق چوڭ ئاكام بارلىق جىن ۋە پەرىلەرنىڭ شاھىدۇر. ئۇ سېنىڭ ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلىدۇ،— دېدى. كەنداپ شاھتا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر ھاسا بار ئىدى، شۇ ھاسىنى شاھ بەھرامغا ھەدىيە قىلدى. بۇ ھاسىنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىدىكى، ھەرقانداق قۇلۇپ ياكى زەنجىر بولمىسۇن، بىرلا ئىشارەت بىلەن پارە-پارە بولۇپ كېتەتتى. كەنداپ شاھ يەنە چېچىدىن بىرنەچچە تالنى يۇلۇپ شاھ بەھرامغا بەردى ۋە:

— ھەرقانداق جايدا بېشىڭغا بىرەر مۇشكۇل ئىش چۈشسە بۇنى ئوتقا تاشلىساڭ، مەن دەرھال قېشىڭدا ھازىر بولىمەن،— دېدى. ئاندىن ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ بەھرامغا تۇتقۇزدى ۋە بىر خەۋەرچىنى قوشۇپ يولغا سالدى.

ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ ئاخىرى كەندال شاھنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ باردى. شاھ بەھرام قارىغۇدەك بولسا كەندال شاھنىڭ شانۇ شەۋكىتى ھەممىدىن يۇقىرى ئىكەن. كەندال شاھ بەھرامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوردىسىغا ئەكىلىپ، ئۆز تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. مۇلازىملارنى بۇيرۇپ شاھانە زىياپەت تەييارلىتىپ، دەستىخاننى رەڭمۇ رەڭ نازۇ-نېمەتلەر بىلەن بېزىدى. ئاندىن بەھرامنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. بەھرام غىزالانغاچ ئولتۇرۇپ كەندال شاھ بىلەن ئەھۋاللاشتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن سەبىل بىر يار ئۇچۇن ئەرزىمنى ئىزھار ئەيلەسەم،
ھالىمى ساڭا دېيۇپ سىرىمنى ئاشكار ئەيلەسەم.
جىسمىم جاندىن كەتتى بىل زەررە مەدارىم قالمادى،
ئىستەرەم يارىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى بىمار ئەيلەسەم.

چۆللەرە تۇشسەم تەنۇ جانىمنى ئەيلەپ چاك-چاك،
كۆڭلۈمى غەم بىرلە يۈز دەردە گىرىفتار ئەيلەسەم.
سەن ئىشت يار ئىشقىدىن چوق نەرسە تۇشتى باشمە،
تۇرمىسام ئۆزۈمنى چۇن يۈز دەردكە دۇچار ئەيلەسەم.

ئەلقىسسە، كەندال شاھ ئېيتتىكى:

— سىز كېلىشتىن بۇرۇن خەۋىرىڭىز يېتىپ كەلگەنىدى. مەن شەھرى سەبزىنىڭ يولنى بىلىپ كېلىش ئۇچۇن نۇرغۇن دىۋە-پەرىلەرنى ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمىدى. خۇدا خالىسا چوقۇم خىزمىتىڭىزنى ئادا قىلىمەن.

شاھ بەھرام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. خۇشاللىقىدا كەندال شاھقا دۇئالار قىلدى. كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. شەھرى سەبزىنىڭ يولنى ئىزدەپ كەتكەن دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىپ:

— ئەي شاھىم، كوھىقاپنىڭ بارلىق قەلئەلىرىنى كەزدۇق. ئەمما شەھرى سەبزدىن نىشان تاپالمىدۇق، — دېيىشتى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاھ بەھرام غەمكىن بولدى. دەل شۇ چاغدا بىر ئەفرىت دىۋە يېتىپ كېلىپ:

— ئەي شاھىم، نۇرغۇن تاغ ۋە دېڭىزلارنى كېزىپ ئاخىرى شەھرى سەبزىنى تاپتىم. شەھەر ئىچىنىۇ تامامەن كۆرۈپ كەلدىم. سۆيۈنچە بېرىڭ، — دېدى. شاھ بەھرام بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشۋەقت بولدى.

كەندال شاھتا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر جۇپ كەش بار ئىدى. بۇ كەشنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى، ئۇنى كىيگەن ئادەم ھەرقانچە ئۇزۇن يول يۈرسىمۇ ھېرىپ-چارچىمايتتى. كەندال شاھ ئاشۇ كەشنى بەھرامغا بەردى. يەنە چېچىدىن بىرنەچچە تالنى يۇلۇپ بەھرامغا بېرىپ دېدىكى:

— ھەرقانداق جايدا بىرەر مۇشكۇلچىلىككە ئۇچرىساڭ بۇنى ئوتقا سالساڭ مەن دەرھال ھازىر بولىمەن.

ئاندىن شاھ بەھرامنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، دىۋە-پەرىلەرگە پەرمان قىلدى. دىۋىلەر تەختنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۇچتى. ئۇلار تاغۇ-چۆللەرنى كېزىپ بىرنەچچە كۈن ئۇچقاندىن كېيىن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە يېتىپ باردى. شاھ بەھرام تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەھرى سەبزىنىڭ قەلئەسىنى كۆردى. بۇ قەلئە يېشىل زۇمرەتتىن ياسالغان بولۇپ، ئالەمگە نۇر چېچىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بىر ئەفرىت:

— بۇ شەھەر ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغاندۇر. مۇشۇ تاغمۇ ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغلىرىدۇر. بىزگە بۇ تاغنىڭ نېرىسىغا — شەھەرگە ئۆتەككە

رۇخسەت يوقتۇر. خۇدايىمتائالا سىزگە نىجاتلىق بەرسۇن، — دېدى. ئاندىن دىۋە-پەرىلەر شاھ بەھرام بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېتىشتى. شاھ بەھرام ئۆزى يالغۇز تاغ ئۈستىدە قالدى. كۆڭلى غەمگە تولۇپ، ياراتقان تەڭرىگە يالۋۇرۇپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

گۈزەل شاھىم ئەرزىم مېنىڭ،
مېھرىبان جانانە يەتۇر.
غەمزەسى ئوق، قاشى كىمان،
كىرپىكى پەيكانە يەتۇر.

سەن يېتىشتۇرگىل سۇلتانىم،
تۆرە بەرگىل بۇ دىۋانىم.
جىسمىم ئىچرە خەستە جانىم،
دەردىنى دەرمانە يەتۇر.

كىمسە يەتمەس ئەمدادىمى،
سەن ئىشىتكىل فەريادىمى.
قادىر ئاللاھ بۇ دادىمى،
بىر ئەدل سۇلتانە يەتۇر.

ئىشق ئوتىنە كۆيۈپ سۇندۇم،
نالەش ئەيلەپ ساڭا ياندىم.
كۆڭۈل ئاۋلار جان پەيۋەندىم،
جىسمىم ئىچرە جانە يەتۇر.

سەندە بار جەھاننىڭ ئەركى،
تۆز ئەيلەر تاغلار بەركى.
كۆزۈم نۇرى، جانىم كۆركى،
ھۆسن ئىچرە تولغانە يەتۇر.

ئەي پەرىم، ياد ئەيلەپ سىزى،
شاھى بەھرام دەرلەر بىزى.
ۋەئدە بەرمىش شەھرى سەبزى،
شول ئەھدى-پەيمانە يەتۇر.

ئەلقىسسە، شاھ بەھرام ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، قالپاقنى تەتۈرى بېشىغا كىيدى. پۇتىغا كەشنى كىيىپ، «يا ئەھەد، يا سەمەد، مېنى ئاتىڭدىن مەدەد» دەپ شەھرى سەبزىگە قاراپ راۋان بولدى. بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. شەھەر ئىچىگە كىرىپ كۆردىكىم، خالايىقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ھېچكىم شاھ بەھرامنى كۆرمىدى، شاھ بەھرام شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ كۈننى كەچ قىلدى. كېچىنى شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇپ، يەنە شەھەرنى تاماشا قىلىپ ئايلاندى. لېكىن پەرىلەر شاھىنىڭ بارگاھىغا بارىدىغان يول تاپالمىدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى بىر توپ ئادەمنىڭ بىر تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شاھ بەھراممۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار ئاخىرى پادىشاھنىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. شاھنىڭ ئوردىسىنىڭ كۆڭگۈرىسى پەلەككە يەتكۈدەك ئىدى، مىڭلاپ جىن ۋە پەرىلەر شاھنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى. پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىدىن ئالەم زىلزىلىگە كېلۇر ئىدى. پادىشاھنىڭ قېشىدا بىر پەرىزات تۇراتتى. ئۇ بالا ھۆسنىگە بەكمۇ ئوخشاش ئىدى. يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئەرز-ھالىنى ئېيتاي دېسە، باشقىلار بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. قاراۋۇللارمۇ نېمىندۇر سەزگەندەك بولۇپ، سەگەكلىشىپ قالدى. بالا ھۆسن شاھ بەھرامنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ يىراقتىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەردى. پادىشاھ بالا ھۆسننىڭ ئادەمزات بىلەن شەرەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى سەل-پەل سېزىپ قىلىپ ئىنىكئانىسىغا دېدىكى:

— قىزىمغا بېرىپ دېگىن، ئادەمزاتقا كۆڭۈل بەرمىسۇن!

ئىنىكئانا بالا ھۆسنگە:

— ئاتىڭىز ئېيتدۇكى، «ئادەمزاتتىن ئەلچى كەلگەن ئىمىش. قىزىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمىسۇن. ئادەمزات بىۋاپا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆڭلىنى ئۈزسۇن. بىزنى خەلق ئارىسىدا رەسۋا قىلمىسۇن. ئۇنىڭ يەنە بىرقانچە خوتۇنى باردۇر» دەيدۇ، — دېدى. شاھ بەھرام بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانىدى. ئىنىكئانا بولسا ئۇنى كۆرمىدى.

— ئەي ئانا، بۇ سۆزلەرنىڭ پايدىسى يوقتۇر. ئەزەلدە تەقدىر بۇيرۇغان بولسا ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە يوقتۇر. ئادەم بالىسى ھەرقانچە بىۋاپا بولسىمۇ مەيلى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىيامەتكىچە ئايرىلماسلىققا ئەھدى پەيمان قىلىشقان. ئەگەر پادىشاھ تىرەمنى تەتۈر سويسىمۇ بۇ ۋەدەمدىن قايتمايمەن، — دېدى بالا ھۆسن پەرى ئاندىن ئۇ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

شول مۇرادىم-مەقسەدىم ئاللاھنى كۆزلەر كۆزلەرىم،
قايتماغايمەن ئەي، ئانا، بەھرامنى كۆزلەر كۆزلەرىم.
يار ئۈچۈن بولسام ئانىڭ ئىشقىدا رەسۋايى جەھان،
ياخشى ئاتىڭ ئىستەمەم بەدنامنى كۆزلەر كۆزلەرىم.
ئەيلەرەم دىلدارىمە گەر بولسا يۈز جانىم فىدا،
كۆزلەرىمنى رەۋشەنى دىيدەمنى كۆزلەر كۆزلەرىم.
ئادەمزاد ئەھلىدىن دېسەڭكى كەچكىل سەن بۈگۈن،
تا قىيامەت قويسە بىر ئەيبامنى كۆزلەر كۆزلەرىم.
كەچ خەيالىم ئەيلەمە بۇ ئەھدۇ پەيمان سەندە بار،
شەھرى فارىس ئەھدى ئىلە پەيماننى كۆزلەر كۆزلەرىم.
مەن ئۆزۈمنى ئەتمەگەيمەن بەندى زىنداندىن خەلاس،
تاكى ئول ياردىن كېلەن پەيغامنى كۆزلەر كۆزلەرىم.
كەچ ئانا، سەن بەرمەگىل بالا ھۆسنگە تەشۋىشى،
قايتماغايمەن ئۇشبۇ بەھرام شاھنى كۆزلەر كۆزلەرىم.

ئەلقىسسە، بالا ھۆسن بۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن شاھ بەھرام ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

نازلى پەرىم جان كېچىپ مەن ساڭا سەيرانە كەلدىم،
ئابدال جەندەسىنى كېيىپ چەرخ ئۇرۇپ جەۋلانە كەلدىم.
سەن يوقارى مەن پەستەيەم، بار ئىقرارە پەستەيەم،
ھەسرەتىڭدىن مەن خەستەيەم دەردىمە دەرمانە كەلدىم.
زەقىب تەئنەسىندىن قاچىپ، قاپۇلارىڭ قۇفلىن ئاچىپ،
نەچچە دېڭىزلاردىن كېچىپ، بۈگۈن شۇ مەيدانە كەلدىم.
غۇنچەسسەن باغۇ بارىڭ گۇل ئاچىلان نەۋ بەھارىڭ،
چېكىپ سېنىڭ ئاھۇ زارىڭ، بۇلبۇلۇم بوستانە كەلدىم.
كۆكسىلەرىڭ باغىن ئاچىڭ، ذال گەردانە گەۋھەر ساچىڭ،

چۈن ئىسمائىل كەلدىم قوچقۇك، كۆر ساڭا قۇربانە كەلدىم.
كەلدىم ئىشكىڭگە داد ئېتىپ، تاجۇ-تەختىم بەرباد ئېتىپ،
گۈل ھۆسنۈڭنى ئازاد ئېتىپ، شەمئ ئۆزە پەرۋانە كەلدىم.
بەھرام شاھ دەر ئەرزىم سىزە، يانىپ كەلدىم شەھرى سەبزە،
دىلبەر ۋەئدە بەردى بىزە، شول ئەھدۇ پەيمانە كەلدىم.

ئەلقىسسە، بالا ھۆسن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇيان-بۇيانغا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمىدى. شاھ بەھرام قاتتىق بىر ئاھ ئۇردى. بالا ھۆسن بۇ ئاھ ئۇرغان ئاۋازنىڭ شاھ بەھرامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىقرارىنە مەھكەم ۋەفالى يارىم،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟
مېھنەت چېكىپ كەلگەن ۋەفالى يارىم،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟

قەبۇل بولمىش مەگەر ھەققە نىيازىڭ،
ئالدى ئېختىيارىم بۇ شىرىن سازىڭ.
غايىبتىن بۇلبۇلدەك كېلۇر ئاۋازىڭ،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان تۇتارسەن؟

سۆيەر-يارىم قۇلاق تۇتقىل سۆزىمە،
زالىم فەلەك پەردە چەكمىش يۈزىمە.
مۇندا كېلىپ كۆرۈنمەيسەن كۆزىمە،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟

باشدا قىسمەت ئەتمىش ياراتقان خالىق،
يۈزلۈ كۆزلەپ ئايىتتىم يۈز جان فىدالىق.
مەگەر كۆردۈڭ بىزدىن بىر بىۋەفالىق،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟

باغلى بولدۇم بىر ئىقرارە، بىر سۆزدە،
نە سەبەبتىن پەردە تۇتۇپسەن يۈزدە،
نە گۇناھۇ تەقسىر تاپتىڭ سەن بىزدە؛
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟

قول-ئاياغىم باغلى، كۆڭلۈم دىلگىردۇر،
ئىگەم قىلغان بىزگە ئەزەل تەقدىردۇر.
تەگرى بىردۇر، ئىقرار بىردۇر، سۆز بىردۇر،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىزدىن پىنھان ئېتەرسەن؟

كېمىسەم يوقتۇر، ھېچكىم كەلمەس يانىمە،
ئۆلۈر بولدۇم، سۇسادىڭمۇ قانىمە؟
بالا ھۆسن ئوتلار سالدىڭ جانىمە،
نېچۈن ئۆزۈڭ بىردىن پىنھان ئېتەرسەن؟

ئەلقىسسە، بالا ھۆسن بۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن شاھ بەھرام بالا ھۆسنىگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بېشىدىن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قالپىقىنى ئالدى. ئاندىن بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق بىر-بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قوللىرىنى سېلىپ، قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇلار ئىماردىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى بىلەن فايىسى ئىشىكنى ئۇرسا شۇ ئىشىكنىڭ قۇلۇپى دەرھال ئېچىلۇر ئىدى. ھاسا بىلەن ئىشىككە ئۇرۇۋىدى، ئىشىك دەرھال ئېچىلدى. شاھ بەھرام بىلەن بالا ھۆسن ئىككىسى ئىچكىرىگە كىردى. ئۇلار يۈزلىرىگە يۈزىنى سۈركەپ يەنە سۆيۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ھەممىسى ھەيران بولۇشتى. بۇ ئىشنى بىردەمدىلا پادىشاھقا خەۋەر قىلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنتىكانا:
— ئەي بالا ھۆسن، بۇ نېمە ئىش؟— دەپ سورىدى. بالا ھۆسن ئىنىكئانىغا مۇنداق دېدى:

دایە كۆر ئەلھەمدۇلىللاھ یارە ئۇغراشتىم بۈگۈن،
ئىشقىدا سەرمەست ئولۇبان قایىنابان تاشتىم بۈگۈن.
باشىمىزدىن كەچكەن ئول ھەرنە ھېكایەت - قىسسەنى،
بىر - بىرىمىزغە، دېیۇپ ئېلەرنى سۆزلەشتىم بۈگۈن.
یاتتىم ئانچە، سۆھبەت ئەیلەپ قول بویۇنغە، سالىشىپ،
ھەم ئۆپۈشۈپ، ھەم قۇچۇشۇپ كۈلدىم، ئویناشتىم بۈگۈن.
باۋەر ئەیلە دایە كۆر دىیدارە ۋاسىل بولمىشام،
ئایرىلىپ بۇ غۇسسە - غەملەردىن ئۇزاغلاشتىم بۈگۈن.
تۆشنى - تۆشكە قویۇبان، ئالما، ئانارىم ئىگەشىپ،
بویىنغە زۇلفۇم تاقىپ قەددىغە چۇلغاشتىم بۈگۈن.
شەھدۇ شەككەر سىندۇرۇپ دۇداغى دۇداغىم سۇرۇپ،
كۆكرەكىم كۆكسىگە، قویۇپ خوپ قۇچاغلاشتىم بۈگۈن.
دائىما بالا ھۆسن یانىدا بەھرام شاھ ئېرۇر،
بىر تۆشەك یاستۇقىدا یار بىرلە چۇلغاشتىم بۈگۈن.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىنىكئانا «بۇ ئىمىدىكەن بىمەنە گەپ» دەپ ئویلاپ قالدى. بۇنى كۆرگەن بالا ھۆسن شاھ بەھرامغا:

— ھەزرىتى سۇلایمان ئەلەیھىسسالامنىڭ ھەققىدە ئىنىكئانىغا ئۆزۈكىنى كۆرسەتكىن،— دېدى. شاھ بەھرام بېشىدىكى سۇلایمان قالپاقىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئىنىكئانىغا كۆرسەتتى. بۇ ھېكمەتنى كۆرگەن ئىنىكئانا ئەجەبلەنگەنلىكىدىن یاقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى. شاھ بەھرام ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىرمۇ بىر بایان قىلدى. ئىنىكئانا شاھ بەھرامنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، بالا ھۆسنىنىڭ ئاتىسىغا سۆیۈنچ ئېیتقىلى بېرىپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھى باكەرەم، شاھ بەھرام نەچچە تاغ ۋە نەچچە، دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن ۋاقىت مۇشەققەت چېكىپتۇ. ئەزىز جېنىدىن كېچىپ ئىزدەپ یۈرۈپ ئاخىرى بالا ھۆسنىنى تېپىپ یېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ۋە خانىش ئىنىكئانىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شاھ بەھرامنى كۆرگىلى كېلىشتى. شاھ بەھرام ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ سالام قىلدى. ئاندىن شاھنىڭ ئایىغىغا باش قویدى. پەرىلەر شاھى شاھ بەھرامنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن یېتىلەپ ئاپىرىپ تەختىگە چىقاردى. پادىشاھ ناغرا - سۇنایلارنى چالدۇردى. بارلىق جىن - پەرىلەر یىغىلىپ ئەیش - ئىشرەت ۋە خۇشاللىققا چۆمدى.

ئەلقىسسە، پەرىلەر شاھى ۋەزىر، ئەمىر ۋە بەگلەرنى یىغىپ:

— بۇ ئىشقا قانداق مەسلىھەت بېرىسىزلەر؟ ئىختىیارنى سىزلەرگە قویدۇم،— دېدى. ئۇلار ئېیتتىكى:

— بالا ھۆسننى شاھ بەھرامغا بېرەيلى.

پادشاھ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ بىرنەچچە كۈن توي - تاماشا قىلدى. تەرەپ - تەرەپتىن جىن - پەرىلەر، ئەفرىتلەر ۋە ئاۋۋاستىلار توپ - توپ تويغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارغا ئاش - ئاتام، تۈرلۈك ناز - نېمەتلەر تارتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بالا ھۆسننى شاھ بەھرامغا قايتىدىن نىكاھلىدى. ئۇلار ئەيش - پاراغەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، پەرىلەر شاھىنىڭ قىزىنى شاھ بەھرامغا بەرگەنلىكى جىمى ئىنس - جىن، دىۋ - پەرىلەرگە مەلۇم بولدى. زەلزەلە ئاتلىق بىر ھارامزادە دىۋە بار ئىدى. «بالا ھۆسننى ئادەمزاتنىڭ پادشاھىغا بېرىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئىشىتىپ غەزەپ ئوتىدا ياندى. ئۇزىگە تەۋە دىۋە - پەرىلەردىن تۆت لەك لەشكەرنى يىغىپ شاھ بەھرامنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلاندى. ئۇ «ئادەمزاتنىڭ پادشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ھۆسننى ئۆزۈم ئالىمەن» دەپ جار سالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرىلەر شاھى تولىمۇ پاراكەندە بولدى. ئۇ شاھ بەھرامنى چاقىرىپ، بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلىش توغرىلىق ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شاھ بەھرام پادشاھتىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا بۇ ئىشنى بالا ھۆسنگە دېدى. بالا ھۆسن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا دەرھال ئاتىسىنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەي ئاتا، نېمىگە قايغۇرۇۋاتىسىز؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەي قىزىم،— دېدى پادشاھ،— دىۋە زەلزەلە تۆت لەك لەشكەرنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ھەددىمىز يوق. ئۇ ھارامزادە ئەمدى بىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتەر...

بالا ھۆسن ئاتىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شاھ بەھرامنى خەۋەردار قىلدى. شاھ بەھرام پادشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى ئېيتتى:

ئەي، قېيىن ئاتا، قورقما دۈشمەن سۆزىدىن،
تۇرغىل شاھىم سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.
سېغىنايلۇق ياراتقاننىڭ ئۆزىدىن،
تۇرغىل شاھىم، سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.

تىڭلاماسلار بەلەندىنە - پەستىنە،
كېلۇر بولسا شەھرىڭىزنى ئۇستىنە.
قۇۋۋەت كېلۇر كۈچ يىگىتنى دەستىنە،
تۇرغىل شاھىم، سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.

بىز لاپ ئۇرۇپ ھەرگىز قەباق قاقماسبىز،
ھەربەھۇدە سۆزلەرىنە باقماسبىز،
مۇنداي لافۇ سىياسەتتىن قورقماسبىز،
تۇرغىل شاھىم، سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.

ئاڭلا بولسا دۈشمەن ھالىن كۆرەلىك،
توپلار قۇرۇپ، سەپ - سەپ بولۇپ تۇرالىك،
يىگىت سورسە قاشۇسىغە بارالىك،
تۇرغىل شاھىم، سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.

غەم كىشىنىڭ قولىن ئاشە يەتۇرمەس،
كۈچلى يىگىت كۆڭلىغە قايغۇ كەتۇرمەس،
ئەندىشىلىك بىر ئىشنى ھېچ بىتۇرمەس،
تۇرغىل شاھىم، سەبا سەۋاش كۈنىدۇر.

ياقام تۇتتۇم سەھەر ھەققە زار ئۈچۈن،
شىرىن جانىم سەبىل ئەتتىم يار ئۈچۈن،
بەھرام شاھ دەر، جان بېرەلىك ئار ئۈچۈن،
تۇرغىل شاھىم، ئاڭلا سەۋاش كۈنىدۇر.

ئەلقىسسە، پەرىلەر شاھى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئاندىن شۇئان دۇشمەنگە قارشى لەشكەر يىغدى. «ئاللاھ كىمگە نۇسرەت ئاتا قىلار» دېگەن ئوي بىلەن ئەتىسى دىۋە زەلزەلە بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقتى. شاھ بەھرام پەرىزاتلارنىڭ پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ قوُرداشلىرىنىڭ چاچلىرىنى ئوتقا تاشلىدى. ئۇلار ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەرنى باشلاپ دەرھال ھازىر بولدى ھەم دىۋە زەلزەلەنىڭ قوشۇنىغا قارشى ئاتلاندى. بۇ چاغدا شاھ بەھرام بىلەن دىۋە زەلزەلە ئۆز ئارا مۇنداق دېيىشتى:

دىۋە:
غەلەت خەيالدىن قول كۆتەر،
تاشلاپ كەتكىل بۇل پەرىنى.
مەندىن بۇگۇن باشىڭ قۇتقار،
ئۆزۈڭ قاچقىل، قوي پەرىنى.

شاھ بەھرام:
بېرى كەل مۇنچە لاپ ئۇرما،
مەن سويمىسام سەن ئېشەكنى.
مەيدان ئىچرە كۆپ كۆرمىشىم،
سېنىڭدەيىن خەر ئېشەكنى.

دىۋە:
ئۇمىدىڭ بولسا بۇ جاندا،
كېزەر بولساڭ كەڭ جەھاندا،
باشىڭنى قۇتقار بول مەيداندا،
قەددى بۇيى دىل پەرىنى.

بەھرام:
ياۋ دۇشمەن مەيداندا ئۆلسۇن،
غەزنە فەرلەر ئۇيۇن سالسۇن،
شىرىن جانە زەيفىڭ كەلسۇن،
شول كۇن كۆرەي سەن ئېشەكنى.

دىۋە:
ئات سالىشىپ يۈرۈك بەگلەر،
دال ـ جەددالنى ئۇرۇك بەگلەر،
فېئلى ئازمىش كۆرۈك بەگلەر،
سەن بېغىشلا گۇل پەرىنى.

بەھرام:
ئەلى زۇلفىقارىن چالام،
بارسام ياقاڭدىن ئالام،
كېسىپ قىلاي قەلەم ـ قەلەم،
تاپماي قاچارلار ئېشەكنى.

دىۋە:
قول كېسىلۇر بوغمىن ـ بوغمىن،
باشىڭ كېسىپ ئالىپ توغمىن،
يانچىلۇرسەن سانىسىزلىقمىن،
سال مەيدانە بىر پەرىنى.

بەھرام:
لاپ ئۇرمىغىل يۈزى قارا،
ھال تۇشەرمۇسەن ئارا،
كېسەلۇرسەن پارە ـ پارە،
قايتقىل دەرمەن سەن ئېشەكنى.

دىۋە:
زەلزەلە دەر، باغرىم كەسسەڭ،
مەغزىم سۈرۈپ، رەگىم چەكسەڭ،
باشىم كېسىپ، قانىم تۆكسەڭ،
نۇش جانىڭ ئال پەرىنى.

بەھرام:
بەھرام شاھ دەر، سېنى تۇتۇپ،
قوللارىڭ ئارقاڭغە تارتىپ،
مەيداندا سەن فەئلىڭ كېتىپ،
نېلەرەم سەن كوچۇك ئېشەكنى.

ئۇ ئىككىسى بۇ گەپلەرنى دېيىشىپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىردىنلا بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، بەزىلىرى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ قىلىچلىرىنى ئوينىتاتتى. بەزىلەر ھاي ـ ھايلىسا، بەزىلەر يىغلايتتى. بەزىلەرنىڭ قېنى چېچىلسا، بەزىلەر دوگىمىپ قوگى ئېچىلاتتى. بەزىلەر ـ

نىڭ بوينى ئۈزۈلسە، بەزىلەرنىڭ جەسەتلىرى چۇۋۇلاتتى. بەزىلەر شىردەك يۈگۈرسە، بەزىلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشاتتى. شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدىكى، قانلار جىلغىلاردا ئېرىق-ئېرىق بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. جەسەتلەر دۆۋىلىشىپ كەتتى. ئادەمنىڭ كاللىلىرى ھەممىلا يەردە سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. شاھ بەھرام ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە دىۋە زەلزەلەنىڭ ئەسكەرلىرىنى شۇنچىلىك قىردىكى، ئۆلۈكلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. تىرىك قالغانلىرىنى ئەسىر ئېلىپ پەرىلەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

شاھ بەھرام دىۋە زەلزەلە بىلەن كەينى-كەينىدىن توققۇز قېتىم ئېلىشتى. ئاخىرى سالغا تاشلاپ دىۋە زەلزەلەنى سالغىغا ئىلىندۇرۇپ ئاندىن ئۇنى مەھكەم باغلىۋالدى. پەرىلەر شاھى ئادەمزاتنىڭ غەيرىتىگە ۋە باتۇرلۇقىغا تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئېيتتى.

شاھ بەھرام دىۋە زەلزەلەنى لەشكەرلىرى بىلەن بىللە مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن بىر نەچچە ۋاقىتقىچە شەھىرى سەبزىدە بالا ھۆسن بىلەن خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ بەھرام ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۆز ۋىلايىتىگە قايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ پادىشاھتىن رۇخسەت سورىدى. پادىشاھ نائىلاج ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى ۋە دىۋىلەرگە:

— شاھ بەھرامنى تەخت بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۆز ۋىلايىتىگە يەتكۈزۈڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى. دىۋىلەر دەرھال شاھ بەھرام بىلەن بالا ھۆسننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ھاۋاغا كۆتۈردى. ئۇلار پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاخىرى پارس ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. دىۋىلەر شاھ بەھرامدىن رۇخسەت ئېلىپ قايتىپ كەتتى. شاھ بەھرام ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقىپ، بالا ھۆسن بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختىيار تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇرغۇن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتتى.



# يولۋاس بىلەن زەينەپ





ئۆتكەن زاماندا زەينەپ ئاتلىق چەزى يامان، ئۇرۇشقاق، تىلى سېسىق بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئېرىنى دائىم تىللايدىكەن. ئېرى بولسا ئۇنىڭغا سەبرى-تاقەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئېرى ئايالىنىڭ بۇ خىل مىجەزىگە تاقەت قىلالماي، ئۇنى راسا دۇمبالاپتۇ. خوتۇنى ئاچچىقىدىن بىر سەھراغا يامانلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا-ماڭا ئادەمزاتسىز بىر دەشت-باياۋانغا بېرىپ قاپتۇ. كۈتۈلمىگەندە ئالدى تەرەپتىن بىر يولۋاس ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتىپ كېلىپ قاپتۇ.

زەينەپ ئۆز-ئۆزىگە: «ئېرىمنىڭ پەرمانىنى تۇتمىغانلىقىمنىڭ جازاسى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپتۇ ۋە يامانلاپ چىققىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمانلارنى يەپتۇ. ئۇ «بۇ بالالاردىن خالاس بولىدىغان بولسام، بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىمنىڭ پەرمانىدىن چىقمايمەن، ھەرگىزمۇ ئۆيىدىن تالاغا چىقمايمەن» دەپ قەسەم قىپتۇ. ۋە: «بۇ ماڭا كەلگەن بىر بالادۇر، ئەمدى بۇنىڭغا بىر ھىيلە ئىشلىتىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ:

— ئەي يولۋاس،— دەپ ۋارقىراپتۇ،— يېقىنراق كەل، ساڭا ئېيتىدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار.

— نېمە گېپىڭ بار؟— دەپتۇ يولۋاس ھەيران بولۇپ.

— ئاگاھ بولغىنكى، بۇ مۇرغىزاردا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر شىر بار. ئۇ، نەچچە نۆۋەت يۇرتىمىزغا كېلىپ كۆپ كىشىلەرنى نابۇت قىلدى. يۇرت خەلقى ئۇ شىرغا تەڭ كېلەلمەي ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ ھەر كۈنى يەيدىغان ئوزۇقى ئۈچۈن ئۈچ ئادەم بەرمەككە پۈتۈشكەنىدى. شۇنىدىن بۇيان يۇرت خەلقى نۆۋەت بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۈگۈن نۆۋەت ماڭا يەتكەنىدى، شۇ يەرگە كېتىپ بارىمەن. سەمىڭدە بولسۇنكى، ئۇ شىرغا ھېچقانداق يولۋاس تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ بىرنەچچە يولۋاسنى تىرىك «ھاپ» ئەتكىنىنى كۆرگەن ئادەم بار. شۇڭا سېنى بولسىمۇ كۈن كۆرسۇن دەپ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي چاققان كەتكىن، دېمەكچىمەن،— دەپتۇ.

يولۋاس زەينەپنى يېيىشنى ناھايىتى خالاپتۇ-يۇ، تۇيۇقسىز شىرنىڭ كېلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەينىگە يېنىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا ئالدىغا بىر تۈلكە ئۇچراپتۇ ۋە يولۋاسنىڭ ساراسىمە ئىچىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. يولۋاس ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، — دەپتۇ تۈلكە، — ئادەملەر ناھايىتى قۇۋ كېلىدۇ ئۇ، سىزنى ئالداپتۇ. ئۇلار چوقۇم بىر كۈنى بىزنى تۇۋلاپ، تېرىلىرىمىزدىن جۇۋا قىلىپ كېيىشىدۇ. ياخشىسى، بۇ ئايالنىڭ ھىيلىسىگە ئىشەنمەي، ئۇنى تۇتۇپ يەيلى. چاققان بولۇڭ، مەنمۇ بىللە بېرىپ، ئۆز نېسىۋەمنى ئالاي. يولۋاس ئېيتىپتۇ:

— ئەي تۈلكە دېگەن ھارامزادە! ئۇ خوتۇن يالغان ئېيتقىنى يوق. مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن. مۇبادا شىر كېلىپ قالسا، سەن بىر تۆشۈكنى تېپىپ كىرىۋالىسەن. مەن شىرنىڭ كۈچلۈك پەنجىسىگە گىرىپتار بولمامدىمەن؟ تۈلكە:

— ئەگەر مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمىسىڭىز، مېنى پۇتىڭىزغا باغلىۋېلىڭ. ئەگەر شىر يېتىپ كەلسە ئاۋۋال مېنى تاشلاپ بەرمەمسىز؟ — دەپتۇ. تۈلكىنىڭ بۇ سۆزى يولۋاسقا ماقۇل كېلىپ، تۈلكىنى ئايىغىغا باغلاپ كەينىگە يېنىپتۇ.

زەينەپ تۈلكىنىڭ يولۋاسنىڭ پۇتىغا باغلاقلىق كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممە ئىشنى پەملەپتۇ. ئۇ دەرھال يولۋاسقا ۋارقىراپ:

— ئەي يولۋاس! خۇيىمۇ ئوبدان كەپسىنا! مەن بىر جادۇگەر خوتۇندۇرمەن. مېنىڭ يەيدىغان غىزايىم شىر گۆشى، ئىچىدىغىنىم يولۋاس شورپىسى ئىدى. باياتىن سېنى شىرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا ماڭا يېقىن كەلسە، تۇتۇۋېلىپ بالىلىرىمغا كاۋاپ ئېتىپ بېرەرمەن دېسەم، قېچىپ كەتتىڭ، ساڭا دېگەن گەپلىرىمگە پۇشايمان قىلىپ تۇراتتىم. ئەمدى ئوبدانىغىنا كەپسەن. تېخى، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئورنۇڭغا بىر ئورۇق تۈلكىنى ئەكەپسەن. مەن بۇنىڭغا ئۇنامدىمەن؟ بۇ كىچىككىنە بىر پارچە گۆش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئەگەر ئۆز ئورنۇڭغا شىر ياكى بىرەر پىل ۋە ياباشقا بىر يولۋاس ئەپكەلگەن بولساڭ مەيلىتتى. ئەمدى سېنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ. تۈلكە، بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ ۋە پەرياد قىپتۇ:

— ئەي يولۋاس، بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن بۇ باياۋاننىڭ ئاپىتى ئىكەن. قۇدرىتىڭ يەتسە دەرھال قېچىپ جېنىڭنى قۇتقازغىن!

يولۋاس شامالدەك قېچىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭ ئايىقىدا سۆرىلىپ، بېشى تاشقا تېگىپ يېرىلىپتۇ. جېنى مىڭ مەرتىۋە چىقىپ مىڭ مەرتىۋە كىرگەندەك بوپتۇ. قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، خىقىراپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەي تۈلكە، نېمە كۈلىسەن؟! — دەپتۇ يولۋاس ئاچچىقىدا.

— سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭغا كۈلىمەن، — دەپتۇ تۈلكە، — سەن نېمە ئۈچۈن مېنى پۇتۇڭغا باغلىۋېلىپ ئۆزۈڭگە ئېغىرلىق سالىسەن؟ ھېلىقى جادۇگەر خوتۇن قوغلاپ يېتىپ كەلسە، ئىككىمىزنى بىراقلا لوقما قىلمامدۇ؟

يولۋاس ئويلاپ باقسا راستىنلا شۇنداق بولغۇدەك، شۇ ئان تۈلكىنى يېشىۋېتىپتۇ. تۈلكە بىر تۆشۈككە كىرىۋاپتۇ. يولۋاس تۈلكىدىن ئاجراپ شۇنداق قېچىپتۇكى، بىر دەمدە كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

زەينەپ بولسا، ئاشۇنداق ھىيلە بىلەن يولۋاستىن قۇتۇلۇپ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆيىگە بېرىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يامان مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ، سىلىق - سىپايە، مۇلايىم بولۇپ قاپتۇ. ئېرىنىڭمۇ ئۆز لايىقىدا ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىككى ئەر - خوتۇن خۇشال - خۇرام ئىناق ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

«جامىئۇل-ھېكايات» ناملىق قول يازمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

# ھېكايەتلەر

«ئەجايىبۇل-مەخلۇقات، غەرايىبۇل-مەۋجۇدات» ناملىق كىتابتىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت

## ئاجايىپ پاراسەت

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر تېۋىپ بىر كېسەل ئادەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن يېمىش يەپسىز، — دېدى

— شۇنداق، — دېدى كېسەل كىشى.

— مىجەزىڭىز ئەسلىگە كەلگۈچە يېمەڭ، — دېدى تېۋىپ. يەنە بىر كۈنى ئۇ تېۋىپ بىر كېسەلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن چۈجە يەپسىز، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ كىشى.

— ھازىر چۈجە يەيدىغان ۋاقىت ئەمەس. كېسەللىكىڭىزگە زىيانلىق، — دېدى تېۋىپ.

خالايىقلار تېۋىپنىڭ دانالىقىدىن ھەيران قېلىشتى. تېۋىپنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ، ھەر ۋاقىت تېۋىپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھۈنەر ئۆگىنەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ، سورىدى. دادىسى:

— مەن ئۇنى ھەقىقىي تىبابەت ئىلمى بىلەن ئەمەس، بەلكى پاراسەت بىلەن بىلدىم. مەن بىرىنچى كېسەلنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ھويلىسىدا ئاقلانغان مېۋە پوستىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. «مېۋە پىشسا يېيىشكە ئالدىرار» دېگەن كەپ بار، شۇڭا ئۇنىڭ مېۋە يېگەنلىكىنى بىلدىم.

يەنە بىر كېسەلنىڭ سارىيىغا بارغانىدىم، قارىسام ئىشىك يېنىدا چۈجىنىڭ يۇلۇنغان قاناتلىرى تۇرۇپتۇ. بىلدىمكى چۈجىنى كېسەل ئادەمدىن باشقا ئادەم يېمەيدۇ. شۇڭا بۇ ساراي بېگى چوقۇم چۈجە يېگەن دەپ بىلدىم، — دېدى.

بالىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگەنگۈسى كەلدى ۋە ساراي بېگىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز بۈگۈن ئېشەك گۆشى يەپسىز، — دېدى.

ساراي بېگى بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى-دە، قاتتىق رەنجىپ:

— توۋا قىلدىم، سىز ئالجىدىڭىزمۇ؟ ئېشەك گۆشىنى كىم يەيدۇ!؟ — دېدى.

تېۋىپنىڭ بالىسى بۇ بىمەدەپ سۆزىدىن خىجىل بولدى. ساراي بېگى تېۋىپقا بالىسىنىڭ قىلغان ھاقارىتىدىن ئەرز قىلدى. تېۋىپ بالىسىنى چاقىرتىپ:

— ئەي ھاماقەت، ئۇنىڭ ئېشەك گۆشى يېگەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. بالىسى مۇنداق دېدى:

— سارايغا بارغانىدىم، قارىسام ئۇ يەردە ئېشەكنىڭ تۇقۇملىرى تۇرۇپتۇ. ئويلىدىمكى، ئەگەر ئېشەك تىرىك بولغان بولسا، تۇقۇم ئېشەكنىڭ ئۇچىسىدا بولغان بولاتتى. شۇڭا ئېشەك ئۆلگەن. ئېشەك بىر بولسا ئۆزى ئۆلدى، بىر بولسا ئۆلتۈرۈلدى. ئەگەر ئۆزى ئۆلگەن بولسا تاپى شۇ يەردە بولغان بولاتتى. شۇڭا ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگەن. كېسەل كىشى ئېشەكنى ئۆلتۈرگەنىكەن، ئۇنى يېمەي قالامدۇ؟ مانا مۇشۇ پاراسەت بىلەن ئېشەك گۆشى يەپسىز، — دېدىم.

## ئاجايىپ تەسەۋۋۇر

بىر كۈنى ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا مۇدەررىسلىك قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، مەدرىسكە ناھايىتى كېلىشكەن ۋە سالاپەتلىك بىر ئادەم كىرىپ كەپتۇ. ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا:

— بۈگۈن شۈك ۋە ناھايىتى ھوشيار ئولتۇرۇڭلار. سۆز قىلغاندا ئېھتىيات قىلىڭلار، كېلىۋاتقان كىشىنىڭ سوئالىغا تۇتۇلۇپ قالماڭلار، — دەپتۇ.

كەلگەن كىشى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپتۇ. ئەبۇ جەئفەر ناماز ۋاقتى ھەققىدە سۆزلەپ:

— ئەگەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن كۈن چىقىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى ئىككىنچى سۇبھى يەنى سۇبھى سادىق ۋاقتىدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت خېلى ئۇزۇندۇر. ئەگەر كۈن چىقىپ كەتسە ناماز بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئۇ كىشى شۇئان سوئال قويۇپ:

— خەپشۇك! خەپشۇك! ئىش بە قىلغان تەسەۋۋۇرنىڭ تەتۈرى ئىكەن، — دەپتۇ ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا قاراپ.

## «ئاقىلانە» بۇيرۇق

مۇئاۋىيە بىننى مەرۋاننىڭ بىر ئېسىل قارچىغىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوردا راۋىقىدا قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇئان:

«پۈتۈن شەھەر دەرۋازىلىرى ئېتىلسۇن. قارچىغا شەھەردىن چىقىپ كەتمەسۇن!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

## تەدبىرگە تەدبىر

بىر كىشى تۆگمەنگە ئۇن تارتىشقا بېرىپتۇ. ئۇ تۆگمەنگە قېتىلغان ئېشەكنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئېشەكنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگمەنچى:

— ماڭا ئۇيقۇ تولا غالىپ كېلىدۇ. ئۇخلىغان ۋاقتىمدا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى چىقمىسىلا ئېشەك ماڭماپتۇ دەيمەن-دە، ۋارقىراپ قويىمەن. ئېشەك داۋاملىق ماڭىدۇ، — دەپتۇ تۆگمەنچى.

— ئەگەر ئېشەك چۆگىلىمەي ئورنىدا تۇرۇپ، بوينىنىلا مىدىرلىتىپ، قوڭغۇراقنى يالغاندىن جىرىڭلىتىپ تۇرسا قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.

تۆگمەنچى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— ئەگەر ئېشىكىمگە بۇنچىلىك ئېشنى بىلگۈچىلىك ئەقىل كىرسە، چوقۇم باشقا بىر تەدبىر تاپىمەن، — دەپتۇ.

## قازاندا نېمه بولسا چۆمۈچته شۇ

ئەبۇ ھەمزىنىڭ ئايالىنىڭ تۇغۇت تولغىقى تۇتۇپتۇ. ئۇ تۇغۇت ئانىسىنى تېپىپ كەپتۇ ۋە:

— بىر تىللا بېرەي، چوقۇم پۇتۇن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىشقىن، بالا ئوغۇل بولسۇن، — دەپتۇ.

### «دانا تەدبىر»

خەلىپە مەئمۇنىڭ زامانىدا دەجلە دەرياسىنىڭ سۇيى ناھايىتى ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. خەلىپە مەئمۇن مەنسۇر بىننى نۇئمانغا مەسلىھەت سېلىپ:

— دەريا سۇيى تېشىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

مەنسۇر بىننى نۇئمان:

— نەچچە يۈز ئادەمنى چېلەك بىلەن دەريا سۇيىنى باشقا تەرەپكە توشۇشقا بۇيرۇق بەرسىلە، — دەپتۇ.

### ماختانچاق قازى

خەلىپە مەئمۇن ۋەسەت دېگەن شەھەرنى ئالماقچى بولۇپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ دەجلە دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ھەلەپ دېگەن شەھەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەپتۇ.

ھەلەپ شەھىرىنىڭ قازىسى بىرمۇنچە ئادەملەرنى چاقىرىپ، ئەگەر خەلىپە مەئمۇن دەريادىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇ ئادەملەرگە ماختاتقۇزماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇنى ماختىغىلى بىر ئادەممۇ كەلمەپتۇ. قازى ئامالسىز ئۆزى كېمىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھى مۇشۇ شەھەرنىڭ قازىسىدۇر، — دەپ ئۆزىنى ماختاپتۇ.

خەلىپە يېنىدىكىلەردىن:

— ئۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ قازىسى، ئۆزىنى ماختاۋاتىدۇ، — دەپتۇ يېنىدىكىلەرى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خەلىپە كۈلۈپتۇۋە:

— شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلاڭلار. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بېرىلمىسۇن. بۇنداق قازى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بولۇشقا ھەرگىز لايىق ئەمەس، — دەپتۇ.

### ھاماقەتلىكنىڭ جازاسى

بىر كۈنى مەسىردىكى بىر مەسچىتكە خالايىقلار يىغىلغان چاغدا، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى سايىدا بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ئۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن بىر ياش مەزلۇم ئىدىم. ئېرىم ئون يىل بۇرۇن سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھازىر مەن بىر يوقسۇل تۇل بولۇپ قالدىم. قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلدىم، ئەمما قازى «ئېرىڭنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىسپات تاپقىن ئاندىن ئەرگە تەگ» دەپ، مېنى ئەرگە تەگكىلى قويمىدى. مەندە ئېرىمنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچقانداق ئىسپات يوق، — دەپتۇ.

خالايىقلاردىن بىرى:

— ماڭا ئىككى تىللا بېرىڭ، مەن قازىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بۇ مەزلۇم مېنىڭ ئايالىم ئىدى، مەن ئۇنى تالاق قىلغان» دەپ

كۆۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرەي. قازى ئاندىن سىزنىڭ ئەرگە تېگىشىڭىزگە رۇخسەت قىلدۇ، — دەپتۇ.

ئايال يېنىدىن تۆت دەرەمنى چىقىرىپ:

— مېنىڭ مۈلكىمدە مۇشۇ تۆت دەرەمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى تۆت دەرەمنى ئېلىپ ئايال بىلەن قازىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشى خالايىقنىڭ ئالدىغا يىغلاپ قايتىپ كەپتۇ. خالايىقلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ئۇ كىشى:

— مەن ئۇ مەزلۇم بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدىن شۇئان ئۇ مەزلۇم قازىغا ئاللاتوۋا قىلىپ: «بۇ مېنىڭ ئېرىم ئىدى. مېنى تاشلاپ بۇ شەھەردىن غايىپ بولۇپ كەتكىنىگە ئون يىل بولدى. ئۇنىڭدىن ئون يىللىق مېھىر ۋە نەپىقەمنى ئېلىپ بەرسىڭىز» دېدى. مەن ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قازى: بۇ مەزلۇمنىڭ ئون يىللىق مېھىر ۋە نەپىقىسى بەددىلىگە ئون تىللا تۆلەپ بەرگىچە زىنداندا ياتسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تىللا ئۈچۈن زىنداندا يېتىپ، ئۇ مەزلۇمغا ئون تىللا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ مەزلۇمغا ئون تىللانىمۇ بەردىم. مەزلۇمدىن ئالغان تۆت دەرەمنى قازىنىڭ دورغىسى ۋە زىندانبەككە بېرىپ ئاخىرى بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ چىقتىم، — دەپتۇ.

## ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسى ھەققىدە

بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئالتۇن ھەميىنىنى قەستلەپ، كەينىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئوغرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن خۇپىيانە ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەميىنىنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپتۇ ۋە خىزمەتكارىنى چاقىرىپ:

— مەن تەرەت ئالىمەن، ئۆگزىگە سۇ ئېلىپ چىق، — دەپ، ئۆگزىگە چىقىپ، تەرەتكە ئولتۇرۇپتۇ. ئوغرى خىزمەتكارنىڭ ئۆگزىگە سۇ ئېلىپ چىققان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە ئۆيگە كىرىپتۇ - دە، ھەميانىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئوغرى بۇ ۋەقەنى ئۆز شېرىكلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شېرىكلىرى:

— ئالتۇننى سەن ئېلىپ ئۇ خىزمەتكارنى بالاغا قويۇپسەن - دە. مۇشۇ تاپتا ھەميانىنىڭ ئىگىسى خىزمەتكارىنى تازا ئۇرۇۋاتقاندۇر، بەلكىم، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئوغرى:

— مەن بېرىپ ھېلىقى خىزمەتكارنى بىر قۇتقۇزۇپ قويۇپ كېلەي جۇمۇ، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن قارىسا، دېگەندەك ھەميان ئىگىسى خىزمەتكارنى «ھەميانىنى تاپ» دەپ تازا ئۇرۇۋاتقانىكەن.

ئوغرى ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئۇ ئادەم چىقىپ:

— كىمسەن؟ — دەپتۇ.

ئوغرى:

— مەن سىزنىڭ دۇكىنىڭىزنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ غۇلامى بولىمەن. سىزگە سالام! — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئاندىن:

— سىز ئالتۇن ھەميىنىڭىزنى شۇ يەردە قويۇپ كېتىپسىز، بىز ئېلىپ قويغان بولساق يىتىپ كېتەر ئىكەن. خوجايىنىم ھەميانىنى سىزگە ئاپىرىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— ھەميان قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ

ئېگىسى. ئوغرى «مانا» دەپ ھەميانىنى يېنىدىن چىقىرىپتۇ ۋە:

— سىز ھەميانىنى ئالغىنىڭىز ھەققىدە بىر پارچە خەت پۈتۈپ بېرىڭ. ئاندىن ئامانىتىڭىزنى سىزگە قايتۇراي، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم خۇشاللىقىدا خەت پۈتۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئوغرى كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ-دە، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

* *

بىر كۈنى بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئېشىگىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ، ئوغرى دەرھال ئېشەكنىڭ نوقتىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بوينىغا ساپتۇ-دە، يولدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى چاقىرىپ:



— سەن دەرھال بۇ ئېشەكنى ئېلىپ كەتكىن. مەن ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى بۇ يەردە گالۋاڭ قىلىپ تۇراي، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئېشەكنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر، ساڭىمۇ پايدا بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم ئېشەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئېشەكنىڭ ئىگىسى يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۆز ئېشىكىنىڭ نوختىسى ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ بوينىدا تۇرغان.

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرىدىن ئۇ كىشى.

— مەن سېنىڭ ئېشىكىڭمەن. مەن ئەسلى بىر ئادەم ئىدىم. ئانامنى قاخشىتىپ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئاللا تائاللا ئانامنىڭ قارغىش دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، مېنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغان. ئانام مېنى ئېلىپ چىقىپ ساڭا ساتقانىدى. كېيىن ئانام مېنىڭ ھالىمغا چىدىماي ئىچى ئاغرىپ، ماڭا رەھمى كەلدى ۋە مەندىن رازى بولۇپ دۇئا قىلغانىدى. مەن يەنە ئادەم سىياقىغا ياندىم. ئەمدى نوختاڭنى ئال، — دەپ بوينىدىن نوختىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ-دە، كېتىپ قاپتۇ.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى نوختىنى تۇتقان ھالدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

* *

بىر ئوغرى بىر مۇنچە ماللارنى كۆتۈرۈپ يولدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۇچرىغانلا ئۆيگە كىرەتتى. ئەگەر ئۆيدە ئادەم بولمىسا ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭاتتى. ئەگەر ئۆيدە ئادەم بولۇپ قالسا: «ماڭا ياردەم قىلىپ ئىشىك ئالدىدىكى پادىشاھنىڭ ماللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭلار» دەيتتى.

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھامىدىن تەزىر

## ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر

ھەزرىتى ئىمامى جەئپىرى سادىق ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى ئىكەن. چۈنكى، ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىمامى ھەسەننىڭ ئەۋلادى ئىكەن. جەئپىرى سادىق پادىشاھىم ئىمام باقىرنىڭ ئوغلى، ئىمام باقىر ھەزرىتى ئىمام زەينۇلئابىدىننىڭ ئوغلى، زەينۇلئابىدىن بولسا ھەزرىتى ئىمام ھەسەننىڭ ئوغلى ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 84 ـ يىلى بۇ زات يۈز نەچچە مىڭ كىشىلىك ئەسكەرنى باشلاپ، ئۆز زامانىسىدىكى ماچىن دۆلىتىنىڭ پايتەختى «شەھرى تىلىسمات»قا كەپتۇ. ئۇرۇشتا ئۇ زات مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، 40 مىڭغا يېقىن ئەسكەر بىلەن قۇم دۆۋىسىنى بويلاپ مەشرىققە چېكىنىپ، كۇرستانغا ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۇرستان شەھرىنىڭ پادىشاھى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ئىمامى جەئپىرى سادىقنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئىمامى جەئپىرى سادىق قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن كۇرستانلىقلار ئارىسىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ بوپتۇ. ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپتۇ. ئىمامى جەئپىرى سادىقنىڭ 40 مىڭ ئادىمىدىن ئۈچ ئادەم ھايات قاپتۇ. ئىمامى جەئپىرى سادىقمۇ ھازىرقى «مازار» دەپ ئاتالغان دۆڭدە يارىلىنىپ يىقىلىپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئورمانلىققا كىرىپ غايىپ بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ زات 85 ياشتا ئىكەنمىش.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ئىمامى جەئپىرى سادىق بۇ يەردىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ مەدىنىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر مەقبەرىسىگە دۇئا قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنمىش. ئۇ زات مەدىنىدە ۋاپات بولغانمىش.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىمامى جەئپىرى سادىق بۇ يەرگە كەلگەن ئەمەس. پادىشاھلىق قىلغانمۇ ئەمەس. بۇ يەردىكى زات ئىمامى جەئپىرى سادىق بولماستىن بەلكى، قاراخانىلار سۇلالىسى خوتەننى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىدىكى بىر قوماندان بولۇپ، ئۆزىنى: «پەيغەمبەر ئەۋلادى سەئىد ئىمامى جەئپىرى سادىقتا سادىق پادىشاھ» دەپ تەرىپلەپ، خەلق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگەن، دېيىلىدۇ.

ئۇ چاغلاردا ماچىن شەھەرلىرى

ئاھايىتى ئاۋات ئىكەن. بۇ يەردىن باشلانغان ئاھالە ئۆيلىرى كوچىغىچە، تۇتاشقان بولۇپ، «شەھرى تىلسىمات»تا ئەگەر بىر كىشى توخۇسىنى «تاخ!» دېسە ئۇ توخۇ ئاۋادا ئۆگزىگە چىقىپ قالسا، شۇ قاقاقلىغان پېتى ئۆگزىدىن چۈشەلمەي كوچاغا بېرىپ قالارمىشكەن. شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز شەھرى تىلسىماتتا يېڭىلىپ، مەشرىققە قاراپ چېكىنگەندە كۇرستانلىقلار بۇ يەردە ئالدىنى توسۇپ ئۇلارنى ھالاك قىلغان. يەرلىك ئادەملەر غەلىبە قىلىپ، ئۆزلىرىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى قۇمغا كۆمگەن. غازات قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ جەسىتى بۇ تۇز تاغ ئەتراپىدا ئۇچۇقلا قېلىپ، بوران-قۇملار تەدرىجىي كۆمۈۋېتكەنمىش. بۇ دۆڭلۈك ئەسلىدە تۇز چىقىدىغان يەر بولۇپ، تۇزچىلار تۇز كولىغاندا، بىر-بىرىگە چاپلىشىپ ياتقان مۇكەممەل ساقلانغان جەسەتلەرنى ئۇچراتقان. بۇ يەردە شۇنچىلا كۆپ جەسەت ۋە قەبرىلەرنىڭ بولۇشى، يېقىن ئەتراپتا ئاھالىنىڭ بولماسلىقى، قەدىمدە يۈز بەرگەن چوڭ بىر جەڭدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ يەرنى جەڭگاھ بىلىپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن.

## شاھ مەشرەپ توغرىسىدىكى رىۋايەت

بابا رەھىم مەشرەپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، سەييىد دەپ ئاتىغان ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغانىكەن. ئۇ خوجىنا ئالدىدىكى ساداقەتلىك بىلەن قىلغان خىزمىتىگە مۇناسىپ «شاھ» مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپتۇ. كېيىنچە ئۇ ئاپاق خوجىدىن ئازار يەپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ قەلەندەرچە ياسىنىپ خوتەن سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇ خوتەن يەرلىرىنى كېزىپ ماچىن دۆلىتىنىڭ پايتەختى «شەھرى تىلسىمات» خارابىسىگە كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇلۇغلىرىمىز توغرىسىدىكى جەڭنامە، رىۋايەتلەرنى، ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىمامى جەئپىرى سادىق يۈرگەن يول» دېيىلگەن دۆڭنى بويلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بۇ دۆڭنىڭ بېشىغا ئاز قالغاندا يولدىن چەتلەپ كېتىپ قاپتۇ. ئورمانلىقتا يا بىرەر ئادەمنى ياكى يولنى تاپالماي، تېنەپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر دار راسلاپ ئېسىلىپ ئۆلۈشكە تەرەددۇت قىلىپ، «ئەي خۇدا يا جېنىمنى ئال، ياكى ئىمامى جەئپىرى سادىقنىڭ نامۇ-نىشانىنى ئاشكارا قىل!» دەپ خۇداغا مۇناجات قىلىپ، توغراق ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچىنىڭ ھالقىسىنى بويىنىغا سېلىپ، يەرگە سەكرەپتۇ. ئەسلىدە مەشرەپ ئېسىلىپ ئۆلۈشى كېرەككەن، لېكىن، توغراقنىڭ شۇنچە، توم پۇتىقى ئاجايىپ سادا چىقىرىپ، يەرگە ئېگىلىپ، مەشرەپنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قاپتۇ. مەشرەپ بۇنى خۇدادىن كەلگەن كارامەت دەپ ئويلاپ توغراق ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭنى، يەنى ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن دۆڭنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرۈپتۇ. «مانا ئىمامى جەئپىرى سادىقنىڭ نامۇ-نىشانى ئايان بولدى» دەپ شۇ يەردە «ئىمامى جەئپىرىم سادىق» دېگەن مۇخەممەسىنى ئوقۇپ، سوپىلىرى بىلەن ھالقە قىلغان پېتى ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. مازارغا يېتىپ بارغان چاغدا بىر تالدىن خادىنى تىكلەپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇ مازارغا بىر خادا ھېچ بولمىسا، بىر تال ياغاچ ياكى بىر تال قىرلىق تاشنى تىكلىشى ئا-

دەتكە، ئايلىنىپتۇ. مەشرەپ ئېسىلغان ھېلىقى توغراق تاۋاپچىلار مازارغا كېلىشتىن ئىلگىرى تاۋاپ قىلىدىغان جايغا ئايلىنىپتۇ. ناھەقچىلىككە ئۇچراپ، ئۆز رەقىبىدىن ئۆچ ئېلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن كىشى، مۇشۇ توغراق تۈۋىگە كېلىپ، شېخىغا ئېسىلىپ، خۇداغا مۇناجات قىلسا، ھاجىتى راۋا بولارمىش. پۈتىقىنى يىرىسا كۈشەندىسى ئۆلەرمىش.

مەشرەپ بۇ يەردىكى كۈنلىرىدە بىر گەمە قازدۇرغان بۇ ۋە يەردە «چىن - ماچىن» دېگەن غەزەلنى يازغانىكەن. بىر گۈلخان ئۆيى ياسىتىپ، ئۆزى ئوت يېقىپ چىن - ماچىن دېگەن غەزەلنى ئاھاڭغا سالغان. ئۇنى تەمبۇر، داپ، ساپايى، يالغۇزەك (نەي) لەرنىڭ كۈي ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ «ھۆكمەت» قىلغان. مۇرىتلىرى ساما سالغان. بۇ گۈلخاننىڭ ئوتى يېقىلغاندىن ھازىرغىچە يانغىن ئۆچۈرۈپ قويۇلمىغان. «چىن - ماچىن» «مەن باراي» «ئىمامى جەئپىرىم سادىق» قاتارلىق غەزەل - مۇخەممەسلەر ھەر كەچ گۈلخان ئەتراپىدا ئوقۇلۇپ، ساز ۋە «ئاللاھۇ» تەڭكەش سادالىرى ئارقىسىدا زىكرى - سۆھبەت قىلىش، تا ھازىرغىچە ئادەت بولۇپ كەلگەن. سەيلى ساياھەت توختاپ قالغان كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى مەشرەپكە مۇرىت ھېسابلايدىغانلار گەمىدە قونۇپ، گۈلخان ئۆيىدە نەغمە ناۋا قىلىپ، «ھۆكمەت» ئوقۇپ، گۈلخاننى ئۆچۈرمەي كەلگەن. بۇ گۈلخان مەشرەپ زامانىدىن تا بۇ دەۋرگىچە، يېنىپ تۇرغانمىش.

## ھاجى پادشاھ توغرىسىدىكى رىۋايەت

ھەزرىتى ھەبىبۇللا مۇپتىھاجىم ياقۇببەگ بەدۆلەت خوتەننى ئىستېلا قىلىشتىن ئىلگىرىكى خوتەن ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇ زاتمۇ بۇ مازارلارغا كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغان. ئۇ زات ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا ئۆزى قول تىقىپ پەستىن دۆڭگە چىقىدىغان يول ياسىتىپ، بەلگە تاختايلارنى ۋە ئىشىك جاھازىسىنى ئورناتقان مەدرىسە - مەسچىت سالدۇرغان تاۋاپچىلار ئۈچۈن قونالغۇ ئۆيلىرىنى بىنا قىلدۇرغانىكەن.

## ياقۇببەگ بەدەۋلەت ھەققىدىكى رىۋايەت

ياقۇببەگ قوشۇن تارتىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن گۇمىدا ھەبىبۇللا ھاجىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «مېنىڭ خوتەننى بېسىۋېلىش نىيىتىم يوق. مەن ھاجى ئاتامنىڭ شاراپىتى بىلەن ئىمامى جەئپىرى سادىق پادىشاھىمغا تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم» دەپتۇ. ھەبىبۇللا ھاجى خوتەن چېگرىسىغا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغاندا، ھەبىبۇللا ھاجىنى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى بېسىۋاپتۇ. ئاندىن ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ تاۋاپ قىپتۇ. ئۇمۇ يوللارنى بەلگىلەپ، مازارغا چىقىدىغان يەرگە بىر دەرۋازا جازىسى ئورناتقۇزغانىكەن. مەسچىتنى رەتمەي خانىقا ۋە مەدرىسە قىلىپ، پىششىق كېسەك بىلەن ھەيۋەتلىك قىلىپ سالدۇرۇپ، تاملىرىغا ئايەت ۋە نەقىشلەرنى ئىشلەتكۈزگەن. ئەپسۇسكى، بۇ بىر ئاسار - ئەتىقە تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشىغا قارىماي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

ياقۇپ بەگ ئۆز ۋاقتىدا يەنە دۇئا - تىلاۋەت ئۆيلىرى يېنىدا نەزىر - چىراغ ئۆيى بىنا قىلدۇرۇپ، بۇ يەرگە بىر چوڭ داشقازان تەقدىم قىلغان. بۇ قازان ئىچى گىرۋىكىگە مۇنداق بىر كۇپلېت غەزەل نەقىشلەنگەن:

«تەقدىم قىلدى بۇ قازاننى مۇھەممەت ياقۇپ،
نە ئەيلەيىن دۇنيا ئەھلى خاكى مەرغۇپ.»

بۇ قازان ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، 30، 40 چارەك گۈرۈچتە پولو قىلغىلى بولاتتى.

# تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى

ھەسەن سېلىم

تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇپ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى باغلاشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىدا ئېگىلمەس ئىرادە بىلەن تۆھپە يارىتىپ ئالقىشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1956 - يىلغىچە غۇلجىدىكى «ئۈمىد مەكتىپى»، ئىلى ئوغۇللار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن. ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ دادىسى ئۇزۇن يىللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرغان ۋە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش جەريانىدا كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە بولغان تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، 40 - يىللاردا غۇلجىدا مەكتەپ ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، سانايى نەپىس ئىشلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلغان سودا سانائەتچى كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز بالىلىرىنى مەرىپەتكە ئىنتىلدۈرگەن، تەرەققىيپەرۋەر قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن چوڭ بالىلىرىنى ئۆيدە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقان. ياش ئابدۇشۈكۈر تۇردى باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋادىنى چىقىرىش بىلەنلا ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە لاتىن، سىلاۋيان يېزىقلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ، ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس باغلىغان ھەتتا قولىغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەۋەسكار سۈپىتىدە شېئىرلارنىمۇ يازغان. بۇ تىرىشچان ياش ھەۋەسكارنىڭ تۇنجى شېئىرى 1952 - يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. بۇ زور ئىلھام — لىرىك تۇيغۇلارغا چۆمگەن ياش ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرىدا بېسىلغان كلاسسىك يازغۇچىلار تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىن پارچىلار ئابدۇشۈكۈر تۇردىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپكى قەدەمدە كلاسسىك ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ھەۋەس قوزغىغانىدى.

بىلىمگە ھېرىسمەن ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىرىنچى تۈركۈمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (س ئا گ ئۇ)غا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى ۋە شۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ چەتئەلدىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئەسلەپ

مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ هاياتى مېنىڭ كېيىنكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىم ئۈچۈن ئىلمىي جەھەتتىن ئاساس تەييارلاپلا قالماستىن، بەلكى مەندە ئىنتىلىش ۋە ئۇمىدۋارلىق ئىلمىي پىلان تۇرغۇزدى. چۈنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىلىم - پەن تېخنىكىسى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى خېلى كەڭ، چوڭقۇر تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن شۇ زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا، ئەلۋەتتە كىشىدە بىر خىل مەيۈسلىنىش ۋە خىجىللىق ھەمدە بۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىدا كۈرەش قىلىش ئىرادىسى تۇغۇلماي قالمايتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن مەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بولۇپمۇ تېخى ئېچىلمىغان كلاسسىك مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ھەۋىسى تۇغۇلغانىدى».

ھەقىقەتەن ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئويلىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىرىنچى يىلىلا ئەلا نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن س ئا گ ئۇ تەشكىلى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ غۇلجىدىكى ئانا مەكتىپىگە تەشەككۈرخېتى ئەۋەتتى. بۇ خەت 1957 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى نامايان قىلىنىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا خېلى چوڭقۇر، سېستېمىلىق ئۆگەنگەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسلىرى ۋە ماركسىزمچە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا ماركسىزم - لېنىنىزمچە يېتەكچى ئىدىيە تىكلەش، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا توغرا ئۇسۇل قوللىنىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن بولسا، قەدىمكى تۈركىي تىلى، تىل تارىخى، چاغاتاي تىلى، پارس، ئەرەب تىللىرى دەرسلىكلىرى ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئەمەلىي ئاساس يارىتىپ بەردى. قىسقىسى، چەت ئەلدىكى ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ ھاياتىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش، بىلىمنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، كەسپىيلىشىشكە يۈزلىنىش، مۇستەقىل ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتەك يېتىلىش دەۋرى بولدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى 1961 - يىلى 7 - ئايدا «ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدىكى ماھارەت مەسىلىسى» دېگەن تېمىدىكى دىسسېرتاتسىيىسى بىلەن س ئا گ ئۇ نىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى ئىمتىيازلىق دىپلوم بىلەن تاماملىدى.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئۇمىدۋارلىق بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن ئىلمىي پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش ئىرادىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارمىقىدىكى «تارىم» ژۇرنىلىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. 50 - يىللاردا شىنجاڭدىن تېپىلغان كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر قولىيازمىلاردىن ئازلا بىر قىسمى گەرچە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، 1957 - يىلىغا كەلگەندە ئوڭچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كلاسسىك ئەدەبىيات چەكلەنگەن ساھەگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدا كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر بىر قىسىم ئەسەرلەر ئاز - تولا ئېلان

قىلىنىشقا باشلىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئىشتىياق باغلىغان ئابدۇشۈكۈر تۇر-
دى بۇ چاغدا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «لەيلى مەجنۇن» داستانىنى 1962-يىلى «تارىم»
ژۇرنىلىنىڭ 2-، 3-سانلىرىدا ئېلان قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا يەنە سولچىل ئىدىيىنىڭ
قايتا باش كۆتۈرۈشى تۈپەيلىدىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يولى يەنە ئېتىپ
تاشلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ئاب-
دۇشۈكۈر تۇردىنىڭ قولىدىكى قەدىمىي قول يازمىلارمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قول
يازمىلارغا ئوخشاش نابۇت قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىششى بىلەن
ئابدۇشۈكۈر تۇردى كۆكتات ئۇرۇقلىرى ۋە ئات ئوقۇرلىرى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر
قانچە كىتابنى ئاشكارا ھالدا كىتاب جاھازلىرىغا قايتا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.
ھەممە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يېڭى ئېچىلغان داغدام يولىدا بىرىنچى قەدەمنى باستى.
ئۇ دەسلەپتە ساقلىنىپ قالغان كىتابلىرى ئىچىدىن قەدىمىي قەھرىمانلىق داستانى
«ئوغۇزنامە» نى نەشرگە تەييارلىدى. لېكىن بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئەينى ۋاقىتتى-
كى ئىدىيە ئۈزۈل-كېسىل ئازاد بولمىغانلىقتىن نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە ژۇرناللار
بۇ ئەسەرنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» دا قاشقىسى ئېنىق «ئۆلۈك يولۋاس» قىلىپ قويۇلغان چاغلاردا پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەي ئۆزلۈكىدىن خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ «ئوغۇزنامە» نى خاۋ گۇەنجۇڭ بىلەن
بىرلىشىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» دا، كېيىن خەن-
زۇ تىلىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىنلا مىللىي تىلدىكى ژۇرناللاردىمۇ جۈرئەت پەيدا بولۇپ، دەسلەپتە «تارىم» ژۇرنى-
لىدا ئېلان قىلىندى. بۇ شىنجاڭدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن تۇنجى قې-
تىم ئېلان قىلىنغان كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالدى. شۇندىن ئېتىبارەن كلاسسىك ئەدە-
بىيات تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەرگە يول ئېچىلدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى شۇنىڭغا ئۇلاپلا
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىر، قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر، «قۇتادغۇبىلىك»
دىن پارچىلارنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك سەۋ-
يىسىنى نامايان قىلىدىغان بۇ ئۈچ مەشھۇر نادىر ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تە-
رىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما» توپلامىغا
كىرگۈزۈلدى.

1977-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە «ئىجادى-
يەت تەتقىقات ئىشخانىسى» قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەرنى تۈزەشكە يېتەكچى-
لىك قىلىش، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ
تەشكىلىي ئاساسى بارلىققا كەلدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى بۇ ئىشخانىدا ئىشلىگەنىدە «ئۇي-
غۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما» نى ئىشلەش ۋە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» دىن 30 بابىنى
ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە قىلدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى كىرىش قىسمى ۋە كلاسسىك
ئەدەبىيات قىسمىنى يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» خۇنەن خەلق نەش-
رىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «جۇڭگو ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەدەبىياتى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ ئاسا-

سي تەتقىقات نىشانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يۆتكەلدى.

1980-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بويىچە، ئۇنۋان باھالاش خىزمىتى باشلاندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنۋان بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر خادىملىرىدىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىندى. بۇ چاغدا ئابدۇشۇكۇر تۇردى مەملىكەتلىك 1-نۆۋەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولغىنى ئۈچۈن «مۇئاۋىن تەتقىقاتچى» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئۇ شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان فولكلور، تىل تەتقىقاتى، 12 مۇقام تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەرگىمۇ كېڭەيدى. ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ 1979-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بويىچە، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «نەسىردىن ئەپەندى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر فولكلورى ساھەسىدە زور ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يازغان «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى—ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى 1981-يىلى تۈركىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ 2-قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدى. بۇ ماقالە تۈركىيىدە ئىككى قېتىم، يۇگوسلاۋىيىدە بىر قېتىم، مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ تىلىدا ئۈچ قېتىم، ئۇيغۇرچە تۆت قېتىم قايتا-قايتا ئېلان قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالقىشقا ئېرىشتى.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇشۇكۇر تۇردىنى زور ئۈمىدلەر بىلەن 1991-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ئىنستىتۇتقا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك يەنىمۇ كۆپەيدى. چۈنكى ئۇ تەتقىقات ئىشلىرىنى تەشكىللەش، ئەسىرلەردىن بۇيان كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۆھەرلىرىنى قېزىش، قۇتقۇزۇش، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتەك ئىنتايىن مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بولۇپ يېڭى جەڭگە ئاتلاندى. «قۇتادغۇبىلىك» نى نەشرگە تەييارلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ يەنە ئىككى كىشى بىلەن بىرلىكتە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلىدى. بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەمگەك 1984-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەزمىي يەشمىسى بىلەن بىللە ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەر كوللېكتىپ تەييارلانغان تۈرلەر بويىچە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر باھالىنىپ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ تەتقىقاتچى قادىر ئەكبەر بىلەن بىرلىشىپ نەشرگە تەييارلىغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى 1991-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇشۇكۇر تۇردى 1980-يىلدىن 1992-يىلغىچە، نەشرگە تەييارلىغان زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» دىن پارچە، ئا. نىزارىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى ۋە ئۇ ھەق-

تىكى ئىلمىي ماقالە، ئاياز شىكەستە (مىرزا ھەيدەر كوراگان) نىڭ «جاھاننامە» داستانى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى قاتارلىقلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ۋە بىر قىسمى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئا. تۇردىنىڭمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئىجادىيىتى بىر ئىزدا توختاپ قالغىنى يوق. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىرلىك، كەڭ دائىرىلىك، تەسىرى كۈچلۈك نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايان»، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ماقال-تەمسىللەر بىلەن ھازىرقى زامان ماقال-تەمسىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، «12 مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «ئەلشىر نەۋائىنىڭ قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىرمۇنچە ۋەكىللىرى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرىمۇ خېلى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چوڭ تەسىر قوزغىدى.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغاندىن باشقا يەنە ئەدەبىي تەھرىرلىك ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بىزگە ئايان بولغان «مەمەت ئاۋاق» قاتارلىق رومان، ھېكايە، پوۋېستلارنى تەھرىرلىدى ھەمدە چىخوۋنىڭ «بالىخانىلىق ئۆي» پوۋېستى، «ئوچىنىڭ بىرى»، «يېزا دوختۇرى» ئەسەرلىرىنى، ستىندالىنىڭ «ۋاندا ۋانىنى» پوۋېستىنى، سوۋېت ئالىمى ئا.م شىرباكنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراممىتىك ئوچېركى» ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك ئا.م گوركىي، ۋ.ماياكوۋىسكىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنىمۇ تونۇشتۇردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن باشقا يەنە ئابدۇشۈكۈر تۇردى مەملىكەت ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى (1983-يىل)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، بېيجىڭدا ئېچىلغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق نۇرغۇن يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ يۇقىرىقى ئەمگەكلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە دۆلەت ۋە خەلق ئاپىرىن ئوقۇدى. 1984-يىلى ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇتەخەسسىس نامىغا ئېرىشىپ، ئىككى دەرىجە مۇئاش بىلەن مۇكاپاتلاندى. 6-، 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. 1991-يىلى مەملىكەت بويىچە گوۋۇيۈەن ئالاھىدە ئىستىپېندىيە بېرىدىغان مۇتەخەسسىسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن يۇەنجاڭى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بۇ پېشقەدەم تەتقىقاتچى يەنە جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو يازغۇچى-

لار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتۈمەكتە.

بىز ئابدۇشۈكۈر تۇردى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭدىن كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ قانداقلىقىنى سورىغىنىمىزدا ئۇ مۇنداق دېدى: بىز «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىشلەشتە تېكىستلارنى نەسرىي يەشمە بىلەن بېرىشنى ئاساس قىلدۇق. چۈنكى ئۇ مەزگىلدە كلاسسىك ئەدەبىيات ئەمدىلا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىردىنلا چۈشىنىپ كېتىشى قىيىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېپىك داستانلارنى نەسرىي ئۇسۇلدا يېشىپ بېرىش بىرقەدەر ئاسانغا چۈشكەن بىلەن لىرىك غەزەللەرنى يېشىپ بېرىشنىڭ قىيىنچىلىق تەرىپىمۇ بار ئىدى. «بۇلاق» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن بۇ مەسىلە ئوبدان ھەل قىلىندى. يەنى 13-ئەسىر چېگرا قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى ئەسەرلەر نەسرىي يەشمە بىلەن كېيىنكىلىرى بولسا، لۇغەت بىلەن ئىزاھلىنىدىغان بولدى. بۇنداق قىلىش كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلىنى خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق. كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا تېكىستنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشى، تىل خۇسۇسىيىتىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى، سۆز مەنىلىرىنىڭ توغرا يېشىپ بېرىلىشى شۇ ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئەسلىگە سادىق بولۇش، راستچىللىق ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرچە ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرگىمۇ راستچىللىق بىلەن ئورۇن قالدۇرۇش ئەيىب ئەمەس، بەلكى بۇ ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە ھېسابلىنىدۇ».

پېشقەدەم مۇتەخەسسىس ئابدۇشۈكۈر تۇردى يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلى ھەققىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ تېكىستالوگىيە ساھەسىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پۈتۈن ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ھالقىلىق مۇھىم رول ئوينايدۇ. ‹بۇلاق› ژۇرنىلى تېكىستالوگىيە بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، بەلكى كۆمۈلۈپ ياتقان مۇنەۋۋەر كلاسسىك ئەسەرلەرنى قېزىش، قۇتقۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ئۇلارنى ئىلىم ئەھلى ۋە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلارنى يېتىشتۈرۈشتە، ئۇلارنى يېتەكلەشتە ئوبدان رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن خام ئەشيا بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىشى، يەنى تەتقىقات ماقالىلىرىنى كۆپەيتىپ تەتقىقاتنى تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىشى لازىم».

ئابدۇشۈكۈر تۇردى ھازىر دۆلەت پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە 7-ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنىڭ نۇقتىلىق تۈرى بولغان «شىنجاڭدىكى سەككىز ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىشنىڭ تېما مەسئۇلى باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتى

(ئاخىرى 207-بەتتە)

# پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

مۇنەۋۋەر تۇردى

ئىنسان ئۈچۈن ھاياتنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنگەن كىشىلەرلا ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ. ئۇلار، ھايات ئاتا قىلغان ئەنە شۇ قىممەتلىك ۋاقىتنىڭ مىنۇت-سېكۇنتلىرىغىچە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم-پەنگە بېغىشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەنە شۇنداق ئىلىم-پەن دېڭىزىغا چۆككەن ھارماس غەۋۋاسلارنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ مەشھەت بازىرى يېنىدىكى باغرىق كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا-ئانىسى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقتى ۋە غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل ياشىدى، 1940-يىلى ئۈرۈمچىدە ئوقۇشقا كىردى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانىدى. 1945-يىلى تۈرمىدىن قاچقان ئاتىسى بىلەن ئات ھارۋىسىدا قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى.

ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سەپەر جەريانىدا تارىم ساھىلىغا جايلاشقان بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ مىللىي ئىگىلىكى، تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە روھىيىتى بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنى «باغ سەيلىسى» باھانىسىدە قولغا ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قەشقەردە باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە كىرىپ، 1950-يىلى ئىيۇلغىچە، بۇ مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپلىرىنى تاماملىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنىڭ ئوچۇقلۇقى، تىرىشچانلىقى، ئىرادىلىكلىكى بىلەن، مەكتەپ بويىچە ئەلا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ 1950-يىلى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە، تۇنجى ۋەكىل سۈپىتى بىلەن غەربىي شىمال ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، بېيجىڭ، شىئەن، تيەنجىنلەردە زىيارەتتە بولدى ۋە شۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق شائىرلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1950-يىلدىن 1955-يىلى ئىيۇلغىچە شىنجاڭ

ئىنستىتۇتى بېئوخىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى ۋە شىنىدە غەربىي-شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۈمىدە تەبىئەت ئىلمى ۋە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇر-دى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئانا مەكتىپى بولغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قاي-تىپ كېلىپ، ھازىرغىچە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى تاشلىمىغان ئوقۇتقۇچى، ئۇ ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقى بىلەن خەلق ۋە كەلگۈسىگە بولغان جاۋابكارلىقى-نى بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق دەپ ئىزھار قىلغانىدى:

جاھان دۇردانىسىدىن كۆز رىشتىسىدىن ئۆتكۈزۈپ تىزسام،
غەت تەبىرلىرىنىڭ ئىزمىسىدىن سۆككۈزۈپ تىزسام.
ئىشق شۇدۇر ھەقىقەتكە بىراق يەتكەيمۇ بۇ ئۆمرۈم،
گۇناھدۇر تاشنى دۇر دەپ، يا زاماننى كۆتكۈزۈپ قويسام.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشلىغان ئىلمىي تەتقىقات-ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخى-نىڭ ئۇنتۇلغان تارمىقى، غول تارمىقى، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خانىلىك خەزىنىسىنىڭ ئىچكى بايلىقى ۋە تاشقى مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە بىۋاستە تۇتاشقان تەتقىقات قانىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر سەرپىياتىنىڭ داۋاملىق ئۆگى-نىش ۋە ئىزدىنىش ھالىتىدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەنە شۇنداق ياشىدى. ھەم شۇنداق خاراكتېرنى شەكىللەندۈردى. ئۇ ھازىرغىچە ناھايىتى نۇرغۇن شېئىر، غە-زەل، 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، ئىرنىڭ 18 پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەمگەكلىرى بىلەن ھەقىقەتەن تىنىم تاپماس غەۋ-ۋاس ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆرۈنەرلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى پائالىيىتىنى تۆۋەندىكى بەش جە-ھەتكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئانىسىنىڭ ئوقۇپ بېرىشى ۋە ھېكايە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئەھمەت يەسسەۋى، ئەلىشىر نەۋائى، بابارەھىم مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەل-داستانلىرىنى ئاڭلىدى. تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بىرقانچە «باياز» ۋە «دىۋان» لارنى بېرىلىپ ئوقۇپ، بىر قانچە غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ھېكمەتدارلىقى بىلەن مۇزىكىلىق رىتىمدار بولۇشىغا ئاساس سالدى.

كلاسسىك شېئىرىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئەمەلىي كلاسسىك ئەدەبىيات پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرى «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گې-زىتى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «خەلق گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇيغۇر-چە، خەنزۇچە يېزىقلاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى ئۆزبېكىستان،

قىرغىزىستان گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭ ئىككى «رىۋائىيات» توپلىمى يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

(2) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە كلاسسىك پارس ئەدەبىياتى ئۈستىدە ھارماي ئىزدەندى. ئۇ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1956-يىللىق 3-سانىغا ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە بېسىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن بۇ تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەنىدى. 22 ياشلىق مۇئەللىپنىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىسى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىنىڭ چارەك ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان مۇقەددىمىسى بولۇپ تونۇلدى. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات تېزىسى»، «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۆھەرلىرىنى قايتا تېپىش»، «پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق»، «قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ-فارابى ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» قاتارلىق تېمىلاردا ۋە ئەھمەت يەسسەۋى، باھاۋىددىن نەقشبەندى، ئەلىشىر نەۋائىي، بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى قاتارلىق كلاسسىكلار، شائىرلار توغرىسىدا بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە شەرق ئىسلام كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكى، تۆت قىسىملىق «قۇتادغۇبىلىك ھەققىدە مۇھاكىمە» قاتارلىق كىتابلار ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى چوڭايدى. ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن لېكسىيە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ياپونىيە شەرقىي ئوكيان ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ بىلەن چاقىرتىلدى. ياپونىيىلىك دوتسېنت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئاڭلىدى. ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى يېتۈك قامۇس-قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ياپونىيىنىڭ «جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

(3) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدە پەلسەپىۋىلىك تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ روھ ۋە تەتقىقات تېمىسى ئۇنىڭ 1956-يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە ئىپادىلەنگەنىدى. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «قاتلاملىق ئىستېتىكا» قاتارلىق كىتابلار بىلەن بىللە «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى»، «ئىمپېدوكل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇتۇق قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە پەرق»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «مەنسۇر ھەللاجنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» قاتارلىق ئىلمىي پەلسەپىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

(4) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى بولۇپمۇ كلاسسىك «12 مۇقام» نىڭ مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇل، رىتىم، ئۇدار، ۋەزىنلىرى تەتقىقاتى ۋە شېئىرى

تېكىستلىرى تەتقىقاتى، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان بەدىئىي تۆھپىسى ھەققىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى قومۇل خەلق مۇقامى»، «12 مۇقام ھەققىدە 24 مۇھاكىمە» قاتارلىق 12 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. نەتىجىدە ئۇ 1992-يىلى ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، «مۇقام سەنئەتشۇناس» دېگەن نامغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ناملىق كىتابى 1980-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم قايتا نەشر قىلىندى ۋە 4-قېتىملىق خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىگە قويۇلدى.

(5) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت مۇھىم شېئىرىي تەرجىمىلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ فارابىنىڭ توققۇز پارچە پارسچە، ئەرەبچە يېزىلىپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كومراجىۋانىڭ شېئىرلىرىنى، تاڭ سۇلالىسى، سۇڭ سۇلالىسى، يۈەن سۇلالىسى، مىڭ سۇلالىسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى شائىرلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدىكى نەچچە ئونلىغان مەشھۇر شېئىرلىرىنى ۋە چۈيۈەننىڭ «توققۇز نەزم» توپلىمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. مۇھەممەت خارەزمىنىڭ لىرىك مەكتۇبى—«مۇھەببەتنامە» نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مىسرا سانى ۋە تېكىستلىرىنى تولۇقلاپ ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئېلان قىلدى.

1985-يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى «ئۈچ چوڭ مۇقەددەس خەزىنە» توغرىسىدا ئۇ يازغان چوڭ ھەجىملىك ئۈچ پارچە كىتاب— «قۇتادغۇبىلىك» خەزىنىسى، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» نى نەشرگە تاپشۇردى. بۇددا سەنئىتىگە ئائىت «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتاب خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىپ، نەشرگە بېرىلدى. پروفېسسورنىڭ بۇ ئۈچ كىتابى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆتۈقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەسەر بولۇپ قالغۇسى، ئەلۋەتتە.

شائىر، تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھازىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ باش مۇھەررىرى، جۇڭگو يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزى—ئۈرۈمچى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئېستېتىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغان بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى قېزىش، رەتلەش، ئېلان قىلىشتەك قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىدىن تاشقىرى تەتقىق قىلىش، جارى قىلىشتەك يورۇتۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر قۇتقۇزۇۋېلىشنى «مەۋجۇتلۇق قىممىتى» نى قۇتقۇزۇۋېلىش دېيىشكە توغرا كەلسە، تەتقىق قىلىشنى «ئەمەلىي قىممىتى» نى نامايان قىلىش دەپ قاراش كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەن بىلەن جان، ھاياتلىق بىلەن ئەقىل-پاراسەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى نوقۇل ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ كلاسسىك شېئىر ۋە داستانلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەن پۈتۈنلەي روشەنلىشىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاز دېگەندە يەنە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مۇقام مەدەنىيىتى) تەتقىقاتى؛ تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، پارس-ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىيات (جۈملىدىن سوفىستىك ئەدەبىيات) تەتقىقاتى؛ يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن ئۆز قاتلاملىرى ۋە ئۆزىنىڭ تاشقى چەمبىرىنى يورۇتۇشقا موھتاج. بۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ھەقىقىي كەڭلىك ۋە تەرەنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ۋاستە قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىنى پاكلاشتۇرۇش، ئويغىتىش، جانلاندۇرۇش؛ كلاسسىك ئەدەبىيات سەھىپىلىرىدىكى پەلسەپە ۋە تەپەككۇر ھېكمەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ پىكىر ھېسسىياتىنى بېيىتىش؛ كلاسسىك ئەدەبىياتتا چۆكمە ھاسىل قىلغان ئۆلمەس ئىزگۈ روھىيەت بىلەن يېڭى ئەۋلادنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ئۆتمۈشتە ياراتقان بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت دۇردانىلىرى پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇشقا ھەسسە قوشقاندىلا، ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە مەنىۋى قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ. ئۆتمۈشكە پەقەت كەلگۈسىلا روشەن ۋە ئادىل باھا بېرەلەيدۇ.

ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مىللەت، ئىجتىمائىي مىللەت، سىياسىي مىللەتتىن ئىبارەت ئوخشىمىغان تارىخىي قاتلامدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. مىللىي ئالامەتلىرى، كلاسسىك سەنئەت ۋە ئەدەبىياتى بولغانلىق مىللەتنىڭ ئېتنولوگىيىلىك-مىللىي ئالامەتلىرى تولۇق مىللەتلىكتىن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مىللەتلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ نامرات، نادانلىقى ۋە بىر قاتار ئىللەتلىرى ئۇنىڭ راۋاجلانغان ھازىرقى زامان مىللىتى كامالىتىگە كۆتۈرۈلۈشىدىكى ئاساسىي توسقۇن. بارلىق مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ماھىيەتتە مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈش تەتقىقاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى پائالىيەت مەقسىتى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. روشەنكى، كلاسسىك ئەدەبىيات مىللەتنىڭ پەلسەپىۋى

تەپەككۇرىدىن ھاسىل بولغان، پەلسەپىۋى روھىيىتىنى سىمانتىك مەزمۇن قىلغان بەدىئىي ئىپادە. مائالەتنىڭ كىشىلىكىنى ئاڭلىق چۈشىنىشىنىڭ ئەستېتىك ئۇچۇرى، مائالەتتىكى ئاڭلىق قاتلامنىڭ زېمىن كامالىتىدە يېتىلگەنلىكىنىڭ پوئېتىك نامايەندىسى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«بۇلاق» — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى بىزگە يەتكۈزىدىغان ھېكمەتلىك چەشمە؛ «بۇلاق» — كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئەدەبىياتى دۇردانىلىرىدىن تىزىلغان ئۆز-ئۆزىنى بىلىش تەسۋىسى؛ «بۇلاق» — ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا ياراتقان كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىنى جاھان ئەھلىگە تونۇشتۇرىدىغان جاھاننامە؛ «بۇلاق» — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىكىنىڭ نۇرانە يول بەلگىسى سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىمىز تەرىپىدىن مەدھىيىلىنىدىغان نامايەندە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «رەسەتگاھ»، «جاھاننامە» لىك رولىنى ئۆتۈشى؛ «ئاتىلار سۆزى» بىلەن ئەۋلادىمىز روھىيىتىنى پەرۋىش قىلىشى؛ چېچىلغان روھنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنتۇلغان تەپەككۇر چىرىغىنى يورۇتۇپ، كامالەت ئەنگۈشتىرىنى جىلۋىلەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يېقىندىن بېرى سوفىستىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا تۇتۇش قىلىپ، «ئارىفنامە»، «ئانالىستىك پوئېتىكا» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

بىز ئاخىردا مۇتەپەككۇرنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىگە ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

---

( بېشى 201 - بەتتە )

بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ تەپسىلىي تېزىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇندىن كېيىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت» دېگەن تېمىدا «تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە باشقا ماتېرىياللارنىڭ سەنئەت قىسمى ھەققىدە، ھەمدە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار كاتالوگىنى تۈزۈش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

بىز يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ-ياشناپ كامالەتكە يېتىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، بەلنى مەھكەم باغلاپ، ئېگىلمەس ئىرادە ۋە ئىجتىھات بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەجداتلارغا ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە يېڭى ئابىدىلەرنى تىكلەش يولىدا ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيمىز.

# «قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، 1993 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ئېلىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلار ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن، شۇنداقلا ئامېرىكا، گېرمانىيە، روسىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، فىڭ داجىن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

بۇ يىغىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلگەن بىر مۇنچە يېڭى نەتىجىلەرنى بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن يىغىن بولدى. يىغىندا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان 41 پارچە ماقالە مۇھاكىمىگە قويۇلدى. يىغىن ئەھلى بۇ ماقالىلەر ئۈستىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە ئېلىپ باردى.

يىغىن مەزگىلىدە مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بىر يېرىم سائەت سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سۆھبەت يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار ژۇرنىلىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ دۆلىتىمىز ئىچى ھەم چەت ئەللەردىكى تەسىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. بۇ ژۇرنالنى ئىلمىي، تېخنىكىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر، مەسلىھەتلىرىنى بېرىشتى.
















源　泉（布拉克）（维吾尔文）总47期

MAGAZINE OF BULAK

بۇلاق (ئومۇمي 47 ـ سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063／I
本刊代号：58－108　定价：2.80元
I S S N 1005－0876/国外代号：Q 1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 — 56　　باھاسى: 2.80
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 118